ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

1



مىللەتلەر نەشرىياتى · بېيجىڭ

ياسىنجان سادىق چوغلان

1

مىللەتلەر نەشرىياتى



ISBN 978-7-105-11015-5

9 787105 110155 >

定价：45.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

(تارىخىي رومان)

1

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ياسىنجان سادىق چوغلان ◆ 1983 - يىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئاپتور ھەققىدە

يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلان 1966 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەكەن ناھىيە بازىرىدا ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس مەلۇماتىغا ئىگە. ئۇ ھازىر يەكەن دەريا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدۇ. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ توختاملىق يازغۇچىسى، «قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى.

ياسىنجان سادىق چوغلان 1988 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سابىق «يەكەن گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «ئاددىي ـ ساددا باشلىق» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ تىرىشىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، رايونىمىز ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشۇپ كەلدى، ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايە ـ پوۋېستلىرى، شۇنداقلا «جاللات خېنىم»، «نازىنىن قىزلار»، «شەرەنداز ئايال» قاتارلىق تارىخىي ۋە رېئال تېمىدىكى رومانلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى. بىر قىسىم ئەسەرلىرىگە مەخسۇس تېمىدا ئەدەبىي ئوبزورلار يېزىلدى. رومانلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى پەيدا قىلدى. «قۇرۇپ كەتكەن دەريا»، «قۇملۇق»، «كالا»، «تاۋۇس ئەللەيىن»، «يۇلتۇز، كۆزۈڭنى قىسما»، «پاتمەنىڭ كۆڭلەكى»، «باھار»... قاتارلىق پوۋېست ـ ھېكايىلىرى خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىندى.

ئۇنىڭ «ئېھ، سەھرا» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 6 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «يۇلتۇز كۆزۈڭنى قىسما» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 15 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «ئاي مۆككەن كېچە» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى مەملىكەت بويىچە 6 ـ نۆۋەتلىك «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «قۇملۇق» ناملىق پوۋېستى «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «قۇرۇپ كەتكەن دەريا» ناملىق پوۋېستى «ئالتۇن توي» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مول نەتىجىلىرىگە ئاساسەن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۇنىڭغا 2006 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ياش يازغۇچىلار ئەدەبىيات مۇكاپاتى (تۆھپە مۇكاپاتى)» بەردى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «ئەخلاق ـ كەسپتە تەڭ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىمى» بولۇپ باھالاندى.

ئۇنىڭ ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان كىتابلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. «يۇرىكىم يىغلايدۇ» ھېكايىلەر توپلىمى، 1997 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

2. «ئاي مۆككەن كېچە» ھېكايىلەر توپلىمى، 1997 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

3. «جانانغا يېزىلغان خەتلەر» پوۋېستلار توپلىمى، 1998 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

4. «كاككۇك بالىسى» پوۋېستلار توپلىمى، 1998 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

5. «سۆكۈتتىكى زېمىن» پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى، 1998 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

6. «كۆيلەر خانىشى — ئامانىسساخان» تارىخىي پوۋېست، 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

7. «ئادالەت ھامىيسى — سەئىدخان» تارىخىي پوۋېست،

2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

8. «دىۋان مەشرەپكە تۆكۈلگەن قان» پوۋېست ـ ھېكايىلەر توپلىمى، 2005 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

9. «داۋان» رومان، 1998 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

10. «جاللات خېنىم» ئىككى قىسىملىق تارىخىي رومان، 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

11. «نازىنىن قىزلار» رومان، 2006 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

12. «شەرەنداز ئايال» رومان، 2008 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

13. «ئاتەش قەلب، ساخاۋەتلىك زېمىن» ماكرو ئەدەبىي ئاخبارات، 1997 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

14. «يوللار ئېسىڭدە بولسۇن» ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى، 2000 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان.

ياسىنجان سادىق چوغلان كۆپ يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ نەتىجىسى بولغان ئالتە قىسىملىق زور ھەجىملىك تارىخىي رومانى «باھادىرنامە»نى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە يازغان بىر قىسىم پوۋېست، ھېكايە، نەسىر، ئەسلىمە، ماقالە ۋە سۆھبەت خاتىرىلىرىدىن تۈزۈلگەن ئەدەبىي توپلىمى «ئالتۇن جۇۋان» نى نەشرگە تاپشۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مەزكۇر رومان ھەققىدە

14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە
بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇ ـ
مىي كۆرۈنۈشى ئەتراپلىق سۈرەتلەنگەن بۇ ئالتە قىسىملىق رومان
ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، تەپەككۇرىنى يىراق ئوتتۇرا
ئەسىرگە باشلاپ بارىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرى بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ
تەخت ـ سەلتەنەتكە ۋارىسلىق قىلىش، گۈللىنىش، زاۋاللىققا
يۈزلىنىش ۋە قايتا باش كۆتۈرۈش تارىخىي جەريانى بۇ روماندا
داستان (ئېپوس) خاراكتېرلىك يورۇتۇپ بېرىلگەن.

قوۋم ـ قېرىنداشلىق، ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق مېھرى،
تەخت ماجىرالىرى، ئىستىبلاچىلىق، چىرىكلىك، سوپى ـ ئىـ
شانلارنىڭ ئەينى دەۋر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، جاھا ـ
لىيەت، تەپرىقچىلىك، ئەخلاقىي يىمىرىلىشتىن بىخلانغان مەنى ـ
ۋى پۇچەكلىك، سەلتەنەت، ئىستىبلاچىلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىل ـ
غان قانلىق جەڭ كۆرۈنۈشلىرى، باھادىرلىق، مەردلىك، ۋاپادارلىق
مىساللىرى ئوقۇرمەنلەرنى مول تارىخىي مەلۇماتلارغا، قانلىق
ساۋاقلارغا، قايناق ھاياجان ۋە زور مەنىۋى قۇۋۋەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئەينى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن سۇلتان ئۇۋەيسخان، ئەمىر
خۇدايداد، سەركەردە سەييىد ئەلى ئالىپ، سۇلتان ئىسان بۇغاخان،
دوستمۇھەممەدخان، سانىز مىرزا، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، سۇل ـ
تان يۇنۇسخان، مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا، سەييىد مۇھەممەد
مىرزا، شاھرۇخخان، مىرزا ئۇلۇغبەگ، ئەبۇ سەئىد مىرزا، سۇلتان
مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخان (ئالاچەخان)، زەھىرىددىن مۇ ـ
ھەممەد بابۇر، سۇلتان سەئىدخان، جاھانگىر مىرزا، مەسئۇد

مىرزا، يادىكار مۇھەممەد مىرزا، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان، سۇلتان خاتۇن، دۆلەتسۇلتان مەلىكە، خانىش ئىسان دۆلەت بېگىم، خانىش شاھ بېگىم، ئايجامال ئاغىچا، خانىش گۆھەرشاد بېگىم، شۇنداقلا ئىشان شەيخ نىزامىددىن خامۇش، خوجا ئەھرار، مەۋلانە مۇھەممەد قازى، مىرزا ئابابەكرى، مۇھەممەد شەيبانىخان... قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئاپتور قەلىمى ئاستىدا يورۇتۇلغان بەدىئىي ئوبرازى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە يارقىن بىر سىيما بولۇپ چاقنايدۇ.

قىسقىسى، ياش يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلانىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ سەمەرىسى بولغان بۇ رومان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئۆزگىچە بەدىئىي زوق بېغىشلىغۇسى.

مەزكۇر روماندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈشىگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن قىسمەن ئىزاھلار مەزمۇن ئېھتىياجى بويىچە تەكرار ھەم مەزمۇن جەھەتتىن قىسمەن پەرقلىق بېرىلدى. كىتابقا جىددىي تۈزىتىش قىلىنغانلىقىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولغانلىقتىن سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمىغانلىقىمىز تەبىئىي. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى سورايمىز.

مىللەتلەر نەشرىياتى

2010 ـ يىل ئاۋغۇست.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 1

تۇرپان شەھىرى ياز قۇياشىنىڭ تەپتىدە خۇددى داپخۇنى ئېتىۋېتىلگەن تونۇردەك ھەم دىمىق، ھەم ھارارەتلىك ئىدى. شەھەر ئاھالىسى چىدىغۇسىز ئىسسىقتىن دالدىلىنىش ئۈچۈن كىمىر ئۆيلىرىگە، گەمىلىرىگە بېكىنىشۋالغان بولۇپ، كوچا ـ رەستىلەر بەئەينى كېچە جىمجىتلىقىغا ئەسىر بولغانىدى. دۇكانلار، سەرراپخانىلار، ئۇستىخانىلار، ئاشپۇزۇللار خېرىدارسىز؛ ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ھامماللار، مەدىكارلار، ھاجەتمەنلەر، بىكار تەلەپلەر، ھەتتا تىلەمچى ـ سائىللارمۇ ئۆزلىرىنى سايىغا، دالدىغا ئېلىشقانىدى.

شەھەرنىڭ ئۈچ كۆۋرۈك مەھەللىسىگە جايلاشقان ئەمىركەبىر قەسىرىدىمۇ خۇددى شەھەر رەستىلىرىدىكىگە ئوخشاش جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، ئەمما، بۇ جىمجىتلىق بۈگۈنكى تىنچىق ھاۋانىڭ تەسىرىدىن ئەمەس ئىدى. ھەئە، بۇ قەسىر ئەمىركەبىر شىرئەلى ئوغلان قازا قىلغان ئىككى يىلدىن بېرى مۇشۇنداق جىمجىت، مۇشۇنداق سوكۇتلۇك ئىدى. ئەمدىلا ئوتتۇز بەش ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ جۇۋانلىق نازاكىتىنى يوقاتمىغان سۇلتان خاتۇن بۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئۈچىسىدىكى قارىلىق كىيىملىرىنى تاشلىمىغان بولغاچقا، قەسىردىكى چوڭ ـ كىچىك خىزمەتكارلارنىڭ ھەممىسى تېخىچە قارىلىق كىيىملىرى بىلەن يۈرۈشەتتى. ئۈنلۈك سۆزلەشمەيتتى، ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈش ئەمەس، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈشتىنمۇ قاتتىق ھەزەر ئەيلىشەتتى.

ئەمىر كەبىر قەسىرىنىڭ تاشقىرىقى سارىيى بىلەن ئىچكە-
رىكى سارىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئارا ھويلىسىغا ئوردا
بېغىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە باغ بىنا قىلىنغانىدى. پاي-
تەختنىڭ سىرتىدىكى كارىزلاردىن باشلاپ كەلگەن سۇ بىلەن شە-
ھەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئېلىنغان ئۆستەڭ دەل مۇشۇ ئارا ھوي-
لىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. بۇ مەھەللىنىڭ ئۈچ
كۆۋرۈك دەپ ئاتىلىشىمۇ دەل مۇشۇ ئۆستەڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈچ ــ تۆت تاناپ① كەلگۈدەك چوڭ-
لۇقتا كۆل چېپىلغان بولۇپ، ئۆستەڭ سۈيى مۇشۇ كۆلگە ئېقىپ
كىرگەندىن كېيىن ئاندىن سىرتقا چىقاتتى. كۆلنىڭ كۈنگەي تە-
رىپىدىكى ئۇيغۇر مېمارچىلىقى ئۇسلۇبىدا كۆركەم ياسالغان
راۋاقنىڭ گۈل ــ نەقىشلىرى سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە قايتقان
نۇردا باشقىچە جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئەتراپىدىكى قو-
چاق يەتكۈسىز چوڭلۇقتا باراقسان ئۆسكەن يەتتە تۈپ چىنارنىڭ
سايىسىدا راۋاق تولىمۇ سالقىن، راھەتلىك ئىدى. راۋاقتا چوغدەك
خوتەن گىلەملىرى، گىلەمنىڭ ئۈستىگە تەتللا كۆرپىلەر سې-
لىنغانىدى. راۋاقنىڭ نەقىشلىك سالاسۇنىغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇر-
غان شاھزادە ئۇۋەيسخان تەگسىز خىياللارغا غەرق بولغانىدى. ئۇ-
نىڭ مۇشۇنداق ئولتۇرغىنىغا بۇگۈن دەل ئۈچ كۈن بولدى. بۇ
ئۈچ كۈندىن بېرى قەسىرنىڭ سىرتىغا چىقىش تۇگۈل، مۇشۇ
كۆل بويىدىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا راۋاقتىن ئايرىلمىدى. ئۇسسۇ-
لۇقىغا خىزمەتكارلار ئەكېلىپ بەرگەن مۇزدەك شەربەتلەرنى ئى-
چەتتى. ئاش ــ تائامغا ئىشتىھاسى يوق ئىدى. ھېچكىمگە گەپ
قىلمايتتى. قوشۇمىلىرى تۈرۈكلۈك، چىرايى سولغۇن ئىدى. ئۇ-
نىڭ ئەنە ئاشۇنداق ئۈن ــ تىنسىز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشى بە-
لەن پۈتكۈل قەسىرنى تېخىمۇ ئېغىر سۈكۈنات باسقانىدى.

ھەئە، ئۇۋەيسخاننىڭ تاشقى قىياپىتى ئاشۇ كۆل سۈيىدەك
تىپتىنچ تۇرغان بىلەن، ئىچكى دۇنياسى ــ يۈرىكى كەلكۈن كەل-

① تاناپ ــ بىر تاناپ 400 كىۋادرات مېتىرغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

گەن دەرىيادەك تىنچسىز، شاۋقۇنلۇق ئىدى. ئۇنىڭ مانا مۇشۇ
تىنچسىز تۇيغۇلىرىدا ئەجدادلىرىنىڭ ھەم سەلتەنەتلىك، ھەم
ھەسرەتلىك ئۆتمۈشمۇ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بوغۇلغان بۇرۇق ـ
تۇرما بۈگۈنمۇ، تەقدىرى نائېنىق، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئا ـ
رىلاشقان كەلگۈسىمۇ بار ئىدى. قەلب قەسرىدە بىردە ئەجدادلى ـ
رىنىڭ سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشى پەيدا بولۇپ، ۋۇجۇدىنى پەخىرلىك
تۇيغۇلار قاپلىسا، بىردە ھوقۇق، تەخت تالىشىش سەۋەبىدىن كې ـ
لىپ چىققان پاجىئەلىك قىرغىنلار زاھىر بولۇپ، يۈرىكى ھەس ـ
رەتلىك تۇيغۇلارغا ئەسىر بولاتتى. خۇددى بىر پىيالە ئوغا ئى ـ
چىۋالغاندەك ئاچچىق ـ ئاچچىق يۇتقۇناتتى. ئۇ، ئابائى ئەجدادلى ـ
رىدىن بۇزرۇكۋار بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن پەخىرلىنەتتى.
تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىسىدىكى كاتتا سەلتەنەتنى سېغىناتتى.
ھازىرقى بەختى قارا سەلتەنەتنى ئاشۇ شەۋكەتلىك تۇغلۇق تۆمۈر
زامانىسىدىكى كاتتا سەلتەنەتكە، شانۇ شەۋكەتكە ئىگە قىلىشنى،
تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوخشاش تۈركىستان، ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە،
خۇراسان ۋادىلىرىنى قايتىدىن ئىستېلا قىلىپ قولغا ئېلىشنى
ئارزۇ قىلاتتى.

ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تۇيۇقسىز ئېسىگە ئالغان ئۇ ـ
ۋەيسخاننىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇلىرى شىپپىدە مۇزلىدى. يۈرىكىدى ـ
كى بارلىق دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى تېشىغا چىقىرىۋەتمەكچى بول ـ
غاندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

«... ئاتا ـ بوۋىلىرىمىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر بىلەن
مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن قىسمەتلەر نېمىدېگەن ئوخشىغان ـ ھە!
ياكى، قېرىنداشلار ئارا تاجۇتەخت تالىشىپ دۈشمەنلىشىش
ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بولغىيمىدى؟ شۇ كۈنلەردە مەن
خان تاغام سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرىنىڭ كۆزىگە قادال ـ
غان مىخ، تاپىنىغا سانجىلغان تىكەن بولۇپ قالدىم. بىر قىسىم
ئوردا ئەمىرلىرىدىن، ئەل ـ رەئىيەتتىن ھايا قىلمىسا، مېنى ئال ـ
لىقاچان ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولاتتى. ھېلىمۇ مېنى قەدەممۇقەدەم

قىستاپ يار تۈۋىگە ئەكىلىپ قويدى. ئۆلۈم ئالدىدا قوزىمۇ تې-
پىرلايدىغۇ ئاخىر...»

ئۇۋەيسخان موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ ھەم شۆھرەتلىك، ھەم پاجىئەلىك قىسمەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئوردا سالنامىلىرىدىن ئوقۇغان، بىر قىسمىنى خانلىق مەدرىسەدىكى ئۇستازلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇ قارا قىسمەتلەر كۆز ئالدىدىن لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

※ ※ ※

مىلادىيە 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، موغۇلىستاندا ئەمىر قەمەرىددىن پاراكەندىچىلىكى، ماۋەرائۇننەھردە ئەمىر تۆمۈر تەھلىكىسى باش كۆتۈردى. ئەمىر قەمەرىددىن تۇغلۇق تۆمۈرخان سەلتەنەتىنىڭ ئۇلۇسبېگى ئەمىر بولاجىنىڭ جىيەنى ئىدى. ئەمىر بولاجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىنى ئەمىر بولاجىنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايدادقا بەردى. تاغىسىدىن كېيىن ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولۇشىنى تەمە قىلىپ يۈرگەن ئەمىر قەمەرىددىن بۇنىڭغا نارازى بولدى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق: «ئاغامنىڭ مەرتىۋىسى مېنىڭ ھەققىم ئىدى. خان ئالىيلىرى ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىنى ماڭا ئىنئام قىلغان بولسىلا. چۈنكى، ئاغامنىڭ ئوغلى تېخى كىچىك، بۇ مەرتىۋىگە لاياقىتى يوق» دەپ ئەرز قىلدى. ئەمما، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلمىدى. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئەمىر قەمەرىددىن خاندىن ناھايىتى قاتتىق رەنجىدى. ئەمما ھېچ چارە تاپالماي، كۆڭلىدە خانغا ئۆچمەنلىك ھەم غۇم ساقلىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەمىر قەمەرىددىن كۆڭلىدىكى ئاداۋەت ساندۇقىدا ساقلاپ كەلگەن ئۆچمەنلىك قىلىچىنى قىنى-

www.uyghurkitap.com

دىن چىقاردى ـ دە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوردىدىكى ئون توققۇز خانزادىسىدىن ئون سەككىزىنى بىر كۈندىلا قەتل قىلىپ، خانلىق سەلتەنەتىنى قولىغا ئېلىپ تەختتە ئولتۇردى. مانا مۇشۇ پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقتا ئۇلۇسبېگى خۇدايداد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەڭ كىچىك خانزادىسى خىزىر خوجاخاننى قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن سەركەردىلىرى بىلەن بىللە بېشبالىقتىن قەشقەرگە قاچۇرۇۋەتتى. ئەمىر قەمەرىددىن ئۇلارنى قوغلاپ تۇتۇشقا كاللا كېسەرلىرىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. ئەمىر خۇدايدادنىڭ سەركەردىلىرى خىزىر خوجاخاننى قەشقەردىمۇ يوشۇرالماي، قەشقەر بىلەن بەدەخشان ئارىلىقىدىكى تاغقا ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى.

ئەمىر قەمەرىددىن تاجۇتەختنى ئەنە ئاشۇنداق زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن تۇغلۇق تۆمۈرخانغا سادىق ئەمىرلەرنىڭ قارشىلىقىنى بېسىقتۇرالمىدى. قارشىلىق، قىرغىنچىلىق، سۇيىقەست، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشلەر پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇردى.

بۇ چاغدا ماۋەرائۇننەھر تەختىدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجاخان سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇۋاتاتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ماۋەرائۇننەھرنى ئىككىنچى قېتىم ئىستېلا قىلغاندا، چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجاخانغا بۇ زېمىننى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپ، ئەمىر بەگچەك بىلەن ئەمىر تۆمۈرگە ئوغلىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ھەمكارلىشىشىنى تاپشۇرغانىدى. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي ئەمىر بەگچەك بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ يۈز بەردى. ئىلياس خوجاخان بولسا ئىككى ئەمىر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى مۇۋاپىق ھەل قىلالمىدى. ئەمىر تۆمۈر ئىلياس خوجاخاننىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئەمىر بەگچەككە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكىنىنى، ئۆزىنىڭ ئوردىدا ھېچقانداق ئەتىۋارى ۋە رولىنىڭ قالمىغانلىقىنى، ماۋەرائۇننەھر خەلقىنىڭ ئەمىر بەگچەكنىڭ زۇلمى ئاستىدا قاقشاۋاتقانلىقىنى، مەملىكەتنىڭ خارابلىشىشقا

يۈز تۈتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەمەرقەنتتە تۇرۇۋېرىشنى لايىق كۆرمىدى ـ دە، ئوردىدىن چىقىپ كەتتى، ھەمدە دوستى ۋە قېيىنئاغىسى ئەمىر ھۈسەيىن بىلەن بىرلىشىپ، ئىلياس خوجاخان سەلتەنەتىگە قارشى يوشۇرۇن ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ھەمدە ئەمىر قەمەرىددىن قىرغىنچىلىقىنىڭ خەۋىرى كېلىشى ھامان ئىلياس خوجاخان بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشىلاشتى ۋە ئىلياس خوجاخاننى سەمەرقەندتىن قوغلاپ چىقاردى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە ۋادىسىنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئالغان ئەمىر تۆمۈر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، موغۇلىستانغا يۈرۈش قىلدى. 1376 ـ يىلى موغۇلىستانغا قىلغان بەشىنچى قېتىملىق يۈرۈشىدە كۆك تۆپە دېگەن جايدا ئەمىر قەمەرىددىننى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلدى. ئازغىنە نۆكەرلىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلغان ئەمىر قەمەرىددىن بولسا چۆلدە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ، ئاتتىمۇ ئولتۇرالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، نۆكەرلىرى ئۇنى ئازراقلا ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن جاڭگالغا تاشلاپ قويۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ جەسىتى قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولدى. ئەمىر تۆمۈر موغۇلىستانغا ئالتىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىپ موغۇلىستاننى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئالدى.

مانا مۇشۇ ئون ئىككى يىل جەريانىدا ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ساداقەتمەن سەركەردىلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ كىچىك خانزادىسى خىزىر خوجاخاننى ئەمىر قەمەرىددىن ئەۋەتكەن قاتىللاردىن يوشۇرۇپ ئاۋۋال قەشقەر، بەدەخشان، خوتەن تاغلىرىدا ساقلىدى. كېيىن قوغلاپ كەلگەن قاتىللارنىڭ قەدىمى بۇ يەرگىمۇ يەتكەچكە چەرچەن تاغلىرىدىكى سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا، لوپ[1]، كېتەك[2]، تارىم ۋادىلىرىدا يوشۇرۇن ساقلىدى.

ئەمىر قەمەرىددىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇلۇسبېگى

---

[1] لوپ ــــ ھازىرقى لوپنۇر، تارىم ۋادىسىنى كۆرسىتىدۇ.

[2] كېتەك (كەتەك) ــــ ھازىرقى چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىدە.

www.uyghurkitap.com

خۇدايداد ئون ئۈچ ياشلىق خانزادە خىزىر خوجاخاننى بېشبالىققا ئالدۇرۇپ كەلدى. ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن ئەمىر ـ بەگلەرنى يىغىپ، قۇرۇلتاي چاقىرىپ خىزىر خوجاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ئەمىر تۆمۈرگە زىممىلىك بىلدۈرۈپ① سۈلھى تۈزۈشتى. ئەمىر تۆمۈر تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قىزى مەلىكە تەۋەككۈل خېنىمنى نىكاھىغا ئېلىپ سەمەرقەنتكە قايتتى.

مىلادىيە 1405 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچقۇرۇن مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بۈيۈك ئىستىلاچىسى ئەمىر تۆمۈر ئوتراردا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ مېيىتى يەرلىككە قويۇلا ـ قويۇلمايلا ۋارىسلىرى ئارىسىدا تەخت تالىشىش ماجىراسى يۈز بەردى. ئەمىر تۆمۈر شۇ چاغدىكى ھىندىستان ۋە كابۇل ھۆكۈمدارى ــ نەۋرىسى پىرمۇھەممەد مىرزىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. بىراق، خانزادە پىرمۇھەممەد كابۇلدىن سەمەرقەنتكە كېلىپ بولغۇچە، يەنە بىر نەۋرىسى ــ تاشكەنتنىڭ نائىب ئەمىرى سۇلتان خەلىل مىرزا بوۋىسىنىڭ تەختىگە دەۋاگەرلىك قىلىپ، تاشكەنتتىن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى ۋە سەمەرقەنت تەختىدە ئولتۇردى. بۇ چاغدا پىرمۇھەممەد مىرزىمۇ چوڭ قوشۇن توپلاپ ئامۇ دەرياسى بويىغا يېقىنلىشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تەخت تالىشىش ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇنى پۇرسەت دەپ بىلگەن سۇلتان خىزىر خوجاخان بىلەن ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئەمىر تۆمۈر سەلتەنەتىنىڭ ھامىيلىقىدىن قۇتۇلۇش، شۇنداقلا تۇغلۇق تۆمۈر سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى ۋە ئانچە كۈچىمەيلا سۇلتان خەلىل مىرزىنى شىراز قەلئەسىدە ئەسىرگە ئالدى ـ دە، ئۇدۇل قەشقەرگە ئەۋەتىپ نەزەربەند قىلدى، لېكىن بۇ غەلىبە ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى.

ئەمىر تۆمۈرنىڭ تۆتىنچى خانزادىسى ــ خۇراسان ھۆكۈمرانى شاھرۇخ مىرزا جىيەن ئوغلى سۇلتان خەلىل مىرزىنىڭ پالا-

① زىممىلىك بىلدۈرۈش ــ بويسۇنۇش، ھامىيلىقىغا ئۆتۈش.

كەتكە يولۇققىنىنى، دادىسىنىڭ بىر ئۆمۈر يۇرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تىكلىگەن سەلتەنەتىنىڭ پارچىلىنىپ، يىمىرىلىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ، 1409 ـ يىلى باھاردا زور قوشۇن بىلەن ھىراتتىن سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلدى. ئۇلۇسبېگى خۇدايداد شاھرۇخ مىرزىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، سەمەرقەنتنى تاشلاپ تاشكەنتكە چېكىندى. بىراق ئۇ تاشكەنتتىمۇ تۇرالمىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا سۇلتان خىزىر خوجاخاننىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇلۇسبې-گى خۇدايداد تاشكەنتتىن ئۇدۇل تۇرپانغا قايتتى ـ دە، خىزىر خوجاخاننىڭ چوڭ ئوغلى خانزادە مۇھەممەدخاننى تەختتە ئولتۇر-غۇزدى. شۇ يىلى كۈزدە شاھرۇخ مىرزا ئون توققۇز ياشلىق خانزادىسى مۇھەممەد تورغاي مىرزا ئۇلۇغبەگنى سەمەرقەنت تەخ-تىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ھىراتقا قايتىپ كەلدى.

سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ئۆمرى ناھايىتىمۇ قىسقا بولدى. موغۇلىستان تەختىدە ئاران بەش يىل ئولتۇرالىدى. بۇ بەش يىل ئىچىدە ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايدادنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە قايتا لەشكەر تارتىپ بېرىش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىقلىرى سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ۋاپاتى بىلەن پۈتۈنلەي بىكار بولدى. موغۇلىستان تەختىگە سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ئىككىنچى خانزادىسى شىرمۇ-ھەممەدخان ئولتۇردى...

※ ※ ※

ئۇۋەيسخان مۇشۇ يەرگە كەلگەندە نېمە ئۈچۈندۇر خىيالىنى داۋاملاشتۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ ئاشۇ قارا نىيەت، نەپسانىيەتچى خان تاغىسىنى ئەسلەشنى، ھەتتا ئىسمىنىمۇ تىلغا ئېلىشنى خا-لىمايتتى. ھەئە، شىرمۇھەممەدخان تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى قوللىمىغان بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۆلتۈردى ياكى

www.uyghurkitap.com

مەنسەپتىن قالدۇردى، سۈرگۈن قىلدى. جىيەنى ئۇۋەيسخانغىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈردى. ئۇۋەيسخان تاغىسى شىرمۇھەممەدخاننىڭ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى قارا كۈن دەپ ھېسابلايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قايتىدىن غەم ـ قايغۇ، ھەسرەت چۇلغىۋالغانىدى.

«... مەرھۇم جەننەتماكان ئاتام شىرئەلى ئوغلان ھايات بولغان بولسا، تاغامغا تەخت ـ سەلتەنەت نەدە تۇرۇپتۇ؟ بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ مېنى تەختتە ئولتۇرغۇزماقچى بولغىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ كەتكۈدەك گۇناھ ئەمەس ئىدىغۇ؟! ئەسلىدە خان تاغامنىڭ نىيىتى خېلى بۇرۇن بۇزۇلغانىكەن. شۇڭا مەرھۇم ئاتام بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆلتۈردى، سۈرگۈن قىلدى، مەنسەپتىن قالدۇردى، ئەدەپلىدى... ئۇ مەندىن تېخىچىلا خاتىرجەم ئەمەس. مېنى تەخت ـ سەلتەنەتى ئۈچۈن خەۋپ، دۈشمەن ھېسابلايدۇ. مېنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتقاندۇر بەلكىم...»

## 2

ھەئە، سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئوردا ئەمىرلىرى ئارىسىدا بۆلۈنمىچىلىك يۈز بەردى. بۇ چاغدا ئۇلۇسبېگى خۇدايداد شىكارغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئوردىدا يوق ئىدى. ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا تەختكە سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى شىرمۇھەممەدخان بىلەن چوڭ نەۋرىسى ئۇۋەيسخاندىن قايسىسىنى ئولتۇرغۇزۇش ھەققىدە قاتتىق ئىختىلاپ يۈز بەردى. چۈنكى، سۇلتان مۇھەممەدخان ھايات ۋاقتىدا ۋەلىئەھد تەيىنلىمىگەن، ھەتتا تەخت ۋارىسى ھەققىدە

ۋەسىيەتمۇ قالدۇرمىغانىدى. ئەلەمدار ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇۋەيسخاننىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى خالايتتى. چۈنكى ئۇۋەيسخان سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ چوڭ خانزادىسى شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئوغلى ئىدى. شىرئەلى ئوغلان ھايات ۋاقتىدا لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىركەبىرى بولۇپ، ئەلەمدار ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ئۇ بۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋالقى كۇزدە ئىلى ۋادىسىغا باستۇرۇپ كىرگەن موغۇللار بىلەن بولغان جەڭدە زەھەرلىك يا ئوقى تېگىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلغانىدى. ئوردىدىكى ئەلەمدار ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەمىركەبىر شىرئەلى ئوغلاننىڭ ئەڭ ساداقەتمەن سەركەردىلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇۋەيسخانمۇ ياشلىقىغا باقماي پەزىلىتى ۋە يۇقىرى لەشكىرىي ماھارىتى بىلەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ قايىللىقىغا، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ئەزەلدىن لەشكىرىي ئىشلارغا قىزىقمايدىغان شىرمۇھەممەدخاننىڭ بولسا مال ـ دۇنيا ۋە ئاياللارغا ئامراقلىقى بىلەن داڭقى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەرەمدىكى ئاياللار دادىسى سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ھەرەمدىكى ئاياللاردىن جىق ئىدى. شارابخور، بەتقىلىق، ئۆكتەم بۇ خانزادىنى بىر قىسىم ئەمىرلەر ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئوردىدا شىرمۇھەممەدخاننى قوللايدىغان ئەمىرلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار شىرمۇھەممەدخاننى تەختكە چىقىرىپ ئىشەنچىگە ئېرىشىش، شۇ ئارقىلىق ئوردىدىكى يۇقىرى مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئالدىن قول سېلىپ، شىرمۇھەممەدخاننى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. بۇ چاغدا شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن يىغقان مال ـ دۇنيالىرىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. قۇرۇلتاي چاقىرىپ تەخت ۋارىسى بەلگىلەش تەرەپدارى بولغان بىر قىسىم ئەمىرلەر ئالتۇنغا سېتىلدى. شۇنداق قىلىپ شىرمۇھەممەدخان تەرەپدارلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى ـ دە، ئۇلۇسبېگى خۇدايداد شىكاردىن قايتىپ كېلىپ بولغۇچە شىرمۇھەممەدخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇل-

www.uyghurkitap.com

گۆردى. شىكاردىن ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتىپ كەلگەن ئۇلۇسبېگى خۇدايداد شاھزادە ئۇۋەيسخان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا تەسەللى بېرىپ، ئوردىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بىر مەيدان قىرغىنچىلىقنى توسۇپ قالالىغان بولسىمۇ، ئاللىقاچان تەختتە ئولتۇرۇپ بولغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا ھېچنېمە دېيەلمىدى، ھەمدە ئۇنى ئەتراپىنى ئوراپ ئالغان خۇشامەتچى، كاززاپ، ھىيلىگەر ئەمىرلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ئامالسىز قالدى...

※ ※ ※

مەلىكە سۇلتان خاتۇننىڭ شىپىرلاپ بېسىلغان قەدەم تىۋىشى ئۇۋەيسخاننىڭ ھەسرەتلىك خىياللىرىنى چالغىتتى. ئۇ ئانىسىنى كۆرۈپ دەس ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇسسۇلۇق ئىچىۋالسىلا، — دېدى سۇلتان خاتۇن كۈمۈش پەتنۇسنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ.

ئۇۋەيسخان كۈمۈش پەتنۇستىكى قاشتېشى جامنى قولىغا ئالغاچ ئانىسىغا لاپپىدە قارىدى. سولغۇن چىراي، غەمكىن كۆزلەردىن تەسۋىرلىگۈسىز بىر ئانىلىق مېھرى بالقىيتتى. ئۇۋەيسخان ئانىسىغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يا تەسەللى بېرىشنى، يا ھال ئېيتىشنى بىلەلمەي، لېۋىنى مەھكەم چىشلىگىنىچە تۇرۇۋەردى. ئوغلىغا بىرنەچچە دەقىقە قاراپ تۇرغان ئانا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېتىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن، ئەزىز تەنلىرىنى ئاسرىسىلا بالام. رەھمەتلىك پەدەرلىرى شۇڭقار بولغاندىن[1] بېرى مىنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل قۇۋۋىنىدىغان ئادىمىم ئۆزلىرى. ئادەم دەردنى ئىچىگە يۇتۇۋالسا تەن زەئىپلىشىدۇ. زەئىپ تەن كېسەلنىڭ ئارامگاھىدۇر. بەردەم بولسىلا، — ئانا ئوغلىنى شەربەتنى ئىچىش-

① شۇڭقار بولدى — ئۆلدى، ئالەمدىن ئۆتتى.

كە ئۇندىدى، ــ قېنى، ئىچىۋالسىلا.

ئۇۋەيسخان قاشتېشى جامنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ ئاستا سۈمۈردى. كارىزغا سېلىپ ساقلىغان شەربەت مۇزدەك سوغۇق ئىدى. ھەم سوغۇق، ھەم شېرىن شەربەتتىن ۋۇجۇدى راھەتلەنگەندەك بولدى.

ئانا ئوغلىنىڭ قوشۇمىلىرى كىرىشىپ كەتكەن توم قارا قاشلىرىغا، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىگە، ئۇچى تومراق قاڭشىرىغا، سەل دورداي كەلگەن كالپۇكىغا قاراپ، بىردىنلا كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى. شۇ تاپتا ئوغلى كۆزىگە مەرھۇم كۈيۈسى① شىرئەلى ئوغلاندەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇۋەيسخاننىڭ چىرايى دادىسىغا خۇددى تېرىسىنى چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

«ئېھ ياراتقان ئىگەم، چىرايىنى ئوخشاتساڭمۇ ئۆمرىنى ئوخشاتمىغايسەن...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئانا ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ.

ــ بۇنداق ئىسسىقتا ماڭا ئۇسسۇلۇق بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسىلا ئانا، ــ دېدى ئۇۋەيسخان قاشتېشى جامنى كۈمۈش پەتنۇسقا قويۇپ تۇرۇپ، ــ پەقەت كۆڭۈللىرى قويمىسا خىزمەتكارلاردىن چىقارتىپ بەرسىلە.

ــ ئۆز قولۇم بىلەن سۇنۇپ بەرگىنىمگە ئوخشىمايدۇ بالام.

ــ ئۇنىسىغۇ راست، ــ دېدى ئانا مېھرىدىن ۋۇجۇدىغا شۇررىدە بەختىيارلىق تارىغان ئۇۋەيسخان سۆس كۈلۈمسىرەپ، ــ لېكىن مېنى دەپ بىتاب بولۇپ قالسىلا بولمايدۇ ئانا. مەن ئۈچۈن ئۆزلەرنىڭ سالامەتلىكلىرى ھەممىدىن مۇھىم.

ئانا ئوغلىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

ــ مېنى راستىنلا ساق ـ سالامەت تۇرسۇن دېسىلە، قەددىلىرىنى رۇسلىسىلا بالام. نوچىلىقى پۇتكۈل ئالەمگە پۇر كەتكەن شىرئەلى ئوغلاننىڭ پۇشتى مۇخالىپلىرىنىڭ ئانچىكى زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي چاھارباغدا ئېزىلىپ ئولتۇرسا قاملاشمايدۇ.

① كۈيۈسى ــ ئېرى، يولدىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جاھاننىڭ ئىشلىرى ئىنساننىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى يوقىتىپ، ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ ئولتۇرۇش يىگىتنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئۇۋەيسخان ئانىسىنىڭ كۆزىگە يالت ئېتىپ قارىدى.

سۇلتان خاتۇننىڭ چاقماق كىرپىكلىك شەھلا كۆزلىرىدىن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل جاسارەت، قەتئىيلىك، ئىشەنچ بالقىپ تۇراتتى. ئۇۋەيسخان ئانىسىنىڭ دائىم كۆرۈپ ئادەتلەنگەن مۇلايىم كۆزلىرىدىكى كۈچ، رىغبەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ئەجەبا، ئانىسى ئۇنىڭ ئىككى كۈندىن بېرىقى ئوي ـ خىيالىنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟ خان تاغىسى شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئوردا زىياپىتىدە ئۇنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەر بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانمىدۇ؟ كەمسىتىش، يەكلەش، ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۈمىدسىزلىك ۋادىسىدا تېڭىرقاپ ھەممە ئارزۇ ـ ئارمانلاردىن ۋاز كېچىشنى، ئوردىنى، ئاستانىنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىپ، زاھىتلارچە ياشاشنى نىيەت قىلغان ئۇۋەيسخان شۇ تاپتا ئانىسىنىڭ: «ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى يوقىتىپ، ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ ئولتۇرۇش يىگىتنىڭ ئىشى ئەمەس» دېگەن سۆزلىرىدىن خىجىل بولۇپ، گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. «سەن كىم؟ سەن دېگەن نوچىلىقى جاھانغا پۇر كەتكەن شىرئەلى ئوغلاننىڭ پۇشتى» دېگەن سۆز قۇلاق تۈۋىدە توختىماي جاراڭلاپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتاتتى. يۈرىكىدە بىردىنلا غەلىيان كۆتۈرگەن نومۇس كۈچى ئىككى كۈندىن بېرى روھىنى ئەسىر قىلىۋالغان خورلۇق تۇيغۇلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىۋاتاتتى.

※ ※ ※

ھەئە، ئۇۋەيسخان خان تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ چەكتىن ئاشقان بۇ مۇئامىلىسىدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلـ

دى. ئوردىدا ھېچقانداق ئەمىرلىك مەرتىۋىسى بېرىلمىگەن شاھزا-
دىلەرگىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە
قىلىنىدىغانلىقى بارلىق ئوردا ئەھلىگە ئايان ئىدى. چۈنكى بۇ خان
جەمەتىدىكىلەرنىڭ مۇتلەق ئىمتىيازى ئىدى. بىراق ئۈۋەيسخان
شاھزادە بولۇپلا قالماستىن، يەنە لەشكىرىي دىۋاننىڭ سەركەردى-
سى ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ سەركەردىلىك مەرتىۋىسىلا ئوردىدا يۇقى-
رى دەرىجىلىك ئەمىرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشقا، بىر داستىخاندا غىزالىنىشقا تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئاساس
بولالايتتى. ئەمما سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئۇنىڭ شاھزادىلىك
سالاھىيىتىنىمۇ، سەركەردىلىك مەرتىۋىسىنىمۇ نەزەردىن تولۇق
ساقىت قىلغانىدى.

بۇ ئىككى كۈن ئاۋۋالقى ئىش ئىدى:

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان شاھنىشىنغا تولۇق جەم بولغان
چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ سالامىنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن
كېيىن ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ئادەتتە ئوردىدا مۇھىم كې-
ڭەش بولمىسا ئەمىرلەرنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ قايتىشقا
ئىجازەت بېرىلەتتى. بىراق، ئۇ ئەمىرلەرنىڭ مەلۇماتىنى كۈتمەيلا
ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى. ئاللىقانداق بىرەر كېڭەشنىڭ بولىدى-
غانلىقىنى پەملەشكەن ئەمىرلەر مەرتىۋىلىرى بويىچە جاي ئېلىش-
تى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى قە-
رەلسىز ئوردا زىياپىتى ئۆيۈشتۇرىدىغان، يەنە كېلىپ زىياپەتنى
شاھنىشىندىلا بېرىدىغان بولۇۋالغانىدى. شاھنىشىن ئوردا زىيا-
پەتخانىسىغا، تەخت ئۇنىڭ غىزالىنىدىغان جايىغا ئايلانغانىدى. ئە-
مىرلەر خاننىڭ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشىدىنلا بۈگۈن يەنە زى-
ياپەت بولىدىغانلىقىنى پەملەشكەنىدى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەمىرلەرگە بىرقۇر نەزەر تاشلى-
غاندىن كېيىن تۈيۈقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خاننىڭ ئورنى-
دىن تۇرغىنىنى كۆرگەن ئەمىرلەر ئالمان ـ تالمان ئورۇنلىرىدىن
تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى خاندىن بۇرۇن ئولتۇرۇۋېلىش يا-

كى خان ئورنىدىن تۇرغاندا دەرھال ئورنىدىن تۇرماسلىق ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىپ، شۇنداق قىلىپ سالغانلار خانغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلار قاتارىدا جازالىناتتى. ئەمىرلەر خۇدۇكسىرىگەن ھالدا يەر تېگىدىن خانغا قاراشتى.

ــ جانابى ئەمىرلەرگە ئىجازەت، ھەممەيلەن جاي ئالسۇنلار.

ــ بۇ... بۇ...

ئەمىرلەر گاڭگىرىغان ھالدا بىر ـ بىرىگە قاراشتى. خان تېخىچە ئۆرە تۇرغان پېتى ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇۋاتاتتى. «ئوردا يوسۇنى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىپ بارامدۇ نېمە؟ بۇ خان ئالىيلىرىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟» ھېچكىم كۆڭلىدىن كەچكىنىنى سوراشقا پېتىنالمايتتى. خاننىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر ئېغىز سۆز پەرمان ئىدى. شۇڭلاشقا بارلىق ئەمىرلەر ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئاللىقانداق بىر ۋەھىمىدىن يۇرەكلىرى سېلىپ كەتتى.

شىرمۇھەممەدخان خانلىق تەختىگە چىققاندىن بېرى ئەمىرلەر ۋەھىمىدە يۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دەككە ـ دۇككىلىرى بېسىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، بىر مەيدان تالاش ـ تارتىش، بەس ـ مۇنازىرىگە سەۋەب بولۇپ، سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا ئالغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەمىرلەرگە ئۆزىنىڭ مۇتلەق ھۆكۇمدار ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنمۇ، ياكى بىر قىسىم پېشقەدەم ئەمىرلەرگە سۇر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى دەسلەپتە ئۆزىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى قوللىمىغان ئەمىرلەرنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر پات ـ پات ئورۇنسىز پەرمانلارنى چۈشۈرۈپ، كىملەرنىدۇر ھەزىل قىلاتتى، كىملەرگىدۇر ئازار بېرەتتى، كىملەرنىدۇر جازاغا بۇيرۇيتتى. شۇ تاپتا ئەمىرلەر ئۆزلىرىنى خاننىڭ نەزىرىدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن يوغان سەللىلىرىنى ئورىغان باشلىرىنى تىزلىرىنىڭ ياقىسىغا يوشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، شاھىنشىنىڭ ئىچى

شۇنچە دىمىق بولغىنىغا قارىماي سوغۇق تەرلەيتتى.
سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بۇگۇنكى مەقسىتىنى كۆڭلىگە ئاللىقاچان پۈكۈپ قويغانىدى. شۇڭا ئويلىنىپ تۇرمايلا ئېغىز ئاچتى:
ــ ئەمىر باسىق، ئەمىر سەلەيخان، ئەمىر پىرسالى.
ــ لەببەي قىبلىگاھىم.
ئىسمى ئاتالغان ئەمىرلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاشتى.
ــ ھەرقايسىلىرى بۇگۇندىن ئېتىبارەن تەتىللا كۆرپىدىن جاي ئالسۇنلار.
ــ دۆلەتپاناھىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا مىڭ مىراتە تەسەننا.
ئۈچ ئەمىر خۇشاللىقىدىن ئاغزىلىرى يالاق بولغان ھالدا خانغا تەزىم قىلىشتى ۋە سەگەز كۆرپىدىن قوپۇپ، ئالدىدا ئولتۇرغان ئەمىرلەرنىڭ گەجگىلىرىدىن ئاتلاپ دىگۈدەك ئۆتۈپ، ئالدىنقى رەتتىكى تەتىللا كۆرپىدە ئولتۇرغان ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىغا سىغدالدى. بىرنەچچە دەقىقىلىك ئۆرە ـ تۆپىدىن كېيىن شاھىنشىن يەنە تىمتاسلىققا چۆمدى.
سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى مۇشۇنداق تۇيۇقسىز ئۆستۈرۈپ قويۇش ياكى تۆۋەنلىتىۋېتىش ئادەت بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئەمىرلەرنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق بىر تۇيغۇدا دۈكۈرلەۋاتاتتى. ھەئە، كىملەرنىڭدۇر ھەسەتتىن ئىچى ئاداپ كېتىپ باراتتى. كىملەردۇر مەرتىۋىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن ۋايىم يەۋاتاتتى. كىملەردۇر ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى.
ــ ئەمىر ئاقتىمۇر، ئەمىر ئاقبۇغا، ئەمىر بوران خوجا، ئەمىر سەبۇرغە، ئەمىر مۇسا...
سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئولتۇرغان ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدىن كىمنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك ياكى ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەپقالغان گەپنى دەيمۇ ـ دېمەيمۇ دەپ دەڭسەۋاتقاندەك تەرزدە بىرنەچچە دە-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىقە تۇرۇپ قالدى. ئىسمى ئاتالغان ئەمىرلەر: «لەببەي قىبلىگاھىم» دېيىشكىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بولغانىدى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ تۇرۇپ ئىرغىز ئاچتى:

— ئۇۋەيسخان.

شاھزادە ئۇۋەيسخان بىرنەچچە دەقىقە تېڭىرقىغاندىن كېيىن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى.

— لەببەي قىبلىگاھىم.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان جىيەن ئوغلىنىڭ «شاھزادە»، «ئەمىر»، «سەركەردە» دېگەن مەرتىۋە نامىنى تىلغا ئالماي بىۋاسىتە ئىسمىنى ئاتىغانىدى. خان تەختى جايلاشقان شاھسۇپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۇلۇسبېگىلىك كۇرسىدا ئولتۇرغان ئەمىر خۇدايداد خاننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك يالت ئېتىپ خانغا قارىدى ـ دە، يەنە شۇ ھامان نەزەرىنى شاھزادە ئۇۋەيسخانغا ئاغدۇردى. شۇ تاپتا بۇ پېشقەدەم ئەمىرنىڭ ئاپئاق ساقال باسقان غەمكىن چىرايىدىن خاننىڭ بۇ قىلىقىنى ياقتۇرمىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— سەگەز كۆرپىدىن جاي ئالسۇنلار، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا.

ئەمىرلەر خانغا چوڭقۇر بىر سالام بېرىشىپ، ئارقا رەتتىكى سەگەز كۆرپىگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بىلەن ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا بىرنەچچە دەقىقە قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۈن ـ تىنسىز سەگەز كۆرپە تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

سەگەز كۆرپىدە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلغان ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى لەشكىرىي دىۋاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلىرى بولۇپ، سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ بوۋىسى مەرھۇم سۇلتان خىزىر خوجاخان ئۇلارنىڭ بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە كۆرسەتكەن

تۆھپىلىرى ئۈچۈن مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈرۈپ «پالۋان»، «باھا-
دىر» ئۇنۋانىنى تارتۇق قىلغانىدى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان سەلتەنەت تەختىگە جىيەنى شاھزادە ئۇۋەيسخاننى ئولتۇرغۇزۇش تەرەپدارى بولغان بۇ ئەمىرلەردىن مۇشۇ ئۇسۇلدا قورسىقىدىكى غۇمىنى چىقىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەمىرلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئېلىپ تاشلاپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقارغۇسى، ھەتتا ئۆلۈمگە بۇيرۇغۇسى بار ئىدى. ئەمما، ئۇلۇسبېگى خۇدايداد قاتارلىق پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ نارازىلىقىدىنى قوزغاپ قويۇشتىن، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئۇزىگە قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرىدى، چۈنكى، تەختكە چىققىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئوردىدا ئۇلى ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. ئۇنى قوللاپ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئەمىرلەرنىڭ مەيلى ئاۋام، مەيلى لەشكەرلەر ئارىسىدا تۇزۇك ئابرۇيى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىغا قارشى چىققان ئەمىرلەرنى بىر يولىلا جازالاشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. ھېلىمۇ يېرىم يىلدىن بېرى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ھاكىمىيەت ئاساسىنى پۇختىلاشقا تىرىشىپ كەلدى. يېنىغا تارتىشقا تېگىشلىكلەرنى خەزىنىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئايىماي سەرپ قىلىپ، ئىنئام بېرىش يولى بىلەن ياكى مەنسىپىنى ئۈستۈرۈش يولى بىلەن يېنىغا تارتتى. جازالاشقا تېگىشلىكلەرنى ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن بىر ـ بىرلەپ جازالىدى، مەنسىپىنى تۆۋەنلەتتى ياكى مەنسەپتىن قالدۇردى، سۈرگۈن ھېسابىدا باشقا يۇرتلارغا مەنسەپكە تەيىنلەپ يولغا سالدى. لېكىن، يۇقىرىقى ئەمىرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆزىنىڭ ئېقىنىمۇ چىقىرىپ قاراپ قويمىغانىدى. مانا بۈگۈن ئاخىر نىيىتىنى ئاشكارىلىدى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنى تەتىللا كۆرپىدىن سەگەز كۆرپىگە چۈشۈرۈش ئىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. خاننىڭ قورسىقىدا يەنە قانداق شۇملۇقلار بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان زىيايەت باشلانماستىلا شاھنىشىندىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

چىقىپ كەتتى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخانمۇ ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇ-
قىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىدى.

※ ※ ※

ئىككى كۈندىن بېرى ئۇۋەيسخان ئارا ھويلىدىكى راۋاقتا ئۆ-
زى يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزدى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇۋەيسخانىنىڭ بۈيۈك موغۇلىستانىنىڭ
ئالتۇن تەختىدە سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇش، بوۋىسى
تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ سەلتەنەت شەۋكىتىنى خەلقئالەمگە قايتى-
دىن نامايىش قىلىش ئارزۇسى ئەزەلدىن بار ئىدى. بوۋىسى سۇلتان
مۇھەممەدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ساداقەتمەن
ئەمىرلەرنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن بۇ ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەي-
دى. لېكىن ئۇنىڭ تاغىسى بىلەن تەخت تالىشىش خىيالى يوق
ئىدى، چۈنكى تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كې-
لىۋاتقان ئۆدۈمى بويىچە تەخت ۋارىسلىقى ئاۋۋال چوڭىغا نېسىپ
بولىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ناۋادا ئوردا ئەمىرلىرى قو-
رۇلتاي چاقىرىش يولى بىلەن چوڭىنى تاشلاپ قويۇپ، كىچىكىنى
تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنى قارارلاشتۇرسا، بۇ باشقا گەپ ئىدى. يەنە
بىر تەرەپتىن ئۇ ئەزەلدىن مال ـ دۇنيا يىغىشقا ۋە ئەيش ـ ئىش-
رەتكە مەستانە بولۇپ كەتكەن تاغىسى شىرمۇھەممەدخاننى سەلتە-
نەت ئىشلىرىغا قىزىقمايدۇ دەپ قارايتتى. ئەگەر شۇ كۈنلەردە
دادىسى ئەمىركەبىر شىرئەلى ئوغلان ھايات بولغان بولسا، تەخت
ۋارىسى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايتتى. ھەئە،
بوۋىسىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇشى بىلەن تەڭ بىر قىسىم ئە-
مىرلەر ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ پىنھان جايلىرىدىكى بۇ ئارمانلىرى-
نى يېلىنجىتىپ قويغانىدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن تاغىسى
شىرمۇھەممەدخان ئەمىرلەرنىڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ قارارلاشتۇ-
رۇشىنى كۈتمەيلا دەرھال تەختتە ئولتۇرۇۋالدى. بۇ ئىشتىن ئۇ-

ۋەيسخاننىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن يېرىم بولدى. شۇنداقتىمۇ بۇ رېئاللىقنى يەنىلا قوبۇل قىلدى. ئۆزىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن قىلىچ يالىڭاچلاشقا تەييار تۇرغان ئەمىرلەرنى سۈكۈت قىلىشقا، خان تاغىسىنى ئېتىراپ قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇۋەيسخان «ھە»لا دەۋەتكەن بولسا، لەشكىرىي دىۋاننىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان بۇ ئەمىرلەر ئوردىدا لەشكىرىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئەمدىلا تەختتە ئولتۇرغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى تەختنى بىكارلاشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئۇ بوۋىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئوردىدا قان تۆكۈلۈشنى، تاغىسى بىلەن تەخت تالىشىپ سەلتەنەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى خالىمىدى. خاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ شىكاردىن ئالدىراپ يېنىپ كەلگەن ئۇلۇسبېگى خۇدايدادمۇ سەلتەنەتنىڭ تىنچلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ شاھزادە ئۇۋەيسخانغا تەسەللى، ئەمىرلەرگە ھاي بەردى.

«سۇلتان بولمىسام، تەختتە ئولتۇرمىسام نېمە بوپتۇ؟ بەرىبىر مەن خانغا جىيەن پەرزەنتقۇ ئاخىر؟! بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ روناق تېپىشى، ئابا ـ ئەجدادلىرىمنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى جۇلالاندۇرۇش ئۈچۈن خان تاغامنىڭ ئاتقان ئوقى، مۇخالىپلىرىنىڭ بېشىغا چاپقان شەمشىرى بولساممۇ ھېساب...»

ئۇۋەيسخان ئۆزىگە ئەنە ئاشۇنداق تەسەللى بەرگەنىدى. بىراق سۇلتان شىرمۇھەممەدخان كۆڭلى ـ كۆكسىنى ئۇنچە كەڭ تۇتالمىدى. ئالتە ئايدىن بېرى قورسىقىدىكى غۇممىنى يوشۇرۇن ئىپادىلىگەن بولسا، مانا ئەمدى ئاشكارىلىغانىدى. ئاشكارىلىغاندىمۇ ئۇۋەيسخانغا قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلمىدى. خاننىڭ ئۇنى سەگەز كۆرپىدە ئولتۇر دېگىنى، ئوردىدىن چىقىپ كەت، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشما، دېگىنى ئىدى. بەلكىم ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش ئېھتىمالىنىمۇ يوققا چىقارغىلى بولمايتتى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇۋەيسخان مۇشۇ ئىشنى ئويلاۋاتاتتى.

«بوپتۇ، ئوردىدىن چىقىپ كەتسەم چىقىپ كېتەي، سەلتەنەت

www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسام ئارىلاشماي. جاھاندا ھەممە ئادەم خان ـ سۇلتان بولۇپ ياشمايدىغۇ ئاخىر؟! خان تاغامنىڭ بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. بىراق بۇ ئەھۋاللارنى ئانامغا قانداق چۈشەندۈرەرمەن. ئۇنىڭ مەندىن كۈتىدىغىنى بۇ ئەمەس ئىدىغۇ...»

— ھەممىگە قادىر ھېكمەت ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس تەڭرىنىڭ يۈكسەك ئىرادىسى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى بىر سەۋەبنىڭ تۇغۇلىشىغا قاراشلىق قىلىپتۇ ۋە ھەر مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىر ۋاستە ئارقىلىق يەنە بىر سەۋەبكە باغلىق قىلىپتۇ، — دېدى سۇلتان خاتۇن ئوغلىنىڭ ئۈمىدسىز ۋە تەگسىز خىياللىرىنى بۆلۈپ، — شول تاپتا نېمە ئويلاۋاتقانلىقلىرىنى، كۆڭۈللىرىدە قانداق غەم ـ ئەندىشىلەرنىڭ غەلىيان كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن ئوغلۇم. ئۈمىدسىزلىك ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. مەرھۇم جەننەتماكان پەدەرلىرى تولىمۇ ئۈمىدۋار ئىنسان ئىدى. مەيلى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ياۋ ئالدىدا، مەيلى تاغدەك مۈشكۈلات، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا زىنھار تېڭىرقىغان، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان، بەل قويۇۋەتكەن ئەمەس. ئىككى كۈندىن بېرى سىلىنىڭ بۇ بىچارە تۇرقلىرىنى كۆرۈپ خويمۇ نومۇس قىلدىم. ھەقىقىي ئەركەك — ئوغۇل بالىنىڭ ھەرقانداق مۈشكۈلات ئالدىدا ئۈمىدسىزلىنىشكە ھەققى يوق. ئىنسانىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد، مەقسەت چىرىغى پىلىلداپ يېنىپ تۇرسىلا، ئۇنىڭ يورۇتۇشى بىلەن نىجاتلىق پاناھگاھىدا ماڭغۇدەك يول تېپىلىدۇ. شۇنىمۇ ئۇنتۇمىسىلاكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدۇ. ئىشلىرىنىڭ زامانىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

ئۇۋەيسخانىنىڭ يۈرىكىدىن شۇررىدە تارىغان بىر ھاياجان پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. بۇ ھاياجاندا خىجىللىقمۇ، نومۇسمۇ، غەيرەت ـ جاسارەتمۇ بار ئىدى.

ئۇۋەيسخاننىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا بىردىنلا چاقماق چېقىپ، ئىككى كۈندىن بېرى قاپلىۋالغان تۇمانلارنى تارقىتىۋەتتى. بۇ چې-قىلغان چاقماق بىلەن تەڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئىقبال قۇياشى ئاستا ـ ئاستا بالقىۋاتاتتى.

ئوغلىنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى بىلىۋالغاندەك سۆزلەۋاتقان ئانا زېرەك ھەم جاسارەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئالتە ئاي-دىن بېرىقى ئەھۋالىدىن، بولۇپمۇ ئىككى كۈن ئاۋۋال ئوردىدا دۇچ كەلگەن كۆتۈرگۈسىز ئاھانەت ۋە خورلۇقتىن تولۇق خە-ۋەردار ئىدى؛ ئوردىنىڭ سىرتىدىكى ئەمىركەبىر قەسرىنىڭ ئىچكىرىكى ھەرەمدە ئېگىز، قاتمۇقات تاملارنىڭ ئارىسىدا مۇ-سىبەت لىباسلىرىنى كىيىپ، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا قىزىقماي ياشاۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئوردا ئىچىگە ئىشەنچلىك كۆز ـ قۇلاقلارنى قويۇپ، سەلتەنەت ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇ-رۇۋاتاتتى. ھەئە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئانا ئوغلى ئۈچۈن قىلىۋا-تاتتى.

ئۇۋەيسخان خىجىللىق بىلەن بېشىنى ئەگدى.

— كەچۈرسىلە ئانا، كۈتكەن يەرلىرىدىن چىقالمىدىم.

ئانا ئوغلىغا نارازىلىق بىلەن تىكىلدى:

— ماڭا بېرىدىغان جاۋابلىرى پەقەت مۇشۇلىما؟

— يوقسۇ، — دېدى ئۇۋەيسخان ئانىسىنىڭ كۆزىگە ئىشەنچ بىلەن قاراپ، — بۇزرۇكۋارىمنىڭ ھەربىر لوقمىسى، گۆھەرگە تەڭداشسىز تەربىيەتلىرى ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغان ئۈمىدسىز-لىك، مەغلۇبىيەت تۇمانلىرىنى پاك ـ پاكىز تارقىتىۋەتتى. شۇ تاپتا تولىمۇ سەگەكمەن. نىجاتلىق پاناھگاھىدا يول تېپىش ئۈچۈن غەيرەت شەمشىرىنى قەتئىي نىيەت بىلىيىدە بىلىمىگىچە ئىس-تىقبال جامالىنى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى، باتۇرلۇق ئوقىنى تەدبىر ياسىدا ئاتمىغۇچە ئۇنىڭ ۋىژىلداپ ئۇچقان ئاۋازىدىن غە-لىبە ـ نۇسرەتنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. ئىككى كۈندىن بېرى ئۈمىدسىزلىك

زىندانغا ئەسىر بولۇپ، بۇزرۇكۋارىمنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلغىنىمدىن ئۆزۈر تىلەيمەن.

سۇلتان خاتۇننىڭ چىرايىدا خاتىرجەملىك، سۆيۈنۈش، ئىپتىخار ئۇچقۇنلىرى سۇس جىلۋە قىلدى. ئەمما ئىچكى تۇيغۇسىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن چىرايىنى قەستەن تۈرۈۋالدى.

— ئۆزۈر تىلەشلىرى ھاجەتسىز، — دېدى ئانا سالماقلىق بىلەن، — ھەرقانداق ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ كاتتا ئىشلارنى روياپقا چىقىرىشىنى، ئەل - ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، تىللاردا داستان بولۇپ ياشىشىنى، قىلغان ئىش - ئەمەللىرى بىلەن پەخىرلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەسلىرىدە مەھكەم تۇتسىلا، سىلىنى بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقان ھالەتلىرىدە كۆرگىنىمدىلا، ئاندىن بەرگەن سۈتۈمگە رازى بولىمەن.

ئانا ئوغلىنىڭ چىرايىغا ئىشەنچ بىلەن يەنە بىر قېتىم قاراۋەتكەندىن كېيىن، ئاۋازىنى ۋەزمىن چىقىرىپ «قۇرئان كەرىم»دىكى: «بىر قوۋم ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلمىسا، تەڭرى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى - دە، قاشتېشى جام سېلىنغان كۈمۈش پەتنۇسنى كۆتۈرگىنىچە كەينىگە ياندى.

شۇ تاپتا راۋاقتا يالغۇز قالغان ئۇۋەيسخاننىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك تۇمانلىرى پۈتۈنلەي يوقالغانىدى، پۈتكۈل ئەسەبلىرىنى ئانىسى ھازىرلا ئوقۇغان ئايەت چىرمىۋالغانىدى.

«توغرا، ھەرىكەت قىلىش كېرەك. ھەرىكەت تەڭرىنىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەڭ كاتتا سوۋغىسى. ئادەم ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئىشىنىشى، كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى يېڭىشى كېرەك. ئۈمىد ئۇنى يوقىتىدىغان ئەڭ كاتتا ياراغ. قەلبىدىكى ئۈمىد - ئارمىنى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغان ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقى بولمايدۇ. ھەرىكەتسىز ئىنسانغا تەڭرى مەدەت بەرمەيدۇ. مەن شول تاپتا خان تاغامنىڭ كۆزىگە قادالغان مىختىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

ئۇ مېنى تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن تەھدىت ھېسابلىغانىكەن، ئۇنداقتا مەنمۇ ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ، تاجۇتەختكە تەھدىت بولاي. شۇنداق، مەرھۇم جەننەتماكان بابائى بۇزرۇك سۇلتان مۇ - ھەممەدخان ئالىيلىرى ھايات ۋاقتىدا ۋەلىئەھد بېكىتمىگەن، ھەتتا تەخت ۋارىسى ھەققىدە ۋەسىيەتمۇ قالدۇرمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا سەلتەنەت قانۇنى بويىچە قۇرۇلتاي چاقىرىلىشى، ئەمىر - لەر كېڭەش قىلىپ خاننى بېكىتىشى كېرەك ئىدى. ھەئە، خان تاغامنىڭ يۈرىكى شۇڭا پوك ـ پوك. شۇ سەۋەبتىن مېنى كۆزىدىن نېرى قىلماقچى. بۇرناكۇندىكى ئوردا زىياپىتىدە يۈز بەرگەن ۋەقە دەل مۇشۇ ئىشنىڭ باشلىنىشى. ئۇنىڭ قورسىقىدا يەنە قانداق شۇملۇقلار بار، بۇنى بىر خۇدا بىلىدۇ. مەنمۇ ياتباش بىركىم ئە - مەس، شەۋكەتلىك تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادى. ئۇ خەۋپسىرى - گەن، قىزغانغان تاجۇتەختتە مېنىڭمۇ ھەققىم بار. نېمىشقا ھېچ - قانداق قارشىلىقسىزلا تاشلاپ بەرگۈدەكمەن؟ قايسى گۇناھىم ئۈ - چۈن تەگرىدىن، ئەجدادلارنىڭ روھىدىن ھايا قىلماي مېنى ئوردى - دىن ھەيدىمەكچى بولىدىكەن؟ ھەئە، تاجۇتەختنى تالاشسام، تار - تىۋالسام تامامەن بولىدۇ. ئانام راست دەيدۇ، بەرگەن سۈتىنى ئاق - لىشىم كېرەك. بۇ مېنىڭ پەرزەنتلىك، ئوغۇللۇق بۇرچۇم. بۇ دەرگاھتا ئېزىلىپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ئوردىدىكى ساداقەتمەن، ۋىجدانلىق ئەمىرلەر بىلەن، لەشكىرىي دىۋاننىڭ سەركەردىلىرى بىلەن كېڭەشەي...»

※ ※ ※

تۇرپاندا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى چوڭ بولىدۇ. كۈندۈزى دىمىق بولغىنى بىلەن كېچىسى سالقىن. شۇ تاپتا ئەمىركەبىر قە - سىرنىڭ بېغىدىكى كۆل ئۈستى راۋىقى كېچىنىڭ غۇر ـ غۇر شا - مىلىدا تولىمۇ راھەتلىك ئىدى. ئەمىر ئاقتىمۇر، ئەمىر ئاقبۇغا، ئەمىر بوران خوجا، ئەمىر سەبۇرغە، ئەمىر مۇسا قاتارلىق سەركەر -

دىلەر ئۈۋەيسخان بىلەن بىللە مەخپىي پىلان تۈزۈشۈۋاتاتتى.

— شاھزادەم، تېزرەك بىر قارارغا كەلگەيلا، — دېدى ئەمىر بوران خوجا، — ھېلىمۇ ياپسام پىشارمىكى، كۆمسەم پىشارمىكى دەپ، ئوبدان پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدۇق. ھامىنى بىر ئۆلۈم. خاننىڭ يۈركى ئاللىقاچان قارىداپ بولدى، گەدىنىمىزدە ئەجەل قىلىچىنىڭ سايىسى ئەگىپلا تۇرىدۇ.

— ئەينى مۇددىئا، يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال دەپتىكەن، — دېدى ئەمىر مۇسا بوران خوجىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئەڭ ياخشى تەدبىر ئاگال[1] قول سېلىش.

ئۈۋەيسخان تولىمۇ سالماق كۆرۈنەتتى، شۇڭا ئىپادە بىلدۈرۈشكە ئالدىرىمىدى.

— ھەرھالدا تەدبىرىمىز پۇختا بولغاي، — دېدى ئەمىر سەبۇرغە، — ئۆز ۋاقتىدا كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولساق خان تەرەپدارلىرىغا تاقابىل تۇرمىقىمىز تولىمۇ ئاسانغا توختايتتى. ئالتە ئايدىن بېرى خان سەلتەنەت ئاساسىنى خېلىلا پۇختىلىۋالدى. ئۆز ۋاقتىدا بىزنىمۇ، خان تەرەپدارلىرىنىمۇ قوللىماي ئىنتەڭدە تۇرغان بىر قىسىم ئەمىرلەرمۇ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خان تەرەپكە ئېغىپ كەتتى. بۈرناكۈنى ئورنىمىز تەتىللا كۆرپىدىن سەگىز كۆرپىگە كۆچكەندىن كېيىن لەشكىرىي دىۋاندىكى سەركەردە ـ سەرۋازلىرىمىزنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۆلۈنمىدى دەپ ھۆددە قىلماق تەس. گەرچە لەشكىرىي دىۋاندىن مەنسىپىمىزنىڭ تۆۋەنلىتىلگەنلىكى ھەققىدە پەرمان چۈشمىگەن بولسىمۇ، بۇ ۋەقە ئاللىقاچان سەرۋاز، لەشكەرلەر ئارىسىغا پۇر كەتتى. ئۇلارغا خانغا قارشى قىلىچ يالىڭاچلا دېسەك، بۇيرۇقىمىزغا كىملەر بويسۇنۇپ، كىملەر سەرگەشتىلىك قىلىدۇ، بۇنىسى نائېنىق. شۇڭا رەسكەللىكىمىز[2] پۇختا بولسۇن دەيمەن.

— ئىككى كۈندىن بېرى لەشكىرىي دىۋاندىن مەنسىپىمىز-

[1] ئاگال — تۇرپان شېۋىسىدە «ئاۋۋال» دېگەن مەنىدە.

[2] رەسكەللىك — تەييارلىق، ھازىرلىق كۆرۈش.

نىڭ تۆۋەنلىتىلگەنلىكى ھەققىدە پەرمان چۈشمىگىنى قىزىق، — دېدى ئەمىر ئاقبۇغا.

— ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرى پەرمان چۈشۈرۈشكە ئالدىرىمايۋاتىدىغۇ تاڭ، ئىشقىلىپ كۆڭلىدە بىر ئىش بار، — دېدى ئەمىر ئاقتىمۇر شالاڭ ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ، — بۇ ئىشتا خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسەك بەك ياخشى بولاتتى. ئاززاق شەپە بېرىپ چېكىپ باقامدۇق ـ يا؟

— مېنىڭچە، ئۇلۇسبېگى بىزنى چوقۇم قوللايدۇ.

— ناتايىن. ئۇل ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەك تەس.

— ئەمما بىر نەرسە ئېنىقكى، ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرى خاندىن نارازى. كۆڭلىدىكىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ.

— ھېس قىلىشقانلا، يېقىندىن بېرى خان ئالىيلىرى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنى ئانچە نەزەرىگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى. سەلتەنەت ئىشلىرىنىمۇ ئەتراپىدىكى ئاشۇ بىر توپ خۇشامەتچىلىرى بىلەن قارار قىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— خاننىڭ ئۇلۇسبېگىنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەپ، تەسىر دائىرىسىنى ئاجىزلاتماقچى بولغانلىقى ئېنىقلا تۇرامدۇ.

— بولمىسا شاھزادە ئالىيلىرى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقسا قانداق بولۇر؟

ھەممەيلەن ئۇۋەيسخانغا نەزەرىنى ئاغدۇردى.

— ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرى بىزنىمۇ، خاننىمۇ قوللىمايدۇ، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە خام خىيال قىلىشمىسىلا، — دېدى ئۇۋەيسخان كەسكىنلا قىلىپ.

ئەمىرلەر تەئەججۇپ بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى شۇ تاپتا ئۆز غېمى بىلەن، — دېدى ئۇۋەيسخان گېپىگە چۈشەنچە بېرىپ، — ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قەشقەرنىڭ ئەمىر لەشكىرى خوجا شەرىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى سەييىد ئەھمەد

www.uyghurkitap.com

مىرزىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ھەممىلىرىگە مەلۇملۇق، قەشقەر ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ سۆيۈرگاللىق زېمىنى. نائىب ئەمىر سەييىد ئەھمەد ئۇنىڭ ئوغلى. پەرزەنتىنىڭ ھاياتى قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە، ئوغلىغا ياردەم قولىنى سۇنماي بىز بىلەن كۆمەكلىشىشى[①] مۇمكىن ئەمەستۇر. خان تاغام ئۇلۇسبېگىنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋالغانلىقى ئۈچۈن بۇرناكۇن بىزدىن ئوچۇق ـ ئاشكارا ئۆچ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالىدى.

ــ بۇ مەلۇمات ئىشەنچلىكمۇ ئالىيلىرى؟ ــ دەپ سوراشتى ئەمىرلەر ھەيران بولۇپ، ــ ئەجەب بىز خەۋەر تاپماپتىمىز دېيىشىلە.

ــ خان ئالىيلىرى بۇنداق شۇم خەۋەرنى بىزدەك مۇخالىپلىرىدىن ئەلۋەتتە سىر تۇتىدۇ، ــ دېدى ئۇۋەيسخان ئىستىھزا ئارىلاش كۈلۈپ، ــ خان تاغام بۇ مەلۇماتنى مەخپىي تۇتۇش ھەققىدە ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە پەرمان بەرگەنلىكى مەلۇم. شۇ تاپتا ئۇلۇسبېگى قەشقەرگە لەشكەر تارتىشقا ئالدىراپ، خاننىڭ تېزرەك يارلىق چۈشۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ــ ھە، ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى، ــ دېدى ئەمىر ئاقتىمۇر، ــ ھىيلىگەر خان قەشقەرگە لەشكەر تارتىشتىن ئاگال بىزدىن خاتىرجەم بولماقچى بولۇپ، سەگەز كۆرپىدە ئولتۇرغۇزۇش ئارقىلىق قولىمىزدىكى لەشكىرىي ھوقۇقنى تارتىۋالغانىكەن ـ دە.

ــ بۇرناكۇنى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ خاننى ئادالەتكە ئۈندەپ ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىشىدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ بائىس[②]تىن ئىكەن ـ دە.

ــ ئەينى مۇددىئا، ــ دېدى ئۇۋەيسخان، ــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ لەشكىرىي دىۋاندىكى مەنسىپىمىزنى تۆۋەنلىتىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرمەي تۇرۇۋېلىشىنىڭ بائىسىمۇ دەل مۇشۇ

① كۆمەكلىشىش ــ ھەمكارلىشىش، ھەمدەمدە بولۇش.

② بائىس ــ سەۋەب.

يەردە. خان ئالىيلىرى قەشقەرگە لەشكەر تارتىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرسە، ئۇلۇسبېگىمۇ بىزنىڭ مەنسىپىمىزنى تۆۋەنلىتىش پەرمانىغا دەرھال ئىمزا قويىدۇ.

ـــ خان قەشقەرگە لەشكەر تارتىشقا نېمىشقا ئالدىرىمايدىكەنە؟

ـــ بۇ چۈشىنىشلىك تۇرمامدۇ. ئوردىدا تاجۇتەختكە ھەملە قىلىپ تۇرغان بىزدەك مۇخالىپلىرى تۇرغان يەردە، قانداقسىگە خاتىرجەم ھالدا قەشقەرگە لەشكەر تارتىشقا يارلىق چۈشۈرەلىسۇن؟ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلۇسبېگىنىڭ لەشكەر تارتىپ قەشقەردىكى ئىسياننى تىنجىتقاندىن كېيىن ئۆزىگە قارشى چىقىشىدىن ۋايىم يەيدۇ، ـــ دېدى ئەمىر ئاقبۇغا.

ـــ شۇنداق، خان ئالىيلىرى گۇمانخورلۇقى سەۋەبىدىن ساداقەتمەن ئۇلۇسبېگىگىمۇ ئىشەنمەيۋاتىدۇ. قەشقەر قولدىن كەتسە مەيلى، تاجۇتەخت قولدىن كەتمىسۇن، دەۋاتىدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى بىر ئارقىلىق خاننى يارلىق چۈشۈرۈشكە قىستاۋېتىپتۇ ـ دە.

ـــ ئۇنداقتا ئوتتۇرىلىقتا قۇربانلىق قوي بولىدىغىنى يەنىلا بىز بولىدىكەنمىزغۇ مانا، ـــ دېدى بوران خوجا تېرىكىپ، ـــ ھەممە ئەھۋال مۇنۇ ئالدىمىزدىكى تاۋاقتىكى ئاشتەك ئاپئايدىڭ تۇرسا، يەنە نېمىگە تەخىر قىلىپ تۇرىمىز جانابلار؟ قۇرۇق مۇلاھىزىنى ئاز قىلىپ دەرھال قىلىچنىڭ سېپىنى قولىمىزغا ئالايلى.

ئۆۋەيسخان بوران خوجىغا قاراپ تەمكىنلىك بىلەن سورىدى:

ـــ ئەغيارلىرىمىز قوش بولسۇن دېمەكچىمۇ سىلى، جانابى ئەمىر؟

بوران خوجا گاڭگىرىغان ھالدا ئۆۋەيسخانغا قارىدى.

ـــ بۇ نېمە دېگەنلىرى شاھزادەم؟

ـــ ئىككى ئوتتۇرىلىقتا قۇربانلىق قوي بولىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە قىلىچ يالىڭاچلاشقا ئالدىرىغانلىرى نېمىسى؟ ـــ

دېدى ئۆۋەيسخان چۈشەنچە بېرىپ، ــ شۇنى ئۇنتۇمسلىكى، گەرچە خان ئالىيلىرى تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغىنى بىلەن، ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە سەل قاراشقا زىنھار بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ ئوردىدىكى يۈز ــ ئابرۇيى خان تاغامدىن ئۈستۈن تۇرسا تۇرىدۇكى، زىنھار تۆۋەن تۇرمايدۇ. پۈتكۈل تەسەررۇپىمىزدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇلۇسبېگىنى تونۇمايدىغان، نامىنى بىلمەيدىغان كىم بار دەيسىلا. ئۇنىڭ مەرھۇم بابائى بۇزرۇك سۇلتان خىزىر خوجاخان ئالىيلىرىنىڭ نىجاتكارى ئىكەنلىكىنى پۈتكۈل ئەل ــ يۇرت، سەركەردە ــ لەشكەرلەر ئوبدان بىلىدۇ. بۈنى دېمىگەندىمۇ پۈتكۈل سەلتەنەتنىڭ لەشكىري ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئۇلۇسبېگىدىن خان ئالىيلىرى ئېھتىيات قىلماي قالۇرمۇ؟ ئىككى كۈندىن بېرى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ بىزنىڭ مەنسىپىمىزنى تۆۋەنلىتىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرمىگەنلىكىدىن خان تاغام راستىنلا خەۋەر تاپمىغانمىدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. خان ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ــ يۇ، ئەمما ھە دېگەندە مەجبۇرلىيالمايۋاتىدۇ شۇ. ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى قەشقەرگە لەشكەر تارتىش توغرۇلۇق خاندىن يارلىق ئالالماي تىت ــ تىت بولۇپ تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە، بىز قىلىچ يالىڭاچلاپ چىقىدىغان بولساق، بۇ ئىش خانغا ئوبدانلا باھانە بولىدۇ ــ دە، قەشقەرگە لەشكەر تارتىشتىن يالتىيىۋالىدۇ. ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى خان بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ بىزنىڭ مۇقابىلىمىزگە چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دېمەك، ئول چاغدا ئەغيارلىرىمىز تاق ئەمەس، قوش بولىدۇ. ئەمدىغۇ مۇددىئايىمىز چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟

بوران خوجا خىجىللىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئەمما تەن بەرگۈسى كەلمەي غۇدۇرىدى:

ــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ خانغا قارشى چىقساقمۇ ئۆلسەك، كۈتۈپ تۇرساقمۇ ئۆلسەك، تازىمۇ بىر ئىش بولدى ــ دە، بۇ.

ھەئە، شۇ تاپتا بۇ يالغۇز بوران خوجىنىڭلا ئەمەس، باشقا ئەمىرلەرنىڭمۇ ئەندىشىسى ئىدى. شۇڭا ئۇلار «ئەمىسە، ئۆزۈڭ مۇۋاپىق بىر يول كۆرسەت» دېگەننى قىلىپ ئۇۋەيسخانغا قارىدى.

ــ ئاستانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىمىز، ــ دېدى ئۇۋەيسخان قەتئىيلىك بىلەن.

ــ ئاستانىدىن چىقىپ كېتىمىز؟

ئەمىرلەر ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى. چۈنكى، نۇرغۇن دەھشەتلىك جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ پېشقەدەم سەركەردىلەر جەڭ قىلىپ ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا قاچقۇن بولۇشنى خالىمايتتى، جەڭ قىلماي قېچىشنى باھادىرلىق شەۋكىتىگە مۇناسىپ كۆرمەيتتى.

ــ ھەئە، ئاستانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىمىز، چىقىپ كەتكەندىمۇ پەم بىلەن چىقىپ كېتىمىز، ــ دېدى ئۇۋەيسخان تەمكىنلىك بىلەن مۇددىئاسىنى شەرھلەپ، ــ ئەڭ ياخشىسى ئۇۋغا چىقىش باھانىسى بىلەن ئاستانىدىن ئايرىلايلى.

ــ ئاستانىدىن چىقساق نەگە بارىمىز؟

ــ چۆلتاغ تەرەپكە، ــ دېدى ئۇۋەيسخان.

ــ ھەممىمىز تەڭلا ئوۋغا چىقساق خان بەتگۇمان بولماسمۇ؟ ــ سورىدى ئەمىر سەبۇرغە.

ــ ئەلۋەتتە گۇمانلىنىدۇ، ــ دېدى ئۇۋەيسخان، ــ تېزدىن ھەرىكەتلەنمىسەك نەزەربەند قىلىنىشىمىزمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئاگال ئاستانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ قەشقەرگە لەشكەر تارتىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرەيلى. ئۇلۇسبېگى قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كېتىپ قالسا، ئوردىنىڭ لەشكىرى كۈچى ئاجىزلايدۇ.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئەمىر ئاقبۇغا، ــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ ئەس ـ يادى قەشقەردە. ئاستانىدىن لەشكەر تارتىپ چىقىپلا كەتسە كەينىگە يېنىشى مۇمكىن ئەمەس. قېپقالغان ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنى بىلەن ئاستانە مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ ئارد-

www.uyghurkitap.com

سىدا ئىشەنچلىك سەركەردە ـ سەرۋازلىرىمىز ھېلىھەم بار. ۋاقتى كەلگەندە ئىچى ـ تېشىدىن ماسلىشىپ سەلتەنەتنى تارتىۋالالايمىز.

ــ ناۋادا ئىچىدىكىلەر بىز بىلەن كۆمەكلىشىشكە ئىختىيار قىلمىسىچۇ؟ ــ سورىدى ئەمىر مۇسا، ــ بىزنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز بىلەن ئاستانىدىن چىقىپ كېتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق چىقىشىمىزغا ھەرقايسى قوۋۇقتىكى قورۇقچى سەركەردىلەرمۇ يول قويمايدۇ.

ــ شۇنداق. بۇنىڭ ئۈچۈن خاننىڭ يارلىقى، ھېچبولمىغاندا ئۇلۇسبېگىنىڭ پەرمانى بولۇشى كېرەك، ــ دېدى ئەمىر ئاقتىمۇر.

ــ راست ئېيتتىڭلا جانابى ئەمىرلەر، بىر توپ لەشكەرنى باشلاپ ئاستانىدىن چىقىپ كېتىشىمىز ئەسلا مۇمكىن بولماس، ــ دېدى ئۇۋەيسخان ئويچانلىق بىلەن، ــ بۇنداق قىلساق ئۆزىمىزنى ئاشكارىلاپ قويىمىز. ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ يارامىلىق، ساداقەتمەن نۆكەرلىرىڭلاردىن ئېلىۋېلىڭلار، سانى ئەللىكتىن ئاشمىسۇن.

ــ بۇنداق ئازغىنە نۆكەر بىلەن چىقىپ كەتسەك، ناۋادا خان ئارقىمىزدىن قوغلاشقا لەشكەر ئەۋەتسە ئىشىمىز تەس بولۇرمىكىن؟

ــ ئۇل چاغدا چۆلتاغدا تۇرۇشىمىزمۇ تەسلىشىدۇ، ــ دېدى ئۇۋەيسخان، ــ بەلكىم تارىم، لوپ ۋادىلىرىدا بىر مەزگىل مۆكۈنۈپ پەيت كۈتەرمىز. ئىشقىلىپ ھازىرقى ئەھۋالدا ئاستانىدا تۇرۇۋېرىشىمىز بىز ئۈچۈن تولىمۇ خەۋپلىك، بۇرناكۈنى مەنسىپىمىزنى ئېلىۋېتەلىگەن خان، ئەتە يا ئۆگۈن كاللىمىزنى ئېلىۋېتەلىشى تامامەن مۇمكىن.

ــ ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا قورقۇنچاق توشقاندەك جاڭگالغا قاچساق ئەغيارلىرىمىزغا تاماشا بولۇپ بەرمەسمۇ شاھزادەم؟ ئۇلار ئارقىمىزدىن كۈلكە قىلىپ خەلقئالەمگە سۆز ـ

چۆچەك تارقاتماسمۇ؟ ــ دېدى بوران خوجا قايىل بولماي، ــ قول ئاستىمدىكى لەشكەر ـ سەرۋازلىرىم ماڭا تولىمۇ ساداقەتمەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنغا تېتىيدۇ، ماقۇل دېسىلە بوگۇن كېچىلا ئىشنى باشلايلى.

ــ ھەدېسىلا ئاتىمەن، چاپىمەنلا دەيدىكەنلا، ــ دېدى ئۇۋەيسخان بىرئاز تېرىكىپ، ــ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان سەركەردىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ جاسارىتى سىلىدىن كەم ئەمەس. جاسارەتكە تايىنىپلا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولسا ئىدى، بۇ يەردە كېڭەش قىلىپ ئولتۇرماسىدۇق.

بوران خوجا پۇش ـ پۇش تىنغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ــ دېدى ئۇۋەيسخان كېڭەشنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ، ــ ئەتە ئەتىگەن ئوۋ قىلىش باھانىسى بىلەن ئاستانىدىن چىقىپ كېتىمىز، نۆكەرلەرنى زىيادە كۆپ ئېلىۋالماڭلار. كوچا ـ رەستىلەردىكى چارلىغۇچىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاستانىنىڭ تۆت قوۋۇقىدىن بۆلۈنۈپ چىقايلى. كەچ مەھەل چۆلتاغ جاڭگىلىدىكى بۇلاقبېشىدا تۆت يەرگە گۇلخان يېقىپ ئۇچرىشايلى. ئېسىڭلاردا بولسۇن، قايسىمىز بۇرۇن گۇلخان ياقمايلى، چوقۇم ياققان گۇلخانىمىزنىڭ سانى تۆت بولسۇن.

ــ ھامان ماڭىدىغان بولغاندىكىن ئەتە ئەتىگەندىلا ماڭايلى، بامدات ۋاقتى بىلەن چىقىپ كېتەيلى، ــ دېدى بوران خوجا.

ــ ئوردىغا سالامغا بارمىساق بىلىپ قالۇرمىكىن؟ ــ دېدى ئەمىر مۇسا.

ــ خاننىڭ قوبۇلغا چىقىدىغان ۋاقتىنىڭ قارايى يوق، ــ دېدى ئەمىر ئاقبۇغا، ــ بەك ساقلاپ كېتىپ ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويارمىزمىكىن...

ــ ھەر ئېھتىمالغا قارشى شاھزادە ئالىيلىرى ئەتە سالامغا بارمىغاي، قالغانلىرىمىز بارايلى. ھەممىمىز بىراقلا يوقاپ كەتسەك گۇمان قوزغاپ قويىمىز، ــ دېدى ئەمىر سەبۇرغە.

www.uyghurkitap.com

— مەن سالامغا بارمىسام خان ئالىيلىرىنىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ قوزغاپ قويارمىزمىكىن؟

— سەبۇرغە سەركەردىنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنسىلە ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر مۇسا، — مۇشۇ كۇنلەردە خاننىڭ پەيلى بەكمۇ بۇزۇق. كۈتمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ قالمىسۇن. سىلى سەركەردە بوران خوجا بىلەن ئەتىگەندىلا ئاستانىدىن چىقىپ كېتىدۋەرسىلە. قالغانلىرىمىز سالامغا بېرىۋېرەيلى. خان بىزنى كۆرسە سىلىدىن خاتىرجەم بولىدۇ، گۇمانلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭغىچە بىزمۇ ئارقىلىرىدىن يېتىشىپ بارىمىز.

— دېگەنلىرىدەك بولغاي، — دېدى ئۇۋەيسخان، — مەن سەركەردە بوران خوجا بىلەن بىللە ماڭاي، ئەتە بامدات ۋاقتى بىلەن يوقىرىقى كۆۋرۈك بېشىدا ئۇچرىشىپ، قامىل① قوۋۇقىدىن چىقىپ كېتەيلى. سىلەرمۇ هايال بولماڭلار. ناۋادا خان قوبۇلغا ۋاقتىدا چىقمىسا، ساقلاپ تۇرۇۋەرمەي دەرھال يولغا چۈنەڭلار. نۆكەرلىرىڭلار سىلەرنى ساقلىماي شەھەر قوۋۇقىدىن چىققاچ تۇرسۇن.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

## 3

ئەتىگەنلىك قوبۇلغا كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن بامدات نامىزىدىن يېنىپلا ئوردىغا يۈگۈرگەن ئەمىرلەر شاھنىشىنىغا تولۇق جەم بولۇشقانىدى. گەرچە ئاشۋاقتىدىن ئاشقىنىغا خېلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خان تېخىچىلا قوبۇلغا چىقمايۋاتاتتى. خان-

① قامىل — قومۇل.

نى كۆتۈپ تاقىتى تاق بولغان بىر قىسىم ياشانغان ئەمىرلەر ئولتۇرغان جايىدىلا مۈگدەشكە، قورسىقى ئېچىپ ناغرا چېلىشقا باشلىغان بىر قىسىم ئەمىرلەر ئەسنەشكە باشلىغانىدى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تەختكە چىققاندىن بېرى ئەتىگەنلىك قوبۇلغا ئاساسەن كېچىكمەيتتى. ئەتىگەنلىك ناشتىسىنى قوبۇلنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ، كۆڭلى يېقىن ئەمىرلەر بىلەن بىللە قىلاتتى. شاھىنشىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئەمىر سەبۇرغە، ئەمىر ئاقتەمۇر، ئەمىر مۇسالار بىردە تۆر تەرەپتىكى توققۇز پايىلىك شاھ سۇپىغا جايلاشقان ئالتۇن تەختكە بىتاقەتلىك بىلەن نەزەر تاشلىشاتتى، بىردە ئەتراپىغا بويۇنداپ قاراپ كىمنىدۇر ئىزدەيتتى. شاھىنشىنىڭ قوش قاناتلىق نەقىشلىك ئىشىكىگە پات ـ پات قاراپ قويۇشاتتى. ھەئە، ئەمىر ئاقبۇغا مۇشۇ ۋاققىچە ئوردىغا كىرمىگەنىدى.

— ئەمىر ئاقبۇغا جانابلىرى ئەجەب كۆرۈنمەيدۇ ـ يا؟ — ئاستا پىچىرلاپ سورىدى ئەمىر سەبۇرغە.

— شۇنى دېسىلە، — دېدى ئەمىر ئاقتىمۇر، — بىرەر ئىش بولۇپ قالمىغاندۇ ـ ھە.

— شاھزادە ئالپىلىرىنىڭ كەينىدىن ماڭغاچ تۇردىمۇ ـ يا؟ — سورىدى ئەمىر مۇسا.

ئىككى ئەمىر «ئاۋازلىرىنى پەس قىلسىلا» دېگەننى قىلىپ ئەمىر مۇساغا چەكچەيدى ۋە ئەتراپىغا خۇدۇكسىرەپ قاراشتى. ئاللىقانداق خىياللارغا ئەسىر بولغان ئەمىرلەر ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرىغا دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا ئۈچلا ئەمىر ئوردىغا سالامغا كەلگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىشىۋاتاتتى.خاننىڭ ئەتىگەنلىك قوبۇلغا بۇنچىۋالا كېچىكىپ چىقىشىنى بىلگەن بولسا، بامدات نامىزىدىن يېنىپلا «بىسمىللا» دەپ ئاستانىدىن چىقىپ كەتمەسمىدى؟ بۇ چاغقا خېلى يىراقلارغا ئۇزاپ بولاتتى ئەمەسمۇ؟ بۈگۈن خانغا نېمە بولدىكىنە؟

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تەختتە ئولتۇرغان ئالتە ئايدىن

بىرى ھەر كۈنلۈك قوبۇلنى پەقەتلا قازا قىلمايتتى. ئۆزى كېچىك-كىپ كەلگەن بىلەن، سالامغا كېچىكىپ كەلگەن ئەمىرلەرگە قىلى-چىلىك يۈز ـ خاتىر قىلماي قاتتىق ئەدەپلەيتتى. ئەمىرلەرنىڭ كۆرسەتكەن باھانە ـ سەۋەبلىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەمىرلەر ئاغرىپ قالسىمۇ، قاق سەھەردە ئوردىغا كېلىپ خاننىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۈگۈن خان ئال-تە ئايدىن بېرى ئىزچىل دېگۈدەك داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئا-دىتىنى تۇنجى قېتىم بۇزغانىدى. خاننىڭ قوبۇلغا چىقىش ـ چىقماسلىقىدىن ئېنىق بىر خەۋەر بولمىغاچقا، ئەمىرلەر كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. كۆڭۈللىرىگە ھەرخىل شۈبھىلىك خى-ياللار سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈچ ئەمىر، بۇرادىرى سەركەردە ئاقبۇ-غىدىن باشقا ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەمدە لەشكىرىي دىۋاننىڭ بىرنەچچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرىنىڭمۇ شاھنىشىندا يوقلۇ-قىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

تۇيۇقسىز شاھنىشىننىڭ ئەتراپىدىن ئاڭلانغان دۈپۈر ـ دۈ-پۈر ئاياغ تىۋىشى ھەرخىل خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرغان ئەمىرلەرنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. مۈگدەپ قالغانلارنى بېقىنداپ ئويغىتىشتى. ئىشىك تۈۋىگە يېقىنراق تۇرغان ئەمىر سەبۇرغە شاھنىشىننىڭ ئەتراپىنى ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى نۆ-كەرلەرنىڭ ئۈچ قاتار زىچ سەپ تۈزۈپ ئورىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى قاتتىق ئاغدى ۋە چىرايى سىزىلەرلىك تاتىرىپ كەتكەن ئىككى ھەمراھى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى. باشقا ئەمىرلەرمۇ ھودۇققان، ئەجەبلەنگەن ھالدا قورقۇمسىراپ سىرتقا قاراشتى. تۇ-يۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ھادىسە ئەمىرلەرنى ئېغىر تەشۋىشكە سې-لىپ قويغانىدى. خەۋپسىرىگەن كۆزلەر بىر ـ بىرىگە ئېسەنگىرەپ تىكىلىشەتتى. ئەمما ھېچكىمنىڭ بىر ـ بىرىدىن گەپ سوراشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى.

ــ خان ئالىيلىرى قوبۇلغا كىردى!

ساراي ھۆدەيچىسىنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن تەڭ ئەمىرلەر ئو-

پۈر ـ توپۈر بولۇپ مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى بويىچە سەپكە تىزىلدى. ئۈنىڭغىچە ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بىلەن لەشكەرىي دىۋانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلىرى كىرىپ، ئۆز جايلىرىغا بېرىپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. بىر ئازدىن كېيىن شاھنىشىنىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى يان ئىشىكى ئېچىلىپ، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان سالماق قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى.

— قىبلىگاھىمىزنىڭ ئالتۇن بويلىرى ئېسەن بولغاي!

ئەمىرلەر چاققانلىق بىلەن قەددىلىرىنى ئېگىپ، قول باغلاشقىنىچە خاندىن ئېسەنلىك سوراشتى. نېمە ئۈچۈندۇر خاننىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەن، قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ دەھشەتلىك تۈس ئالغانىدى. خان ئەمىرلەرنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالماي، قاتار سەپ تۈزۈپ تۇرغان ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدىن كىملەرنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك سوغۇق نەزەر تاشلىدى. شۇ ھامان ئەمىرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەھىمە تېخىمۇ كۈچەيدى. خان ئاشۇ تەرىزدە ئەمىرلەرنى بىرمۇبىر نەزەرىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆرە تۇرۇۋېرىشنى لايىق كۆرمىدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئاستا بېرىپ تەختتە ئولتۇردى ـ دە، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— سەلتەنەتىمىزگە ئاسىيلىق قىلغان ئول تۇزكور بەدبەختنى ئېلىپ كېلىڭلار.

ئۈچ ئەمىرنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ كەتتى، لېكىن ھېچقايسىسى ئىشىك تەرەپكە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا «شاھزادە تۇتۇلۇپ قالغانمىدۇ؟» دېگەن بىرلا خىيال ھۆكۈمران ئىدى.

ئىككى نۆكەر قولتۇقىدىن سۆرەپ دېگۈدەك شاھنىشىنغا ئېلىپ كىرگەن كىشى شاھزادە ئۇۋەيسخان ئەمەس ئىدى. ئۈچ ئەمىر شۇنداقلا بىر قاراپ يەڭگىل تىن ئېلىشتى ـ يۇ، لېكىن شۇ ھامان يۈرەكلىرى ئامبۇردا قىسقاندەك سىرقىراپ كەتتى. چۈنكى نۆكەرلەر سۆرەپ كىرگەن كىشى ئەمىر ئاقبۇغا ئىدى. ئەمىرلەر يالت ئېتىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى. گەرچە ئۆزلىرىنى خا-

تىرجەم، سالماق تۇتۇشقا تىرىشىسمۇ، چېكىلىرىدىن پۇررىدە تەر تەپچىرەپ چىققاندى. ئۇلار ئاللىقانداق تەگسىز خىياللار ئىلكىدە بۇرادىرىگە قارىدى. تاياق، قىيناق زەربىسىدىن ئەمىر ئاقبۇغىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى يېرىلىپ، ئىششىپ كەتكەن، جاۋغىيىدىن قان سىرغىپ ئېقىۋاتاتتى. پاقالچىقىنى چېقىۋەتكەن بولسا كېرەك، يەر دەسسەپ تۇرالمايتتى. كۆزلىرىدىن قورقۇش، ۋەھىمە ئەمەس، چەكسىز بىر نەپرەت ئۇچقۇندايتتى. ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق باشقا ئەمىرلەر سەركەردە ئاقبۇغىغا شۇنداقلا بىر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن يەرگە قارىۋېلىشتى.

— جانابى ئەمىرلەر، مانا بۇ سەلتەنەتىمىزنىڭ ئاسىيسىغا ئوبدانراق نەزەر سېلىشسىلا، — دېدى خان مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ. ئۇ كۆپىنچە ئەمىرلەرنىڭ يەردىن ئۈستۈن قارىماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ، قاپىقىنى تۈردى، — نېمانچە كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىشىلا، باشلىرىنى كۆتۈرشىسىلە.

شاھىنشىندا مۇدھىش بىر ۋەھىمە ئەلەڭگىيتتى. ئەمىرلەر ئالاق ـ جالاق بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

— خوش، جانابى ئەمىر گەپ قىلسىلا، — دېدى خان ئاقبۇغىغا قاراپ، — نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نەگە بارماقچىدىلە؟

ئەمىر ئاقبۇغا بېشىنى كۆتۈرۈپ خانغا نەشتەردەك تىكىلدى.

— مېنىڭ نەگە بارماقچىلىقىم، نېمە ئىش قىلماقچىلىقىم ئۆزلەگە ئايان، مېنى ئالدىمدا تىزلىنىپ يالۋۇرامدىكىن دەپ خام خىيال ئەيلىمىسىلە.

ھەئە، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان شۇ دەقىقىدە ئەمىر ئاقبۇغىنىڭ يالۋۇرۇشىنى، ھەممە گۇناھنى شاھزادە ئۇۋەيسخانغا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزىنى ئاقلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئاقبۇغا شۇنداق قىلسا، ئۇ ئوردا ئەھلىنىڭ ئالدىدا جىيەن ئوغلى شاھزادە ئۇۋەيسخاننى تېخىمۇ بەك قارىلىيالايتتى، تېخىمۇ كۆپ گۇناھ ئارتالايتتى. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرسىمۇ ئەمىر ئاقبۇغا خاننى قىلچىلىك مەنسىتمەيۋاتاتتى. شىرمۇھەممەدخان



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن غەزىپىنى بېسىۋېلىپ خىرىلداپ كۈلدى.

— ئەمەلىيەتتە، ئىقرار قىلىشلىرىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. رەزىل مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى، ھەتتا شېرىكلىرىنىمۇ بىلىمىز، — شىرمۇھەممەدخان ئارقا رەتتىكى ئۈچ ئەمىرگە قاراپ تولۇقلىدى، — خوش، جانابى ئەمىرلەر، ھەربىرلىرىنى نۆكەرلەر سۆرەپ ئەكېلەمدۇ ياكى شېرىكلىرىنىڭ قېشىغا ئۆزلىرى كېلىشەمدىلا؟

ئوردىدىن قېچىپ چىقىشقا كۆزى يەتمىگەن ئۈچ ئەمىر ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولۇشقانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار قەددىنى تىك تۇتۇپ، سالماق قەدەملەر بىلەن ئەمىر ئاقبۇغىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— تۇزكور، رىياكار دېگەنلەرنىڭ پېشانىسىدە خېتى ياكى بىرەر بەلگە ـ نىشانى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان كىنايە ئارىلاش سۆزلەپ، — ئاخشام ئەمىر كەبىر قەسىرىنىڭ بېغىدا ئول بەختى قارا قاچقۇن شاھزادە بىلەن قانداق مەسلىھەتلەرنى قىلىشقانلىقىڭلارنى خوپمۇ ئاڭلىغۇم بار.

ئۈچ ئەمىر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك خانغا تەڭلا تىكىلدى، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى. خاننىڭ: «بەختى قارا قاچقۇن شاھزادە» دېگەن سۆزىدىن شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن ئەمىر بوران خوجىنىڭ ئاستانىدىن ساق ـ سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكىنى پەملەشتى ـ دە، ئازراق تەسەللى تاپقاندەك يەڭگىل تىن ئېلىشتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ بولغانىدى. شۇڭا بايا ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ۋەھىمە تۇمانلىرى پاك ـ پاكىز تاراپ كەتتى. ئۇلارنى قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇپ، يالۋۇرغۇزۇپ پۇخادىن چىققاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆلۈمگە بۇيرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خانلىق تەختتە ئولتۇرۇشىغا كۆڭلىدە نارازى بولۇپ يۈرگەن ئەمىرلەرگە ئېسىدىن چىقمىغۇدەك قاتتىق ئىبرەت قىلىشنى ئويلىغان خان ئارتۇقچە سەۋر قىلىپ تۇرالمىدى.

— ئېشەك ئېغىلىدىكى كامبا① دەك تورماي، زۇۋان سۈرۈشمەملا؟

— شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن قانداق مەسلىھەت قىلىشقانلىقىمىز جانابى ئانھەزرىتىمنىڭ كۆڭلىگە ئايان، — دېدى ئەمىر مۇسا خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بېرىپ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ، — شۇنداقتىمۇ ئۇل قارا نىيىتىڭلارنى باشقا ئەمىرلەرمۇ بىلىپ قالسىكەن دەيمەن.

— بەلكىم بىزنىڭ مۇددىئايىمىز سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە قارا نىيەت سانىلۇر، ئەمما ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى ئۇنداق دەپ قارىمايدۇ، — دېدى ئەمىر سەبۇرغە تەمكىنلىك بىلەن، — بىزنىڭ نىيەت - مۇددىئايىمىز بايا سىلىگە ئايان بولغان بولسا، ھازىر بارلىق ئوردا ئەھلىگە ئاشكارا بولدى. سىلى شول تاپتا بىزنى ھەممە گۇناھنى شاھزادە ئالىيلىرىغا دۆڭگەپ قويۇپ، ئۆزىنى ئاقلىسىكەن دەپ ئويلايدىلا، ئەمما بۇ خىياللىرى يەنە شۇ خىيال پېتى قېلىشتىن ئۆزگە نەتىجە بەرمەيدۇ.

ئەمىر ئاقتىمۇر خىرىلداپ كۈلگىنىچە ئېغىز ئاچتى:

— قارانىيەت كىشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگۈچىلىكىمىز بار. خان ئالىيلىرى تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى شاھزادە ئالىيلىرىنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىدا يۈردىلە. مانا بۇنى قارا نىيەت جۈملىسىدىن سانايمىز. شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئالتە ئايدىن بېرى ئوردىدا ئورۇنسىز خارلىق تارتىۋاتقىنى ئەل - ئاۋامغا ئاياندۇر.

— ئوسۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش. كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇشۇۋاتقىنىڭنى بايقاپ سۆزلەش، — سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تەختتىن چىچاڭشىپ تۇرۇپ كەتتى، — گەپ قىلىشە، شاھزادە نەگە، كىمنىڭ قېشىغا بارماقچى؟

— شاھزادە ئالىيلىرى بۇ مۇددىئاسىنى سىر تۇتۇشىمىزغا

① كامبا — مال - چارۋىلارنىڭ ئېغىلدىكى قېتىپ كەتكەن قىغى.

پەرمان بەرگەن. شۇڭا سىلىگە دېيىشىمىز بىھاجەت. بىز پەقەت ئۆز پاسىبانىمىزغىلا پەرمانبەردارلىق قىلىمىز.

— ئەپسۇس، بۇ يەردە ھۆرمەتلىك پاسىبانىمىز شاھزادە ئالىيلىرى يوق ـ تە.

ئەمىرلەرنىڭ ئۆزىنى تەپ تارتماي مەسخىرە قىلىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاچچىقىنى باسالمىدى.

— قاراپ تۇرۇش، بۇگۈن كۈن ئۆلتۇرۇپ بولغىچە ئول بەختى قارا رىياكار شاھزادىنى تەختگاھىمغا باش قويغۇزىمەن.

— خويمۇ ئالدىراپ چوڭ سۆزلەپ قويدىلا ئالىيلىرى، — دېدى ئەمىر ئاقبۇغا چىشلىرى تۆكۈلۈپ، ئىششىپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ سۆزلەپ، — سىلى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆرگەن شاھزادە قەپەستىكى بىچارە قۇش ئەمدى، خالاس. ھازىر بولسا كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىشۋاتقان لاچىنغا ئايلاندى. شول تاپتا ئۇنىڭ ئۆتكۈر پەنجىسى ئۆزىگە ھەملە قىلىشقا پېتىنغان تۈلكىلەرنىڭ تۇمشۇقىنى قانىتىشقا ھازىردۇر.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەمدى ئۆزىنى پەقەتلا بېسىۋالالمىدى:

— مىر غەزەپ!

— لەببەي قىبلىگاھىم.

— ئول ئاسىيلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، ئاستانە قوۋۇقىغا ئېسىپ سازايى قىلىنغاي!

جاللاتلار تۆت ئەمىرنى سۆرەشتۈرگىنىچە شاھنىشىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭلار بۇرادەرلەر. ئىشنى مەن بۇزۇپ قويدۇم، — دېدى ئەمىر ئاقبۇغا ھەمراھلىرىغا قاراپ.

ھەئە، ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلغان ئەمىر ئاقبۇغا ئازراق تىنچلىنىۋېلىش مەقسىتىدە ئىككى كاسا شاراب ئىچمەكچى بولۇپ، جىقراق ئىچىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قويغانىدى. شۇ سەۋەبلىك تاڭغا يېقىن قاتتىق ئۇخلاپ قالدى. بۈگۈن ھامىنى ئاستانىدىن چىقىپ كېتىمىزغۇ دەپ ئويلىغان مەھرەملىرى ئۇنى بىردەم ئۇخلىۋالسۇن دەپ ئويغاتمىغانىدى. ئەمىر ئاقبۇغا ئويغانغان ۋاقىتتا ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، ئوردىدىكى قوبۇل ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. «شۇنچە كۆپ ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ قوبۇلغا بارمىغىنىم چېنىپ قالماس، ھېلىغىچە باشقىلارمۇ قوبۇلدىن يېنىپ بولغاندۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئاستانىدىن چىقىپ كېتەي...» دېگەن خىيالدىن ئۆتكۈزگەن ئەمىر ئاقبۇغا تەق بولۇپ تۇرغان نۆكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى. ئۇلار ئەمدىلا شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىشىغا، ئالدى ـ ئارقىسىدىن مىڭلىغان ئوردا لەشكەرلىرى قورشىۋالدى. قاراملىق قىلىپ ئېلىشىپ، يېنىدىكى ساداقەتمەن نۆكەرلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنى خالىمىغان ئاقبۇغا ئۆزىنى قورشىۋالغان لەشكەرلەرگە مەردلىك بىلەن ئەسىرگە چۈشتى.

ئوردا زىياپىتىدىكى سەگەز كۆرپە ۋەقەسىدىن كېيىن، شاھزادە ئۇۋەيسخاندىن تازا خاتىرجەم بولالمىغان ھېيلىگەر شىر مۇھەممەدخان ئەمىركەبىر قەسىرى ئەتراپىغا پايلاقچى قويۇپ قويغانىدى. ئاخشام پايلاقچىلار شاھزادىنىڭ يېقىن ئەمىرلىرى بىلەن مەخپىي ئۇچراشقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئاللىقاچان ھەرەمگە كىرىپ كەتكەن خانغا كېچىدە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئامال قىلالمىغانىدى. بۈگۈن ئەتىگەن خان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ۋاقىتتا، شاھزادە ئۇۋەيسخانىنىڭ شەھەردىن چىقىپ كەتكىنىگە ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت بولغانىدى. شاھزادىنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلەلمىگەن خان دەرھال ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئۇچراشقان ئەمىرلەرنىڭ پېيىگە چۈشكەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي پايلاقچىلار بوران خوجىنىڭمۇ شاھزادە بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئاقتىمۇر، سەبۇرغە، مۇسا قاتارلىق ئۈچ ئەمىرنىڭ سالامغا كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. ئەمىر ئاقبۇغا بولسا شە-

ھەردىن چىقىشقا ئۇلگۇرەلمەي قولغا چۈشتى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئۇلۇسبېگى خۇدايداد قاتارلىق لەشكىرىي دىۋاندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك تۆت ئەمىرنى چاقىرتىپ، ئاقىۋىتىنى شەخسەن ئۆزى سوراق قىلدى، دەھشەتلىك ئۇسۇلدا قىيىندى، ھەتتا پۇت ـ قوللىرىنى چېقىۋەتتى، لېكىن شاھزادىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. شاھزادىنى ۋاقتىدا نەزەربەند قىلمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان يېدى.

شاھزادىنىڭ قېچىپ كەتكىنىدىن خۇددى يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان شىرمۇھەممەدخانىنىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا بۇ تۆت نەپەر ئەمىرنى بىر قېتىم ئەمەس ئون قېتىم ئۆلتۈرۈپ، ئۇستىخانلىرىنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتسىمۇ دەردى چىقمايتتى.

ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە قاتتىقراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي تېخىچە ئۆرە تۇرۇشقان باشقا ئەمىرلەرنى سوغۇق تەر باسقانىدى. تۆت ئەمىرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپمۇ غەزىپى بېسىلمىغان خان بىچارىلىك بىلەن قول باغلاپ تۇرغان ئەمىرلەرنى ئېسىدىن چىقارغانىدى.

ئەتىگەن ئەمىر ئاقىۋىتىنى سوراققا تارتقاندىن تارتىپ تاكى شاھنىشىنغا كىرگىچە بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئۇلۇسبېگى خۇدايداد خاننىڭ دىققىتىنى چالغىتىش ئۈچۈن قەستەنگە كالتە يۆتىلىپ قويدى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تىمتاسلىققا چۆمگەن شاھنىشىنغا، قاتتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي بېشىنى ئەگكىنىچە قول باغلاپ تۇرغان ئەمىرلىرىگە قايتا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ تەختتە ئولتۇردى. گەرچە ئۇۋەيسخاننى قاچۇرۇپ قويغىنىدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغان، ئىچى ئاچچىققا تولغان بولسىمۇ، تەختكە ئولتۇرغان ئالتە ئايدىن بېرى تۇنجى قېتىم شاھنىشىندا ھەقىقىي سۈر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، بارلىق ئوردا ئەركانلىرىنى غال ـ غال تىتـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەتكىنىدىن ھۇزۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. ھەئە، تەختتە ئولتۇرغان ئالتە ئايدىن بېرى ئۇ ھەرقانداق پەرمان، يارلىقلارنى جاكارلاشتا خېلىلا ئېھتىيات قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ مەرھۇم بۇۋىسى خىزىر خوجاخاننىڭ شاپائەتچىسى ھېسابلىنىدىغان، شۇ سەۋەبلىك ئوردىدىكى لەشكىرىي ـ مۈلكىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، ئوردا ئىچى ـ تېشىدا مۇتلەق ئىمتىياز ئىگىسى سانىلىدىغان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ كەلگەنىدى. مانا بۈگۈن ئۇلۇسبېگى سەركەردە ئاقبۇغىنى سوراق قىلىشتىن تارتىپ شاھنىشىندا ئۇلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. شىرمۇھەممەدخان بۇنى ئۇلۇسبېگى ماڭا نەسىھەت قىلىشقا، تۆت ئەمىرنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ سالا قىلىشقا پېتىنالمىدى دەپ چۈشەنگەنىدى. شۇ تاپتا ۋۇجۇدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان غالىبلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بايىقى غەزىپى خېلىلا بېسىلىپ قالغانىدى.

— جانابى ئەمىرلەرگە ئىجازەت، جاي ئالسۇنلار، — دېدى شىرمۇھەممەدخان.

ئۆرە تۇرۇۋېرىپ پۇتلىرى تېلىپ كەتكەن ئەمىرلەر: «قىبلىگاھىمىزغا ھەشقاللا» دېيىشكىنىچە ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. خاننىڭ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىشى بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەھىمە خېلىلا يېنىكلەپ قالغانىدى.

— بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنىڭ ئىززەتلىك ئەمىر ـ سىپاھلىرىغا ئوچۇق بولغايكى، بىزلەركىم شىرمۇھەممەدخان ئىبنى مۇھەممەدخان سەلتەنەتىمىزنىڭ ئۇشبۇ ئالتۇن تەختىگە ئاگال ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە ھەممىگە قادىر ھەقتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن، شۇنداقلا بابائى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان ئۇدۇم بويىچە پاسىبان بولدۇق. بۇ ئۇدۇم ئەلەددامام[1] مۇشۇنداق داۋاملاشقۇسى. ئۇدۇم شۇنداقكەن، چوڭلار تۇرۇپ كىچىكلەرنىڭ تەخت غوۋغاسى قىلى-

① ئەلەددامام — دائىم، ھەرزامان.

شى كۆپۈرلۈقتۇر، ــ شىرمۇھەممەدخان ئاۋۋال كۆزىنىڭ قىرىدا ئۆلۈسىيگى خۇدايدادقا، ئاندىن بېشىنى ئېگىپ ئولتۇرۇشقان ئەمىرلىرىگە بىر قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئۆۋەيسخان گەرچە بىزگە جىيەن بولسىمۇ، پۇشتىمىزدىن تامغان پەرزەنت قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەنىدۇك. ئەمما ئۇ بىزنىڭ نە تاغىلىق، نە قېرىنداشلىق، نە سەلتەنەت ساھىبلىق مەرتىۋىمىزگە رىئايە قىلمىدى. تاجۇتەخت تەمەسىدە رىياكارلىق قىلىپ، ئەتراپىغا گۆپاسىز[1]، نائەھلى ئەمىرلەرنى توپلاپ ئاسىيلىق يولىنى تۇتتى. ئىنشائاللاھ[2] ئول بەختى قارا، تۇزكور شاھزادىنىڭ شۇم نىيەت ـ ئىقبالى كۆڭلىمىزگە باشتىلا ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن، سەلتەنەتىمىزنى بىر بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالدۇق. گەرچە ئول ناشۇكۇر شاھزادە كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ ھازىرچە قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىشەنچىمىز كامىلكى، پات يېقىندا ئۇنى دەرگاھىمىزدا كۆرىمىز.

بىرقانچە خۇشامەتچى ئەمىرلەر سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى بەس ـ بەستە ماختاشقا كىرىشتى.

ــ ئادالەتپاناھىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىزدۇر.

ــ ئانھەزرىتىمنىڭ دەرگاھى مېھىر ـ شەپقەت بۇلىقىدۇر.

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل ـ پاراستى بىلەن بۈيۈك سەلتەنەتىمىز ئەبەدىلئەبەد ئاسايىشلىقتا يۈزلەنگۈسى.

ــ ...

ماختاشلار ئالدىدا سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ۋۇجۇدىدا قايتىدىن غۇرۇر، ھاياجان پەيدا بولدى.

ــ ئۇتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيۇر، ــ دېدى شىرمۇھەممەدخان تەنتەنە بىلەن، ــ ئول تۇزكور ئاسىيلارنى سەلتەنەت قانۇنى بويىچە ياساققا يەتكۈزگەن بولساقمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقا، جەددى ـ جەمەتىگە سىلى ـ رەھىم قىلىپ، مېھىر ـ شەپ-

① گۆپاسىز ــ ۋاپاسىز.

②ئىنشائاللاھ ــ خۇدا خالىسا.

قەت خەزىنىمىزدىكى ئىنايەتلىرىمىزنى ئايىمىدۇق، پەرمان! ــ دېدى ئۇ ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرغان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ــ ئول ئاسىي ئەمىرلەرنىڭ بالا ـ چاقا، جەددى ـ جەمەتىگە ئامانلىق بېرىلگەي، مال ـ مۈلۈكلىرىگە تەئەررۇز قىلىنمىغاي.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد يېرىم يۇمۇۋالغان كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ، سەل قىمىرلاپ قويدى.

ــ خان ئالىيلىرى شەپقەتلىكتۇر، ــ دېدى ئۇلۇسبېگى بېشىنى ئېگىپ، ــ بىر قېتىملىق ئەدىل، مېھىر ـ شەپقەت بىر يىللىق ئىبادەتتىن ئۇلۇغدۇر دېيىلىپتۇرلەر. ھىممەت قىلدىلا ئالىيلىرى.

ھەئە، ئۇلۇسبېگى خۇدايداد كۈتمىگەندە خاننىڭ قىلغان بۇ كەڭ قورساقلىقىدىن ھەقىقەتەن مىننەتدار بولغانىدى.

ئۇلۇسبېگىنىڭ تەۋازۇسى شىرمۇھەممەدخاننىڭ ھاياجىنىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتتى، كۆڭلىدە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇلۇسبېگىگە نىسبەتەن پەيدا بولغان غۇم بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھازىرلا ئۇلۇمگە بۇيرۇغان تۆت ئەمىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا قىلغان كەڭ قورساقلىقى بىلەن ئۇلۇسبېگى قاتارلىق بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ قايىللىقىغا، ھۆرمىتىگە ئېرىشتى، بۇنىڭدىن ئۆزدىمۇ خېلىلا كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلىۋاتاتتى.

ــ سەلتەنەت ئەلۋەتتە ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن روناق تاپۇر، ــ دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ كىمكى سەلتەنەتىمىزگە ئاسىيلىق قىلىپ، تەسەررۇپىمىزنى پارچىلىماقچى بولىدىكەن، ئىلگىرى قانداق تۆھپە كۆرسەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جەزمەن ياساقتا تارتىلىدۇ. بۈگۈن سەلتەنەتىمىزنىڭ ئاسىيلىرىنى ياساققا يەتكۈزۈپ، كۆڭلىمىز ئازراق ئەمىن تاپقان بولسىمۇ، يەنىلا دىلخەستەلىكىمىز تامام بېسىلغىنى يوق. ئۇشبۇ كۈنلەردە قەشقەرنىڭ ئەمىر لەشكىرى خوجا شەرىپ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي، سەلتەنە ـ

تىمىزگە ئاسىيلىق قىلىپ غەلىيان كۆتۈرۈپ، قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى بولمىش سەييىد ئەھمەد مىرزىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان گېپىنى توختىتىپ ئەمىرلەرگە تەكشى نەزەر تاشلىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەمىرلەر دەقىقە ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن يەنە دىققىتىنى خانغا ئاغدۇرۇشتى. ئالدىراپ ئېغىز ئېچىشقا ھېچكىم پېتىنالمايۋاتاتتى. باياتىن بېرى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇرغان ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بىر ئاز قىمىرلاپ قويدى.

ــ ۋاللاھۇ ئالەم، ــ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى خان، ــ بۈيۈك سەلتەنەتىمىز جانابى ئەمىرلەرنىڭ ساداقەت كۆرسىتىشى، كېچە ـ كۈندۈز ئەل ـ يۇرتىنىڭ غېمىنى يەپ، لەشكەر ۋە رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشى بىلەن ھۇدۇدلۇقىمىزدا ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئەردى. مىڭ ئەپسۇسكى، ھالا بۈگۈنكى كۈندە تۇزكور ئەمىر خوجا شەرىپ ئاسىيلىق يولىنى تۇتۇپ، ھۆكمىمىزگە ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇشتىن يالتىيىپتۇ. ئول بەدبەخت، رىياكار ئەمىرنىڭ زۇلۇم ئاسارىتىدە قالغان قەشقەردىكى ئاۋام باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىپ، ئىسيانكارلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ، خاتىرجەملىككە يۈزلەندۈرۈشكە تەقەززا بولماقتا. بۈگۈن ئوردا مەلئۇن سۈپەت، رىياكار، دىلى قېيىقلاردىن يەنە بىر نۆۋەت ئېرىغدالدى[1]. ئەلۋەتتە بۇ ئىش سەلتەنەتىمىزنىڭ، شۇنداقلا ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ بەختىدۇر. ئەمدى كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم تۇتۇپ قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ، ئول بەتنىيەت ئىسيانچىلارنىڭ جازاسىنى بەرگەيمىز.

خاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئەمىرلەر بەس ـ بەستە ساداقىتىنى بىلدۈرۈشتى.

① ئېرىغدالدى ــ پاكىزلاندى، تازىلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ بىز پاسىبانىمىزنىڭ ئاتقان ئوقلىرىمىز.
ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى تەگداشسىزدۇر.
ــ سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلىشقا پېتىنغان رىياكارلارنىڭ بارار جايى جەھەننەمدۇر.
ــ ئادالەتپاناھىمىزنىڭ پەرمانىغا تەقەززامىز.
ــ بۈيۈك سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن جېنىمىز پىدا.
ــ ...

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەمىرلەرنىڭ خۇشامەتلىرىگە قۇلاق سالغاچ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا قاردى. شۇ تاپتا ئۇلۇسبېگىنىڭ چىرايى ئىپادىسىز، ھاياجاندىن قىلچىلىك ئەسەر يوق ئىدى. شىرمۇھەممەدخان بۇ پېشقەدەم ئەمىرنىڭ ئۆزىگە خۇشامەت قىلىشىنى، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى تەمە قىلىپ قالغانىدى.

«ئاتتىن چۈشىمۇ ئۆزەڭگىدىن پۇتىنى ئالغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ بۇ قېرىنىڭ، ــ دەپ ئويلىدى غۇززىدە بولۇپ قالغان خان، ــ خەپ توختاپتۇر، سەنمۇ پات يېقىندا ئاشۇ ئەمىرلەرگە ئوخشاش ئالدىمدا ئىككى پۈكلىنىپ يېلىنىسەن. بىلىپ تۇرۇپتىمەن، قەشقەرگە ۋاقتىدا لەشكەر تارتىشقا ئىجازەت بەرمىدى دەپ باتناۋاتىسەن، ئەمما مەن ساڭا باتنمايمەن، چۈنكى، قەشقەر سېنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىڭ بولغان بىلەن مېنىڭ تەسەررۇپ زېمىنىمدۇر. يەنە كېلىپ تەسەررۇپىمدىكى ئەڭ كاتتا شەھەرلەرنىڭ بىرىدۇر. قەشقەرنى قولدىن بېرىپ قويۇش مەن ئۈچۈن ھاقارەتتۇر. ئاگال قەشقەرنى تەسەررۇپىمغا قايتۇرۇپ ئېلىۋالاي، ئاندىن ئۇنىڭ سېنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىنى قايتىدىن بەلگىلەي...»

ــ يارلىق! ــ دېدى شىرمۇھەممەدخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ گىدەيگەن ھالدا، ــ ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرى بىر تۈمەن كىشىلىك جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننى ئېلىپ ئەتىلا قەشقەرگە يولغا چىققاي!

ــ باش ئۈستىگە! ــ دېدى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد دەس ئور-

نىدىن تۇرۇپ.

— ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە ئالتۇن بىلىپچىلىك[①] قوشۇندىن ئىككى سەركەردە، كۈمۈش بىلىپچىلىك قوشۇندىن تۆت سەركەردە، تۆمۈر بىلىپچىلىك قوشۇندىن سەككىز سەركەردە ھەمدەمدە بولغاي. ئول سەركەردىلەرنى ئۇلۇسبېگى ئۆزى دىلخاھلىغاي[②]!

— قىبلىگاھىمىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، — دېدى ئۇلۇس-بېگى خۇدايداد قول باغلاپ تۇرۇپ، — پەرمانلىرىنى جېنىمىز بى-لەن بەجا كەلتۈرۈپ، ئول ئاسىيلارنىڭ سەركەش كاللىسىنى تەختگاھلىرىنىڭ ئايىغىغا تاشلىغايمىز.

— جازا يۇرۇشىنىڭ ئاقساپ قالماسلىقى ئۈچۈن، خاھى ئۇ-لۇسبېگى، خاھى سەركەردە ـ سەرۋاز، خاھى لەشكەرلەرگىچە ئۆي ئىچى[③]نى ئاستانىدە قالدۇرۇپ قويغاي. ئىلدام بېرىپ، قەشقەردى-كى ئاسىيلارنى جازالاپ يەنە ئىلدام قايتقاي!

— باش ئۈستىگە، — دېدى ئۇلۇسبېگى.

— ئەمىرلەرگە ئىجازەت، ئۆز دەرگاھلىرىغا يانسۇنلەر.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەمىرلەرگە قايتىشقا ئىجازەت بېرىپ، تەختتىن ئاستا تۇردى ـ دە، ياندىكى ئىشىك بىلەن شاھ-نىشىندىن چىقىپ كەتتى.

گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ خاننى ئۇزىتىپ قويغان ئە-مىرلەر بىرئاز كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلىشىپ يەڭگىل تىن ئېلىشتى ـ دە، شاھسۇپىدا مىدىرلىماي تۇرغان ئۇلۇسبېگىگە قاراشتى. ھەئە، ئۇلۇسبېگى خۇدايداد چىقىپ كەتمىگەچكە ھېچ-كىم شاھنىشىندىن ئايرىلالمايتتى. چۈنكى، ئوردىدا خاندىن قالسا ئۇلۇسبېگىلىك ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە ھېسابلىناتتى. ئۇلۇسبېگى-

① بۇ يەردە ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر بىلەن زىننەتلەنگەن ھەربىي كىيىم كىيگەن سەركەردىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سەركەردىلەر بۇ كىيىملەرنى ئۇنۋانىغا قاراپ كىيىدۇ.

② دىلخاھلاش — خىللاش، تاللاش مەنىسىدە.

③ ئۆي ئىچى — خوتۇن، بالا-چاقا، ئائىلە تاۋابىئاتىنى دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



لىك مەرتىۋىسى خۇادايدادقا ئۇلۇغ بوۋىسى ئەمىر تۆلەكتىن
مىراس قالغانىدى. ئەمىر تۆلەككە ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىنى
تۇغلۇق تۆمۈرخان بەرگەنىدى، شۇنداقلا ئەمىر خۇدايداد بۇ مەرتى-
ۋىگە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئۇ-
لۇسبېگىلىك چىڭگىزخان دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان بىرنەچچە
خىل مەنسەپ ـ ئىمتىيازلارنىڭ جۇغلانمىسىدىن ھاسىل بولغان
ئالىي مەرتىۋە ئىدى. چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇلۇسبېگىنىڭ قولىدا
تۇمەنتاغ①، ئەلەم②، قوش تۇغ③، قۇر④، قۇش⑤، ئەمىر⑥، دىۋان
ياي⑦ قاتارلىق يەتتە مەنسەپ ۋە ئىمتىيازلار بار ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىگە كەلگەندە خۇدايدادنىڭ دادىسى ئە-
مىر بولاجى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى موغۇللارنىڭ ئارىسىدىن قۇتۇل-
دۇرۇپ كېلىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزغانلىقى ئۈچۈن تۇغلۇق
تۆمۈرخان ئەمىر بولاجىنىڭ بۇ تۆھپىسىنى تارتۇقلاش مەقسىتىدە
يۇقىرىقى يەتتە مەنسەپ، ئىمتىيازغا ئىختىيارىي مۇتلەق⑧، ۋابالى

① تۇمەنتاغ ــ ئىختىيارىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قالىدىغان سۇيۇرغال-
لىق زېمىنى بولۇش.

② ئەلەم ــ ئۆزىگىلا خاس بولغان تۇغ ـ ئەلەملىك قوشۇنى بولۇش.

③ قوش تۇغ ــ مۇلازىملاردىن ئىككى كىشى قوشۇن تۇغى كۆتۈرۈپ
مېڭىش.

④ قۇر ــ خاننىڭ قېشىغا قورال ـ ياراغ كۆتۈرۈپ كىرىش ئىمتى-
يازى بولۇش.

⑤ قۇش ــ خانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق قۇشچى ـ ئوۋچىلارنىڭ ئۇ-
نىڭ ئىجازىتىسىز ئوۋ ئوۋلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق.

⑥ ئەمىر ــ پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسىغا ئەمىر بولۇش. نىشان ـ پۈ-
تۈكلەرگە ئىسمىنى يازغاندا «ئۇلۇسنىڭ سەردارى» دەپ يېزىش.

⑦ دىۋان ياي ــ دىۋانخانىدا ئەمىرلەر ئۈنىڭدىن بىر ياي بويى
يىراقلىقتا ــ پەستە ئولتۇرۇش.

⑧ ئىختىيارىي مۇتلەق ــ مىڭبېشىلىق ۋە مىڭبېشىلىقتىن تۆۋەن
لەشكىرىي مەنسەپكە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش ئىختىيارىدا بولۇش. خاننىڭ
ھۆكۈمىگە موھتاج بولماسلىق.

كەچۈرۈم① قاتارلىق ئىككى ئىمتىيازنى قوشتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەمىر خۇدايداد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەڭ كىچىك خانزادىسى خىزىر خوجاخاننى تاغىسى ئەمىر قەمەرىددىننىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، قەشقەر، بەدەخشان، خوتەن تاغلىرىدا، سېرىق ئۇيغۇر، چەرچەن، لوپنۇر، تارىم ۋادىلىرىدا ئون ئىككى يىل يوشۇرۇن قوغداپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. خىزىر خوجاخانمۇ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە يۇقىرىقى توققۇز مەنسەپ ــ ئىمتىيازغا ياساۋۇل سەپ②، خاس پىيالە③، مۆھۈر④دىن ئىبارەت ئۈچ ئىمتىيازنى قوشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلۇسبېگىنىڭ قولىغا يۇقىرىقى ئون ئىككى مەنسەپ ــ ئىمتىياز مەركەزلەشتى. شۇڭلاشقا ئۇلۇسبېگى خانغا ئوخشاش ھۆرمەتلىنەتتى. بارلىق قەلەمدار ــ ئەلەمدار بەگ ــ سىپاھلار خاندىن قالسا ئۇلۇسبېگىگە شەرتسىز بويسۇناتتى.

شۇ تاپتا ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ چىرايىدىن يا خۇشال بولغانلىقىنى، يا نارازى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. موغۇلىستان ئوردىسىدا ھازىرغىچە ئۈچ سۇلتاننىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىگە ھەمدەم بولغان، شۇنداقلا ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئەڭ پېشقەدەمى ھېسابلانغان ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئەزەلدىن بىركىمگە كۆڭلىدىكىنى بىلدۈرمەيتتى. تا

① ۋابالى كەچۈرۈم ــ ئۆلۈمگە تېگىشلىك گۇناھى توققۇزغا يەتمىگۈچە ئۆلۈمگە بۇيرۇلماسلىق.

② ياساۋۇل سەپ ــ توي ــ بەزمىلەردە خاننى ئۈچ ياساۋۇل ئارقىسىدا تۇرۇپ قوغدىسا، ئۇلۇسبېگىنى بىر ياساۋۇل قوغداش.

③ خاس پىيالە ــ توي ــ بەزمىلەردە ئوڭ تەرەپتە بىر كىشى خاننىڭ پىيالىسىنى، سول تەرەپتە بىر كىشى ئۇلۇسبېگىنىڭ پىيالىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش.

④ مۆھۈر ــ يارلىق، نىشانلارغا مۆھۈر باسقاندا خاننىڭ مۆھۈرىدىن بىر قۇر تۆۋەنگە ئۇلۇسبېگىنىڭ مۆھۈرى بېسىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىرەر ئىشقا قاتتىق خۇشال بولۇپ قاقاھلاپ كۈلگىنىنى، ياكى بىرەر ئىشتىن خاپا بولۇپ قاتتىق ئاچچىقلادغىنىنى ئولتۇرغان ئەمىرلەرنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ھەئە، بايا ئۇ خاننىڭ قەشقەرگە لەشكەر تارتىشىغا يارلىق چۈشۈرگەنلىكىدىن، تېخىچە ئۆلۈك ـ تىرىكلىكى نامەلۇم ئوغلى — قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى سەييىد ئەھمەد مىرزىنىڭ قېشىغا تېزرەك بارالايدىغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن خاننىڭ لەشكىرىي يۈرۈشكە سەركەردە ـ لەشكەرلەرلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ مېڭىشىغا چەك قويغادلىقىدىن رەنجىپ قالغانىدى.

«خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەسكەن، مۇھىمى، ماڭا ئىشەنمەيدىكەن، راستىنىلا ئىشەنمەيدىكەن. بىزنى ئۆي ئىچى بىلەن بىللە قەشقەرگە يۈرۈش قىلسا، قەشقەرنى تىنچىتىپ بولغاندىن كېيىن، شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن بىرلىشىپ ماڭا قارشى چىقىدۇ، ئىسيان قىلىدۇ دەپ ئويلايدىكەن. ئەزەلدىن چوڭ ـ چوڭ يۈرۈشلەردە سەركەردىلەردىن لەشكەرلەرگىچە ئۆي ئىچىنى بىللە ئېلىۋېلىپ مېڭىش ئۇدۇمغۇ بىزگە. قەشقەرنى ئاسىيلاردىن ئېرىغداپ بولۇپلا دەرھال ئاستانىگە يېنىڭلار دەيدۇ تېخى. قەشقەر بىلەن ئاستانىنىڭ ئارىلىقى شۇنچىۋالا يىراق تۇرسا، تېز بېرىپ، تېز يانساق لەشكەرلەر چىدامدۇ؟ قەشقەردە بىرەر يىل تۇرۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى تولۇق ئىزىغا سېلىۋېلىپ ئاندىن ئاستانىگە يانساقمۇ بولاتتىغۇ؟! خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدە قانداق جىننىڭ بارلىقىنى بىلدىم. بىزنى شۇنچىۋالا لەشكەرلەر بىلەن يىراققا يولغا سالغىنى بىلەن، كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس. شۇڭا ئۆي ئىچىدىمىزنى ئاستانىدە تۇتۇپ قېلىپ، شۇ ئارقىلىق بىزنى تىزگىنلىدمەكچى. شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن بىرلىشىۋېلىپ تەختكە قارشى چىقىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالماقچى. خان ئالىيلىرى تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. مانا بايا ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئەمىرلەرمۇ لەشكىرىي

دىۋاننىڭ ئاجايىپ جاسارەتلىك، تۆھپىكار سەركەردىلىرىدىن ئىد-
دى. گەرچە ئۇلار شاھزادىگە ئەگىشىپ ئوردىدىن يۈز ئۆرۈپ،
ئاستانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، كاللىسىنى ئې-
لىش ھاجەت ئەمەس ئىدى. كۆيۈنگەن، مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن،
ئەتىۋارىنى قىلغان بولسا ئوردىدىن ھەرگىز يۈز ئۆرۈمەيتتى. ھە-
ئە، شاھزادىمۇ شۇنداق قىلاتتى. تاغا تۇرۇپ ئۇنى ئوغلى، جىيەنى
قاتارىدا كۆرمىدى. مەرھۇم خان بوۋىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇشنى
خىيال قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئەشەددىي ئەغيارلىرى قاتارىدا كۆردى.
ھە دېسىلا دەشكۈشلىدى، ئەدىپىنى بەردى، ئابرۇيىنى تۆكتى.
شاھزادىلىك مەرتىۋىسىگە بولسىمۇ ھۆرمەت كۆرسەتمىدى.
شاھزادىنىڭ، ئاشۇ بەختى قارا ئەمىرلەرنىڭ گۇناھى پەقەت خاد-
نىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىغا نارازى بولغانلىقىغۇ ئاخىر؟ ئەمەلىيەت-
تە نارازى بولغانلار يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس. مەرھۇم خاننىڭ ۋەسى-
يىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇلتاي چاقىرىپ، تەخت ساھىبىنى
بېكىتىش كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى نارازىلىقىمۇ شۇ
ئىدى. ئەمما خان بۇنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمىدى. ھەدېسىلا ئۇلارغا
قىرىچە، يېنىچە تەگدى. ئۇنچىۋالا ستەم قىلسا ئادەم تۇگۇل
توشقان چىشلەيدىغۇ؟! ھېلىمۇ ياخشى، ئول كۈنلەردە
شىكارغا چىقىپ كېتىپ ياخشى قىپتىكەنمەن. بولمىسا جاسارد-
تى، پەزىلىتى، لەشكىرىي ماھارىتى مەرھۇم دادىسىدىن قېلىش-
مايدىغان ئول شاھزادىنىڭ تەخت ساھىبى بولۇشىنى قوللىشىم
تەبىئىي ئىدى. ئول چاغدا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بىلەن ئادا-
ۋەتلىشىش، ئۇنىڭ ئاھانىتىنى كۆتۈرۈش ماڭىمۇ نېسىپ بولارد-
كەن. ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەمگە يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر. قېرىغان جې-
نىمدا بۇنداق بالالارنى كۆتۈرەلمەسىدىم. يەنە بىر ئويلىسام، بەل-
كىم شۇ چاغدا شىكارغا چىقىپ كەتمىگەن بولسام ئىشلار بۇنداق-
مۇ بولۇپ كەتمەسىدى. مىڭ ئەپسۇس، شاھزادە ئۇۋەيسخان بۈيۈك
سەلتەنەتنىڭ تەخت ساھىبى بولۇشقا تولىمۇ خوپ كېلەتتى. ھا-
زىر نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، بىر مەزگىل ئاستانىگە

قايتمىغىنى، سىرتلاردا يۈرگىنى خوپتۇر، ئۇنىڭغىمۇ پۇرسەت كېلىپ قالۇر. خاننىڭ پەيلى ـ ئەھۋالىدىن شاھزادىگە بىر خەۋەر بەرگىنىم ياخشىمىكىن ـ يا...»

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ، ئەتراپقا ئېسەنگىرەپ قارىدى. ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قوزغىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بىر قىسىم ئەمىرلەر توختىماي ئەسنەيتتى. ھەئە، بىر قىسىملىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرەتلىرى قىستاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان ئەمىرلەرگە شۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى. باشقا ئەمىرلەرمۇ ئۇلۇسبېگىگە ئەگىشىپ شاھنىشىنىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىشتى.

## 4

قەشقەرنىڭ نائىب ئەمىرى سەييىد ئەھمەد مىرزىنىڭ تىلى كېكەچ بولغانلىقى ئۈستىگە، قولىقى خېلىلا ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى يېقىن مەھرەملىرى ياكى كۆپرەك سۆھبەتداش بولغان كىشىلەرلا ئاڭقىرالايتتى. تونجى كۆرۈشكەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىشى بەسى مۈشكۈل ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قولىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. گەپنى ۋارقىراپ تۇرۇپ دېمىسە ئاڭلىيالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بۇ ئوغلىنىڭ يۇرت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئىشەنچلىك مەھرىمى بولغان خوجا شەرىپنى بۇندىن بەش يىل بۇرۇن سۇلتان مۇھەممەدخان ئالىيلىرىغا تەۋسىيە قىلىپ، قەشقەرنىڭ ئەمىرلەشكەرلىك مەنسىپىگە تەيىن-



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

لەتكەنىدى. ئاستانە تۇرپاندا ئۇلۇسبېگىنىڭ خاس مەھرىمى بولۇپ خىزمەت قىلغان خوجا شەرىپ چەكسىز ساداقەتى، شۇنداقلا كاما-لەتكە يەتكەن قەلەم ۋە ئەلەم ماھارىتى بىلەن ئۇلۇسبېگىنىڭ ئىن-شەنچىگە ئېرىشكەنىدى. خوجا شەرىپنى قەشقەرگە يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۇلۇسبېگى قەشقەردىنمۇ، ئوغلى سەييىد ئەھمەد مىرزىد-دىنمۇ تولۇق خاتىرجەم بولغانىدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن خوجا شەرىپ قەشقەرلىكلەرگە خاس ئىنچىكە تەبىئەتلىك ئادەم ئىدى. دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا ئۇ سەييىد ئەھمەد مىرزىغا ھەقىقەتەن ساداقەت كۆرسەتتى. جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ئىشەن-چىنى ئاقلىدى. نامدا ئەمىرلەشكەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نائىب ئەمىر دىۋاننىڭ ھەممە ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئەنە ئا-شۇ ساداقەتى ئۇچۇن كۇنلەرنىڭ بىرىدە ياركەنت، خوتەن، ئاقسۇ ياكى كۆنچى ۋادىسى قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ بىرەرسىگە ھەقىقىي نائىب ئەمىر بولۇشنى، شۇ يوسۇندا مەنسىپىنىڭ ئۆستۈرۈلۈپ ئوردىغا كىرىشنى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر قاتارىدا خاننىڭ بىۋاستە خىزمىتىنى قىلىشنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن يىللار ئۆ-تۈۋەردى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى بولسا شۇ پېتى قېلىۋەردى. كۆر-سەتكەن ساداقەتى، قىلغان جان پىدالىقلىرى، ئەجىر ـ تۆھپىسى تېگىشلىك تارتۇقلانمىدى. قەلەم ۋە ئەلەمدە شۇنچىلىك ئىقتىدارى تۇرۇپ بىر ئۆمۈر كېكەچ ۋە پاڭقاي ئەمىرنىڭ ئاغزى ۋە قۇلىقى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ھە-ئە، ئۇنىڭ قەشقەردە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمىر سەييىد ئەھمەد مىرزىنىڭ نامىدا ئوردىغا يوللىناتتى. ئوردىدا ئۇ-لۇسبېگى خۇدايداد بولغانلىقى ئۇچۇن خان قەشقەردە ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ تەڭ يېتىلگەن بىر قابىلىيەت ئىگىسىنىڭ بارلىقىنى پەقەتلا بىلەلمەيتتى. خانغا ھەرقانداق يوللار بىلەن بىلدۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خوجا شەرىپتەك بىر ئىستىدات ئىگىسىنى پەقەت ئۇلۇسبېگى خۇدايدادلا خانغا بىلدۈرەلەيتتى. خوجا شەرىپ

ئۇلۇسبېگكە يازغان بىرقانچە مەكتۇپىدا بۇ ئارزۇسىدىن گاھىدا يوشۇرۇن، گاھىدا ئوچۇق بېشارەت بېرىپمۇ ئۇلگۇردى. ئەمما خوجا شەرىپ ئۇلۇسبېگنىڭ يازغان جاۋاب مەكتۇپىدىن بۇ ئارزۇسى ھەققىدە قىلچىلىك شەپە ھېس قىلمىدى. خوجا شەرىپ ئۇلۇسبېگنىڭ ئۆزىنى مەڭگۈ ئوغلىنىڭ سايىسى قىلىش مۇددىئاسى بارلىقىنى، بۇ ھەقتە ئۇلۇسبېگكە ئارتۇقچە ئۈمىد باغلاشنىڭ بەكلا نادانلىق، ئەخمەقلىق بولىدىغانلىقىنى بارا ـ بارا ھېس قىلىپ يەتتى. خوجا شەرىپ مۇشۇلارنى چۈشەنگىنىدە تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلدى. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن، يەتمەكچى بولغان ئىستىقباللىدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى، بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق نام ـ نىشانسىز كۆمۈلۈپ ئۆتۈشكە كۆڭلىدە زىنھار قايىللىقى يوق ئىدى. ھەئە، ئۇنىڭ ئۇلۇسبېگى خۇدايىدادقىمۇ، ئەمىر سەييىد ئەھمەد مىرزىغىمۇ بولغان ساداقىتى سۇسلاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتىش، قابىلىيەت، ئىستېداتىنى خەلقئالەمگە نامايىش قىلىش، خانغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقا، چارە ـ ئامال ئىزدەشكە كىرىشتى.

«ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە شۇنچە يىل ساداقەت كۆرسىتىپ كېكەچ، پاڭقاي ئوغلىنىڭ خىزمىتىنى شۇنچىلىك قىلغىنىم يېتەر ئەمدى. خەلقئالەم خوجا شەرىپتەك كاتتا ئىستېدات ئىگىسىنىڭ بارلىقىنى بىلسۇن، تونۇسۇن. قاچانغىچە خەقنى شىللەمگە ئېلىپ، ئەقىل ـ ئىقتىدار، قابىلىيىتىمنى پايخان قىلىپ ياشايمەن، شۇنداق، ساداقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. ساداقەت چەكتىن ئېشىپ كەتسە قۇللۇققا، مەھكۇملۇققا، قەدىرسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ساداقەت، ۋاپا كۆرسىتىشنى سەگ[1]مۇ بىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تۇرىدىغان جايى يەنىلا ئىشىكنىڭ تېشى. ئېرىشىدىغان ئىنئامى خوجىسى غاجىلاپ تاشلىۋەتكەن ئۇستىخاندۇر خالاس. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئاشۇ ساداقىتىمەن سەگدىن قانچىلىك پەرقىم قالدى؟ ياق، ئەمدى ھەرگىز سەگ بولمايمەن. يولۋاس،

① سەگ ــ ئىت.

يىلپىز، بۆرە بولىمەن. ئەسلىدىمۇ ياراتقان ئىگەم مېنىڭ زۇ ـ
ۋۇلامنى شىر، يولۋاس بولۇش ئۈچۈن ئۈزگەن. ئىنسان ئۆز قەد ـ
رىنى ئۆزى قىلمىسا، باشقىلار ئەسلا قىلمايدۇ. ئىقتىدارىنى ئۆزى
نامايان قىلمىسا، باشقىلار ئەسلا بىلمەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئەمىر تۆ ـ
مۈر ھەزرەتلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتى ـ
نى ساقلاپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ ئىقتىدارسىز خانزا ـ
دىسى بولمىش سەمەرقەنت ئەمىرى ئىلياس خوجاخاننىڭ خىزمە ـ
تىدە قول باغلاپ تۇرۇۋەرگەن بولسا، ۋاقتىدا سەمەرقەنت ئوردى ـ
سىدىن چىقىپ كېتىپ ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمى ـ
غان بولسا، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان،
پەرغانە تەسەررۇپىنىڭ خوجىسى بولالمىغان، «ساھىبقىران» دېگەن
نامى ئالەمگە مەشھۇر بولمىغان بولاردى. مەن ئول ساھىبقىران
كۆرسەتكەن جاسارەتنىڭ ئوندىن بىرىنى كۆرسىتەلمەسمەنمۇ؟
شول تاپتا مېنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىم، قابىلىيەت ـ ئىقتىدارىم
ئول ساھىبقىران قىلغان ئىشلارنى ئاشۇرۇپ قىلىشقا تامامەن يې ـ
تىدۇ. شۇنداق، بەلنى مەھكەم باغلاپ، جاسارەتكە كېلىش كېرەك.
خان ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىلا بولىدىكەن،
مېنىڭ خان ئالىيلىرىنىڭ نەزەرىگە ئىلىنمىقىم، ئىقتىدارىمنى
نامايان قىلىپ ئۈنىڭغا بىلدۈرمىكىم بەسي مۈشكۈل. ئاڭلىشىم ـ
چە، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرى تەختتە ئولتۇرغاندىن
بېرى بىر توپ خۇشامەتچىلەر بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ
يۈرگىدەك. بۇنداق سەلتەنەت ساھىبىدا تەسەررۇپىدىكى ئىستېدات
ئىگىلىرىنى بايقىغۇدەك، ئۇلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ خىزمە ـ
تىگە سالغۇدەك ئىقتىدار نېمىش قىلسۇن؟ مەن نېمىشقا ئۈمىدنى
شۇنىڭغىلا باغلىغۇدەكمەن؟ بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىنى يالغۇز
سۇلتان شىرمۇھەممەدخانلا سورىمايدىغۇ؟ سەمەرقەنت تەختىدە
ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى سەلتەنەتى موغۇلىستان
ئېلىنىڭمۇ ھامىيسىدۇر. چۈنكى، مەرھۇم سۇلتانىمىز خىزىر
خوجاخان ئالىيلىرى ئەينى يىلى ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر ئالىي ـ

www.uyghurkitap.com



لىرىغا زىممىلىك بىلدۈرۈپ، بۈيۈك سەلتەنەت ساھىبىغا بىقىن-
غاندىن بېرى بۇ قائىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەر يىلى تۈرپان
تەختگاھى سەمەرقەنت تەختگاھىغا قىممەت باھالىق سوۋغات-
پىشكەشلەرنى ئولپان ھېسابىدا ئەۋەتىۋاتىدۇ. راست، ئۇلۇسبېگى
خۇدايداد ھەزرەتلىرى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئائىلىلىرىنىڭ
ئالدىدا توغرا تۇرۇۋالغىنى بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئائىلىلىرىنىڭ
ئالدىدا بىقۇۋۇلدۇر. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئائىلىلىرى قەدرى-
مىزنى بىلمىسە، دانىشمەنلىكى پۈتكۈل ئالەمگە داستان بولغان
مىرزا ئۇلۇغبەگ ئائىلىلىرى قەدرىمىزنى قىلماي قالارمۇ؟ قىلىدۇ،
چوقۇم قىلىدۇ. گەپ ئىقتىدارىمىزنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئائىلىلىرى-
غا نامايان قىلىشتا. دانىشمەن پىركامىللار: «باتۇرلۇق ئوقىنى تەد-
بىر ياسىدا ئاتسا دەل تېگىدۇ، دەپ راست ئېيتىدۇ. شۇنداق قى-
لىش كېرەك. تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ
ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بىر ئىش تەۋرىتەيكى، دانىشمەن مىرزا ئۇلۇغ-
بەگ مەندەك بىر كاتتا ئىستېپدات ئىگىسىنى ھەرقانداق سۆھبەت-
تىگە ئۇلپەت قىلسۇن. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بۇرنىنىڭ ئاس-
تىدىكى ئىستېپدات ئىگىسىنى بايقىيالمىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان-
نى ئالىدىغان تاۋاق تاپالماي، بارماقلىرىنى ھەسرەت بىلەن چىش-
لىسۇن...»

بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە باغلىغان خوجا
شەرىپ، مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن قىلچىلىك ئارىسالدى بولمى-
دى. ئەسلىدىمۇ قەشقەرنىڭ مۈلكىي، لەشكىرىي ھوقۇقى ئۇنىڭ
قولىدا ئىدى. شۇڭا ھېچقانچە كۈچىمەيلا قەشقەرنىڭ نائىب ئەمى-
رى سەييىد ئەھمەد مىرزىنى جەددى ـ جەمەتى بىلەن قوشۇپ
قەشقەردىن قوغلاپ چىقاردى. ھەئە، ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا بولغان
ئىلگىرىكى ساداقىتىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئەمىر سەييىد ئەھمەد
مىرزىغا قىلچىلىك زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىدى، جۇغلىغان
مال ـ دۇنيالىرىنىمۇ بۇلاپ ـ تالىمىدى.

سەييىد ئەھمەد مىرزا قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپلا قەشقەردە

يۇز بەرگەن خوجا شەرىپ ئىسيانىنى خان ئالىيلىرىغا، جۇملىدىن دادىسى — ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن تېزلىك بىلەن تۇرپانغا چاپارمەن ماڭغۇزدى، ئاندىن خوجا شەرىپ ئىسيانىنى باستۇرۇشقا تۇرپاندىن كېلىدىغان خان لەشكەرلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ئاقسۇغا قاراپ يۇرۇپ كەتتى.

قەشقەر خوجا شەرىپنىڭ قولىغا بىر تامچە قان تۆكۈلمەي ئۆتكەنىدى. دۇۋاندا ئوڭچە ئولتۇرۇشقا مۇشەررەپ بولغان نائىب ئەمىر خوجا شەرىپ پات يېقىندا تۇرپاندىن قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن تۇمەنلىگەن خان لەشكەرلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى تېزلا پەملىدى ـ دە، ئالدىن تۈزۈپ قويغان پىلانى بويىچە ماۋەرائۇننەھر سۇلتانى مىرزا ئۇلۇغبەگكە خەت يېزىشقا دەرھال تۇتۇندى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ئون سەككىزمىڭ ئالەمدىكى ئالىي مەرتىۋىلىك سۇلتانلار ھەم شۆھرەتلىك خاقانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، ئىلىم دەرگاھىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ يېتۈكى، ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ ھامىيسى، قابىلىيەت ـ ئىستېبدات ئىگىلىرىنىڭ غەمگۇزارى، ئىللىقلىق ۋە رەھىمدىللىكنىڭ ئۇكەرى*[1]*، ئەل ـ ئۇلۇسنىڭ باشپاناھى، تۆمۈرىي نەسەبلىك مىرزا ئۇلۇغبەگ سۇلتان ئالىيلىرىغا ساداقەت گۈلشەنىمدىن ئۈزگەن قۇچاق ـ قۇچاق گۈلدەستىلىرىم بىلەن چەكسىز سالاملار يوللايمەن.*

*جانابى ئاللاھ ئەل ـ يۇرت، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئاسايىشلىقىنى ئادالەتلىك، دانىشمەن، باھادىر خان ـ سۇلتانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا باغلاپ، ئالەمنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى ئۇلارنىڭ لۇتۇف ـ ئېھسانى بىلەن قەھرى ـ غەزىپىگە قارايدىغان قىلىپتۇر. ئاندىن بارلىق ئەل ـ ئۇلۇس ـ*

① ئۇكەر — ئۇكەر يۇلتۇزى.

نى ئۇلارنىڭ ئىتائىتىدە بولۇشقا بۇيرۇپتۇر. شۇ ئارقىلىق
ئالەم قانۇنىنى تۇرغۇزۇپ، ئىنسانلارغا ئارام يەتكۈزۈپتۇر.
پېقىر قەشقەر ھۇدۇدلۇقىدىكى ئالىيلىرىغا پۇقرادار-
چىلىق قىلىدىغان ئاۋامنىڭ ئەڭ دېۋەڭلىرىدىن، ئەقلى
كەمتۈك، نادان، تۇرغان - پۈتكىنى ئەيىب ۋە كەمچىلىك
بىلەن تولغان خوجا شەرىپ ئىبنى خوجا يەھيا ئەرزىمەس
ئىككىلىك تىلىنى تەپ تارتماستىن ئۇزۇن قىلىپ تۆۋەندى-
كىلەرنى بايان قىلىدۇ:
بابائى بۇزرۇكلىرى بولمىش ھەزرىتى ئەمىر تۆمۈر
ساھىبقىران غازى پادىشاھىم ئاللاھنىڭ ئىنايىتى ھەمدە
ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل - پاراسىتى، يېڭىلمەس جاسا-
رىتى بىلەن پۈتكۈل ئالەمنى ئىستېلا قىلىپ، جۈملىدىن
پېقىرنىڭ ئەل - يۇرتى بولمىش موغۇلىستاننى شەۋكەتلىك
تەختگاھىغا ئىتائەت قىلدۇرۇپ، قۇياشقا تەڭداش مېھىر -
شەپقەت يامغۇرىنى ئايىماي ياغدۇرغاندىن بېرى بول ھۇدۇد-
لۇقتا ئەزەل - ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مەمۇرچىلىق،
ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئەردى. ئاللاھقا يۈزمىڭ قەتلە
شۈكۈركىم، ھەزرىتى ساھىبقىران غازى پادىشاھىمىڭ سەل-
تەنەت تەختگاھىغا سىلى جانابى قىبلىگاھىم پاسىبان بول-
غاندىن كېيىنمۇ ئول جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكلىرى ياغ-
دۇرغان مېھىر - شەپقەت يامغۇرى ھەسسىلەپ ياغسا ياغدى-
كى، زىنھار ئازىيىپ قالمىدى. شول بائىستىن بول ھۇدۇد-
لۇقتىكى ئەل - ئۇلۇس ئۆزىمىزنى ھېسابسىز بەختىيار
ساناپ كەلگەن ئەردۇك. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە،
ئۇشبۇ موغۇلىستان تەختگاھىنىڭ پاسىبانى بولمىش سۇل-
تان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرى مەملىكەت ۋە سەلتەنەت-
نىڭ قائىدە - يوسۇن، قانۇن - ياساقلىرىنى خالىغانچە
دەپسەندە قىلىپ، ئاۋام - رەئىيەتنىڭ دەۋا - تەلەپلىرىنى
ئەدلى - ئادالەت بىلەن سورىماي، جەبرى - زۇلۇم، نەپسا-

نىيەتچىلىككە ھامىي بولۇپ، ئىقتىدارسىز، ئاڭقاۋ كىشىـ
لەرنى تەختگاھى ئەتراپىغا توپلاپ، ھەمتاۋاق، ھەمشېرىك
بولۇشۇپ، قەلەم ۋە ئەلەم بابىدىكى ئىستىبدات ئىگىلىرىنى
ھاكىمىيەتتىن چەتلەشتۈرمەكتە. ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ
ساپا ئەۋج ئېلىپ، ئاۋامنىڭ زارى پەلەكنى قاپلىماقتا. شول
بائىستىن بول ھۇدۇدلۇقتىكى ئاۋام ـ رەئىيەت جانابى ئاز-
ھەزرىتىمنىڭ زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە بەرھەم بەرگۈچى
ئادالەت قىلىچلىرىنىڭ سايىسىغا تولىمۇ ئىنتىزار بولماق-
تا. جۈملىدىن بول ھۇدۇدلۇقنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئاۋات
ۋىلايەتلىرىدىن بىرى بولمىش قەشقەر دىيارىمۇ ئۆزۈندىن
بېرى كېيكەچ ۋە پاڭقاي بىر ئىستىبداتسىز ئەمىرنىڭ قولىدا
قېلىپ ۋەيرانچىلىققا يۈز تۇتماقتا. گەرچە قەشقەر خەلقى
ئول كېيكەچ، پاڭقاي ئەمىرنىڭ ئورنىغا ھەقىقىي بىر ئىس-
تىبدات ئىگىسىنىڭ چىقىپ، ئۆزلىرىگە رەھنەما بولۇشىنى
ئارزۇ قىلىشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاھۇ زارى موغۇلىستان
ئوردىسىغا ـــ تۇرپان تەختگاھىغا يېتىپ بارغىنى يوق.
چۈنكى، ئول ئىستىبداتسىز قەشقەر ئەمىرى موغۇلىستان
ئوردىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولمىش ئۇلۇس-
بېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمىر زادىسى بولغانلىقى
ئۈچۈن، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرىنىڭ قەشقەر
ئەھۋالاتىدىن مەلۇمات تېپىشى بەسى مۈشكۈلدۇر.
شۇڭلاشقا بىزلەركىم خوجا شەرىپ ئىبنى خوجا يەھيا قەش-
قەرنىڭ ئەرزىمەس ئەمىرلەشكىرى بولساقمۇ، قەشقەردىكى
ئاۋامنىڭ ئاھۇ پىغانىغا چىداپ تۇرالماي، ئۆزلىرى ـــ جانا-
بى دانىشمەن خان ئالىيلىرىنىڭ ئاق ـ قارىنى خۇددى خاك[1]
تىن زەر[2] ئايرىغۇچى ئادالىتىگە تېۋىنىپ، ئول ئىستىبدات-
سىز ئەمىردىن قەشقەر ھۆكۈمىتىنى سويۇپ ئالدۇق[3]. شول

① خاك ـــ تۇپراق.
② زەر ـــ ئالتۇن.
③ سويۇپ ئالدۇق ـــ تارتىۋالدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تاپتا تۇرپان تەختگاھى بىزنىڭ بۇ رىغبىتىمىزنى گۇناھقا جورۇشى، تۇمەنلىگەن باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ بىزنى ياساقتا تارتىشى سۆزسىزدۇر. شۇڭلاشقا، بىرىنچىدىن، ئالىيلىرىنى قەشقەردە يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىش، ئىككىنچىدىن، بىز كەبى ساداقەتمەن قۇللىرىنى تۇرپان تەختگاھىنىڭ، جۈملىدىن ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ زۇلۇم ـ سىتەملىرىدىن دەپئى قىلىشلىرىنى تىلەپ ئۇشبۇ ئەرزنى يېزىشقا غەيرەت قىلدۇق. شۇنىمۇ مۇبارەك سەمىلىرىگە سېلىپ قويماقچىمىزكى، تۇرپان تەختگاھىدا يېقىندىن بېرى بۈيۈك ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنىڭ تەسەررۇپ زېمىنلىرىغا تەئەررۇز قىلىش قارا نىيەتلىرى ئاشكارىلانماقتا. ئۇلۇسبېگى خۇدايداد لەشكەر تارتىپ بېرىپ سەمەرقەنتنى ئەينى يىللاردىكىگە ئوخشاش يەنە بىر نۆۋەت فەتىھ قىلىش خام خىيالىدا بولماقتا. شۇڭلاشقا ئالىيلىرى ھەرقاچان ئاگاھ بولسۇنلار. مۇمكىن بولسا سەلتەنەتلىرىدىكى شىر يۈرەك سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى دەرھال ئاتلاندۇرۇپ، قەشقەرنى ئىلكىلىرىگە ئالغايلا. شۇل ئارقىلىق تۇرپان تەختگاھىغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكلىرى ھەزرىتى ئەمىرتۆمۈر ساھىبقىران غازى ئالىيلىرىنىڭ شەۋكىتىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى يەنە بىر نۆۋەت بىلدۈرۈپ قويغايلا.

گەرچە پېقىردا بۈيۈك ۋە مۇھىم ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا لايىق ئىقتىدار بولمىسىمۇ، ئاقىللارنىڭ: «سۇكۇت قىلغان كىشى قۇتۇلىدۇ» دېگەن ھېكمىتىنى بىلىپ تۇرساممۇ، يەنىلا قەشقەردىكى خاسۇئامنىڭ ئاھۇزارىغا چىداپ تۇرالماي، جانابى قىبلىگاھىمىنىڭ ئادالەت ۋە ساخاۋىتىنىڭ نامايەندىسى بولمىش سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتىمنى بىلدۈرمەك بولۇپ قۇربىم يەتمەس ئىشقا قەدەم قويۇشقا جۈرئەت قىلدىم. چۈنكى، ئىشىكنى ئارقىمۇئارقا چەككەن كىشى

*ئۆيگە كىرەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بىلمىدىم، ھىممەت، ئىنايەت
گۈل ـ چېچەكلىرىنىڭ دەرگاھى بولمىش قىبلىگاھىمىنىڭ
شەرەپلىك ھىممەت دەرۋازىسى ئېچىلارمىكىن؟
سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ ماھتابانى ئانھەزرىتىمىنىڭ
مۇبارەك ئالتۇن بويىغا ئىپسەنلىك تىلەپ، قاقاسلىقنى كۆ-
كەرتكۈچى مېھىر ـ شەپقەت يامغۇرىغا ئىنتىزار بولغۇچى
كەمىنە خوجا شەرىپ ئىبنى خوجا يەھيادىن دەپ بىلۇرلا.»*

خوجا شەرىپنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان مىرزا ئۇلۇغبەگ
قىلچىلىك ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى. ھەئە، بۇزرۇكۋار بوۋىسى
ئەمىر تۆمۈر سەلتەنەت سۈرگەن زامانلاردا موغۇلىستانغا بىرنەچ-
چە نۆۋەت لەشكەر تارتقانلىقىنى، ئەمىر قەمەرىددىن ئۆلتۈرۈلگەند-
دىن كېيىن موغۇلىستان تەختىگە ئولتۇرغان سۇلتان خىزىر
خوجاخان بىلەن سۈلھى تۈزۈشۈپ دوستلۇق ئورناتقانلىقىنى، خى-
زىر خوجاخان ھەمشىرىسى مەلىكە تەۋەككۇل خېنىمنى ئەمىر تۆ-
مۈرگە ياتلىق قىلىپ، دوستلۇقنى تۇغقاندارچىلىققا ئايلاندۇرۇپ،
ئىككى ئەلنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئاساس سالغانلى-
قىنى، شۇندىن كېيىن ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغىچە تىنچ-
لىق ئورنىتىلىپ، ئۇرۇش ـ يېغىلىق بولمىغانلىقىنى مىرزا ئۇ-
لۇغبەگ پېشقەدەم ئەمىرلەردىن ئاڭلاپ بىلگەنىدى. شۇنداقلا ئۇ
موغۇلىستاننىڭ ئەزەلدىن ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىگە بېقىنمىغاند-
لىقىنى، زىممىلىك بىلدۈرمىگەنلىكىنى، پەقەت سۇلتان خىزىر
خوجاخاننىڭ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرنى ھۆرمەتلەپ پات ـ پات سوۋ-
غا ـ سالام ئەۋەتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئولپان ئەمەس-
لىكىنى، ئۆز نۆۋىتىدە بوۋىسىنىڭمۇ خىزىر خوجاخانغا جاۋابەن
سوۋغا ـ پېشكەش ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كې-
يىنكى ۋاقىتلاردا ئەمىر تۆمۈر بىلەن خىزىر خوجاخان ئارقا ـ
ئارقىدىن قازا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئەلنىڭ سەلتەنەت
تەختىگە ئولتۇرغان سۇلتانلار بۇرۇنقىدەك بېرىش ـ كېلىش قى-

www.uyghurkitap.com

لىشمىدى، سوۋغا ــ سالام ئەۋەتىشمىدى. شۇ تاپتا مىرزا ئۇلۇغ-
بەگ خوجا شەرىپنىڭ خېتىدىكى كۆپتۇرمىچىلىكنى دەرھال ھېس
قىلىپ يەتكەنىدى. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن ئۇ يەنىلا بىر ھۆ-
كۈمدار، ئىستېلاچى ئىدى؛ تەسەررۇپىدىكى زېمىنىنى كۈندىن ــ
كۈنگە كېڭەيتىپ، ھۆكۈمرانلىق تەختىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم-
لەشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا خوجا شەرىپنىڭ بۇ بىر پارچە خېتى
مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئوبدانلا باھانە بولۇپ بەردى. نامدا سۇلتان
شىرمۇھەممەدخانغا ھامىي بولۇپ موغۇلىستان ئېلىنى ئىچكى ئۇ-
رۇش قالايمىقانچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئىشنى
باھانە قىلىپ قەشقەردە لەشكەر تۇرغۇزۇپ، شۆھرىتى پۈتكۈل ئا-
لەمگە مەشھۇر بولغان بۇ شەھەرنى تەسەررۇپىغا ئېلىش مەقسىتى-
دە سەركەردىلىرىدىن سۇلتان مەلىك دوغلاتنى خىللانغان بىر تۈ-
مەن ئاتلىق لەشكەر بىلەن قەشقەرگە ماڭغۇزدى.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد قەشقەردىكى توپىلاڭدىن خەۋەر تېپىپ،
ئەھۋالنى سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا مەلۇم قىلغان ۋە دەرھال
قەشقەرگە لەشكەر تارتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق سۇل-
تان شىرمۇھەممەدخان جىيەنى شاھزادە ئۇۋەيسخاندىن خەۋپسىرەپ
ھەمدە پۈتۈن ئەس ــ يادىنى ئۇۋەيسخان تەرەپدارىدىكى ئەمىرلەرنى
كۆزىدىن يوقىتىشقا قارىتىپ، بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى.
يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا قەشقەرگە لەشكەر تار-
تىشقا ئىجازەت بەرسە، تۇرپاندىكى لەشكىرىي كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ
كېتىشىدىن، شاھزادە ئۇۋەيسخانىنىڭ قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ
ماڭغان ئۇلۇسبېگى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئۆزىگە قارشى چىقى-
شىدىن ۋايىم يېگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئاۋۋال شاھزادە ئۇۋەيسخانىنىڭ
ئىشىنى تەلتۆكۈس بىر تەرەپ قىلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كې-
يىن، ئاندىن قەشقەرگە لەشكەر تارتىشقا يارلىق چۈشۈرۈشنى
كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق ئۇ ئوردىدىكى ئىشنى مۇددىئاسى بو-
يىچە بىر تەرەپ قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، لېكىن قەش-
قەرگە لەشكەر تارتىش ئىشىنى كېچىكتۈرۈپ قويغانىدى. ئۇلۇس-

بېگى خۇدايداد تۇرپاندىن قەشقەرگە قاراپ لەشكەر تارتىپ يولغا چىققان ۋاقىتتا، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەركەردىسى سۇلتان مەلىك دوغلاتنىڭ سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققىنىغا ئاللىقاچان ئىككى ھەپتە بولۇپ قالغانىدى.

## 5

كۆز يەتكۈسىز بۆگۈر چۆلى قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ماڭغان خان لەشكەرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. قەشقەرگە تېزرەك بېرىشقا ئالدىراپ قالغان ئۇلۇسبېگى خۇدايداد قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تاشلاپ، بىرىنغار[1] قىسمى بىلەن ئالدىدا كېتىپ باراتتى. چىرىنغار[2] قىسمىنىڭ كەينىدىن قورال ـ ياراغ، چېدىر ـ بارگاھ جابدۇقلىرى ئارتىلغان تۆگە ۋە قېچىرلار، ئاشپەزلەر بىلەن خىزمەتكارلارنىڭ لازىمەتلىكلىرى، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك بېسىلغان ھارۋىلار كېلىۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا چاغداۋۇل[3] قوشۇن كېلىۋاتاتتى. گەرچە قوشۇننىڭ يۈرۈش سۈرئىتى خېلىلا تېز بولسىمۇ، لېكىن قۇر بېشلىرى ئالدى ـ كەينىگە چېپىپ يۈرۈپ لەشكەرلەرنى يەنىمۇ تېزرەك مېڭىشقا ئالدىرىتاتتى. تۇرپاندىن چىققاندىن بېرى تۈزۈك ئارام ئالماي يول يۈرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈنمۇ لەشكەرلەر خېلىلا ھارغىن كۆرۈنەتتى.

ئات ئۈستىدە ئۈن ـ تىنىسىز كېتىپ بارغان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنى غەم بېسىۋالغىنىنى ياكى تەگسىز خىيالغا ئەسىر بول-

---

① بىرىنغار ــ ئالدىن يۈرگۈچى قوشۇن.
② چىرىنغار ــ ئارقا سەپ قوشۇنى.
③ چاغداۋۇل ــ ئارقا سەپ مۇھاپىزەت قوشۇنى.

غىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئات ئۈستىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ مەزمۇت ئولتۇراتتى. ئۇ تۇرپاندىن چىققاندىن بېرى ئاشۇنداق ئاتلىق مېڭىۋاتاتتى، خىل ئارغىماقلار قېتىلغان سايىۋەنلىك ھارۋىسىدا پەقەتلا ئولتۇرمىدى. يۇمشاق كۆرپىلەر سېلىنىپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ھارۋا ئارقىسىدىن قۇيقۇرۇق كېلىۋاتاتتى.

— ھەزرىتىم، ئۇسسۇلۇق ئىچىۋالامدىلا؟

ئۇلۇسبېگى خاس نۆكىرى قاناتبەگ ھۆرمەت بىلەن قوش قوللاپ ئۇزاتقان چاناشقا قاراپ سورىدى:

— سۇمۇ، شەربەتمۇ؟

— شەربەت، ھەزرىتىم.

— سۇ ئوتلاپ باقاي، — دېدى ئۇلۇسبېگى گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ.

قاناتبەگ چاقچاقلىق بىلەن يەنە بىر چاناشنى ئۇزاتتى. ئۇلۇسبېگى چاناشنىڭ ئاغزىنى ئىچىپ لېۋىگە تەگكۈزۈپ بىر يۇتۇم ئوتلاپ قايتۇرۇپ بەردى. چاناشتىكى ئىسسىپ قالغان سۇنى ئىچكۈسى كەلمىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇلۇسبېگى تۇرپاننىڭ مۇزدەك سوغۇق، شەربەتتەك تەملىك، ئۇدۇللا يۇرەككە بارىدىغان كارىز سۈيىنى ئەسلەپ قالغانىدى.

«ئاستانىدىن يولغا سېلىنىۋەتكەن چاپارمەن شاھزادە ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنى ئىزدەپ تاپالىغانمىدۇ؟ مەلىكە سۇلتان خاتۇننىڭ دەپ بەرگەنلىرى راست بولغىيدى ئىلاھىم. شۇ كۈنلەردە مەلىكە سۇلتان خاتۇنمۇ بىزگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. ئوردىدىكى ۋەزىيەتنى ئوڭشىغۇدەك ماجالىم بولغان بولسا ئاللىقاچان ئوڭشىغان بولاتتىم. ئول چاغدا سەپەر رىيازىتى چېكىپ قەشقەرگە شەخسەن لەشكەر تارتىپ بېرىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى قالمايتتى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئەھۋالى شۇ. ئەتراپىدىكى ئاشۇ بىر توپ خۇشامەتچى ئەمىرلەردىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ. ھايا قىلمىسا مېنىمۇ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكۈسى بار. مەلىكە سۇلتان خا-

تۇن بۇنى ھەرگىز چۈشەنمەيدۇ. نە ئىلاج، خان ئاللىقاچان تەختتە ئولتۇرۇپ بولغان تۇرسا. شىكارغا چىققان ۋاقتىم بىلەن مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ قازا قىلغان ۋاقتىنىڭ ئۇدۇل كېلىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان. شۇ چاغدا نېمىشقىمۇ شىكارنى كۆڭلۈم تارتىپ قالغان بولغىيتى. شىكارغا چىقمىغان بولسام ئىدىم، شاھزادىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنىڭ ئىلاجى تېپىلاتتى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخانمۇ ئالدىراپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا پېتىنالمايتتى، نىھايەت ئۇ چاققان چىقتى. خىش قېلىپتىن چىقىپ بولغان ۋاقىتتا شاھزادىنى قوللىسام، تەخت ساھىبىنى قايتا بەلگىلەش ئىشىنى ئوتتۇرىغا قويسام، تەھقىقكى ئوردىدا قىرغىنچىلىق يۈز بېرەتتى. بۇ بالا ـ قازانىڭ باش ـ ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى. شۇڭا مەلىكە سۇلتان خاتۇنغىمۇ، شاھزادىگىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى كۆپ تەۋسىيە قىلدىم. شۇنداق قىلماي بولمايتتى. مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ خاننى ئالماشتۇرۇشنىڭ يولىنى قىلارمەن دەپتىكەنمەن. ئەسلىدە سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى بوش چاغلاپ قالغانىكەنمەن. سۇلتان خاتۇن بىلەن شاھزادىنى نىيىتىدىن قايتۇرماي، قۇرۇلتاي چاقىرىشقا قوشۇلسام بوپتىكەن. مانا ئەمدىلىكتە ئۇلارنى قورۇقداش توگۇل ئۆزۈمنىمۇ قورۇقدىيالمىدىم. ھېيلىگەر خان ماڭا قىلچىلىك سىر بەرمىدى. شۇ چاغقىچە ھەرقانداق ئىشنى مېنىڭ مەسلىھەتىمسىز، خەۋىرىمسىز قارار قىلىۋاتىدۇ. ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋەمگە رىئايە قىلمايۋاتىدۇ. شاھزادىنىڭ ئوردىدىن قېچىپ كېتىشىگە مەن سەۋەبچى بولدۇمغۇ ئاخىر؟! سۇلتان خاتۇنىنىڭ مەندىن رەنجىشى تامامەن ھەقلىق، ئۇلارغا نېمە قىلىپ بېرەلىدىم؟ قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇردۇمغۇ ـ شۇ، ھازىر شاھزادە نەلەردە قاچقۇن بولۇپ يۈرىدىكىن. مەندىنمۇ رەنجىپ قالغاندۇر بەلكىم. ئىشەنگەن بولسا مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياردى. ھازىر خاننىڭ پەيلى بۇزۇق. بۇ ئەھۋالدا شاھزادە ھەرگىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتكىنى تۈزۈك. شاھزادە ئەقىللىق، چېچەن،

ۋەزىيەتنى كۆزىتەلەيدۇ؛ قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى دەڭسىيەلەيدۇ. ناۋادا قېشىدا ھېلىقى بەختى قارا مەرھۇم ئەمىرلەر بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! ئەپسۇس، ئۇلار ئۆلۈپ كەتتى. نېمە قىلار بولغىيدى ئوردىغا سالامغا كېلىپ، ئىسىت ـ ئىسىت، ئەجەب باھادىر سەركەردىلەردىن ئىدى. بەلكىم تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇنداق بولغىيتى. شاھزادە مەن ئەۋەتكەن چاپارمەنگە ئىشىنەرمۇ؟ يازغان خېتىمنى ئوقۇپ، قىلغان نەسىھەتىمگە قۇلاق سالارمۇ؟...»

ئۇلۇسبېگى بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز يەتكۇسىز چۆللۈككە نەزەر تاشلىدى. قۇياش خۇددى چۆللۈكنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغاندەك ئوت پۈركۈيتتى. تىنىق ئاسماندا بىرمۇ ئۇچار قاناتنى كۆرگىلى بولمايتتى. چۆل تورغايلىرىمۇ يۇلغۇن، قومۇشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغاندەك قىلاتتى.

«توۋا، نېمانچە شاھزادىنىڭ غېمىنى يەيمەن، ئىشقىلىپ ماڭغۇزغان چاپارمىنىم شاھزادە بىلەن ئۇچرىشىپ ساق ـ سالامەت كەينىگە يانالىغان بولسا كۇچاردا، ھېچبولمىسا ئاقسۇدا ئۇچرىشالايمىز. شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى، نىيەت ـ مەقسىتىنى شۇ چاغدا بىلىۋالالايمەن. شۇ تاپتا ئوغلۇم سەييىد ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەھۋالى قانداقتۇ؟ خوجا شەرىپنى بۇنداق مۇناپىقلىق، رىياكارلىق قىلىدۇ دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇنىڭغا ئىشەنگەن، ئوغلۇمنى كۆرگەن كۆزۈمدە كۆرگەن، مەرتىۋىسىنى ئادەتتىكى مەھرەملىكتىن قەشقەردەك كاتتا ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلەشكەرلىكىگە كۆتۈرگەن ئەمەسمىدىم. ئىشەنگىنىمنىڭ، ئەتىۋارلىغىنىمنىڭ تەشەككۇرى شۇ بولدىمۇ ئەمدى؟! ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قەشقەر خانلىق مەدرىسەسىدە ئىلىم ئۆگىنىۋاتقان يالاڭتۆش تالىپچاق ئىكەندۇق، خەرج ـ خىراجىتىنى بېرىپ بۇخارا، ھىراتتىكى كاتتا مەدرىسەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغۇزدۇم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەتىۋارىنى قىلىپ يېنىمدىن ئورۇن بەردىم. يېقىن مەھرەملىرىم قاتارىدا ھەمتاۋاق قىلدىم. ئۆز ۋاقتىدا خان ئالىيلىرىغا تەۋسىيە

قىلمىغان بولسام، بىراقلا نەچچە دەرىجە ئاتلاپ ئەمىرلەشكەرلىك
مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەجەب
تۈزكورلۇق قىلدى دېسە. بۇ جاھاندا ساداقەت، گويا دېگەن نەرسە
راستتىنلا يوقمىدۇ؟ يېشىمىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. تاجۇ -
تەخت، سەلتەنەت ئۈچۈن ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدىم. كۆرسەتكەن
ساداقىتىم، سىڭدۈرگەن ئەجرىم ئۈچۈن مەرھۇم خىزىر خوجا -
خان، مۇھەممەدخان ئالىيلىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا، ئىشەنچىگە ئې -
رىشكەنىدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە شىرمۇھەممەدخان تەختكە چى -
قىپ، ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس
قالغان ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسى ئاتاقتا بار، ئەمەلدە يوق قۇرۇق
نامغا ئايلىنىپ قالدى. بىلىپ تۇرۇپتىمەن، سۇلتان شىرمۇھەم -
مەدخانمۇ مەندىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىۋاتىدۇ. ھازىرقى جازا يۈ -
رۈشىگىمۇ ئىلاجىنىڭ يوقىدىن يارلىق چۈشۈردى. ھەئە، ئوغلۇم
سەيىد ئەھمەد مىرزا ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنىڭ تەسەررۇپ زېمىنى
ئۈچۈن، قەشقەردەك كاتتا ۋىلايەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن
يارلىق چۈشۈردى، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇندىكىلەرنىڭ ئا -
ئىلە ـ تاۋابىئاتىنى بىللە ئېلىپ مېڭىشىغا ئىجازەت بەرمەي،
تۇرپاندا تۇتۇپ قالغانلىقىنىڭ ئۆزىلا خاننىڭ كۆڭلىدىكى ئالا نى -
يەتنى ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ. مۇناپىق خوجا شەرىپنى قەشقەردە
ئۇنچە ئۇزۇن تۇرغۇزمىسام، قېشىمغا ياندۇرۇپ ئەكېلىپ، ئورنىغا
باشقا ئىشەنچلىك سەركەردىدىن بىرىنى ئەۋەتسەم بوپتىكەن. يې -
قىندىن بېرى ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدىن كۆڭلىنىڭ تازا جايىدا
ئەمەسلىكىنى، باشقىچە بىر نىيەت ـ خىياللىرىنىڭ بارلىقىنى
سەزگەنىدىم. خان بىلەن شاھزادىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ
ئاداۋەتلەر سەل بېسىققاندا ئاندىن بۇ ئىشنى ئويلىشارمەن دەپتى -
كەنمەن. ئەمىر بولغۇسى بار ئادەم تىلىنى چاينىماي گەپنى ئوچۇق
قىلغان بولسا، خانغا مەلۇمات يوللاپ بىرەر ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلى -
كىگە تەۋسىيە قىلماسمىدىم. ئۆزۈمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۆتكەن يىلى
نەۋرەم سەيىدئەلى ئالىپنى ئەندىجانغا بارغىلى قويمىسام، قەشقەر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

گە دادىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتسەم بوپتىكەن. نەۋرەم دادىسىنىڭ قېشىدا تۇرغان بولسا، خوجا شەرىپنىڭ بېشى ئون بولغان تەقدىردىمۇ قەشقەردە ئىسيان كۆتۈرۈشكە پېتىنالمايتتى. نەۋرەم سەييىدئەلى ئالپنى ئەندىجانغا بېرىپ كۆڭلى چۈشكەن يارى بىلەن ۋىسالىغا يېتىپ تۇرپانغا قايتىپ كەلسە، خان ئالىيلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋەمگە ۋارىس قىلارمەن دەپ ئويلاپتىمەن. مانا شۇ چاغقىچە ‹مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ زىندانىغا چۈشۈپ قاپتۇ› دېگەندىن باشقا، ئۇل سۆيۈملۈك نەۋرەمدىن ھېچبىر خەۋەر يوق…»

ئۇلۇسبېگىنىڭ يۈرىكى نەۋرە ئوتىدا پۇچۇلىنىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئۇ ئۆتكەن يىلى تۇرپاندا ئەمدىلا ئۇچمە پىشىشقا باشلىغان مەزگىل ئىدى. ئۇلۇسبېگىنىڭ تۇرپان شەھىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان يازلىق قەسىرى ـــ راھەتباغدا ئۇچمە سەيلىسى بولۇۋاتاتتى. ياز كىرىشى بىلەن تۈنجى باشلانغان بۇ باراۋەتكە ئوردىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەردىن باشقا مەرھۇم سۇلتان مۇھەممەدخانمۇ ئائىلىسى بىلەن ئالاھىدە چىقىرىلغان ئىدى. مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ھىراتتىن كەلگەن مىرزا ئەھمەد ئەندىجانىمۇ بار ئىدى. بۇ كىشى ئەمىر تۆمۈرنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بولۇپ، ئاللىقانداق بىر سەۋەبلەر بىلەن شاھرۇخخاندىن رەنجىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يامانلىغان ھېسابتا ھىراتتىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ تۇرپانغا كەلگەنىدى. سۇلتان مۇھەممەدخان ئۇنى ئىززەتلىك مېھمانلار قاتارىدا كۈتۈۋالدى. ئالاھىدە قەسىر ئاجرىتىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە تۈرلۈك ئوردا زىياپەتلىرىگە، باراۋەتلەرگە بىللە ئېلىپ چىقىپ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى.

ھەئە، شۇ كۈندىكى باراۋەت ئاۋۋال يېڭى پىشقان ئۇچمە بىلەن

باشلاندى. ئالتۇن ـ كۈمۈش تاۋاقلاردا كەلتۈرۈلگەن، شېخىدىن بىر تال ـ بىر تالدىن ئۈزۈلگەن بودەك ـ بودەك ئۈجمىلەرنىڭ تەمى تولىمۇ شېرىن ئىدى.

— ھىراتتا يەنە ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىلەردىن كېيىن ئاندىن ئۈجمە پىشىدۇ، — دېدى مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى بىر تال ئۈجمە-نى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ، — تۇرپان ھەقىقەتەن باھارنى ئەڭ بۇرۇن كۈتۈۋالىدىكەن.

— ھەزرىتىمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپرىقى بولمىش ئەندىجان ۋادىسىمۇ سەرخىل مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ماكانى، — دېدى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد سۆز ئېلىپ، — كەمىنەلىرى ئەينى يىلى سەمەرقەنتكىچە لەشكەر تارتىپ بارغىنىمدا ئەندىجاننىڭ جۇجەم[1]لىرىگىلا ئەمەس، تۈرلۈك يەل ـ يېمىشلىرىگە ئېغىز تەگكەنمەن، بولۇپمۇ ئەندىجاندا يېگەن گىلاسنىڭ تەمى ھازىرغىچە تىلىمنىڭ ئۇچىدا بار.

— راست ئېيتىدىلا، — دېدى مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى ئۇ-لۇسبېگىنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — جانابلىرىنىڭ ئەندىجان گىلاسىغا بۇنچىلىك مەيلى بارلىقىنى بىلمەپتىمىز. بۇلتۇر شاھ-رۇخ مىرزا ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىدىن ئايرىلىپ بول ئاستانىگە يۈزلەنگىنىمىزدە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلار بىلەن دىدارلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئەندىجاندا قىسقىلا توختاپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەر سەپەردە ئوزۇقلۇق قىلۇرلا دەپ بىرنەچچە كوزا گىلاس مۇراببباسى، گىلاس شەربىتى يوللۇق تۇتقان ئەردى، بىلمىدىم، دەرگاھىمىزدا ئاز ـ تولا ساقلىنىپ قالدىمىكىن.

گىلاس شەربىتىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇلۇسبېگى لەۋلىرىنى تامشىپ تۇرالمايلا قالدى.

— شۇنداق بولسىغۇ ناھايىتى بەلەن ئىش بولاتتى، — ئۇ-لۇسبېگى سۇلتان مۇھەممەدخانغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى، —

① جۇجەم — ئۈجمە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىلمىدىم، ئانھەزرىتىمنىڭ گىلاس شەربىتىگە زوقى بارمىكىن؟

ــ شۇنچە ئۇزاق يەردىن ئېلىپ كېلىنگەن ئېسىل نېمەت تۇرسا، ئەلۋەتتە تېتىپ باقىمىز ـ دە، ــ دېدى سۇلتان مۇھەممەدخان.

ــ ئۇنداق بولسا دەرگاھىمىزغا ھازىرلا چاپارمەن ماڭغۇزاي، ــ دېدى مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى كوزا گىلاس شەربىتى بىلەن يېرىم كوزا گىلاس مۇرابباسى كەلتۈرۈلدى.

ــ ناھايىتىمۇ ئەپسۇس، ــ دېدى مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى مۇراببا بىلەن شەربەتنى داستىخانغا قويۇپ تۇرۇپ، ــ ئۆيدىكىلەر مۇنۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر كوزا مۇراببانى چىپىن قىلىپ[1] قويۇپتۇ. ھەرھالدا شەربەتتىن ئىككى كوزا ساقلىنىپ قاپتۇ. گەرچە تۇرپاننىڭ بور شەربىتى[2]گە يەتمىسىمۇ، ئالىيلىرى تېتىپ باققايلا.

مۇراببادىن كۆرە شەربەت ماختىلىپ تۇرۇپ ئىچىلدى. گىلاس شەربىتى سۇلتان مۇھەممەدخانغا تېتىغاندى. باراۋەت قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملىشىۋاتاتتى. ناخشا ـ سازلار بىلەن ئول تۇرۇپ ئىچكەن مۇسەللەس، شەربەتلەر مېھمانلارنى ئوبدانلا خۇش كەيىپ قىلىغانىدى. شۇ تاپتا سازەندىلەر دەردداغ مۇقامىنى ئورۇنلاۋاتاتتى. مۇڭلۇق مۇقام كۈيلىرى مېھمانلارنى ھەرخىل خىياللارغا ئەسىر قىلغانىدى. ھىرات ئوردىسىدا، شاھرۇخ مىرزىنىڭ تەختگاھىدا يولۇققان كۆڭۈل ئاغرىقلىرى ئېسىگە كېلىپ قالغان مىرزا ئەھمەد ئەندىجانىنىڭ دىلخەستەلىكى قوزغىلىپ، كۆزىگە ياش كېلىپ قالغانىدى.

ــ مۆھتەرەم قىبلىگاھىم، جانابى ئەمىرلەرگە كەمىنەنىڭ كىچىككىنە ئىلتىماسىم بار ئىدى، ــ دېدى مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى مۇقام ئاخىرلاشقاندا قولىغا لىق مۇسەللەس قۇيۇلغان كۈمۈش جامنى ئېلىپ تۇرۇپ، ــ كەمىنە سەلتەنەتلىك ئاستانىلىـ

---

① چىپىن قىلماق ــ پۈتۈن نەرسىنى يېرىم ـ يارتا قىلىپ قويماق.

② بور شەربىتى ــ ئۈزۈم شەربىتى.

رىگە قەدەم كەلتۈرگەندىن بىرى ئاجايىپ كاتتا ئابرۇيلارغا نائىل بولدۇم. جانابى خان ئالىيلىرى كەمىنەنى خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالدى. ئوردىدىكى بارلىق ئەمىرلەر كاتتا ئىززەت ـ ئابرۇيۇمنى قىلدى. ھىرات ئوردىسىدا كۆرمىگەن ئابرۇينى بول ئالىي دەرگاھتا كۆردۇم. ئەسلىدە ئەجىلىم توشۇپ يارالتقان ئىگەمنىڭ دەرگاھىغا بارغۇچە دوستلۇق ۋە مېھىر ـ شەپقەتنىڭ، مەردلىك ۋە ساخاۋەتنىڭ يېگانە ئۈلگىسى بولمىش سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئاياغلىرىغا قونغان خاك بولۇپ خىزمەت قىلغۇم، مېھرى ئاب ـ ھاۋاسىغا ئوخشاش ئاتەشلىك تۇرپان شەھىرىنى ۋەتەن تۇتۇپ ياشىغۇم بار ئەردى. بەكمۇ ئەپسۇسكى، خاتۇن ـ باللىرىم يېقىندىن بېرى ئەندىجاننىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى. يۇرت ـ ۋەتەن مېھرى ئول زەئىپەلىرىمنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزمىدى بولغاي. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل خاھىشىغا پەرۋا قىلمىسام زۇلۇم قىلغان بولۇپ قالۇرمەن. ھەممىلىرىگە مەلۇم، زۇلۇم ئالالاھنىڭ ئىنايىتى ئەمەس، بەلكى شەيتاننىڭ كارامىتىدۇر. ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدىن خاھى ھالال جۈپتىمىزگە، خاھى پەرزەنتىمىزگە، خاھى دوست ـ يارەنلىرىمىزگە زىنھار جەبرى ـ زۇلۇم يەتمىگەي. ئۇلارنى كۆڭۈل ئازادىلىكىگە مۇشەررەپ قىلىش، خەستە دىللىرىغا شادلىق بېغىشلاش گەردىنىمىزدىكى مەجبۇرىيەتتۇر. شول بائىستىن پېقىرغا كۆرسەتكەن ئالەمچە مېھىر ـ شەپقەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئەندىجان تەرەپكە يۈز كەلتۈرمەككە نىيەت ئەيلىدۇك، ئىجازەت بېرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن.

مىرزا ئەھمەد ئەندىجاننىڭ بۇ ئىلتىماسى بىلەن سورۇن ئەھلى بىر پەس ئىمتاسلىققا چۆمدى. ھەممەيلەن نەزەرىنى سۇلتان مۇھەممەدخانغا ئاغدۇرۇشتى.

— كېلىش ئىرادەت، كېتىش ئىجازەت دەپتىكەن، — دېدى سۇلتان مۇھەممەدخان سۆز ئېلىپ، — ھەزرەتلىرىنىڭ تەلىپى شول بولسا، بىزگىمۇ تۇتۇپ قىلىشقا باھانە ـ سەۋەب يوقتۇر.

www.uyghurkitap.com



شۇنداقتىمۇ يانمەن دەپلا يانسىلىمۇ بولماس، يارشىقىنى قىلىپ ئۈزىتىپ قويايلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېيىشتى باشقا ئەمىرلەرمۇ، — بىزمۇ بىرەر پىيالىدىن خوشلىشىش چېيى تۇتۇۋالايلى.

— ئانھەزرىتىمنىڭ ھىممىتىگە مىڭلاپ تەسەننا، جانابى ئەمىرلەرنىڭ دوستلۇق كۆڭلىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرۈپ.

بۇ سورۇندا ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى سەييىدئەلى ئالپمۇ بار ئىدى. ئۇ بوۋىسى سالغان شاھانە باراۋەت داستىخىنىغا بىكاۋۇللۇق قىلىۋاتاتتى. مىرزا ئەھمەد ئەندىجانىنىڭ ئۆز يۇرتىغا كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يىگىت تېپىرلاپ تۇرالمايلا قالدى. ھەئە، شۇ تاپتا بىراۋ ئۇنىڭ يۈرىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۇغۇرۇۋېلىۋاتاتتى. شۇ كېچە يىگىت ھەسرەتلىك تۈيغۇلار ئىلكىدە كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىگىنى ناشتىدا بوۋىسىغا تارتىنىپقىنا ئېغىز ئاچتى:

— بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى. بىلمىدىم، بابامنىڭ ئاڭلاشقا رەغدى بارمىكىن؟

ئۇلۇسبېگى نەۋرىسىنىڭ سولغۇن چىرايىغا، روھسىز تۇرقىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— قېنى خوش.

يىگىت بوۋىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، تونۇردىن يېڭىلا سويۇلغان پېتىر قاتلىمىغا مۇراببا سۈركەۋاتقان مومىسىغا قاراپ قويۇپ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەپقالغان گەپنى غۇرتتىدە يۇتۇۋەتتى. يىگىت كۆڭۈل سىرىنى مومىسىنىڭ ئالدىدا دېيىشتىن ئۇيىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇلۇسبېگىگە نەۋرىسىنىڭ گەپىنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇپ جىم تۇرۇۋېلىشى ياقمىدى.

«قانداق مۇھىم گېپى بولغىيدى بۇنچە قىينىلىپ دېيەلمىگۈدەك. بۇنچىۋالا ئەزمە يىگىت ئەمەستىغۇ؟ بىرەر پېشكەللىككە

يۇلۇقمىغاندۇ ـ ھە...»

بوۋاي نەۋرىسىگە تەئەججۈپ بىلەن قارىدى. ئولتۇرسىمۇ خۇددى ئۆرە تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان زىيادە بويلۇق، ئەلەم ماھارىتىگە تولىمۇ ھېرىسمەن، ياشلىقىغا باقماي چىرايىدىن پىشقان ئەركەكلەرگە خاس تەمكىنلىك بالقىپ تۇرىدىغان بۇ نەۋرىسىگە ئۇلۇسبېگى تولىمۇ ئامراق ئىدى. كۈندە بىرەر ۋاق تاماقنى بىللە يېمىسە كۆڭلى يېرىم بولاتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ قەشقەردە دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرغىلى قويماي قېشىغا ئەكېلىۋالغانىدى. بوۋاي نەۋرىسىنى «ھە گېپىڭنى دە» دېگەننى قىلىپ كالتە يۆتىلىپ قويدى.

سەيىدئەلى ئالپ سۆزلەشكە تەمشىلىپ، بوۋىسى بىلەن مومىسىنىڭ چىرايىغا شۇنداقلا قاراپ يەنە ئوڭايسىزلاندى. ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا تېخىچە ئۇستىرا تەگمىگەن چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى.

ـــ ئەمىرزادەمنىڭمۇ تارتىنىدىغان، تەمتىرەيدىغان ۋاقتى بولىدىكەن ـ ھە، ـــ دېدى موماي نەۋرىسىگە ئىچكۆيەرلىك بىلەن قاراپ، ـــ نېمە گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە بالام، بابىلىرى ئۇنىمىسا مانا مەن بار.

ـــ شۇ... شۇ...

سەيىدئەلى ئالپ غۇرتتىدە يۇتقۇندى، قولىغا چاي پىيالىسىنى ئېلىپ يەنە قويۇپ قويدى.

ـــ ئەجەب بۈگۈن قىز بالىدەك تارتىنچاق بولۇپ قالدىلىغۇ ئەمىرزادەم، ـــ دېدى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد تەقەززالىقىنى يوشۇرماي، ـــ جانغا تاقىلىدىغان ئىش بولسىمۇ گاچچىدە بىر نېمە دېسىلە. ئوغۇل بالا ـــ ئەركەك دېگەن تولا دەڭسەپ ئەزمىلىك قىلىپ ئولتۇرمايدىغان.

يىگىت ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ ئېغىز ئاچتى:

ـــ شۇ... ئۆيلىنەيمىكىن دېگەن.

ئۇلۇسبېگى بىر نەۋرىسىگە، بىر يېنىدا ئولتۇرغان مومىيە-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



غا قارىتۇۋەتكەندىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مۇشۇ گەپمىدى، ياخشى ئىشكەنغۇ بۇ. سەممىگە سالىمە-سىلىمۇ بۇ يىل سىلىنى ئۆيلەپ قويۇش نىيىتىم بار ئىدى. پەرزى-نى ئادا قىلىدىغان ياشلىرىغا ئاللىقاچان يەتتىلە. موميلىرى بۇر-ناكۇنى ماڭا خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مەلىكىلەردىن بىر-رەرسىنى نەۋرىمىزگە سوراپ باقسىلا، دېگەنىدى. ئۇنداق بولسا بۈگۈنلا خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشەي.

— ماڭا مەلىكىلەرنىڭ كېرىكى يوق، — دېدى ئۆزىنى خې-لىلا تۇتۇۋالغان يىگىت دادىلىلىق بىلەن سۆزلەپ، — ھىراتتىن كەلگەن مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى ھەزرەتلىرىنىڭ سىڭلىسىغا ئۆي-لەنگۈم بار.

— مىرزا ئەھمەد ئەندىجانىنىڭ سىڭلىسى؟...

ئۇلۇسبېگى نەۋرىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— شۇنداق، ئىسمى زەينەپ بىبى...

— پاھ، مۇنۇ يىگىت بالامنىڭ يامانلىقىنى، — دېدى مومى-سى خۇشال بولۇپ، — نەۋرەمنى كىچىك دەپ يۈرسەم ئاشىق بوپ-تۇ ئەمەسمۇ. ئۇل ھىرات گۈزىلىنى بىرنەچچە قېتىم كۆردۈم. ھۆسن ـ جامالى تەڭداشسىز بولۇپلا قالماستىن، ئەدەپ ـ ئەخلاق، شەرم ـ ھايا، قائىدە ـ يوسۇندىمۇ يېگانىدۇر. نەلەردە يۈ-رۈپ كۆزلىرى چۈشكەندۇ ئۇل پەرىگە.

يىگىت سىرلىق ھىجايدى، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى. كۆزلى-رى بوۋىسىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەنىدى.

— ئەپسۇس، — دېدى ئۇلۇسبېگى ئىككى تايىن بولغان ھالدا، — شول تاپتا مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى ھەزرەتلىرى ئەندى-جانغا كېتىش تەرەددۇتىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بىلمىدىم، ھايات بېغىنىڭ ئۇل نازۇك غۇنچىسىنى ئاستانىمىزدا قالدۇرۇپ كېتىشكە رازىلى-قى بارمىكىن ـ تاڭ.

— شۇڭا ئۆزلىرىگە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېغىز ئېچىشىم، — دېدى يىگىت يېلىنغان ھالدا، — كەمىنە نەۋرىلىرىنىڭ بەختى

ئۇچۇن ئول ھەزرەتنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ باققان بولسىلا.

ــ مەگەر تەلىپىمىز قوبۇل كۆرۈلمىسچۇ؟

يىگىت ئاڭلاشنى خالىمايدىغان بۇ ئېھتىماللىق سۆزى ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن ئەگدى. ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرى قاپلاپ، يۈرىكى ئامبۇردا قىسقاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

ــ شەۋكەتلىك ئۇلۇسبېگىنىڭ قۇدىلىشىش تەلىپى ئول كەلگىندى مىرزىغا مەنزۇر بولماي قالماس، ــ دېدى موماي تەكەببۇرلۇق بىلەن، ــ كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ، كۆيگەن كىشىگە تارتىشا، دەپتىكەن. نەۋرەمنىڭ كۆڭلىنى دەۋاتىمەن، بولمىسا خان ئالىيلىرىنىڭ مەلىكىلىرىنى خۇددى باغدىن گۈل تاللىغاندەك تاللايمىز شۇ تاپتا.

مومىسىنىڭ سۆزلىرى يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدا جۇرئەت پەيدا قىلدى.

ــ ئى بابائى بۇزرۇك، زىنھار ئارسالدى بولمىغايلا. نەۋرىلىرىنىڭ مەيلى ئاشۇ زەينەپ بىبىدە. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق مەلىكە بولسىمۇ ھەرگىز ئۆيلەنمەيمەن.

ــ ئوغۇل بالا دېگەن ياخشى كۆرگەن ھەرقانداق نەرسىسىگە ئېرىشىشكە جۇرئەت قىلىشى كېرەك، ــ دېدى بوۋاي مەمنۇنلۇق بىلەن، ــ بولۇپمۇ كۆڭۈل ئىشىدا. بولىدۇ، نەۋرەم ئۇچۇن ئۆزۈم ئەلچى بولاي.

يىگىت يەلكىسىدىن تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىك نەپەس ئالدى.

شۇ كۈنى كەچتە مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ قۇدا بولۇش تەلىپىگە خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بەردى، لېكىن شەرت قويدى.

ــ ئۇلۇسبېگى ئالىيلىرىنىڭ ھايات بېغىمىدىكى ئول نازۇك غۇنچىنى پەرزەنت قىلىۋالماقچى بولغىنى بىزنىڭ بەختىمىزدۇر. شول تاپتا ئۆزىمىزنى شەرەپ ـ پەخىر قەسرىدە ھېس قىلىۋاتىدمىز. ئەمما، ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، بىز شول تاپتا ۋەتىنىمىزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جوٚنەش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە توي دې-
گەن ئاتائى ئەجدادىمىزدىن تارتىپ قىزنىڭ يۇرتىدا بولىدۇ. يىگىت
تەرەپ قىزنىڭ يۇرتىغا توي تارتىپ بېرىپ، ئەل ـ يۇرتقا ئاش بې-
رىپ، ئەل ـ جامائەتنىڭ گۇۋاھ ۋە رازىلىقى بىلەن قىز كۆچۈرۈپ
كېتىدۇ. كەمىنەلىرى ھىرات تەختگاھىنىڭ پاسبانى بولمىش
شاھرۇخخان ئالىيلىرىدىن رەنجىپ قالغانلىقىم ئۈچۈنلا تۇرپان
تەختگاھىغا كەلگەنمەن. بول يۇرتقا سىڭلىمنى قالدۇرۇپ قويۇپ
كەتسەم، ئەغيارلىرىم ئەل ـ جامائەت ئارىسىغا سىڭلىسىنىڭ يۇ-
زىدىن ئۆزگە يۇرتتا جاھاندارچىلىق قىلدى، دەپ پىتنە تارقىتىشى
تۇرغان گەپ. شول سەۋەبتىن بۇ نىكاھ ئىشىغا رازىلىقىم بولسى-
مۇ تۇرپاندا توي قىلىپ بېرىشىم نالايىقتۇر. مەگەر ھەزرىتىمگە
مەقبۇل كەلسە، ئەمىرزادەم مەن بىلەن بىللە ئەندىجانغا بارغاي.
ئەندىجاندا ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ بېرىپ مۇرادىغا يەتكۈزگەيمەن
ۋە خالىسا تۇرپانغا يولغا سېلىپ قويغايمەن.

ئورۇنلۇق سەۋەب ئالدىدا ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھېچنېمە دې-
يەلمىدى. مىرزا ئەھمەد ئەندىجانىنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغان سەي-
يىدئەلى ئالپ خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى:

— زەينەپ بىبىنىڭ ۋىسالىغا يېتىدىغان ئىش بولسا، جا-
ھاننىڭ ئۇ چېتىگە بېرىشقىمۇ رازىمەن.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ ئەمىرزادەم؟ — دېدى مومىسى قو-
شۇلماي، — ئاسان ئىشنى مۇشكۇل قىلىپ، بىر خاتۇننى دەپ
ئەندىجانغا بارىدىغان گەپمۇ ئەمدى؟ نىيەتلىرىدىن يانسىلا. مەن
ھازىرلا ھەرەمگە كىرىپ خانىش ئايىم بىلەن كۆرۈشەي. قايسى
مەلىكىنى دېسىلە شۇنىڭ بىلەن تويلىرىنى قىلىپ قويايلى.

سەييىدئەلى ئالپ مومىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ گەپ قىلماي
تۇرۇۋالدى. نەۋرىسىنىڭ ئىشق دەردىنى چۈشەنگەن ئۇلۇسبېگى
ئىلاجسىز نەۋرىسىنى يۈز نۆكەر ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ئېسىل سوۋغا ـ سالاملار بىلەن مىرزا ئەھمەد ئەندىجانغا قوشۇپ
قويدى ۋە تويدىن كېيىنلا دەرھال تۇرپانغا قايتىشىنى ئالاھىدە تا-

پىلىدى. بىراق نەۋرىسى كېتىپ تۆت ـ بەش ئايغىچە ھېچقانداق
خەۋەر بولمىدى. ئەھۋال ئۇقۇشۇپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن ئايغاق-
چىلار ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ مىرزا ئەھ-
مەد ئەندىجانىنىڭ ئەندىجانغا يېتىپ كېلىشى ھامان يارلىق چۈ-
شۈرۈپ كاللىسىنى ئالغانلىقى، مىرزا ئەھمەد ئەندىجانىنىڭ سىڭ-
لىسى زەينەپ بىبىنى مەجبۇرىي نىكاھىغا ئېلىپ، سەييىدئەلى
ئالپىنى نۆكەرلىرى بىلەن زىندانغا سالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئې-
لىپ كەلدى. بۇ شۇم خەۋەر يېتىپ كەلگەن مەزگىلدە سۇلتان
مۇھەممەدخان تۇيۇقسىز قازا قىلىپ، ئورنىغا سۇلتان شىرمۇ-
ھەممەدخان تەختكە چىققانلىقى ۋە خان بىلەن خاننىڭ جىيەنى
شاھزادە ئۇۋەيسخان ئوتتۇرىسىدا ئېغىر نىزا پەيدا بولۇپ، ئوردىدا
خاتىرجەملىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلۇسبېگى تۇتقۇنلۇقتا
تۇرۇۋاتقان نەۋرىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن-
دى...

— لەشكەرلەر بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىپ غىزالىنىۋالسۇنمۇ
ھەزرىتىم؟

ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەرنىڭ بۇ تەكلىپى بىلەن ئۇلۇسبېگى
خۇدايدادنىڭ ھەسرەتلىك خىياللىرى ئۈزۈلۈپ قالدى.

— شۇنداق قىلسۇن، — دېدى ئۇلۇسبېگى زېمىننى ھازىرلا
كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەك ئوت پۈركۈۋاتقان قۇياشقا قولىنى سايە-
ۋەن قىلىپ قارىۋېتىپ، — لەشكەرلەر ئىلدام غىزالانغاي. ئارامنى
كۇچارغا يەتكەندە بىراقلا ئالۇرمىز.

※ ※ ※

كۇچار ئەمىرى ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنى كۇچار شەھىرىدىن
يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا ئىستىقبالىغا چىقىپ كۈ-
تۈۋالدى. ئۇ خان لەشكەرلىرىگە شەھەر سىرتىدا، ئۇلۇسبېگى بى-
لەن سەركەردىلەرگە شەھەردە — ئەمىر قەسىرىدە كۈتۈۋېلىش زى-

يايپتى تەييارلىغانىدى.

— لەشكەرلەر تويغىچە يەپ ـ ئىچىپ ئوبدان ئارام ئالغاي. ئىجازەتسىز لەشكەرگاھتىن ئايرىلمىسۇن. پەرمانغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار، باشباشتاقلىق قىلىپ ئەتراپتىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنى بىسەرەمجان قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن! — دېدى ئۇلۇسبېگى تاۋاچى بەگ[1]كە قاراپ، — ھەرقايسى قوشۇننىڭ سەركەردىلىرى ئۆز لەشكەرگاھىدىكى لەشكەرلەرگە قاتتىق ئاگاھ بولغاي!

ئۇلۇسبېگى پەرماننى جاكارلاپ بولغاندىن كېيىن ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر — بىلىپچىلىك قوشۇننىڭ سەركەردىلىرىنى ئېلىپ كۈچار شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. كۈچار ئەمىرى ئېتىنىڭ بېشىنى ئۇلۇسبېگىنىڭ ئېتىنىڭ بېشىدىن بىر ئات بېشى كەلگۈدەك ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئۇلۇسبېگىنىڭ سوئالىغا ئىمكان بار قىسقا ھەم قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىشكە تىرىشىپ كېتىپ باراتتى.

— كۈچار لەشكەرلىرىنىڭ ھازىرلىقى قانداقراق جانابى ئەمىر؟

— ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن تەق بولۇپ تۇردۇق.

ئۇلۇسبېگى كۈچار ئەمىرىنىڭ ھەدېسە چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىش بىلەن بولۇپ دىققىتىنى يىغالمايۋاتقىنىنى سېزىپ قاپىقىنى تۈردى.

— ئاتنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتسىلە، ھازىر لەشكىرىي يۈرۈش ۋاقتى، قائىدە ـ يوسۇنغا ئېسىلىۋېلىش بىھاجەت.

تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر بىلەن ئاتلىق ماڭغاندا بىر ئات بېشى ئارىلىق تاشلاپ ئارقىدا مېڭىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا كۈچار ئەمىرى ھە دېسە ئېتىنىڭ

① تاۋاچى بەگ — لەشكىرىي يۈرۈشتە خان ـ ئەمىرلەرنىڭ پەرماننى قول ئاستىدىكى سەركەردىلەرگە يەتكۈزگۈچى بەگ.

تىزگىنىنى تارتىپ كېلىۋاتاتتى.
ــ ھەزرىتىمنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا، ــ دېدى كۇچار ئەمىرى ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ.
ــ ئاقسۇ تەرەپتىن يېڭى خەۋەر بارمۇ؟ ــ سورىدى ئۇلۇسبېگى.
كۇچار ئەمىرى دەقىقە جىم تۇرۇۋېلىپ ئۇلۇسبېگىگە قارىدى. كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئىشنى دەڭسەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆزىنى ئۇلۇسبېگىنىڭ ئۆتكۈر نەزەرىدىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
ــ بار ھەزرىتىم.
ــ قېنى خوش.
ــ ھەزرىتىم ئۇزۇن يول بېسىپ كۆپ ھەرەج تارتتىلا، ئاۋۋال ئوبدان بىر ئارام ئېلىۋالسىلا.
ــ مەن بۇ تەرەپكە ئارام ئالغىلى كەلمىدىم، ــ دېدى ئۇلۇسبېگى قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ ھەرقانداق خەۋەر بولسا چاققان دېسىلە.
ــ خوش، ــ كۇچار ئەمىرى گېلىنى قىرىۋېلىپ جاۋاب بەردى، ــ ئەمىر سەييىد ئەھمەد مىرزا جانابلىرى بىتاپ بولۇپ قاپتۇدەك.
ئۇلۇسبېگى چۆچۈگەن ھالدا كۇچار ئەمىرىگە يالت ئېتىپ قارىدى. ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئارىسىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى جىددي تۈس ئالدى.
ــ بىتاپ بولۇپ قاپتۇ، قاچاندىن بېرى؟
ــ ئىككى ھەپتە بولغان ئوخشايدۇ، بىزمۇ بۇ خەۋەرنى ئۇلۇشكۈن ئىشىتتۇق.
ــ مىرزىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرمىكەن ؟
ــ ئاش ـ تائامدىن قاپتۇدەك.
ئۇلۇسبېگى لام ـ جىم دېمىدى. شۇ تاپتا ئوغلىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى چوڭقۇر خىيالغا پاتقان هارغىن كۆزلىرىدىن چىد-

قىپ تۇراتتى. ئۇلۇسبېگىنىڭ خىيالىغا بەرھەم بەرمەسلىك ئۈچۈن، كۇچار ئەمىرى بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان، تېخى ئەتىگەن تاپشۇرۇپ ئالغان قەشقەر ھەققىدىكى مەلۇماتنى يۇتۇۋەتتى.

— قەشقەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى ئۇلۇسبېگى كۇچار ئەمىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، — بەتنىيەت خوجا شەرىپنىڭ ئەھۋالىنى دەيمەن.

— قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلىرىمىز تېخى ئەتىگەن مەلۇمات ئېلىپ كەلدى. قەشقەرنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەستۇر ھەزرىتىم.

— ئوچۇقراق دېسىلە.

— تۇزكور خوجا شەرىپ سەمەرقەنتكە، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى دەرگاھىغا مەلۇمات يوللىغانىكەن، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى خوجا شەرىپنى قوللاش ئۈچۈن سۇلتان مەلىك دوغلات ئىسىملىك سەركەردىسىنى ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەپ، خىللانغان بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكىرىنى كۆمەكلىشىشكە ئەۋەتىپتۇ. ھازىر ئول بىر تۈمەن سەمەرقەنت لەشكىرى قەشقەر شەھىرىنى قوغداۋاتقۇدەك.

بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەر ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ يۈرىكىنى خۇددى داغمال ياققاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى. بابا ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغاندا چۆچۈگەن ئۇلۇسبېگى شۇ تاپتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا، يۈرىكىدىن پارتلاپ چىققان ئاچچىق غەزەپنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بەكرەك سەپسالغان كىشى ئۇنىڭ ئاپئاق ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ دىر - دىر تىترەۋاتقانلىقىنى سېزەلەيتتى. بۇ ئىشقا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قول تىققانلىقى، يەنە كېلىپ خىللانغان بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكىرىنى قەشقەرگە ئەۋەتكەنلىكى ئۇلۇسبېگىنىڭ يول بويى تۈزگەن پىلانلىرىنى تامامەن ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلىپ قەشقەرنى بىر ھۇجۇم بىلەن قولغا ئېلىش،

مۇناپىق خوجا شەرىپنىڭ جاجىسىنى بېرىش تەدبىرىنىڭ تەلتۆ-
كۈس سۇغا چىلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ، خۇددى ئوغا يۇتۇۋال-
غاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىغانىدى. ھەئە، ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ
قەشقەرگە سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى خىيا-
لىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

«خوجا شەرىپ، سەن مەقسىتىڭگە تولۇق يېتىپسەن. مىرزا
ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكىرىنىڭ كۆمە-
كىگە ئېرىشكەن بولساڭ، سېنى بوش چاغلىمىسام بولغۇدەك. بۇ
مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ نېمە قىلغىنى ئەمدى. ئۇنىڭ
قەشقەرگە شۇنچىۋالا لەشكەر ئەۋەتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدىغۇ؟
قەشقەردىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش تۇرپان تەختگاھىنىڭ ئۆز ئى-
شى ئىدىغۇ؟ بىر ئەرزىمەس خوجا شەرىپ ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆڭۈل
بۆلۈشىدە مۇددىئاسى نېمىكىن؟ توغرا، ئۇنىڭ كۆزلىگىنى خوجا
شەرىپ ئەمەس، بەلكى موغۇلىستان ئېلىنىڭ كاتتا ۋىلايىتى قەش-
قەر. بۇ ئېنىقلا ئەينى يىلى مەرھۇم سۇلتانىمىز خىزىر خوجاخان
ئالىيلىرى بىلەن مەرھۇم ئەمىر تۆمۈر ئالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا
تۈزۈلگەن تىنچلىق، دوستلۇق پۈتۈمىگە تەئەررۇز قىلغانلىق ئە-
مەسمۇ؟ بىز ھازىرغىچە پۈتۈمگە رىئايە قىلىپ، دوستلۇقىمىزنى
ۋايىغا يەتكۈزۈپ كەلدۇق. لېكىن ئۇ بولسا ئاتا ـ بوۋىلىرى تۈز-
گەن پۈتۈمگە رىئايە قىلماي، رىيا يولىنى تۇتۇۋاتىدۇ. سۆيۈملۈك
نەۋرەم سەييىدئەلى ئالپنى زىندانغا سالغىنىنى ئاڭلىغىنىمدا بۇنى
ھېس قىلىشىم كېرەك ئىدى. ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى دوست-
لۇق، تۇغقاندارچىلىق مۇشۇنىڭ بىلەن بۇزۇلارمۇ؟ ئەمدى قەش-
قەرگە يەڭگىلتەكلىك بىلەن لەشكەر تارتىشقا بولمايدۇ. جەڭدە
نۇسرەتكە يۈزلەنسەمغۇ تەلىيىم، ناۋادا مەغلۇپ بولسام مىرزا ئۇ-
لۇغبەگ قەشقەرگىلا قانائەت قىلماسلىقى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا
سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا كۈنۈم تېخىمۇ
تەسلىشىدۇ. شۇنداق، قەشقەرگە لەشكەر تارتىشقا ئالدىرىماي،
سەركەردە ـ لەشكەرلەر كۈچاردا ئارام ئالغاچ تۇرسۇن. ئاۋۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاقسۇغا باراي. ئەزىز پەرزەنتىمنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، قالدى ئىشلار ھەققىدە ئاندىن باش قاتۇرارمەن...»

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد كۇچار ئەمىرىنىڭ ئۆز شەرىپىگە تەييارلاتقان كاتتا كۇتۇۋېلىش زىياپىتىگە چالا ـ بۇلا داخىل بولدى ـ دە، تۆت سەركەردىسى بىلەن كۇچار ئەمىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقسۇغا قاراپ يۇرۇپ كەتتى.

※ ※ ※

تۇرپاندىن كۇچارغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلۇسبېگىنىڭ پۇتۇن ئەس ـ يادى قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشتا قالغان بولسا، شۇ تاپتا پۇتۇن ئەس ـ يادى ئاقسۇدا بىتاپ بولۇپ ياتقان ئوغلىدا قالغانىدى. ئۇلۇسبېگىنىڭ جىددىي تۇس ئالغان چىرايىغا قاراپ ھەمراھلىرىمۇ ئۈن ـ تىنسىز مېڭىشاتتى. تۇرپاندىن بىللە چىققان سەركەردىلەر خېلىلا ياشىنىپ قالغان ئۇلۇسبېگىنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يولنى ئات ئۈستىدە مېڭىپمۇ يەنە ھارغىنلىقىنى چاندۇرماي مېڭىشىغا ھەم قايىللىق، ھەم ھەيرانلىق نەزەرىدە قارىشاتتى.

ئۇلۇسبېگى ھەمراھلىرى بىلەن ئاقسۇغا كەلگەن چاغدا ئوغلى سەييىد ئەھمەد مىرزا تاماقتىنىلا ئەمەس، گەپ ـ سۆزدىنمۇ قالغان بولۇپ، بىھوش ھالەتتە ياتاتتى. ئۇلۇسبېگى ئالدىغا يىغا ـ زار قىلىشىپ چىققان كېلىن، نەۋرىلىرىگە تەسەللىمۇ بەرمىدى. سارايغا كىرىپ توختىماي ئايەت ئوقۇپ دەم سېلىپ ھۇ ـ رىۋاتقان داخان ـ موللىلارنى چىقىرىۋېتىپ، بىھوش ياتقان ئوغلىنىڭ قېشىدا ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئوغلى ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. تىرىكلىكىدىن نىشانە بېرىپ ئاجىز نەپەس ئالاتتى.

— نائىب ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىپ بارىدۇ، — دېدى پېشقەدەم تېۋىپ ئامالسىزلىقنى بىلدۈرۈپ، — گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن

تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتتى.
— بۇ ئالەمدە يەنە بىر ئوخشىشى يوق، ئۇلۇغلۇقى يېگانە
ئاللاھ تائالاغا ھەددى ـ ھېسابسىز ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، يارات-
قان ئىگەمنىڭ سىر ـ ھېكمىتى ئۇمىدسىزلىك ۋادىسىدا سەرسان
بولغانلارنىڭ يۈزىگە ھەر دائىم رەھمەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ، —
دېدى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد غەمكىن قول باغلاپ تۇرغان ئەمىرلەر-
گە قاراپ، — ھەرقانداق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ مەڭگۈ داۋام ئېتىشى
مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇڭا كالامۇللادا مۇسىبەتدارلارنى سەۋر قى-
لىشقا ئۈندەپ «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز،
چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دېگەن ئايەت نازىل بول-
غان. پەرزەنتلىرىمىز ئەلۋەتتە جىگەرلىرىمىزدۇر. ئەمماكى، يارات-
قان ئىگەم تۆت تادۇ[1]دىن پۈتۈپ ياراتقان ئول بەندىسىدىكى ئاما-
نەتنى ھەرقاچان ئېلىشقا ھەقلىقتۇر. ئارتۇقچە نالە ـ زار قىلىپ
بىسەرەمجان بولمىسۇنلار. ئەمىرزادەمنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى يەتكەن
ئوخشايدۇ، بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا دەپتىكەن. شۇڭا، رىزالىق بې-
رىپ ئاخىرەتلىكىگە تەييارلىق قىلسۇنلار.
ئۇلۇسبېگى ئوغلىنىڭ قېشىدا كېچىچە كىرپىك قاقماي
ئولتۇردى. ئەمىر سەييىد ئەھمەد مىرزا بامداتقا يېقىن جان ئۈز-
دى. ئاقسۇ ئەمىرى پۈتكۈل ئاقسۇ شەھىرىگە قىرىق كۈنلۈك مۇ-
سىبەت جاكارلىدى. ئوغلىنى يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىكىدە قويۇپ
بولغۇچە ئۇلۇسبېگى بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي
كېلىۋاتقان ئاقسۇ، كۇچار، ئۈچ[2]نىڭ ئۇلۇغ ـ ئۆششاق پەتچىلى-
رى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. ھەئە، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ھەسرەت
بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى، چاندۇرمىغاندەك تۇرغىنى بىلەن
ئىككى پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىش
ئازابى بۇ بوۋايغا تولىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. كۆز ئالدىدا ئوغلىنىڭ
ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ساداقەتسىز ئە-

① تۆت تادۇ — ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق.
② ئۈچ — ھازىرقى ئۈچتۇرپان.

www.uyghurkitap.com

مىرى خوجا شەرىپنىڭ چىرايى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ زاھىر بولاتتى. دەقىقە ئىچىدە قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، خوجا شەرىپنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغۇسى كېلەتتى. لېكىن قەشقەرنى ساقلاۋاتقان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تۇمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى ئېسىگە كېلىپ يەنە نىيىتىدىن ياناتتى. شۇنداق، تۇمەن كىشىلىك سەمەرقەنت لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا توغرا تۇرۇۋالغانىدى. قەشقەرنى سۆھبەت ئارقىلىق قايتۇرۇۋېلىشنىڭ چارىسى ھەققىدە باش قاتۇراتتى. «جەڭ قىلماق ئاسان، لېكىن ئۇ دۇشمەنلىكنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۆمرۈم ئاز قالغاندا ئىككى ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى بۇزۇۋەتمىگىنىم ياخشى. ياغى قىلماق دېمەكلىك ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلمەك دېگەنلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئا ـ لىيلىرىنىڭ ھە دېگەندە مېنى قوللاپ لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك، پۇل ـ پۇچەك ئەۋەتىپ بېرىشىمۇ ناتايىن...»

شۇ كۈنلەردە ئۇلۇسبېگىنىڭ سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا بولغان ئىشەنچى، ئىخلاسى سۇسلاپ قالغانىدى.

«سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرىغا خوجا شەرىپ ئىس ـ يانىنى مەلۇم قىلغان ۋاقتىمدا دەرھال قەشقەرگە لەشكەر تارتى ـ شىمغا يارلىق چۈشۈرۈلگەن بولسا، سەمەرقەنت لەشكەرلىرىدىن بۇرۇن قەشقەرگە يېتىپ بارالىغان بولاتتىم. ئۇل چاغدا سەمەرقەنت لەشكەرلىرىدىن ۋايىم يېيىشىنىڭ ھاجىتى قالمايتتى، بەلكىم ئۇلار مېنىڭ قەشقەرگە كەلگىنىمدىن خەۋەر تاپسا، يېرىم يولدىلا كەينىگە يېنىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئا ـ شۇ لامزەللىكى بىلەن ياكى سەلتەنەتنىڭ، ياكى ئۆزىنىڭ بې ـ شىغا چىقىدۇ.»

ئۇلۇسبېگى تۇرۇپلا شاھزادە ئۇۋەيسخاننى كۆز ئالدىغا كەل ـ تۈرەتتى، ناۋادا شاھزادە ئۇۋەيسخان تەختتە ئولتۇرغان بولسا بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى قىياس قىلاتتى. شاھزادى ـ نىڭ قېشىغا ئەۋەتكەن چاپارمەننىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلى ـ

كىدىن بىئارام بولاتتى.

سەييىد ئەھمەد مىرزىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بەرگەن كۆنى شاھزادىنىڭ قېشىغا كەتكەن چاپارمەن ئاخىر ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. ئۇلۇسبېگى چاپارمەننى مەخپىي قوبۇل قىلدى. ئۇ شاھزادىنىڭ قېشىغا چاپارمەن ماڭغۇزغىنىنى قول ئاستىدىكى ئەڭ يېقىن سەركەردىلىرىدىنمۇ سىر تۇتقانىدى.

چاپارمەن ئۇلۇسبېگىگە شاھزادىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇردى. خەت تەكەللۇپ سۆز ـ ئىبارىلىرىدىن خالىي، تولىمۇ قىسقا يېزىلغانىدى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ئۇلۇسبېگى ئەمىر خۇدايداد ھەزرەتلىرىگە:*

*كەمىنە بەختى قارا شاھزادىنىڭ غېمىنى يەپ ئەۋەتكەن مۇبارەك سالامنامىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ تولىمۇ سۆيۈندۇم.*

*ئاللاھنىڭ ھۆكمى بولمىش مۇبارەك قۇرئانى مەجىدتە: ‹سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر› دېيىلگەنىكەن، بەلكىم مەن ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىگەن، شول سەۋەبتىن كۆڭۈل سىرىمەنى ئېيتقۇم كەلمىگەن كىشىلەر مەن ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈپ، غېمىمنى يەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بىلگۈچى يەنىلا جانابى ھېكمەت ئىگىسىدۇر. ھەزرىتىمنىڭ خەستە دىللىرىمىزغا ئارام بەرگۈچى سالامنامىسى غەم تاغلىرىدا بېسىلىپ نەپەس ئېلىشىمىزمۇ قىيىندا قالغان دىمىقىمىزغا رەڭمۇ رەڭ گۈللەر بىلەن پۇركەنگەن چىمەنزاردىن ئەسكەن بېشارەت سەلكىنىدەك بىر لەھزە ئارام بېغىشلىدى.*

*ھەزرىتىمگە قاراڭغۇ بولمىسا كېرەك، كۆپلىگەن سەلتەنەتلەر بولغانكى، ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە بالايىئاپەتلەر سەۋەب بولغان ھەم شۇنداقلا بىرمۇنچە جامائەلەر بولغانكى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا پەرىشانلىق*

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

*ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر سەۋەب بولغان. بېشىمغا كەلگەن بۇ قارا كۈنلەرنى زىنھار ھەزرىتىمدىن كۆرمەسمەن. ئەمما كەمىنىگە تاغا بولمىش جانابى خان ئالىيلىرىدىن ئاتا ــ بوۋىلىرىمدىن مىراس قالغان تەخت ــ سەلتەنەتنى سويۇپ ئالمىغۇنچە زىنھار تىنچىماسمەن. ھەزرىتىم راست دەيلا، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن، سەۋر قىلسا ئەلۋەتتە غورىدىن ھالگا [①] پىشىدۇ. ئەمماكى، ئاشۇ ھالگىنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىمىش ئۈچۈن سەۋر قىلىش بىلەن بىرگە، ئول غورىنى بورانىنىڭ سوقۇۋېتىشىدىن، يات قوللارنىڭ يۇتىۋېتىشىدىن ساقلاش كېرەك.*

*بۇ ئاي ــ بۇ كۈنلەردە موغۇلىستان ئېلىدە ساداقەت، ۋاپا قالماپتۇ. ھەزرىتىمنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلىماقچى ئەمەسمەن، بىراق ھەزرىتىمنىڭ قەشقەرگە لەشكەر تارتمىقىمۇ ئاشۇ جۇلاسىنى يوقاتقان ساداقەت، ۋاپا بائىسىدىندۇر. تۈزكور خوجا شەرىپىنى پەرزەنتلىرىدەك كۆرگەن ئەمەسمىدىلە؟ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ سىلىگە بەرگىنى رىيا زەھىرى بولدى. سۇتتە ئاغزى كۆيگەن ئادەم قېتىقنى پۇۋلەپ ئىچەرمىش، ھازىرچە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ساداقەت، ۋاپا گۈلشەنىدىن تېزىپ ئەۋەتكەن گۈلدەستىلىرىنى پۇراشقا زوقۇم يوقتۇر. ياراتقان ئىگەم ئوتتۇرىمىزدىكى دوستلۇق چىمەنىنىڭ ساداقەت، ۋاپا گۈللىرىگە پۈركىنىپ تۇرۇشىغا نېسىپ قىلغاي.*

*نامە تامام ۋەسسالام.*

*بەختى قارا شاھزادە ئۇۋەيسخان ئىبنى شىرئەلىخاندىن دەپ بىلۇرلا»*

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد خەتكە ئىككىنچى قېتىم كۆز يۈگۈرتتى. «بۇ ئاي ــ بۇ كۈنلەردە موغۇلىستان ئېلىدە ساداقەت، ۋاپا قالماپتۇ... سۇتتە ئاغزى كۆيگەن ئادەم قېتىقنى پۇۋلەپ ئىچەرمىش.

① ھالگا ــ ھالۋا (تۇرپان شېۋىسى).

ھازىرچە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ساداقەت، ۋاپا گۈلشەندىن تېزىپ ئەۋەتكەن گۈلدەستىلىرىنى پۇراشقا زوقۇم يوقتۇر...» دې-گەن قۇرلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇدى. ئاپئاق ساقاللىرىنى دىقماق بارماقلىرى بىلەن تاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى.

«ھەرنېمە دېيىشكە ھەققىلىرى بار شاھزادەم. شۇ كۈنلەردە موغۇلىستان تەختگاھىدىكى ئەمىرلەر ئارىسىدا ئىشەنچ يوقالدى. خان ئالىيلىرى بىزگە ئىشەنمەيۋاتقان يەردە، سىلىنىڭ بەتگۇماندا بولۇشلىرىنى ئەيىبكە بۇيرۇشىمىزغا ھەققى-مىز يوقتۇر. ھەرھالدا ئوتتۇرىمىزدىكى ئىشەنچ ئۈنچە تېز يوقال-مىسا ياخشى بولاتتى. قانداق قىلسام ماڭا ئىشىنەرلا شاھزادەم...»

ئۇلۇسبېگىنىڭ خىيالىنى خاس مەھرىمى قانات بەگنىڭ يەڭگىل يۆتەلگەن ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى. مەھرەمنىڭ يۆتىلىپ قو-يۇشى ئۇلۇسبېگىگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم بىر مەلۇماتتىن بېشارەت ئىدى. ئۇلۇسبېگى بېشىنى كۆتۈرۈپ مەھرەم يىگىتكە قارىدى.

ـــ ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالىپ قايتىپ كەلدى.

ـــ ئەمىرزادەم قايتىپ كەلدىمۇ؟

ئۇلۇسبېگى قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ھالدا مەھرىمىگە تى-كىلدى.

ـــ شۇنداق ھەزرىتىم، شۇ تاپتا ئەمىرزادەمنىڭ ئۇدۇل سە-مەرقەنتتىن كېلىشى ئىكەن.

ـــ ھازىر نەدە؟

ـــ ئىشىك تۈۋىدە ھەزرىتىمنىڭ ئىجازىتىنى كۈتۈپ تۇرۇۋې-تۇ.

ـــ چاققان باشلاپ كىرسۇنلار.

«ئۇلۇغلۇقىنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان شەپقەتلىك ئاللاھ، ساڭا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر، بىر قانىتىمنى قايرىۋېلىپ، يەنە بىرقانىتىمنى قايتۇرۇپ بەرگىنىڭگە مىڭ ـ مىڭ تەسەننا. سېنىڭ كارامەتلىرىڭ ئىنسان بىلىپ بولماس سىر ـ ھېكمەتلەرگە تول-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غان. ئاجىز، گۇناھكار بەندىلىرىڭنىڭ خەستە دىللىرىغا تەسەللى بېرىپ، مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتكۈچى يەنىلا سەن ئۆزۈڭدۇرسەن...»

ئۇلۇسبېگى كۆزلىرىنى تەقەززالىق بىلەن سارايىنىڭ ئىشىكىگە تىكتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، جانابى مۆھتەرەم بابائى بۇزرۇككە ئېھتىرام بولغاي، — دېدى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن سەييىدئەلى ئالپ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، — دېدى ئۇلۇسبېگى كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز غىلىلدە ياش ئالغان ھالدا نەۋرىسىگە قۇچىقىنى كەڭرى ئېچىپ، — ئامانمۇ سىلى ئەمىرزادەم، بۇ چۈشۈم ئەمەستۇر ـ ھە؟! ...

— يوقسۇ، بۇ چۈشلىرى ئەمەس بۇزرۇكۋارىم.

بوۋا بىلەن نەۋرە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

سەييىدئەلى ئالپمۇ كۆزىگە مۆلىلدە ياش ئالدى.

— بەڭباشلىقىمنى كەچۈرسىلە بابائى بۇزرۇك. ۋاپاسىزلىقىمنى ئاللاھ ئىگەم جازالاپ، مەرھۇم جەننەتماكان پەدەرىمنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلمىدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە ئوغلۇم، — دېدى ئۇلۇسبېگى نەۋرىسىگە تەسەللى بېرىپ، — مانا بول دەرگاھتا تىنچ ـ ئامان كۆرۈشكىنىمىزنىڭ ئۆزى جانابى ئاللاھ ئىگەمنىڭ ئىنايىتىدۇر. زىنھار كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىغايلا، ئۆلۈم ھەر جايدا باردۇر. تىرىكلىك ئەلا، يېگانە قۇدرەت ئىگىسى پاختا ئېچىدە چوغ ساقلىغۇچى كارامىتى بىلەن سىلىنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغىنىغا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر.

ئۇلۇسبېگى نەۋرىسى بىلەن ئۇزاق سىرداشتى، سەييىدئەلى ئالپ بوۋىسىغا ئەندىجان ۋە سەمەرقەنتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى.

※ ※ ※

ھەئە، ئەندىجان ئەمىرى ئەمدىلا ئەندىجانغا قايتىپ كەلگەن مىرزا ئەھمەد ئەندىجاننى بۇندىن يەتتە ـ سەككىز ئاي ئاۋۋال سەمەرقەنت ئوردىسىدىن چۈشۈرۈلگەن تۇتۇش بۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قولغا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا خانغا ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى يۈكلەپ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە مەلۇم قىلمايلا كاللىسىنى ئالدۇردى. بۇ ئىش ئەندىجاندا چوڭ غوۋغا قوزغىدى. ئالدىراقسانلىق قىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان ئەندىجان ئەمىرى گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مىرزا ئەھمەد ئەندىجانىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ بىبىنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھەرەمگە سوۋغات ھېسابىدا ئەۋەتىپ بەردى. ئاندىن زەينەپ بىبى بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن كەلگەن سەييىدئەلى ئالپىنىمۇ نۆكەرلىرى بىلەن تۇتۇپ زىندانغا سېلىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە «مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى خانغا ئاسىيلىق قىلغاننى ئاز دەپ، موغۇلىستاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئەندىجانغا باشلاپ كەلدى. يامان غەرىزىنى ۋاقتىدا بايقاپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئالىيلىرىغا خەۋەر بەرمەيلا ئۆز ئالدىمغا تەدبىر قوللاندىم» دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات ئەۋەتىپ، گۇناھىنى تۆھپىگە ئۆزگەرتىۋالدى. ئەندىجان ئەمىرىنىڭ مەكتۇپى بىلەن ئايغاقچىلىرى يەتكۈزگەن مەلۇماتتىن مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى ۋەقەسىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى ئاز ـ تولا چۈشەنگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ پەرمان چۈشۈرۈپ سەييىدئەلى ئالپىنى سەمەرقەنتكە ئەكەلدۈردى. سەييىدئەلى ئالپ سەمەرقەنت زىندانىدا بىر يىلغا يېقىن تۇتقۇنلۇقتا ياشىدى. زىنداندىكى ناچار مۇھىت، قۇۋۋەتسىز غىزالار ۋە سۆيگەن يارىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئىبارەت جۇدالىق ئازابى قوشۇلۇپ سەييىدئەلى ئالپىنى خېلى ئوبدانلا ھالىدىن كەتكۈزدى. كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، يىگىت زىنداندا ئىچ سۈرۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. دەسلىپىدە زىندان بېگى بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

قىلىپ كەتمىدى. ئىچى توختىماي سۈرگەنلىكى ئۈچۈن سەييدئەلى ئالپىنىڭ بەدىنى سۇسىزلىنىپ، ئاخىرى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ يەتتى. مانا شۇ چاغدىلا زىندان بېگى تۇتقۇنىنىڭ ئەھۋالىنى مىرزا ئۇلۇغبەگكە مەلۇم قىلدى. سەييدئەلى ئالپىنىڭ موغۇلىستان ئۇلۇسبېگىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى، موغۇلىستان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادىنىڭ بولسا ئادەتتىكى ئوردا ئەمىرلىرىدىن ئەمەسلىكىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئوبدان بىلەتتى. ھەئە، سەييدئەلى ئالپنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتتا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۇنى كۆرگەن. گۈزەللىكى پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرگە پۇر كەتكەن بىر گۈزەلنى دەپ شۇنچىۋالا ئۇزاق يەردىن كەلگەن بۇ يىگىتكە كۆڭلىدە قايىل بولۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن زىندان بېگىگە ئۇنى باشقا تۇتقۇنلاردىن ئايرىپ ئالاھىدە كۈتۈشنى تاپىلىغانىدى. ناۋادا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ زەينەپ بىبىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالمىغان بولسا ئىدى، ئۇنى سەييدئەلى ئالپقا ئىكاھلاپ بېرىپ موغۇلىستانغا قايتۇرۇۋەتكەنمۇ بولاردى. چۈنكى خان ـ سۇلتانلاردا ھەردىمدىكى كۆڭۈلسىز چىقىپ قالغان توقاللىرىنى قول ئاستىدىكى ئەمىرلىرىگە ھەدىيە قىلىۋېتىدىغان قائىدە بار ئىدى. ئەگەر ئاشۇ يول بىلەن توقاللارنى بىرتەرەپ قىلىۋەتمىسە، ھەرەم توقاللار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. چۈنكى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلارنىڭ ئەمىرلىرى ۋە ئوردا ئەركانلىرى خانغا پات ـ پات چىرايلىق قىزلارنى سوۋغا قىلىپ ساداقەت بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئەمما مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ زەينەپ بىبىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا سەييدئەلى ئالپنى زىنداندىن چىقىرىۋېتىشكە ئالدىرىمىدى. چۈنكى سەييدئەلى ئالپ زىنداندىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتماي، ھەرەمگە تېگىش قىلىپ سۆيۈملۈك زەينەپ بىبىنى بۇلاپ قېچىش ئېھتىمالىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى. ناۋادا شۇنداق ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئابرۇيىغا چوڭ نۇقسان يېتەتتى. ئۇندىن باشقا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەييدئەلى ئالپنى قاماقتا تۇتۇپ تۇرۇپ، موغۇلىستان سەلتەنەتىگە ئۆزىنىڭ بۈيۈك

سۇلتانلىق كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايىش قىلىش، ئۆزگە ئەل ئە-
مىرلىرىنىڭ تەسەررۇپىغا خالىغانچە كىرىپ ـ چىقىشىنىڭ ئاقى-
ۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش نىيىتىمۇ
بار ئىدى. ئەلۋەتتە شۇ كۈنلەردە موغۇلىستاندىن سەييىدئەلى
ئالپىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئەلچى كەلگەن بولسا، مىرزا ئۇلۇغبەگ-
دىن كۆڭۈل قويۇپ كەچۈرۈم سورىغان بولسا، سەييىدئەلى ئالپنى
قاماقتىن چىقىرىپ يولغا سېلىپ قويغانمۇ بولاتتى. لېكىن موغۇ-
لىستاندىن پەقەتلا ئەلچى كەلمىدى، ئۇلار سەييىدئەلى ئالپنى ئې-
سىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى.

مىرزا ئۇلۇغبەگ سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئېغىر كېسەلگە گى-
رىپتار بولۇپ، ئۆلەر ھالەتتە ياتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ زىندان
بېگىگە خېلىلا كايىدى. سەييىدئەلى ئالپنى زىنداندىن چىقىرىپ،
نەزەربەند قىلىپ ئوردا تېۋىپلىرىغا كېسىلىنى ئەملەشنى
بۇيرىدى. چۈنكى، ناۋادا سەييىدئەلى ئالپ ئۆلۈپ كەتسە ئىككى
ئەل ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئاداۋەت پەيدا بولىدىغانلىقى، ئاخىرىدا بۇ-
نىڭ دۈشمەنلىك، جەڭگى ـ جېدەلگە سەۋەب بولىدىغانلىقى مىرزا
ئۇلۇغبەگكە چۈشىنىشلىك ئىدى.

ئوردا تېۋىپلىرى ھەرخىل ئاماللارنى قىلىپ داۋالاپ باققان
بولسىمۇ، سەييىدئەلى ئالپىنىڭ كېسىلىدە پەقەتلا ياخشىلىنىش
بولمىدى. يىگىت ئۇسساپلا تۇراتتى. ياز كۈنلىرىدىكى سەمەرقەنتنىڭ
دىمىق ھاۋاسى بىلەن ئۇسسۇزلۇق ئۇنى توختىماي قىينايتتى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بىر-
دىنلا قىمىزغا كۆڭلى تارتىپ قالدى. خىزمەتكارغا قىمىز ئەكې-
لىپ بېرىشنى بۇيرۇۋېدى، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا مەسئۇل
ئوردا تېۋىپى قەتئىي قوشۇلمىدى.

ــ قىمىزنىڭ ئورنىغا شەربەت ئىچسىلە ئەمىرزادەم، ــ دې-
دى تېۋىپ، ــ ناۋادا قىمىز ئەكس تەسىر بېرىپ قالسا، مىرزا
ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن.

ــ مېنىڭ كېسىلىم دورا كار قىلىدىغان دەرىجىدىن ئۆتۈپ

كەتتى، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، — دورا كار قىلغان بولسا ئاللىقاچان ساقىيىپ كەتكەن بولاتتىم. ھېلىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ سەۋەب قىلىشتىلا. ئەمدى ئۆز ئىختىيارىمغا قويسۇنلار. پەرھىز تائاملارنى يەپ، پەرھىز ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ خويمۇ زېرىكتىم. قىمىزغا كۆڭلۈم تارتىپلا تۇرىدۇ، ئىچىشىمگە ئىجازەت بەرسىلە، بىر ئوتلام ئىچىپ باقاي. مەيلى پايدا قىلسۇن، مەيلى زىيان قىلسۇن، ئارمىنىم يوق. ناۋادا زىيان قىلىپ قالسا، ھەرگىزمۇ جانابلىرىدىن كۆرمەيمەن.

تېۋىپ سەييىدئەلى ئالىپنىڭ كۈچلۈك تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئەمىرزادىگە تېۋىپنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالغانىدى.

«ھەرقانداق كېسەلنىڭ سەۋەبى بىزدىن، شىپا تېپىشى ئاللاھتائالادىن، — دەپ ئويلىدى تېۋىپ، — مەيلىلا، كۆڭلى تارتقان بولسا ئىچسە ئىچىپ باقسۇن، بىرەر ئوتلام ئىچكەنگە زىيان قىلىپمۇ كەتمەس. ئەركىنلىكى چەكلەنگەن بىچارە يىگىتنىڭ بۇنچىلىك تەلىپىنى رەت قىلسامۇ بولماس، بەلكىم تەبىئىتىگە قىمىز بىرئاز قۇۋۋەت بېغىشلىسا ئەجەب ئەمەس...»

— ئەمىسە بىر جامدىن ئارتۇق ئىچمىسىلە، — دېدى تېۋىپ ئىجازەت بېرىپ.

بىر جام قىمىزنى سەييىدئەلى ئالىپ بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى. مۇزدەك قىمىز ئۇنىڭغا بەكلا ياققانىدى.

— خويمۇ ئېسىل قىمىزكەن، — دېدى يىگىت لەۋلىرىنى تامشىپ تۇرۇپ، — يەنە بىر جام ئىلتىپات قىلىشقا بولارمۇ جانابى تېۋىپ؟

— كەچۈرسىلە ئەمىرزادەم، بۈگۈنچە مۇشۇنىڭغا شۈكۈر قىلسىلا، — دېدى تېۋىپ قەتئىيلىك بىلەن، — ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىچىشلىرىگە ئىجازەت بېرەلمەيمەن.

سەييىدئەلى ئالىپ تېۋىپنى تەڭقىسلىقتا قويماسلىق ئۈچۈن

ئارتۇقچە تىركەشمىدى. كېچىلىرى تۆت ــ بەش قېتىم قورسىقى ئاغرىپ ھاجەتكە چىقىدىغان ئەمىرزادە بۇ كېچىسى بىر قېتىملا ھاجەتكە چىقتى. تەرىتى خېلىلا قويۇق كەلگەنىدى. قورسىقىمۇ ئانچە ئاغرىمىدى. تېۋىپ بىماردا يۈز بەرگەن بۇ ئالامەتلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ھەم ئانچە ئىشەنمىدى.

ــ دېگەنلىرى راستما ئەمىرزادەم، مېنى ئالداۋاتمايدىغانلا ــ ھە؟

ــ سىلىنى ئالداپ نېمە قىلاي ھەزرىتىم، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ، ــ ئىشەنمىسىلە چىرايىمغا سەپسىلىپ باقسىلا.

تېۋىپ يىگىتنىڭ چىرايىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى، تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى.

ــ ئاللاھقا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، ــ دېدى تېۋىپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ راستتىنلا مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ ئەمىرزادەم. كېسەللىرىنىڭ دورىسىنى ئۆزلىرى تېپىپلا.

ــ ئەمىسە بۈگۈن يەنە قىمىز ئىچىشىمگە ئىجازەت بېرەلا؟

ــ ئەلۋەتتە ئىجازەت بېرىمەن. بىراق جىق ئىچىۋالسىلا بولمايدۇ.

ــ ئۇنداق دېمىسىلە، مەستخۇش بولغۇچە ئىچكۈم بار.

ــ يوقسۇ ئەمىرزادەم، تەنلىرى تولىمۇ ئاجىز، جىق ئىچىۋالسىلا ھەرگىز بولمايدۇ. بۈگۈن پەقەت ئىككى جاملا ئىچىدىلا.

ــ ئەمىسە تۆت جام ئىچەي.

ــ مېنى خىجالەتتە قويمىسىلا ئەمىرزادەم، ھەرقانداق دورا چەكتىن ئېشىپ كەتسە زىيان قىلىدۇ.

ــ ئۈچ جام ئىچسەمغۇ بولار؟

شۇنداق قىلىپ سەييىدئەلى ئالپنىڭ ھېچقانداق دورا كار قىلمىغان كېسىلىگە قىمىز شىپا بولدى. بىر ئاي ئىچىدە سەللىمازا ساقىيىپ، تولۇق ئەسلىگە كەلدى.

بۇ مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەۋەتكەن لەشكەرلەر قەشقەرگە بېرىپ

www.uyghurkitap.com

بولغان مەزگىل ئىدى. شۇ كۈنلەردە مىرزا ئۇلۇغبەگنى دادىسى شاھرۇخ مىرزا ھىراتقا چاقىرتىپ يارلىق ئەۋەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ ھىرات ئوردىسىغا بېرىپ دادىسىغا سالام بېرىش، ماۋەرائۈننەھرىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىش تەييارلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى. سەييىدئەلى ئالپىنىڭ سەللىمازا ساقايغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مىرزا ئۇلۇغبەگ: «ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالپقا يەتكۈزۈڭلار، مەن بىلەن بىللە ھىراتقا بېرىشقا ھازىرلانسۇن» دەپ پەرمان قىلدى.

ھەئە، مىرزا ئۇلۇغبەگ سەييىدئەلى ئالپنىڭ تولىمۇ ئېگىز ھەم بەستلىك قەددى ـ قامىتىگە، كامالەتكە يەتكەن جانبازلىق ماھارىتىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتى. ئۆزىنىڭ سەركەردىلىرى ئارىسىدا ئاشۇنداق بوي ـ بەستلىك، كۈچتۈڭگۈر باھادىرلارنىڭ يوقلۇقىدىن ئەپسۇسلىناتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ سەييىدئەلى ئالپنى تۇيۇقسىز ھىرات ئوردىسىغا بىللە ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتى، ھىراتتىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە موغۇلىستاندا مۇشۇنداق بوي ـ بەستلىك باھادىرلار بولسىمۇ ئۇلارنى بويسۇندۇرغانلىقىدنى، قەشقەردەك كاتتا شەھەرنى تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپ لەشكەر تۇرغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى، ھەرقانداق قۇدرەتلىك خان ـ سۇلتانلارنىڭمۇ ئۆزىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش، يەنە بىر تەرەپتىن بىر يىلدىن بېرى تۇتقۇنلۇقتا ياشىغان سەييىدئەلى ئالپقا دوستلۇق قولىنى سۇنۇپ، كۆڭلىنى مايىل قىلىش، ئارىدىكى غۇم ـ ئاداۋەتنى يۇيۇش، ئاندىن ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ، قەشقەردە لەشكەر تۇرغۇزغانلىق سەۋەبىدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن موغۇلىستان سۇلتانى بىلەن ئۇلۇسبېگىنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئىدى. ئۇ موغۇلىستان سەلتەنەتىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازى خاندىن قېلىشمايدىغان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ئوينايدىغان رولىغا ئازراقمۇ سەل قارىمىغاندى. نەۋرىسىنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ئۆزىدىن خۇش بولىدىغانلىقىنى، قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاد-

چە بەك تىركىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئۆزىچە تەسەۋۋۇر قىلغانىدى.
مىرزا ئۇلۇغبەگ ھىراتقا تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈردى. ئۇلار قارشى شەھىرىدىن كېچىدە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بامدات نامىزىغا يېقىن قارشى بىلەن ھىراتنىڭ ئايرىلىدىكى تاغ باغرىغا چۈشكۈن قىلدى. چوققىسى ئاپئاق قار، بەل ۋە باغلىرى قارىغاي، ئارچا ۋە ئاللىقانداق تاغ ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن بېزەلگەن تاغ باغرى سۈتتەك ئايدىڭدا ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. جەنۇب تەرەپتىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامال تاغ گۈللىرىنىڭ ھىدىنى دىماققا ئۇرۇپ، كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بەش يۈز نەپەر خاس نۆكىرى ئاتلىرىنى ئوتقا قويۇۋېتىپ ياي شەكلىدە كۆزەتتە تۇردى. ئاشپەزلەر ئوچاق ياساپ قازان ـ قومۇشلىرىنى جايلاشتۇرۇشقا، خىزمەتكارلار مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۈچۈن جاي راسلاشقا كىرىشتى.
ئىككى كۈندىن بېرىقى سەپەردە مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ۋە ئۆزلىرى قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ھەققىدە كەڭتاشا پاراڭلىشىپ، ماۋەرائۇننەھر ۋە پەرغانە ۋادىسىنىڭ بۇ كاتتا ھۆكۈمدارىنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك ھە دېسىلا قىلىچىدىن قان تامدۇرۇپ تۇرىدىغان قانخور، شەھۋەتپەرەس، تەكەببۇر تاجدار ئەمەس، بەلكى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن كۆرە، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا بەكرەك زوقمەن، ئەل ـ ئاۋامنىڭ غېمىنى يەيدىغان، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالىملارغا خاس مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان، تالىپ مىجەز ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان سەييىدئەلى ئالىپنىڭ كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىك ئوتلىرى پەسلەپ، ئاداۋەت كىرلىرى خېلىلا يۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ھەئە، ئۇ چىن يۈرىكىدىن كۆڭۈل بېرىپ، ئوتىدا كۆيگەن مەشۇقى زەينەپ بىبىنى تېخىچە ئۇنتۇيالمىغان بولسىمۇ، تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، سەييىدئەلى ئالىپ مەشۇقسىز ئاشىق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدىن زەينەپ بىبىنىڭ قىلچىلىك خەۋىرى يوق ئىدى. تۇرپاندىكى ۋاقىتتا سەييىدئەلى ئالىپ ئۇ ئەندىجان گۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



زىلىنى تاسادىپىي پۇرسەتتە بىرلا كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالغان، قىزغا كۆڭۈل سىرىنى بىلدۈرۈشكە پۇرسەت تاپالمىغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى يۇرتىغا كەتمەكچى بولدى. ئالدىراپ قالغان سەييىدئەلى ئالىپ كۆڭۈل سىرىنى بوۋىسىغا بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بەلكىم زەينەپ بىبى تۇرپاندا ئۆزىگە كۆيگەن بىر يىگىتنىڭ بارلىقىنى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئەلچىلىككە بارغاندا خەۋەر تاپقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ نىكاھ ئىشىغا ئۇنىڭ مەيلىنىڭ قانداقلىقى سەييىدئەلى ئالىپقا تېخىچە قاراڭغۇ ئىدى. چۈنكى، تۇرپاندىن ئەندىجانغا بارغۇچە مىرزا ئەھمەد ئەندىجانى سىڭلىسىنى ھېچقانداق بىر نامەھرەم بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەنىدى. سەييىدئەلى ئالىپمۇ بولغۇسى قېيىنئاغىسىنىڭ ئالدىدا ئەدەپ ساقلاپ مەشۇقى بىلەن كۆرۈشۈشكە ھەرىكەت قىلمىغان، ئەندىجانغا بارغاندا ھامىنى توي قىلىپ ۋىسالىغا يېتىمەنغۇ دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى. ئەپسۇس، ئەندىجانغا بېرىپلا ئىش ئۇنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك نەتىجىلەنمىدى. سەييىدئەلى ئالىپ ئۈچۈن ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرمەيمۇ ئامال يوق ئىدى. زەينەپ بىبى ئاللىقاچان مىرزا ئۇلۇغبەگكە توقال بولغان، ئەتراپى قاتمۇقات قورشالغان ھەرەمگە كىرىپ بولغانىدى.

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئاڭلاپ زىنداندىن چىقىرىپ، ئوردا تېۋىپلىرىغا داۋالىتىپ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقىنى، شۇ تاپتا بىر تۇتقۇنغا ئەمەس، بىر سەركەردىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، ھىراتقا بىللە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ سەييىدئەلى ئالىپنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگكە بولغان قارىشى خېلىلا ئۆزگەرگەنىدى. گەرچە چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن يارىنى تارتىۋېلىپ، يىگىتلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلغان بۇ ھۆكۈمراننى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، قەلبىدىكى ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرى سۇسلاپ قالغان، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەپۇ، ھۆرمەتتىن ئىبارەت

گىرىمسەن بىر تۇيغۇ ئالغانىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگ يول بويى ئۇنىڭدىن ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ ماڭدى. موغۇلىستاننىڭ ئۇ بۇيۇك سەركەردىسىگە بولغان ھۆرمىتىنى، قايىللىقىنى بىلدۈردى.

— سىلىنىڭ بابائى بۇزرۇكلىرى بولمىش ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرى ھەقىقەتەنمۇ ۋاپا، ساداقەت ئەھلىدۇر. ئۇنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ كىچىك خانزادىسى خىزىر خوجاخان ئالىيلىرىنى تاغىسى ئەمىر قەمەرىددىننىڭ قىرغىنىدىن ساقلاپ ئون ئىككى يىل يوشۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقى، كېيىن موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرغۇزغانلىقىنىڭ ئۆزىلا جاھاندا مەن ـ مەن دېگەن ئادەملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان كاتتا ساداقەتمەنلىك ۋە مەردلىكتۇر. ئەپسۇس، بىزنىڭ سەمەرقەنت تەختگاھىمىزدا ئول زاتتەك ساداقەت ئەھلىنى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

سەييىدئەلى ئالىپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئاغزىدىن بۇۋىسىنىڭ پەزىلەت، تەرىپلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ سۆيۈندى، ئۆزىنى پەخىرلىك ھېس قىلدى.

«توۋا، بۇ مىرزا ئۇلۇغبەگ قانداق ھۆكۈمداردۇر؟ ھازىرقى گەپ ـ سۆزلىرىدىن، نۆكەر، خىزمەتكارلارغا قىلغان سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىسىدىن بىراۋنىڭ سۆيگەن يارىنى تارتىۋالىدىغان، شەھۋەتپەرەس، قانخور ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ كىشىنىڭ. ئىشەنمەي دېسەم زەينەپ بىبى ھازىر ئۇنىڭ ھەرىمىدە. شۇ تاپتا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، بىر يىللىق دەرد ـ ھەسرىتىمنىڭ، پايخان بولغان يىگىتلىك غۇرۇرۇمنىڭ ئۆچىنى ئېلىش تامامەن قولۇمدىن كېلىدۇ. ئەمما ھازىر نېمىشقا مۇشۇنداق بىر رەقىبىمگە نىسبەتەن كۆڭلۈمدىكى ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت تۇيغۇلىرى يوقاپ كەتتى؟ ياكى مېنى سېھىرلەۋاتامدۇ ـ يا؟ شۇنداق، زەينەپ بىبىنى ئۇ كېلىپ تارتىۋالمىدى. بىراق زەينەپ بىبىنى ئۇنىڭغا تارتۇق قىلىپ، ئۆمۈرلۈك بەختىمنى ۋەيران قىلغان ئەن-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دىجان ئەمىرى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەردىنغۇ؟ يىراق يەرگەن سوۋغاتنىڭ ئىگىسىنى، كېلىش مەنبەيىنى سورىماي قوبۇل قىلىدۋېرىدىغان ئىش نەدە بار؟!...»

— ئەنە ئاۋۇ ئاسمان گۇمبىزىنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان تەرىپىدە تۇرغىنى زۆھرە يۇلتۇزى، — دەپ سەييىدئەلى ئالپنىڭ دىلىغۇل خىياللىرىنى بۆلدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

سەييىدئەلى ئالپ خىيالىدىن چۆچۈپ باش كۆتۈردى ــ دە، مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆرسەتكەن تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى، ئەمما مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆرسەتكىنىنىڭ قايسى يۇلتۇز ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى.

— ئوبدانراق قارىسىلا ئەمىرزادەم، ئەنە زۆھرە يۇلتۇزىدىن يۇقىرىراقتا، سەل نېرىدا تۇرغىنى مۇشتەرى يۇلتۇزى، — مىرزا ئۇلۇغبەگ كىچە ئاسمىنىغا قاراپ ھەۋەس بىلەن سۆزلەيتتى، — مۇنەججىملەرنىڭ دېيىشىچە، بابائى بۇزرۇك ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ھەزرەتلىرى بۇ ئىككى يۇلتۇز بىر ــ بىرىگە يېقىن كەلگەن يىلى تۇغۇلغانىكەن.

سەييىدئەلى ئالپ سەمىمىيلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— كەچۈرگەيلا ئانھەزرىتىم، كەمىنەلىرىنىڭ فەلەكىييات ئىلمى[1]دىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق.

— ھېچقىسى يوق، فەلەكيات ئىلمى ھەرقانداق ئادەم ئاسادلىقچە ئۆگىنىۋالالايدىغان ئىلىم ئەمەس، — دەيتتى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاسمان گۇمبىزىدىكى تۇمەنلىگەن ئالماسلاردەك چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا زوق بىلەن قاراپ.

«ھە، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆندۈزى كۆپرەك ئارام ئېلىپ، كېچىسى يول يۈرۈشى يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىكەن ــ دە. توۋا، جاھاندىكى ئادەملەرنىڭ ھەۋىسى قىسما ــ قىسما بولىدىكەن...»

— ئەنە قارىسىلا، ئەڭ ئۈستىدە كۆمتۈرۈلگەن چۆمۈچكە

① فەلەكىييات ئىلمى — ئاسترونومىيە.

ئوخشايدىغىنى دۇببى ئەكبەر يۇلتۇزلىرىدۇر. ئۇنىڭ يەنە يەتتە قاراقچى يۇلتۇز تۈركۈمى دەيدىغان نامىمۇ بار. ئۇنىڭدىن سەل پەسرەكتىكىسى ــ خۇددى چېچىۋەتكەن زەردەك ۋالىلداۋاتقىنى سامانيولى. ئۇنىڭ سەل ئاستىدىراق خۇددى چوغدەك يېلىنجاپ تۇرغىنى ئۈكەر...

سەييىدئەلى ئالپ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. ئاسمان گۇمبىزىنىڭ ئىشارەت قىلغان تەرىپى-گە زەن قويۇپ قارايتتى. لېكىن، مىرزا ئۇلۇغبەگ كۆرسەتكەن يۇلتۇزلارنىڭ قايسىلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە مىرزا ئۇ-لۇغبەگ ئاسماندىكى ئاشۇ ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامىنى، سىر ـ ھېكمىتىنى بىلىدىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭغا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ سىرلىق، تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيغۇ بېرەتتى. ھەئە، بىر يىللىق ئەشەددىي رەقىبلەر ئىككى كۈندە ئەنە ئاشۇنداق يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مىرزا ئۇلۇغبەگ چوڭقۇر بىلىمى، كەڭ نەزەر دائىرى-سى، جاھان ئىشلىرىغا بولغان ھېكمەتلىك مۇلاھىزىلىرى، پاسا-ھەتلىك نۇتقى، كاتتا ئالىملارغا خاس خۇش پېئىل، كەمتەر خۇي ـ مىجەزى، سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىسى بىلەن سەييىدئەلى ئالپ-نىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالغانىدى.

بامدات نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مۇزدەك بولاق سۈيىدە تاھا-رەت ئېلىپ، كۆرپىدەك يۇمشاق چىملىق ئۈستىگە سېلىنغان چاققانغىنا زىلچا جايىنامازغا چىققان مىرزا ئۇلۇغبەگ بېلىقىنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇپۇققا قاراپ قويۇپ يېنىدىكى نۆكەر بېشىغا نەزەرىنى ئاغدۇردى:

— ئىنس ـ جىن يوق بۇ تاغ باغرىدا ئۈنچىۋالا قاتتىق قو-رۇقچىلىق قىلىش بىھاجەتتۇر. بامداتنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالدى. نۆكەرلەر دەرھال تاھارەت ئالغاي، بامدات قازا بولۇپ كەتمىسۇن، — ئاندىن سەييىدئەلى ئالپقا قاراپ، — تاھارەت ئېلىۋاللىمۇ ئە-مىرزادەم؟ — دېدى.

— ھەئە، تاھارەت ئېلىۋالدىم ئانهزرىتىم، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ.

ئىككى كۈندىن بېرى دالىدا ناماز ئوقۇش توغرا كېلىپ قالسا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئۆزى ئىمام بولۇپ بېرەتتى. بارلىق ئەمىر ـ نۆكەرلەر، ھەتتا ئاشپەز ـ خىزمەتكارلارغىچە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى. ھەئە، مىرزا ئۇلۇغبەگ بەش ۋاق نامازنى قەتئىي قازا قىلمايتتى.

خاندىن پەرمان ئالغان نۆكەرلەر دەرھال قورال ـ ياراغلىرىنى تاشلاپ تاھارەت ئېلىشقا تۇتۇندى. مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەمراھلىرىنىڭ تاھارەت ئېلىشىنى كۈتۈپ جاينامازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە كەھرىۋا تەسۋىسىنى سىيرىپ دۇرۇت ئوقۇشقا باشلىدى. نۆكەرلەر تەرەت پىشۇرۇش ئۈچۈن تاغ باغرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە، دۆڭ، چاتقاللارنىڭ كەينىگە كېتىشكەنىدى. دەل شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر خەۋپنى سەزگەن ئاتلار ئەنسىز پۇشقۇرۇپ كىشنەشكە باشلىدى. ئاتلارنىڭ ئەنسىز پۇشقۇرۇشى مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن سەييىدئەلى ئالىپنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئەتراپقا ھودۇقۇپ قارىدى.

— يولۋاس!

ئىختىيارسىز بوشقىنا توۋلىۋەتتى مىرزا ئۇلۇغبەگ. سەييىدئەلى ئالىپنىڭ بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئارچا، چاتقاللىقلار ئارىسىدىن ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان يولۋاسنى ئاللىقاچان كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. بۇ يېتىلگەن ئەركەك يولۋاس بولۇپ، بوي ـ بەستى خېلىلا ئېگىز، بېشى بۇقىنىڭ بېشىدىنمۇ چوڭ ئىدى. شۇ دەقىقىدە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چىرايى ۋەھىمىدىن تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، يولۋاسقا تىكىلگەن كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالغان، پۈتكۈل ئەزايىنى قارا تەر باسقانىدى.

— تۇرغان جايلىرىدىن ھەرگىز مىدىرلىمىسىلا ئالىيلىرى.

سەييىدئەلى ئالىپ شۇنداق دېدى ـ دە، بايا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن جاينامازغا چىقىشتىن ئاۋۋال، ناماز ئوقۇغاندا پۈتلاشمىسۇن



www.uyghurkitap.com

دەپ، جايىنامازدىن نېرىراقتا قويۇپ قويغان يا بىلەن ساداقنى چاقماق تېزلىكىدە قولىغا ئالدى. بۇ چاغدا يولۋاس ئۇلارغا ئون بەش ـ يىگىرمە قەدەم يېقىنلاپ قالغانىدى. يولۋاس كېچىدىن بېرى ئوۋ تاپالماي ئېچىرقاپ كەتكەن بولسا كېرەك، ھېيىقماستىن ئۇلارغا قىستاپ كېلىۋاتاتتى. سەييىدئەلى ئالپ چاققانلىق بىلەن بىر تال ئوقنى ئالدى ـ دە، يانىڭ كىرىچىنى كۈچەپ تارتتى. «ۋىڭ» قىلغان سادا بىلەن تەڭ ئوق يولۋاسنىڭ كۆكرىكىگە قادالدى. ئوق زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يولۋاس غەزەپ بىلەن ھۆركىرەپ نەرە تارتتى. ئەنە شۇ قىسقىغىنا دەقىقىدە سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئاتقان ئىككىنچى ئوقى يولۋاسنىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزىدىن كىرىپ كانىيىغا سانجىلدى. ئەمدى غالجىرلاشقان يولۋاس غەزەپ بىلەن ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى. بۇ دەقىقىدە يولۋاسقا ئۈچىنچى ئوقنى ئېتىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

— ئۆزلىرىنى بىر چەتكە ئالسىلا ئانھەزرىتىم!

سەييىدئەلى ئالپ شۇنداق دېگىنىچە مىرزا ئۇلۇغبەگنى چاققانلىق بىلەن بىر يانغا ئىتتىرىۋەتتى ـ دە، يېنىغا ئېسىۋالغان غىلاپتىن خەنجىرىنى شارتتىدە چىقىرىپ ئەپچىللىك بىلەن ئېگىشتى ـ دە، كۆكلەپ كەلگەن يولۋاسنىڭ قورسىقىغا زەرب بىلەن خەنجەر ئۇردى. يولۋاسنىڭ قارنى يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان يولۋاس يەرگە خۇددى تام يىقىلغاندەك چۈشتى. ئەمىر سەييىدئەلى ئالپ چاققانلىق بىلەن يولۋاسنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، سول قولى بىلەن يولۋاسنىڭ بېشىنى مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ بوينىغا ئارقا ـ ئارقىدىن خەنجەر ئۇردى. خېلىلا تىپىرلاپ باققان يولۋاس چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە خارتىلداپ يەر قاسىدى. ئۇنىڭغىچە يولۋاسنىڭ ھۆركىرىگىنىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈشكىنىچە يېتىپ كەلگەن نۆكەرلەر مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ «خۇداغا شۈكۈر» دېيىشكىنىچە يەڭگىل نەپەس ئېلىشتى. يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان يولۋاس بىلەن قولى ۋە كىيىملىرى قانغا بويالغان سەييىدئەلى ئالپقا ھەم ھەيرانلىق، ھەم

www.uyghurkitap.com

قايىللىق نەزەرى بىلەن قاراشتى. لېكىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تاـ
تىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ھېچكىم زۇۋان سۇرۇشكە پېتىدـ
نالمىدى.

ــ خۇداغا شۈكۈر، سەييىدئەلى ئالىپ جېنىمىزغا ئارا تۇرـ
دى، ــ دېدى بىر ئاز ئېسىگە كەلگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ زۇۋانغا
كېلىپ، ــ ئۇل يىرتقۇچ ئۆزلىرىگە زەرەر يەتكۈزمىگەندۇ ئەـ
مىرزادەم؟

ــ ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، سالامەت تۇرۇپتىمەن ئانھەزرىدـ
تىم، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ خەنجىرىدىكى قان يۇقىنى
يولۋاسنىڭ تۈكلىرىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ.

مىرزا ئۇلۇغبەگ سۆزلۈشكە باشلىغان تاڭغا بىر قارىۋېـ
تىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە بوش بۇيرۇق قىلدى:

ــ چاققان بولۇڭلار، ناماز بامدات قازا بولۇپ كەتمىسۇن، ــ
سەييىدئەلى ئالپقا قاراپ كۆيۈنگەن ھالدا ، ــ كىيىملىرىنى چاقـ
قان ئالماشتۇرۇۋالسىلا ئەمىرزادەم. قان يۇقى كىيىمدە ناماز مەقـ
بۇل بولماس، ــ دېدى.

نامازدىن كېيىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ چىرايى خېلىلا ئېچىدـ
لىپ قالغانىدى. خىزمەتكارلار بىردەمدىلا يولۋاسنىڭ تېرىسىنى
سويۇپ ئۈلگۈردى. بۇ چاغدا ئاشپەزلەر ناشتىلىق تەييارلاپ بولغاـ
نىدى. ئۇلار ئازادە پاراڭلاشقاچ ناشتا قىلىشتى. ئەلۋەتتە پاراڭنىڭ
تېمىسى يولۋاس ۋە يولۋاسنى ئۆزى يالغۇز ئۆلتۈرگەن سەييىدئەلى
ئالىپ ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى.

ــ ئىلگىرى يولۋاس ئوۋلاپ باققانمىدىلە ئەمىرزادەم؟ ــ
سورىدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

ــ ئوۋلاپ باققان، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ چىرايىغا تەـ
بەسسۇم يۈگۈرتۈپ، ــ لېكىن بۈگۈنكىدەك يالغۇز ئوۋلاپ باقمىدـ
غان. بابائى بۇزرۇككە ئەگىشىپ لوپ، تارىم ۋادىلىرىدا بىرقانچە
نۆۋەت يولۋاس ئوۋلاپ باققان.

ــ ئاڭلىسام تارىم يولۋىسىنىمۇ بەكلا يىرتقۇچ دېيىشىدۇ.

— شۇنداق. جۇغى بۇ تەرەپنىڭ يولۋاسلىرىدىن چاغراق بولغىنى بىلەن تولىمۇ ۋەھشىي كېلىدۇ، ئوۋلىماق تەس.

— بۇ يولۋاس تېرىسى مۆھتەرەم خاقانى سەئىد[1] ئالىيلىرىغا ئېلىپ بارىدىغان كاتتا سوۋغىمىز بولىدىغان بولدى ئانھەزرىتىم، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگكە ھەمراھ بولۇپ ھىراتقا ماڭغان ئەمىرلەردىن بىرى خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن.

— بۇ غەنىيمەت، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ يولۋاس تېرىسىنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، — سەييىدئەلى ئالپقا تەئەللۇقتۇر. ئۇنىڭدا بىزنىڭ قىلچىلىك ھەققىمىز يوقتۇر.

— يوقسۇ ئالىيلىرى، ھەرگىز ئۇنداق دېمىگەيلا، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ تەۋازۇ قىلىپ، — ئالىيلىرى قېشىمدا تۇرۇپ مەدەت بەرگەچكىلا ئول ۋەھشىي يولۋاس ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە مۇۋەپپەق بولدۇق. بىلمىدۇق، خاقانى سەئىد ئالىيلىرى ئۇشبۇ ئەرزىمەس سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلارمىكىن؟

— قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ مەمنۇنلۇق بىلەن، — جانابى پەدەرۇ بۇزرۇكىمىز يولۋاس ئوۋلاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن. ئوردىسىدا ئۆزى ئوۋلىغان يولۋاسلارنىڭ تېرىسى ئېسىقلىق.

نېمىشقىدۇر ناشتىغا ئولتۇرغاندىن بېرى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئوي ـ پىكرى بىر يەردە ئەمەستەك، كۆڭلىنى ئاللىقانداق غەم ـ ئەندىشە چۇلغىۋالغاندەك قىلاتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ سەييىدئەلى ئالپقا چاندۇرماي قاراپ قوياتتى.

«ھەقىقەتەن بوي ـ بەستىگە لايىق پالۋان دېسە پالۋان دېگۇچىلىكى بار باھادىر ئەزىمەت ئىكەن. بايا ئۇنىڭ يولۋاس بىلەن ئېلىشقان شجائىتىگە قارىغاندا، رەسمىي نىيىتى بۇزۇلۇپ قالسا، مېنىڭ بۇ بەش يۈز نەپەر خاس نۆكىرىم ئۇنىڭغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمىگۇدەك. ياخۇدا، يولۋاسنىڭ بالاسىدىن قۇتۇلغىنىم بىلەن يولۋاستىنمۇ يامان بىر باھادىرنى يېنىمدا ئېلىپ يۈرۈپتىمەن ئە-

① خاقانى سەئىد — شاھرۇخ مىرزىنىڭ سەلتەنەت نامى.

www.uyghurkitap.com

مەسمۇ؟ ئېخى قورال ـ ياراغلىرى بىلەن، ئەجەب ئېھتىيات قىل-
ماپتىمەن دېسە. ئۇنىڭغا نېمىشقا شۇنچىۋالا ئىشىنىپ قورال ـ
ياراغ بىلەن يېنىمدا تۇرۇشىغا يول قويغاندىمەن؟ بۇ مېنىڭ غەپ-
لەتتە قالغىنىم ئەمەسمۇ؟ نېمىلا دېگەن بىلەن مەن ئۇنىڭ سۆيگەن
مەھبۇبىنى تارتىۋالغان رەقىبىغۇ ئاخىر. ناۋادا نىيىتىنى بۇزسا
بىر تال ئوق، ياكى بىر خەنجەر بىلەن ئىشىمنى پۈتتۈرمەمدۇ. ئۇ-
نى بۇنداق قىلمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ئېخى ئۇنىڭ ئاتى-
سىنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغان خوجا شەرىپكە كۆمەك بولۇپ
قەشقەرگە لەشكەر ئەۋەتكىنىمدىن ئۇنىڭ زىنھار خەۋىرى يوق.
ناۋادا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالسا، قەلبىدىكى دۈشمەنلىك
ئوتلىرى قايتىدىن كۈچىيىپ نىيىتىنى بۇزۇشى ئېنىق. زىنھار
غاپىل بولما مۇھەممەد تورغاي[1]، خاۋلۇت ئۈيقۇڭدىن[2] ئويغان.
دەرھال بىر قارارغا كېلىپ ئامال تاپ. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇنى
ئۆلۈمگە بۇيرۇسام نامەردلىك قىلغان بولىمەن. مۇخالىپلىرىم بۇ
قىلغىنىمنى ئاڭلىسا مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدۇ. ھەئە، ئۇنى
ھازىر ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ئۆلتۈرۈشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس. قارشى-
لىق كۆرسەتسە ئۇ ئەمەس، مەن ئۆلۈشۈممۇ مۇمكىن. چۈنكى، نۆ-
كەرلىرىم ھېلىلا يولۋاس ئۆلتۈرگەن بۇ باھادىر ئەزىمەتكە تىغ
كۆتۈرۈپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالىشىمۇ ناتايىن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ
يېنىدىكى قورال ـ ياراغلارنى تارتىۋېلىشنىڭ ئېخى ئورنى يوق.
قانداق قىلسام بولىدىكىن ـ تاڭ؟...

مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئامال تاپالماي تىت ـ تىت بولغانسېرى
كۆڭلىدىكى ۋەھىمىسى كۈچىيىپ كەتكەندى. يېنىدىكى ئەمىر-
لىرىنىڭ خۇشامەتلىرى قۇلىقىغا خۇشياقمايتتى. ئىككى كۈندىن
بېرى ھىراتقا تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزۈكرەك ئارام ئال-
ماي يول مېڭىۋاتقان خاننىڭ شۇ تاپتا يولغا چىقىشقا ئالدىرىماس-
لىقى ئەمىرلەرنىڭ دىققىتىنى تارتمىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بىردە

① مۇھەممەد تورغاي ــــ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ئىسمى.
② خاۋلۇت ئۈيقۇسى ــــ ئۈيقۇ بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىسى.

خانغا خۇشامەت قىلاتتى، بىردە سەييىدئەلى ئالىپنىڭ باتۇرلۇقىنى ماختايتتى. بۇ ماختاش سۆزلىرىنىڭ ئىچكى تۈيغۇسىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرۈشمەيتتى. سەييىدئەلى ئالىپ بولسا ئەمىرلەرنىڭ ماختاشلىرىغا كۆمۈلۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئولتۇراتتى. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇ ھىراتقا بېرىپ خاقانى سەئىد شاھرۇخ مىرزا بىلەن كۆرۈشكەندە يولۋاس بىلەن تەنھا ئېلىشىپ، ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگنى بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغىنىنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە قانداق ئۇسۇلدا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى، ھىرات ئوردىسىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ قانداق ھەيران قالىدىغانلىقىنى خىيال قىلاتتى. زىيادە شۆھرەتپەرەسلىك ياش يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قورسىقىدا قۇترىۋاتقان شۇملۇقلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگنى ئۆزى ھەققىدە نىيىتىنى بۇزىدۇ دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

«شۇنداق قىلاي، بۇنىڭدىن باشقىمۇ چارە يوق. ئۇنىڭ ئىشىنى مىرانشاھ دورغا بىر تەرەپ قىلسۇن. بۇ ئۆز قولۇم بىلەن بىر تەرەپ قىلغىنىمدىن ياخشىراق. زىنھار ئىككىلىنىپ تۇرما مۇھەممەد تورغاي...»

مىرزا ئۇلۇغبەگ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بىرئاز خاتىرجەم بولدى. ھەئە، ئۇ كۆڭلىدە سەييىدئەلى ئالىپنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەدبىر تۈزۈپ بولغانىدى.

— ئانھەزرىتىمنىڭ مىجەزى يوقمۇ ـ قانداق؟ — سورىدى خاننىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن ئەمىرلەر.

— يوقسۇ، مىجەزىم جايىدا، — دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

— ئۇنداق بولسا خاتىرجەم بولدۇق، كۆزىمىزگە غەمكىن كۆرۈنۈۋاتىدىلا...

— بابا يولۋاس تېرىسىنى پەدەرۇ بۇزرۇكىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سوۋغات قىلىپ ئاپىرىدىغاننىڭ گېپى چىقىۋېدى، خان ئاتامغا

www.uyghurkitap.com

تەييارلىغان مۇھىم بىر سوۋغاتنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمىرلىرىگە تەكشى قاراپ، ــ شۇنچىۋالا يولنى بېسىپ بولغاندا ئارقىمىزغا يېنىشىمىزنىڭ تېخى ئورنى بولمىسا، قانداق قىلىدغان ئىشكىن؟ شۇ ئىشقا بېشىم قېتىپ قالدى.

ــ ئۇنداق بولسا دەرھال سەمەرقەنتكە چاپارمەن ماڭغۇزايلى، ئېلىپ ئارقىمىزدىن يەتسۇن، ــ دېدى ئەمىرلەردىن بىرى ئەقىل كۆرسىتىپ.

ــ شۇنداق قىلساققۇ بولاتتى، ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ تەڭلىكتە قالغان قىياپەتتە، ــ بىراق ئۇ بەكمۇ قىممەت باھالىق نەرسە ئىدى. ئۇنى بىر مۇنچە نۆكەرلەر بىلەن قوغداپ ئېلىپ كېلىشنى ئانچە لايىق كۆرمىدىم. بىرنەچچە ئادەم بىلەنلا داۋراڭ قىلماي ئېلىپ كەلسەكمىكىن، دەپ ئويلايمەن. بىراق بۇمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ھەممىڭلارغا مەلۇملۇق، سەمەرقەنت بىلەن ھىرات ئارىلىقىدا ئوغرى ـ قاراقچىلار تولا.

ــ ئۇنداق بولسا ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالپنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتسەك قانداق بولۇر؟ ــ دېدى ئەمىرلەردىن بىرى، ــ بابا ئەمىرزادەمنىڭ باھادىرلىقىنى ھەممەيلەن ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. مېنىڭچە بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت ئەمىرزادەملا چىقالايدۇ.

بۇ دەل مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ ئىدى.

مۇھىم ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىپ قېلىشىدىن، يەنە كېلىپ ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ ئۇشۇقتىن ـ ئۇشۇق يول ئازابى تارتىشتىن، ئەڭ مۇھىمى ئېسىل سوۋغاتنى قوغداپ كېلەلمەي قاراقچىلارغا تارتتۇرۇپ قويۇپ خاننىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن ئەمىرلەر بۇ تەكلىپنى بىر ئېغىزدىن قوللاشتى.

ــ ئەمىرزادەمگە جاپا سېلىپ قويارمىزمىكىن؟ ــ دېدى مىرزا ئۇلۇغبەگ.

ــ ئانھەزرىتىمنىڭ پەرمانى بىز ئۈچۈن زىنھار جاپا ئەمەس۔تۇر، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ قەددىنى رۇسلاپ.

ــ ئەمىسە ھازىرلا يولغا چىقىپ مۈشكۈلىمىزنى ئاسان قىلغايلا.

مىرزا ئۇلۇغبەگ شۇنداق دېدى ـ دە، سەمەرقەنت شەھىرى۔نىڭ ھاكىمى مىرانشاھ دورغىغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ پېچەت۔لىدى، ئاندىن خەتنى نۆكەر بېشىغا تۇتقۇزدى.

ــ خەتنى ئوبدان ساقلا. مىرانشاھ دورغىنىڭ ئۆز قولىغا بەر، ــ مىرزا ئۇلۇغبەگ سەييىدئەلى ئالپقا يۈزلەندى، ــ ئە۔مىرزادەمنى ئالدى ـ كەينىگە ماڭدۇرۇپ قويىدىغان بولدۇق. ناۋادا ئەمىرزادەمنىڭ سەمەرقەنتكە بارغاندىن كېيىن ھىراتقا كەلگۈسى كەلمەي قالسا، زىنھار ئارىسالدى بولماي سەمەرقەنتتە تۇرۇۋەر۔گەي. ھېلىقى قىممەت باھالىق سوۋغاتنى قورۇقداپ مېڭىشقا مىرانشاھ دورغا باشقىچە ئامال تاپقاي. مەن ھىراتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن سىلىگە ئىجازەت بېرىپ تۇرپانغا يولغا سېلىپ قويىمەن. سىلى بىز بىلەن سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئا۔لىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولۇپ سۇلھى ۋە دوستلۇققا سەۋەب بولغايلا.

ــ ئالىيلىرى خاتىرجەم بولغايلا، سوۋغاتنى چوقۇم ئۆز قو۔لۇم بىلەن ئېلىپ كېلىمەن، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ.

مىرزا ئۇلۇغبەگ سەييىدئەلى ئالپقا ئون نەپەر نۆكىرىنى قوشۇپ بەردى.

سەمەرقەنتكە قاراپ كېتىۋاتقان سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بىر۔دىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى. ھەئە، ئۇنىڭغا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلغانىدى.

«راست، مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى ئەجەب بىر گەپ قىلـ۔دى ـ يا؟ باشتا ئول قىممەت باھالىق سوۋغاتنى بىر مېنىڭ قو۔رۇقداپ مېڭىشىمنى تايىن تاپقانىدى. بىراق خوشلاشقاندا، ناۋادا ھىراتقا كەلگىلىرى كەلمىسە ئارىسالدى بولماي سەمەرقەنتتە تۇ۔

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇۋەرسىلە، دەيدۇ ـ يا؟ ئۇنداق بولسا مېنىڭ سەمەرقەنتكە بېرىپ بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدىغۇ؟ سەمەرقەنت ھاكىمى مىرانشاھ دورغا مەخسۇس قورۇقچى ئاجراتسا بولۇۋېرەتتىغۇ؟ ئۇنىڭ مېنى تۇيۇقسىز ھىراتقا ئېلىپ بارماسلىقىدا نېمە ئويى باردۇ؟ ياكى مېنى سەمەرقەنتكە بارغاندىن كېيىن يەنە يول جاپاسى تارتىپ ھىراتقا بېرىشتىن يالتىيىپ قالسا، خىجىل بولۇپ قالمىسۇن، دەپ شۇنداق دېدىمۇ ـ يا؟ ياق، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ كۆڭلىدە زادى بىر مۇددىئا بار. ياكى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپنى مەن ئارتۇقچە مۇلاھىزە قىلىپ كەتتىممۇ ـ يا...»

سەييىدئەلى ئالىپ ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەمەرقەنت ھاكىمى مىرانشاھ دورغىغا يازغان خېتىدە: «سەييىدئەلى ئالىپ سەمەرقەنتكە بارغان ھامان تۇتۇپ قاماققا ئېلىڭلار» دەپ پەرمان بەرگەنلىكىنى زىنھار خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. لېكىن مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنى تەڭ يولدىن سەمەرقەنتكە قايتۇرۇۋەتكەنلىكىگە كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. يول بويى بىر خىل گۇمان كۆڭلىدىن پەقەتلا نېرى بولمىدى، تۇيغۇلىرى ئۇنى سەمەرقەنتكە بارماسلىققا ئۈندەيتتى.

«بولدىلا، نېمانچە ئىچىمگە ئېلىپ كېتىمەن. ئەسلىدىمۇ مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن بىللە سەپەر قىلىشقا رايىم يوق ئىدى. يول بويى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پات ـ پات خىيال قىلىپ تۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىم قىزىق. ھە، بەلكىم ئۇ ماڭا شۇنچىۋالا ئىشىنىپ، كۆڭلىنى يېقىن تۇتقانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلۈمدىكى شەيتان ۋەسۋەسىسىنى، ئۆچ ـ ئاداۋەتنى بېسىۋالغاندىمەن. شۇنداق، ساڭا ئىشىنىپ دوستلۇق قولىنى سۇنغان ئادەمگە نىيىتىنى بۇزۇش ئەلۋەتتە نامەردىنىڭ پەيلىدۇر. بەلكىم ياراتقان ئاللاھ ئىگەم مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمنى راۋا كۆرمىگەندۇر. مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ مەردلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندۇر. ئەمدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بارمى-

غىنىم تۇزۇكمىكىن. ھىرات ئوردىسىدا ماڭا نېمە بار؟ خاقانى سە-
ئىد شاھرۇخ مىرزا كىمىم ئىدى؟ ھەئە، مېنىڭ بارار جايىم مو-
غۇلىستان ئوردىسى، تۇرپان تەختگاھى. ئول دەرگاھتا كېچە ـ
كۈندۈز يولۇمغا تەلمۈرۈپ تۇرغان بوۋام ـ مومام، ئاتا ـ ئانام،
قېرىنداشلىرىم بار. مىرزا ئۇلۇغبەگ ھىراتتىن يانغاندىن كېيىن
ئاندىن تۇرپانغا قايتىشلىرىغا ئىجازەت بېرىمەن دەيدۇ تېخى. ئۇ-
نىڭدىن كۆرە شۇ يەردىلا ئىجازەت بېرىۋەتسە بولماسمىدى؟ مىرزا
ئۇلۇغبەگ ھىراتتىن قاچان ياندۇ، ھىراتتىن يانغىچە قانداق
چۈشلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىن قانداق خىياللار كېچىدۇ.
راستىنلا تۇرپانغا قايتىشىمغا ئىجازەت بېرەمدۇ ـ يوق؟ خۇدا
ئۆزى بىلىدۇ، ناۋادا نىيىتىدىن يېنىۋېلىپ يەنە قاماقتا ئالسىچۇ؟
بۇنىڭغىمۇ بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە قېچىپ
كەتسەمچۇ؟ ھەي... تۇرپانغا قايسى يۈزۈم بىلەن يالغۇز يانارمەن؟
بابائى بۇزرۇكۇم، سىببە ئانام① قېنى كېلىنچىكىمىز؟ دەپ سو-
رىسا نېمە دەرمەن؟! زەينەپ بىبىنى ھەرەمدىن بۇلاپ قاچقىلى
بولسىدى كاشكى. لېكىن سەمەرقەنتتە ماڭا كۆمەكلىشىپ بېرى-
دىغان بىرمۇ ئادىمىم يوق. تۇرپاندىن بىللە ئېلىپ كەلگەن نۆكەر-
لىرىمنىڭ ھالى نېچۈك، بۇنىسى نامەلۇم. تەقدىر ـ ئىرادە شۇنداق
ئوخشايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، سەمەرقەنتكە بېرىپ بولغۇچە پەيتنى
تېپىپ قېچىپ كېتەي...»

سەييىدئەلى ئالپىنىڭ خىيالى چوڭقۇرلاشقانسېرى قېچىپ
كېتىش ئارزۇسى شۇنچە كۈچىيىپ كەتكەندى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىپ بىر قونالغۇغا چۈشكۈن قىل-
دى. سەييىد ئەلى ئالپ نۆكەرلەرنىڭ غىزا يەپ بولۇپ، سەمەرقەنت
ھاكىمى مىرانشاھ دورغىغا خەۋەر يەتكۈزگىلى كەتكەن ۋاقتىدىن
پايدىلىنىپ قونالغۇدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى. مىرانشاھ دورغى-
نىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلگەن نۆكەرلەر ئۇنىڭ قونالغۇدىن
چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. نۆكەرلەر ئۇنى ئەنە كېلىپ قالار،

① سىببە ئانا ــ چوڭ ئانا، موما.

مانا كېلىپ قالار دەپ خېلى ساقلاشتى. سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قىپچىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئەھۋالنى مىرانشاھ دورغىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يەنە دەرھال چېپىشتى.

سەييىدئەلى ئالپ ئاتلىق كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، تاشكەنتكە كېلىۋېلىپ سەل خاتىرجەم بولدى. مىنىۋالغان ئېتىنىڭ يەنە يول ماڭغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتنى تاشلىۋەتتى ـ دە، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويماسلىق ئۈچۈن جاھانكەزدى قەلەندەرلەرگە قوشۇلۇپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. قەلەندەرلەر بوي ـ بەستى تولىمۇ ئېگىز بۇ يېڭى ھەمراھىغا ئۇشتۇر ئابدال[2] دەپ لەقەم قويۇشتى. موغۇلىستان چېگرىسىغا يېقىنلاشقانچە سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قۇلىقىغا ھەرخىل مىش ـ مىش پاراڭلار كىرىشكە باشلىدى.

— قەشقەردە خوجا شەرىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ.

— نائىب ئەمىر سەييىد ئەھمەد مىرزىنى قەشقەردىن قوغلىۋېتىپتۇ.

— مىرزا ئۇلۇغبەگ خوجا شەرىپكە كۆمەكلىشىش ئۈچۈن سەمەرقەنتتىن بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپتۇ.

— ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئوغلىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇرپاندىن قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇدەك.

— پات يېقىندا سەمەرقەنت لەشكەرلىرى بىلەن ياغى بولغۇدەك.

— قەشقەر تىنچ ئەمەس، ئول تەرەپلەرگە ئۆتمىگەن تۈزۈك.

— ياغى بولىدىغان يەرگە بېرىپ نېمە بار.

— ھەي، بۇ خان ـ سۇلتانلارنىڭ ئاۋام بىلەن كارى يوق، ياغى قىلىسىلا بولدى.

— ...

سەييىدئەلى ئالپ بۇ ئەپقاچتى گەپلەرنى ئاڭلاپ دەسلەپ ئىشەنمىدى، لېكىن ئاتبېشىدىن ئۆتۈپ ئەركەشتامغا يېقىنلاشقانسېرى بۇ گەپلەر راست چىقىشقا باشلىدى. قەشقەرگە كەلگەندە بۇ

① ئۇشتۇر ئابدال — ئابدال تۆگە.

شۇم خەۋەر تولۇق ئىسپاتلاندى. قەشقەر كوچىلىرىدا چاندۇرماي تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، دادىسىنىڭ ئاقسۇدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، دەرھال ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

※ ※ ※

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد نەۋرىسىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى جىمـجىت تۇرۇپ ئاڭلىدى.

ــ ئاللاھنىڭ تەقدىر ـ پېشانىگە يازمىشىنى بەندىسىنىڭ ئۆزگەرتىشكە ئامالى يوقتۇر، ــ دېدى ئۇلۇسبېگى نەۋرىسىگە تەسەللى بېرىپ، ــ سىلىنى كۆز ئالدىمدا ساق ـ سالامەت كۆرۈپ تولىمۇ سۆيۈندۈم. نۇرغۇن ھەرەج تارتقان بولسىلىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا مۇشكۇلاتلاردىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپلا. مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى سىلىنىڭ يولۋاس بىلەن ئېلىشقان باھادىرلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز بېشىدىن چۆچۈپ قاپتۇ. شۇڭا سىلى بىلەن ھىرات سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رايى بارماي، ئاشۇنداق بىر سەۋەب كۆرسىتىپ تەڭ يولدىن سەمەرقەنتكە قايتۇرغان گەپ. ئەقىللىرىنى ئىشقا بۇيرۇپ قېچىپ كەلگەنلىكلىرى خويمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ. ناۋادا سەمەرقەنتكە بارغان بولسىلا، گەپ ـ سۆزسىز يەنىلا تۇتقۇنلۇققا ئەسىر بولاتتىلا. ئۇل چاغدا بول ۋەتەنگە يانماقلىرى بەسىي مۇشكۇل بولاتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ قەشقەرنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن سىلىنى تۇتقۇنلۇقتىن ھەرگىز ئازاد قىلمايتتى.

ــ مىرزا ئۇلۇغبەگنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىنىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، ــ ھىرات سەپىرىدە ئۇنىڭغا ھەرقاچان قول سالالىشىم مۇمكىن ئىدى. تېخى ئاشۇ ئاتا دۈشمىنىمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتىمەن دېسىلە.

ــ زىنھار بۇنداق خىيالدا بولمىسىلا ئەزىز ئوغلۇم، ــ دېدى ئۇلۇسبېگى، ــ ھەر بەندە قىلغان گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتماي

قالمايدۇ. زەينەپ بىبىنىڭ ئۇلۇغبەگ ھەرىمىگە بېرىپ قىلىشىدىكى بىرىنچى گۇناھكار ئەندىجان ئەمىرىدۇر، ھەم شۇنداقلا مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنىڭ تۇنجى سەۋەبكارى تۇزكور خوجا شەرىپتۇر. ناۋادا سىلى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىلا، ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىغا يىغىشتۇرۇپ بولغۇسىز نىزا ـ ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچقان بولاتتىلا، ھەمدە بۇ ئىش سىلىنىڭ باھادىرلىق پەزىلەتلىرىگىمۇ نۇقسان يەتكۈزەتتى. چۈنكى، ھىرات سەپىرىدە سىلى تۇتقۇن ئەمەس، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەپەرداش ھەمراھى بولۇپ مېڭىپتىلا. دېمەك، مىرزا ئۇلۇغبەگ سىلىگە دوستلۇق قولىنى سۇنۇپتۇ، دوستلۇق ئىزدەپ سۇنۇلغان قولنى دوستلۇق مېھرى بىلەن سىقىش كېرەككى، زىنھار قىلىچ تەگكۈزگۈلۈك ئەمەس. بۇنداق قىلىش توخۇ يۈرەك نامەردنىڭ ئىشى.

بوۋىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە سەيىيدئەلى ئالپ ئانچە قايىل بولمىغان بولسىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن لام ـ جىم دېمىدى. ئارىنى بىر پەس سۈكۈت باستى.

ـــ ئەمدى ساقلاپ ئولتۇرۇۋەرمەيلى، ـــ دېدى سەيىيدئەلى ئالپ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ـــ پەرمان چۈشۈرسىلە، دەرھال قەشقەرگە لەشكەر تارتايلى. قەشقەردىن سەمەرقەنت لەشكەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، بەتنىيەت خوجا شەرىپنى تۇتۇپ جەننەتماكان ئاتامنىڭ خۇن ـ قىساسىنى ئالايلى.

ـــ زىنھار ئالدىرىمىغايلا ئەمىرزادەم، ـــ دېدى ئۇلۇسبېگى بارماقلىرى بىلەن ساقىلىنى تاراپ تۇرۇپ، ـــ پازىللار ئېغىرلىق ـــ رەھمانلىق، يەڭگىللىك ـــ شەيتانلىق دەپتىكەن. ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئوبدان ئويلىنىپ كۆرەيلى.

ـــ ئاتا مىراس سۇيۇرغاللىق زېمىنىمىزنى باشقىلار ئالدىقاچان ئىگىلىۋالغان تۇرسا، يەنە ئويلىنىپ ئولتۇرامدۇق؟

ـــ ئاگال گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، ـــ دېدى ئۇلۇسبېگى تەمكىنلىك بىلەن، ـــ سىلىنىڭ ئوردىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن تازا خەۋەرلىرى يوق. شول تاپتا شاھزادە ئۇۋەيسخان ئوردىدىن

چىقىپ كېتىپ سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرىغا قاتتىق تەھلىكە سېلىۋاتىدۇ. ئوردىدا ئاسايىشلىق قالمىدى. خان ئالىيـ ـلىرىمۇ بىزگە ئىشەنمەس بولۇپ كەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگ بولسا تۆزكور خوجا شەرىپنىڭ ئەرزىمەس تەكلىپىنى باھانە قىلىپ قەشقەردە تۇمەن كىشىلىك لەشكەر تۇرغۇزۇۋالدى. ھازىر قەشقەرـ ـگە لەشكەر تارتساق ئۇل سەمەرقەنت لەشكەرلىرى ھەرگىز بىر ياندا قاراپ تۇرمايدۇ. ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشساق خاھى يېڭەيلى، خاھى يېڭىلەيلى، ئوخشاشلا بىز زىيان تارتىمىز. چۈنكى، ئۇلارنى يېڭىۋالساق مىرزا ئۇلۇغبەگ تېخىمۇ كۆپ لەشكەر ئەۋەتىشى مۇمـ ـكىن. ئۇل چاغدا پۈتۈن ئەس ـ يادى شاھزادە ئۇۋەيسخاننى يوقـ ـتىپ، موغۇلىستان تەختىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇشنى نىيەت قىلغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ شاھزادە ئۇۋەيسخانـ ـنى قوللىشىدىن ئەنسىرەپ سۇلھى تەلەپ قىلىشى، قەشقەرنى بېرىـ ـۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. ناۋادا قەشقەردىكى سەمەرقەنت لەشكەرلىرىـ ـدىن يېڭىلىپ قالساق، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان: «مەن سىلەرنى خوجا شەرىپنى جازالاشقا ئەۋەتكەن، سەمەرقەنت لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتمىگەن، ئارتۇقچە جەڭ قىلىپ قوشۇننى چىـ ـقىمدار قىلدىڭلار» دەپ بىزنى گۇناھقا جورىشى مۇمكىن. ھېچبولـ ـمىغاندىمۇ ئوردىدا ئابرۇيىمىز تۆكۈلىدۇ. دېمەك، سۇلتان شىرمۇـ ـھەممەدخان ئالىيلىرىدا ئىشەنچ يوق. ئۇنىڭ بىزگە بولغان ئىـ ـشەنچ ـ قوللىشىغا ھۆددە قىلالىغان بولساق ئىدۇق، ئۇل چاغدا كۆچاردا ساقلاپ ياتقان لەشكەرلىرىمىزنى دەرھال قەشقەرگە قاراپ يۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرگەن بولاتتۇق. شول كۆنلەردە خان بىزگە ئىشەنمەس، بىزمۇ خانغا كۆپ ئۈمىد باغلىيالماس بولۇپ قالدۇق. شۇڭا ئۆزىمىزنى ئوبدانراق دەڭسىۋالغىنىمىز ئەۋزەل.

— ئەمىسە شۇنداقلا قايتىپ كېتەمدۇق؟ — دېدى سەييىدئەـ ـلى ئالىپ بوۋىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە قايىل بولماي، — ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوقلا تۇرپانغا قايتىپ كەتسىلە، خان ئالىيـ ـلىرى سىلىنى قەشقەرنى قايتۇرۇۋالالماپسەن دەپ ئەيىبكە بۇيرىـ

www.uyghurkitap.com

ماسمۇ؟ سەركەردە ـ لەشكەرلەر، ئاۋام ـ رەئىيەت باھادىرلىقى ئالەمگە پۇركەتكەن ئۇلۇسبېگى تۇمەن كىشىلىك سەمەرقەنت لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا پېتىنالمىدى، قورقتى، جەڭدىن باش تارتتى دەپ پىتنە قىلماسمۇ؟

— بۇ ئىشلارغا سىلى باش قاتۇرمىسىلا ئەمىرزادەم، مەن قەشقەرگە خان يارلىقى بىلەن لەشكەر تارتىپ كەلگەن. خان يارلىق چۈشۈرمىگىچە ھەرگىز قايتمايمەن.

— ناۋادا خان ئالىيلىرى تۇرپانغا قايتىشلىرىغا يارلىق چۈشۈرمىسچۇ؟

— بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. خان ئالىيلىرى چوقۇم يارلىق چۈشۈرىدۇ. شول تاپتا خان ئالىيلىرى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ تەھلىكىسىدىن خاتىرجەم بولالماي تۇرغان ۋاقتىدا، شۇنچىۋالا لەشكەر بىلەن سىرتتا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشىمىزنى خالىمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، خان ئالىيلىرى بىزنىڭ شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن بىرلىشىۋېلىشىمىزدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدۇ. شول سەۋەبتىن يارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئۆي ئىچىنى تۇرپاندا تۇتۇپ قالغان. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق. خان ئالىيلىرى تۇرپانغا قايتىشىمىزغا يارلىق چۈشۈرسىلا ھېچكىم بىزنى سەمەرقەنت لەشكەرلىرىدىن قورقۇپ، جەڭ قىلماي قايتىپ كەتتى دەپ پىتنە قىلالمايدۇ، ئەمما قەشقەر بىر مەزگىل خەقنىڭ قولىدا تۇرۇپ قالىدۇ شۇ.

— ئىشقىلىپ مەن بەتنىيەت خوجا شەرىپتىن رەھمەتلىك پەدەرىمنىڭ قىساسىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرگىز تۇرپانغا قايتمايمەن، — دېدى سەيىدئەلى ئالپ جاھىللىق بىلەن.

ئۇلۇسبېگى نەۋرىسىنىڭ چىرايىغا يالت ئېتىپ قارىدى، كۆزلىرى مېھرلىك ئىدى. نەۋرىسىدىن رەنجىگەنلىك ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— ئول تۇزكور خوجا شەرىپتىن بۇ ھېسابنى ھامان ئالىمىز، — دېدى ئۇلۇسبېگى ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلەپ، — لېكىن

ھازىر ئەمەس. سىلىنىمۇ مەن بىللە تۇرپانغا قايتىشقا تەۋ-
سىيە قىلمايمەن.

سەييىدئەلى ئالىپ تەئەججۇپ بىلەن بوۋىسىغا قارىدى:

— بۇ... بۇ... نېمە دېگەنلىرى؟

— سىلى دەرھال شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قېشىغا بارىدىلا.

— ئۇل بەختى قارا قاچقۇن شاھزادىنىڭ قېشىدا نېمە بار
ماڭا؟ — دېدى يىگىت بوۋىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي، —
شاھزادىنى ئەل قىلدۇرۇپ كەل دېمەيۋاتقانلا ھەقچان؟

— ھازىرچە ئۇنداق مۇددىئايىمىز يوق، — دېدى ئۇلۇسبېگى
ھىيلە ـ مىكىرگە تولغان كۆزلىرىنى نەۋرىسىگە تىكىپ تۇرۇپ، —
شاھزادە ئۇۋەيسخان ياش بولغىنى بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت، ئىس-
تېدات ـ شىجائەتتە تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلى-
رىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بۈيۈك سەلتەنەتكە پاسىبان بولۇشقا ئۇ
ئەڭ مۇۋاپىق. ھازىر پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ، شاھزادە
قاچقۇنلۇقتا ياشاۋاتقىنى بىلەن ھامان بىر كۈنى تاجۇتەختنى قو-
لىغا ئالماي قالمايدۇ. شاھزادە تەختتە ئولتۇرسىلا ئۇلۇسبېگىلىك
شەۋكىتىمىزنى قايتىدىن نامايان قىلىپ، قەشقەرنى قايتۇرۇۋال-
ىمىز، مۇناپىق خوجا شەرىپتىن ئۆچىمىزنى ئالىمىز بىر-
دەملىكلا ئىش. بەلكىم شول چاغدا مىرزا ئۇلۇغبەگ بول تەسەر-
رۇپقا لەشكەر ئەۋەتىش تۇگۈل، كۆز تىكىشكىمۇ پېتىنالماسلىقى
مۇمكىن. شۇڭلاشقا سىلى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قېشىغا بېرىپ،
ئۇنىڭ سەلتەنەتنى تارتىۋېلىش ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولسىلا. بۇ
ئىش سىلىنىڭلا ئەمەس، جەمەتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۇ-
چۇنمۇ بەك مۇھىم. مەقسىتىم چۈشىنىشلىك بولدىمۇ ئەمىرزادەم؟

سەييىدئەلى ئالىپنىڭ كۆڭلى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.
ئۇ بوۋىسىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن قىلغان مۇلاھىزىلىرىگە
قايىل بولۇپ قالغانىدى.

— مۇددىئالىرى تولۇق ئايان بولدى. كالتە پەملىكىمنى كە-
چۈرگەيلا.

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇسبېگى رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ يولغا چىققاندا شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قېشىغا چاپارمەن ئەۋەتكەنىدىم. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، شاھزادىنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن، — ئۇلۇسبېگى قوينىدىن شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ خېتىنى چىقىرىپ نەۋرىسىگە تەڭلىدى، — مانا بۇ شاھزادىنىڭ يازغان خېتى، كۆرۈپ باقسىلا. شاھزادىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى قايتا ئەۋەتىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن، لېكىن بۇ ناھايىتىمۇ نازۇك ئىش بولغاچقا، ئالدىرىماي تۇرغانىدىم.

— مۇۋاپىق ئادەم تاپالماي تۇرۇپتىكەنلا ـ دە، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ خەتكە تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ.

— ھەئە، ئۆز پەرزەنتىمىزدەك كۆرۈپ ئەتىۋارلىغان خوجا شەرىپنىڭ قىلغان تۇزكورلۇقى بىزنىمۇ ئالدىراپ بىركىمگە ئىشەنمەس قىلىپ قويدى. مانا ئەمدى ياخشى بولدى. شاھزادىنىڭ قېشىغا بېرىشقا سىلى ئەڭ مۇۋاپىق كېلىلا. ئۇنىڭسىزمۇ ياش پەرقىڭلار ئۇنچە چوڭ ئەمەس. ئوتتۇراڭلاردا بالىلىق چاغلىرىڭلاردىن تارتىپ دوستلۇق بار، گەپ ـ سۆزلىرىڭلارنىڭ بىر يەردىن چىقىشى تۇرغانلا گەپ. شاھزادە سىلىنى كۆرسە بىزنىڭ بىلدۈرگەن دوستلۇق، ساداقىتىمىزگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ سىلىنى ئۆزىگە يېقىن تۇتىدۇ. سىلىنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگكە تۇتقۇن بولۇپ قالغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئىزتىراپ چەككەن، سىلىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە بارماقچىمۇ بولغانىدى. كېيىن مەرھۇم بۇزرۇك خاننىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن ئوردىدا يۈز بەرگەن بىر تالاي نىزالار سەۋەبلىك بۇ نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. شاھزادە بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن شاھزادىگە نەسىھەت قىلسىلا، زىنھار ئالدىراقسانلىق قىلمىسۇن. سەلتەنەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىپ پۇرسەت كۈتۈش كېرەك. ئوتتۇرىمىزدىكى بۇندىن كېيىنكى ئالاقە تولىمۇ

خۇپىيانە بولسۇن. سىلىمۇ كۆپ ئېھتىيات قىلسىلا.
— ئەمىسە قاچان يولغا چىقسام بولۇر؟
— ھازىرلا، — دېدى ئۇلۇسبېگى كەسكىنلىك بىلەن.
— ھازىرلا؟ — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن ھالدا، — مەن تېخى ئانام، قېرىنداشلىرىم بىلەن كۆرۈشمىگەن تۇرسام؟
— شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرلا يولغا چىقسىلا دەۋاتىمەن، — دېدى ئۇلۇسبېگى قەتئىيلىك بىلەن، — سىلىنىڭ سەمەرقەنتتىن قېچىپ كەلگەنلىكلىرىنى، بىزنىڭ كۆرۈشكىنىمىزنى ھېچكىم بىلمىسۇن. ناۋادا باشقىلار بىلىپ قېلىپ سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرى خەۋەر تاپسا، سىلىنى سوراپ قېلىشى چوقۇم. ئۇل چاغدا مېنىڭ جاۋاب بەرمىكىم تەسكە چۈشىدۇ. بۈيۈك مەقسەتلىرىمىز ئۈچۈن ئانىلىرى، قېرىنداشلىرى بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كەچسىلە.
سەييىدئەلى ئالىپ ئىلاجسىز بېشىنى ئەگدى.
— شاھزادىنى نەدىن تاپىمەن؟
— قوللىرىدىكى مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگەن چاپارمەن سىلىنى شاھزادىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدۇ. يولدا قاتتىق ئېھتىيات قىلسىلا. سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ خۇپىيە ـ پايلاقچىلىرى ھەممە يەردە بار.

## 6

تۇرپان.
موغۇلىستان خانلىرىنىڭ تۇرپاننىڭ ياز پەسلىدىكى چىدىغۇسىز ئىسسىق ھاۋاسىدىن دالدىلىنىش ئۈچۈن ياساتقۇزغان يەر

ئاستى ئوردىسى تولىمۇ سالقىن ئىدى. تەڭ كېچىگىچە قىلغان شارابىبازلىق، تاڭ ئاتقۇچە قىلغان ئىشقىۋازلىق تەسىرىدە كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن سۇلتان شىرمۇھەممەدخان مۇزدەك شەربەتنى توختىماي سۈمۈرەتتى، شۇنداقتىمۇ بېشىنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىشى، ئۇسسۇلۇقى بېسىلمايۋاتاتتى. ئىككى مەھرەم پەر ياستۇققا يۆلىنىپ يانپاشلاپ ياتقان خاننىڭ پۇت ـ قوللىرىنى يۇمشاق تۇتۇۋاتاتتى. يەنە ئىككى مەھرەم ئىككى يېنىدا تۇرۇپ غاز پېيىدا ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن توختىماي يەلپۈيتتى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بېشىنىڭ ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان چۈچىلىق توپچىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن تارتىپ سىلكىدى. شۇ ھامان سارايىنىڭ ئىشىكى سىرتىدىكى مىس قوڭغۇراق زىل ئاۋازدا جىرىڭلىدى. ھايال ئۆتمەي كوسا چىراي مەھرەم بېگى ئىككى پۈكلىنىپ كىرىپ كەلدى.

ــ لەببەي قىبلىگاھىم.

ــ ئىسسىققا چىدىمىدىم. يۇيۇندۇرۇڭلار، ــ دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان.

ــ قىبلىگاھىمنىڭ خىزمىتىگە غۇلام لازىممىكىن، كېنىزەكمىكىن؟

كېچىدىن بېرى ئۇبدانلا ئىشقىۋازلىق قىلىپ ھالىدىن كەتكەن سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ شۇ تاپتا كېنىزەكلەرگە زوقى يوقتەك قىلاتتى.

ــ غۇلاملار تەييار بولسۇن.

ــ باش ئۈستىگە.

مەھرەم بېگى چوڭقۇر تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن بېرى چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە خىزمەتكار ـ مەھرەملەرنى بۇيرۇيدىغان بولۇۋالغانىدى. ھەئە، يۇيۇنغاندىمۇ خىزمەتكار ئىشلىتەتتى. خالىسا ئۆزىنى كېنىزەك قىزلارغا، خالىسا ئاختا قىلىنغان غۇلام يىگىتلەرگە يۇيۇندۇراتتى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ھايال ئۆتمەي سارايغا مەھرەم بېگى يەنە پۈكلىنىپ كىرىپ
كەلدى:

ــ ئالىھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، مۇنچا تەييار بولدى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان مەھرەم يىگىتلەرنىڭ يۆلىشى بىد-
لەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. سارايدىن چىقىپ ئۈچ قەدەم كەڭ-
لىكتىكى دەھلىزنى بويلاپ يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەم ماڭغاندىن
كېيىن، قوش قاناتلىق نەقىشلىك ئىشىك كۆرۈندى. ئىشىك تۆ-
ۋىدىكى ئىككى خىزمەتكار چوڭقۇر ئېگىلگىنىچە ئىشىكنى ئاستا
ئاچتى. تاملىرى رەڭلىك كاھىشلار چاپلىنىپ بېزەلگەن ھاممام-
نىڭ تۆرىگە ئۇستىگە قات ـ قات كۆرپىلەر، چۆرىسىگە چىلتەك
تۇتۇلغان يىپەك ياپقۇچ سېلىنغان نەقىشلىك كات جايلاشتۇرۇلغا-
نىدى. بۇ كاتتا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان يۇيۇنغاندا يېتىپ ئارام
ئالاتتى، ياكى بەدىنىنى ئۇۋۇلىتاتتى. ھاممامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئون
ئادەم بىمالال سىغقۇدەك مەرمەر كۆلچەك بار ئىدى. كۆلچەككە يې-
ڭى ئۈزۈلگەن گۈل بەرگلىرى چېچىلغان بولۇپ، كۆلچەكتىكى
ھەم سوغۇق، ھەم سۈزۈك كارىز سۈيى ئاجايىپ رەڭدار كۆرۈنەت-
تى. ھاممامنى گۈل بەرگلىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدى قاپلىغانىدى.
خاننى يۇيۇندۇرۇش ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇرغان 17 ـ 18 ياشلار
چامىسىدىكى ئاختا قىلىنغان يىگىتلەر تېز ھەم سىلىق ھەرىكەت-
لەر بىلەن خاننى يېشىندۈرۈشكە باشلىدى. ھەمساتتىلا قىپيالىڭ-
غاچ بولغان شىرمۇھەممەدخان يىگىتلەرنىڭ يېتىلىشى بىلەن
كۆلچەككە چۈشىدىغان پەلەمپەيدىن ئاستا سۇغا چۈشتى. كۆكرى-
كىگىچە كەلگەن مۇزدەك سۇدا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان خېلىلا
راھەتلەنگەندەك قىلاتتى. يىگىتلەر ئۇنىڭ باش، چېكە، بويۇن،
غول، مۈرە، بىلەك، دۈمبە، يوتىلىرىنى ئۇۋۇلاپ يۇيۇشقا باشلىدى.

ئالاھازەل بىر چۆگۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە
ھاممامغا شىپىرلاپ كىرىپ كەلگەن ھەرەم بېگى كۆلچەكنىڭ لې-
ۋىگە كېلىپ قول باغلىدى:

ــ قۇدرەتلىك پاناھگاھىمغا مەلۇم بولغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئالەمچە بىر ھۆزۈرنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقان شىرمۇھەممەدخان كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ ھەرەم بېگىگە چەكچەيدى:

— سۆزلە!

— ئاقسۇدىن ئايغاقچى كەلدى ئانھەزرىتىم.

— باشلاپ كىرسۇنلار.

ھايال ئۆتمەي ھەرەم بېگى قەلەندەرلەر سىياقىدىكى ئايغاقچىنى باشلاپ كىردى. ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئېگىز بوي، كۆزلىرىدىن قۇۋلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ئايغاقچى كۆز ئالدىدىكى بۇ كارامەتكە ھەيران قالغان ھالدا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شەپقەتلىك قىبلىگاھىمغا ئېھتىرام بولغاي.

— خوش، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئايغاقچىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ.

— ئادالەتپاناھىمىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ ئاقسۇغا يېتىپ باردىم...

— ئەزمەڭنى ئەزمەي گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دە، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان قاپىقىنى تۈرۈپ.

— خوش، خوش، — دېدى قورقۇپ كەتكەن ئايغاقچى بېشىنى ئېگىپ، — ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرى ئاقسۇدا ئەمىرزادىسى سەييىد ئەھمەد مىرزىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. خان لەشكەرلىرى تېخىچىلا كۇچاردىن قوزغالغىنى يوق.

— بۇنىڭدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقانمەن، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تېرىكىپ، — ئۇلۇسبېگى ئاقسۇدا يوچۇن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتىمۇ، خۇپىيانە سۆھبەتلەر ئېلىپ باردىمۇ، شۇنى سۆزلە.

— پېقىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇلۇسبېگى چۈشكۈن قىلغان سارايىنىڭ دەرۋازىسىدىن نېرى كەتمىدىم. سارايغا ئىككى قېتىم قەلەندەر سىياق، بىر قېتىم سودىگەر سىياق كىشىنىڭ كىرىپ

كەتكىنىنى كۆردۇم، ئۇلار بىرەر ئاش پىشمىدىن ھايال بولۇپ يې-
نىپ چىقتى.
— تونۇيالىدىڭمۇ؟
— يوقسۇ، تونۇيالمىدىم.
— ئۇلار ئۇلۇسبېگى دەرگاھىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن
نەگە كەتتى؟
— پېقىر يېڭى ئەھۋال بولسا بىلەرمەن دەپ، ئۇلۇسبېگى
ھەزرەتلىرى چۈشكۈن قىلغان سارايىنىڭ دەرۋازىسىدىن نېرى كې-
تەلمىدىم، شۇڭا ئۇلارنىڭ نەگە كەتكىنىگە دىققەت قىلماپتىمەن.
— ئۇلۇسبېگى چۈشكۈن قىلغان سارايىنىڭ ئالدىغا باغلاپ
قويغان ئىت بوپسەن ـ دە، كالۋا!
بېشىدا ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئەلەڭگىگەن ئايغاقچى دىر ـ دىر
تىترىدى.
— ئاقسۇ، كۇچار، ئۇچ ئەمىرلىرى ھېلىمۇ ئاقسۇدىمۇ؟
— شۇنداق ئالىيلىرى. ئۇلار ھەر كۈنى ئۇلۇسبېگى ھەزرەت-
لىرى بىلەن بىللە. تېخى يېقىندا ياركەنت ئەمىرىمۇ يېتىپ كەلدى.
ئايغاقچىنىڭ بەرگەن جاۋابى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ
يۈرىكىنى ئېچىشتۇردى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ئەترا-
پىدا پايپېتەك بولۇپ تۇرۇشى ئاللىقانداق بىر شۇملۇقنىڭ ئالامى-
تىدەك تۇيۇلۇپ، كۆڭلىدىكى گۇماننى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلارنى
دەرھال يارلىق چۈشۈرۈپ مەنسەپتىن قالدۇرۇش ياكى ئوردىغا
يۆتكەپ كېلىپ، ئورنىغا يېڭى نائىب ئەمىر ئەۋەتىشنى كۆڭلىگە
پۈكتى.
— يوقال! — دېدى شىرمۇھەممەدخان ئايغاقچىغا قاراپ، —
بۇندىن كېيىن ئالدىمغا قۇرۇق گەپ كۆتۈرۈپ كەلگۈچى بولما.
دەرۋازا ئالدىدا لالما سەگدەك يېتىۋالماي، ئۇلۇسبېگىنىڭ خاس
مەھرەملىرىنىڭ ئىزىغا چۈش.
— خوش، خوش.
قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئايغاقچى ئۆملىگەندەك مېڭىپ چى-
قىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— شاھزادە تەرەپكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلاردىن خەۋەر يوقمۇ؟ — سورىدى شىرمۇھەممەدخان يا تۇرۇۋېرىشنى، يا چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەي ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغان ھەرەم بېگىگە قاراپ.

— تېخىچە جىمجىت، — دېدى ھەرەمبېگى ھودۇققان ھالدا، — بەلكىم ئۇلار شاھزادىنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى تاپالمىغان بولۇشى مۇمكىن. قۇدرەتلىك پاناھگاھىمىزنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەن شاھزادە چاشقاندەك ئىنىغا كىرىۋېلىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتسا كېرەك.

— قورۇق گەپ! — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان گۆرەن تومۇرلىرىنى كۆپۈشتۈرۈپ، — شاھزادە ئۇنداق توخۇ يۈرەكلەردىن ئەمەس. ئەۋەتكەن پايلاقچىلار دۈت ـ كالۋا بىر نېمىلەر.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ھەرەمبېگى.

— پەرمانىمنى يەتكۈز. مىرزا سالى بارلاس نەدىكى قولىدىن ئىش كەلمەس بىرنېمىلەرنى ئايغاقچىلىققا سالماي، تۈزۈكرەك ئادەم تاپسۇن. ئىككى ئاي ئىچىدە شاھزادىنىڭ ئېنىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلمىسە كاللىسىغا ھېزى بولسۇن. يوقال!

ھەرەمبېگى «خوش ـ خوش» دېگىنىچە كەينىچىلەپ چىقىپ كەتتى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئاستا كۆلچەكنىڭ لېۋىگە كېلىپ پەلەمپەيگە دەسسىدى. خاننىڭ كۆلچەكتىن چىقماقچى بولغانلىقىنى پەملىگەن يىگىتلەر ئۇنى قولتۇقىدىن يەم بىلەن يۆلىۋالدى.

## 7

سەييىدئەلى ئالپ بۇۋىسى قوشۇپ بەرگەن ئون نەپەر نۆكەر بىلەن ئاقسۇ شەھىرىدىن يەم بىلەن يېنىپ چىقتى ـ دە، ئالتۇن

تاغ، لوپ، تارىم ۋادىسىنى خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەپ يۈرۈپ، كېتىك شەھىرىدە شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن ئۇچراشتى.

ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئەڭ كاتتا شەھەرلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان كېتىك شەھىرى ھازىر پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلانغانىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان بۇ شەھەرنى ئاساسەن قۇم يۇتۇپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن شەھەر ئاھالىسى تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، ھاياتلىقتىن تۈزۈك نىشانە قالمىغانىدى. تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخانىنىڭ ئىز قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتكەن لەشكەر، كاللا كېسەرلىرىدىن، جاسۇس، پايلاقچىلىرىدىن قېچىپ تۈزۈك پاناھگاھقا ئېرىشەلمىگەن ئۇۋەيسخان ئاخىرى ئادەمزات ئاسانلىقچە ئاياغ باسمايدىغان بۇ خارابە شەھەرنى ماكان تۇتقانىدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن سەييىدئەلى ئالپ بالا چاغلىرىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، تۇرپاندىكى خانلىق مەدرىسەسىدىمۇ بىللە ئوقۇغان، لەشكىرىي ئىلىم، جانبازلىق ماھارىتىدىمۇ بىر ئۇستازدىن تەلىم ئېلىپ ئۆگەنگەن ھەمساۋاق دوستلاردىن ئىدى. ئىلگىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىللە ئوۋغا چىقاتتى، مەشرەپ، باراۋەتلەردىمۇ ئايرىلمايتتى. شاھزادە ئۇۋەيسخانىنىڭ دادىسى ـــ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىر كەبىرى مەرھۇم شىرئەلى ئوغلان سەييىدئەلى ئالپنى ئوغلى ئۇۋەيسخانىنى كۆرگەن كۆزىدە كۆرۈپ ئىززەتلەيتتى، قاتتىق تەلەپ قوياتتى. جانبازلىق، لەشكىرىي ئىلىم، ئۇرۇش سەنئىتى ھەققىدە ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزى تەلىم بېرەتتى. ئۇلارنى ھەر دائىم قولىدىن ئىش كەلمەس، قۇرۇق سۆلەت بەگزادىلەردىن بولۇپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇراتتى. بالا ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ جانبازلىق ماھارىتىنىڭ كۆپ جاپاسىنى تارتقان، نۇرغۇن قېتىم كاماندازلىق، شەمشەرۋازلىق، نەيزىۋازلىق، ئات چاپتۇرۇش ماھارىتىدە بەسلەشكەن بۇ دوستلارنىڭ بىر ـ بىرىگە چوڭقۇر دوستلۇق مېھرى بار ئىدى. ھەئە، ئۇلار ئەمىر

كەبىر شىرئەلى ئوغلانغا ئەگىشىپ موغۇللارغا قارشى ئېلىپ
بارغان بىرنەچچە قېتىملىق جازا يۈرۈشلىرىگە بىللە ئىشتىراك
قىلغانىدى. قىسقىسى، شاھزادە ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپنى
بىر تۇغقان ئاكىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. ئاشۇ ۋاقىتتا سەييىدئە-
لى ئالپ جامالىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغان ئەندىجان
گۈزىلى زەينەپ بىبىنىڭ ۋىسالىنى ئىزدەپ، مىرزا ئەھمەد ئەندى-
جانغا ئەگىشىپ توي قىلىش ئۈچۈن ئەندىجانغا ماڭغان ۋاقىتتا،
شاھزادە ئۇۋەيسخانمۇ قولداش بولۇپ بىللە بېرىشقا نىيەت قىلغا-
نىدى. لېكىن ئانىسى مەلىكە سۇلتان خاتۇن ئىجازەت بەرمىگەن-
لىكى ئۈچۈن ئىلاجسىز سەييىدئەلى ئالپنى ئۇزىتىپ قويۇشقا
مەجبۇر بولغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ سەييىدئەلى ئالپقا بەكمۇ ھەۋەس
قىلغانىدى. سەييىدئەلى ئالپ توي قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كې-
يىن، زەينەپ بىبى ئارقىلىق ئەندىجان گۈزەللىرىدىن بىرەرسى
بىلەن توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئەپسۇس، سەييىدئەلى
ئالپ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. كېيىنچە ئەندىجان ئەمىرى-
نىڭ زەينەپ بىبىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەرىمىگە ئەۋەتىپ بېرىپ،
سەييىدئەلى ئالپنى زىندانغا سالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ تولىمۇ
ئىزتىراپقا چۈشتى. ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ قەسىرىگە كېلىپ
سەييىدئەلى ئالپنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى مۇراجىئەت قىلدى، ھەت-
تا دوستىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە بارماقچى-
مۇ بولدى. بىراق شۇ كۈنلەردە بوۋىسى سۇلتان مۇھەممەدخان تۇ-
يۇقسىز قازا قىلىپ، ئوردىدا تەخت كۈرىشى باشلاندى. شاھزادە
ئۇۋەيسخان كۈتمىگەندە بۇ كۈرەشكە بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇسبېگىمۇ، شاھزادىمۇ سەييىدئەلى ئالپنى قۇ-
تۇلدۇرۇپ كېلىش خىيالىدىن بىر مەزگىل ۋاز كېچىشكە مەجبۇر
بولدى.

ھەئە، شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن سەييىدئەلى ئالپ قۇچاق-
لىشىپ كۆرۈشتى. كۆرۈشمىگىلى بىر يىلدىن ئاشقان دوستىنى
كۆرۈپ شاھزادە ھەم خۇشال بولدى، ھەم كۆڭلى بىر قىسمىلا بو-

لۇپ قالدى. ئۇ سەييىدئەلى ئالپ بىلەن بۇ يەردە، بۇنداق ھالەتتە كۆرۈشۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەر، خۇپىيە ـ پايلاقچىلاردىن قېچىپ توختىماي ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكىلىش، يوشۇرۇنۇش، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك شاھزادە ئۈۋەيسخاننى ئوبدانلا جۇدەتكەنىدى. ئۇ سەييىدئەلى ئالپقا بىراقلا ئون ياش چوڭىيىپ قالغاندەك، شۇنداقلا خېلىلا پىشىپ تاۋلانغاندەك تۇيغۇ بەردى. ئىلگىرىكى غەمسىز، خۇش چاقچاق، بەزمە ـ باراۋەتكە ئامراق ھەم قارام شاھزادە ھازىر خېلىلا ئېغىر ـ بېسىق، تۇرگۇن بولۇپ قالغانىدى. ئىلگىرىكى بىپەرۋالىق، شوخلۇق بالقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ئەمدىلىكتە ئويچانلىق، تەمكىنلىك، ھارغىنلىق ھەم بىرئاز غەمكىنلىك بالقىپ تۇراتتى. ئىككى يىگىت خاس ئولتۇرۇپ ئۇزاق پاراڭلاشتى. بىر يىلدىن بېرى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىشتى. بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشتى، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

— ھەي ئىسىت، سىلى تۇرپاندىن ئەندىجانغا ماڭغان كۈنلەردە، ئەمىرزادەم زەينەپ بىبىنى ئەمرىگە ئېلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زەينەپ بىبى ئارقىلىق خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەندىجان گۈزەللىرىدىن بىرەرسىگە ئۆيلىنەرمەن، دەپ ئارمان قىلغانىكەنمەن. مانا ئەمدى ئۇل ئارمانلار كۆپۈككە ئايلاندى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپنى كۆرۈپ ئىلگىرىكى غەمسىز چاغلىرىغا قايتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان شاھزادە چاقچاق قىلىپ.

سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىنىڭ بۇ چاقچىقىغا ئۆزىنى ھەرقانچە زورلاپ باقسىمۇ كۈلەلمىدى. ھەئە، بۇ چاقچاق ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويغانىدى.

— ئاللاھ ئىگەم بۇيرۇمىغانىكەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇپ، — تەقدىر ـ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولسا، ئەندىجان گۈزەللىرى بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالماس.

شاھزادە ئۈۋەيسخان ئويلىمايلا چاقچاق قىلىپ قويغىنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



پۇشايمان قىلدى.

ــ مېنى كەچۈرسىلە ئەمىرزادەم. قاملاشمىغان گەپنى قىلىپ دىلخەستىلىكلىرىنى قوزغاپ قويدۇم. ياراتقان ئىگەم سىلىگە ئول ئەندىجان گۈزىلىدىن قېلىشمىغۇدەك جانان نېسىپ قىلغاي.

ــ ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ چىرايىغا سۈس تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ.

ئىككى يىگىت بىر پەس جىمىپ قېلىشتى. سەييىدئەلى ئالىپنىڭ بىردىنلا مۆگىلىنىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، ئۈۋەيسخان ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

«قىلىدىغانغا چاقچاق تاپالمىغاندەك نېمىشقىمۇ زەينەپ بىدىبىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغاندىمەن يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ، ئاشۇ مەھبۇبە ئۈچۈن تارتقان جاپاسى ئازمىدى ئەمىرزادىنىڭ...»

ــ ئەھۋالىمىز مانا مۇشۇنداق، ئۆز ئېلىمىزدە يۇرت قويغۇدەك يەر تاپالماي قاچقۇن بولۇپ يۈرۈۋاتىمىز، ــ دېدى شاھزادە ئۈۋەيسخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ، ــ تۇرغان دەرگاھىمىز مانا مۇشۇ خارابە شەھەر. بوران، يامغۇردىن پاناھلانغۇدەك تۈزۈك بىر كەپىمىزنىڭمۇ تايىنى يوق. تەقدىرنىڭ رەھىمسىز بورانلىرى يەنە نەگە ئاپىرىپ، نەگە تاشلايدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمىز.

ــ زىنھار ئۈمىدسىزلەنمىگەيلا شاھزادەم، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ دوستىغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ، ــ ئۈمىدسىزلىك ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى، شۇنداقلا ھەرقانداق بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىنايەتلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە ھەققى، ئاللاھ ئىگەمنىڭمۇ بەندىسىنىڭ تەلىپىنى ئىجاۋەت قىلماسلىققا ۋەدىسى يوقتۇر. تەلەپ قىل، سەۋەب قىل دەپتىكەن ئاتا ـ بوۋىلار. شىجائەت كەمىرىنى بېلىمىزگە مەھكەم باغلىساق، كۆڭلىمىزگە پۈككەن بۈيۈك ئىشلىرىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىزغا ئاللاھ مەدەتكار بولغۇسى.

ــ ئاشۇ كۈنلەر تېزرەك كەلسىكەن ئىلاھىم.

— كېلىدۇ، چوقۇم كېلىدۇ. شول تاپتا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئۆزىنى ئاجايىپ غالىب چاغلاپ، مەغرۇرلىنىپ جاھانغا پاتماي قېلىۋاتىدۇ. سەن ئەمەس، مەن دەۋاتىدۇ. لېكىن ئەبەدىلئەبەد ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. جاھاننىڭ تاماشاسىنى بىر كۈن ئەيسا ئوينىسا، بىر كۈن مۇسا ئويناي‌دىغانلىقىنى ھەممە بىلىدۇ. چۈنكى، بۇ جاھاننىڭ ئىگىسى بار.

— ئەينى مۇددىئا، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ھاياجانلانغان ھالدا، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۈمىدسىزلىك دالىسىدا تەمتىرىگىنىم، ئۆزۈمنى غېرىب، يېگانە ھېس قىلغىنىم راست. شۇ تاپتا ئەمىرزادەم باشقىچە ئۈمىد، كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئەمدى بول شەھىرى كېتىكنىڭ خارابىسىدا خام خىيالغا ئەسىر بولۇپ يېتىۋەرمەي، يۇرت ئىچىگە كىرەيلى. ئاۋام ئارىسىدىن يارامىلىق ئەزىمەت يىگىتلەرنى تېپىپ ئالتۇن تاغ، تارىم، لوپ، كۆنچى ۋادىسىدىمۇ بولسا ئىش تەۋرەتكەچ تۇرايلى.

— مېنىڭ خىيالىممۇ شۇ، — دېدى سەيىدئەلى ئالپ، — گەرچە بول ۋادىلار ئاستانىدىن يىراق، ئاھالىسى شالاڭ بولسىمۇ، ئادەملىرى مەرد، ۋاپادار، ئېسىل كىشىلەردۇر. ئەينى يىللاردا جەننەتماكان سۇلتان خىزىر خوجا خان ئالىيلىرىغىمۇ مۇشۇ ۋادىلاردىكى ئاۋام باشپاناھ بولۇپ، رىياكار ئەمىر قەمەرىددىننىڭ پايلاقچى، كاللا كېسەرلىرىنىڭ قەستىدىن ساقلاپ قالغانىكەن. ئىشىنىمەنكى، ئەمدىلىكتە ئۇلار چوقۇم سىلىگە ئەگىشىدۇ. يېقىندىن بېرى سىلىنى ئىزدەش جەريانىدا شۇنى سەزدىمكى، بۇ ۋادىلاردىمۇ سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ جاسۇس، خۇپىيە، ئايغاقچىلىرى ئىتنىڭ قۇرتىدەك مىغىلداپ كېتىپتۇ، شۇڭا تەدبىر بىلەن پۇختا ئىش كۆرەيلى. ئۇلار بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى زىنھار سەزمىسۇن. بىخۇدلىشىپ خان خوجىسىغا سىلىنى غايىب بولدى، قورقۇپ باشقا ئەللەرگە كەتتى، تاجۇتەخت داۋاسىدىن ۋاز كەچتى، دەپ مەلۇمات بەرسۇن. ئىشقىلىپ ئۇلار قانچىلىك بىخۇدلىشىپ غەپلەتتە قالسا، بىزگە پايدىلىق. بابائى بۇزرۇك ئۇلۇسبېگى ھەز-

رەتلىرى ئاقسۇدا ئۇزاق تۇرماسلىقى مۇمكىن. سۇلتان شىرمۇ-
ھەممەدخان ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ گۇمانلىنىپ ئۈركۈپ تۇرغاندا،
قەشقەرگە ئەۋەتكەن جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننى پات يېقىندا
ئاستانىگە قايتۇرۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بابائى بۇزرۇك بىلەن ئالاقى-
لىشىش ھەمدە ئوردا ۋەزىيىتىدىن پات ـ پات خەۋەر تېپىپ تۇ-
رۇش ئۈچۈن تۇرپانغا يېقىنراق جايغا يۆتكىلەيلى.

ــ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىلا ئەمىرزادەم، ــ دېدى
شاھزادە ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالىپنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ــ
لوپ ۋادىسىغا يۆتكىلەمدۇق؟

ــ مېنىڭچە ئۇدۇل ئاستانىگىلا بارايلى، ــ دېدى ئۇلارنىڭ
قېشىغا ئۇسۇپلا كىرگەن سەركەردە بوران خوجا گەپكە قوشۇق
سېلىپ، ــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى ئىچىدىن ماسلاشسا، بىز
تېشىدىن ھۇجۇم قىلساق، گەپ ـ سۆز يوق ئاستانىنى قولىمىزغا
ئېلىپ، سۇلتان شىرمۇھەممەدخاندىن تەختنى تارتىۋالالايمىز.
قانداق دېدىم ئەمىرزادەم؟ شۇ ئاي ـ شۇ كۈنلەردە ئۈچىدىن قاچ-
قان توشقاندەك قېچىپ ـ مۆكۈپ يۈرۈپ، ئىچىم بەكلا سىقىلىپ
كەتتى. قانغۇدەك بىر قىر ـ چاپ قىلسام خۇماردىن چىقاتتىم.

سەييىدئەلى ئالىپ سەركەردە بوران خوجىغا ھەم ھۆرمەت،
ھەم قايىللىق بىلەن نەزەر تاشلىدى.

ــ سەركەردە جانابلىرىنىڭ باھادىرلىقىغا پۈتكۈل جاھان قا-
يىل، لېكىن دانىشمەنلەرنىڭ ئۆگۈتلىرىدە مەقسەت ئۇقىنى تەد-
بىر ياسىدا ئاتسا دەل تېگىدۇ دەيدىغان ھېكمەت بار. بابائى بۇز-
رۇكتىن ئاڭلىشىمچە، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئاستانىنىڭ
مۇھاپىزىتىنى بەكلا كۈچەيتىۋېتىپتۇ. ھازىرلىقلىرى ئىنتايىن
پۇختا ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەركەردىلەرنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق
قىلىشىدىن ۋايىم يەپ، ئۇلارنىڭ بىرەردىن پەرزەنتلىرىنى ئوردا
يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىدۇ دېگەن باھانە بىلەن ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپ،
نەزەربەند قىلغان ھېساپتا ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بابائى بۇز-
رۇكنىڭ مېنى بۇيانغا ماڭغۇزار ۋاقتىدا، شاھزادە ئالىيلىرىغا ئال-

دىراقسانلىق قىلماسلىقنى، پەيت، پۇرسەت كۈتۈشنى، تەييارلىقنى پۇختا قىلىشنى تاپىلىشمىنى ئالاھىدە جېكىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك. پەمىچە، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ھازىر قاپ-قاننى قۇرۇپ قويۇپ، ئولجىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ھېيىلىگەر ئوۋچىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھازىر كۈتۈۋاتقىنى شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ سەۋرسىزلىكى. شۇڭا قاراپ تۇرۇپ ئۆز ئايىغىمىز بىلەن قاپقانغا دەسسىسەك بولماس. ئاگال لوپ ۋادىسىغا بارايلى، چاپارمەن ئەۋەتىپ بابائى بۇزرۇك بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرايلى، مەسلىھەت، تەدبىرلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى. خاتىرجەم بولسىلا جانابى سەركەردە، راسا خۇماردىن چىققۇدەك قىر - چاپ قىلىدىغان پەيتلەر ھامان كېلىدۇ، — سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادىگە قاراپ چاقچاق قىلدى، — بول دەرگاھتا ھەرقانچە نامراتلىقتا ياشىسىلىمۇ مېھماننى غىزاسىز كۈتۈۋالمايدىغانلا ئالىيلىرى، قورساقلار ناغرا چالغىلى نەۋاق؟

— شۇنداق قىلايلى. بىزنىڭ قورسىقىمىزدا بىر ناغرا بولغىنى بىلەن ئەمىرزادەمنىڭ قورسىقىدا ئىككى ناغرا بار، چۈنكى، بوي - بەستى ئىككى كىشىلىك كېلىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان قاقاھلاپ كۈلگىنىچە.

— راست دەيدىلا شاھزادەم، خۇراسان تاغلىرىدا مىرزا ئۇلۇغبەگنى چۆچۈتكەن بوي تۇرسا بۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ خىرىلداپ كۈلۈپ.

— شۇنىڭغا ھەيرانمەن ئەمىرزادەم، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان كۈلكىسىنى توختىتىپ، — نېمىشقا ئاشۇ چاغدا يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ مىرزا ئۇلۇغبەگنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولغىيتىلە، ئۇ سىلىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي رەقىبلىرى تۇرسا.

— بۇ ئىشقا ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بەلكىم ئۇ چاغدا ھەر ئىككىلىمىزگە خىرىس قىلىپ ئېتىلىپ كەلگەن يىرتقۇچنى كۆرۈپ، يېنىمدىكى ھەمراھىمنىڭ ئەشەددىي رەقىبىم ئىكەنلىكىنى ئېسىمدىن چىقىد-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



رىپ قويغان ئوخشايمەن. ئاشۇنداق قىسمەتكە مەن ئەمەس، سىلى يولۇقسىلىمۇ، ئەجەل ئوقىنى رەقىبلىرىگە ئەمەس، يولۋاسقا ئاتقان بولاتتىلە.

— دۇرۇس، — دېدى شاھزادە قايىل بولغان ھالدا، — ۋۇجۇدلىرىدىكى مەردلىك، ئادىمىي پەزىلەت ئاداۋەتخورلۇقتىن غالىب كەلگەن گەپ. ھەقىقىي باھادىر ئەزىمەت دېگەن رەقىبىنى قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا پايلىمايدۇ. بۇنداق قىلىش قورقۇنچاق، نامەرد، توخۇ يۈرەكلەرنىڭ پەيلى. قىساسخورلۇق باشقا، مەردۇ مەردانىلىق باشقا. ھەر ئىككىلىسىنىڭ نامايان قىلىدىغان پەيتى، سورۇنى بولىدۇ.

— مېنى چۈشەنگەنلىكلىرىگە رەھمەت ئالىيلىرى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

— سەمەرقەنت، خۇراساننىڭ يولۋاسلىرىمۇ بىزنىڭ تارىم يولۋاسلىرىدەك بارمىكەن ئەمىرزادەم؟ — قىزىقىپ سورىدى سەركەردە بوران خوجا.

— سىلى ئۇ تەرەپنىڭ يولۋاسلىرىنى مۈشۈكتەك بارمىكىن دەپ قالغان ئوخشىمامدىلا سەركەردە؟ — سورىدى شاھزادە چاقچاق قىلىپ.

— يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، — دېدى سەركەردە بوران خوجا ئوڭايسىزلىنىپ، — ھەر يۇرتنىڭ يولۋىسى ئوخشىمايدۇ ـ دە، ئىشەنمىسىلە قاراپ باقسىلا ئەمىرزادەمنىڭ بوي ـ بەستىگە.

— شۇڭىمۇ يولۋاستىن ئانچە چۆچۈپ كەتمىگەن مىرزا ئۇلۇغبەگ ئەمىرزادەمدىن چۆچۈپ كەتكەن گەپ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىمۇ چاغلىقلا ئادەمكەن، — دەپ غودۇڭشىدى سەركەردە بوران خوجا، — جېنىغا ئارا تۇرغان ئادەمنى ئەتىۋارلاپ يېنىدا ساقلىماقتا يوق، ئەرزىمەس باھانە بىلەن قايتۇرۇۋەتكىنىنى كۆرمەمدىغان.

بوران خوجا گەپنى دەپ بولۇپ، دەرھاللا خاتا سۆزلەپ قالغى-

نىنى ھېس قىلدى ـ دە، سەييىدئەلى ئالپقا قاراپ ئىزاھات بەردى:
ــ يەنە گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا ئەمىرزادەم. بىر ھېسابتىنغۇ مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ قىلغىنىمۇ ياخشى بوپتىكەن. بولمىسا سىلى بىلەن بۇ دەرگاھتا كۆرۈشۈش نېسىپ بولماس ئىدى.
ــ ھە، ماۋۇ گەپلىرى جايىدا بولدى سەركەردە، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان بوران خوجىغا قايىللىق بىلەن قاراپ، ــ گەپ ـ سۆزدە بۇنچە ئاۋايلاپ كەتمىسىلىمۇ بولىدۇ. ئەمىرزادەمنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى ئۆزىنىڭ بويىدىنمۇ ئېگىز.
ــ نەدىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى ئېگىز دەيدىغان گەپ بار شاھزادەم؟ ــ دېدى بوران خوجا خىرىلداپ كۈلگىنىچە، ــ كەڭ دېسىلە مۇنداق.
ــ ئەسلىدە شۇنداق دېمەكچىدىم، لېكىن مەقسەتنى ئەمىرزادەمنىڭ بويىغا تەققاسلاپ سۈپەتلىگۈم كەلدى ـ دە.
ئۇلار چاقچاق قىلىشقاچ تاماق يېيىش ئۈچۈن داستىخان راسلانغان چېدىرغا قاراپ مېڭىشتى. چېدىرنىڭ يان تەرىپىدە نۆكەرلەر بايىلا ئوۋلاپ كەلگەن بۇغا گۆشىدە كاۋاپ قىلىۋاتقان بولۇپ، ئەتراپنى مەززىلىك كاۋاپ ھىدى قاپلىغانىدى.

## 8

بۇ يىل تۇرپان شەھىرىگە كۆكلەم يىللاردىكىدىن بۇرۇن كەلدى. تېخى نورۇز بايرىمىغا يەنە ھەپتە ۋاقىت بولسىمۇ، زېمىننى ئاسىنى ياساندۇرۇشقا ئالدىرىغاندەك ئۆرۈكلەر چېچەكلەپ، سۆگەتلەر چوكانتال بولۇپ، چىم، تۆت قولاق ۋە ئاللىقانداق ئۆسۈملۈكلەر كۆكلەپ، بۇغداي ئېتىزلىرى نورۇزلۇق پاياندازى بولماقچى

بولغاندەك كۆكىرىپ، بۇ سەلتەنەتلىك شەھەرنى باشقىچە گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. بىر ئاي بۇرۇن باشلانغان نورۇزلۇق كۆك مەشرىپى، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چەۋگەن، چېلىشىش، جانبازلىق، شىر ئويۇنى، سارغايدى، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇرۇش قىزىپ كەتكەنىدى. ھەرخىل تەبىقىدىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ چېھرىدە بايرام كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى. مەرد، ئاق كۆڭۈل، سەنئەتخۇمار تۇرپان خەلقى يىلنىڭ بېشى، ئىشنىڭ بېشى ھېسابلىنىدىغان نورۇز بايرىمىنى ئەسىرلەردىن بېرى ئاجايىپ كاتتا ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەنىدى. ھەممە ئائىلىلەر ئۆي، ھويلا ـ ئاراملىرىنى سۈپۈرۈپ، يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ، گىلەم ـ كىگىزلىرىنى قېقىپ، بايراملىق كىيىملىرىنى، ھەتتا توققۇز خىل دانلىق زىرائەتلەردىن ئېتىلىدىغان نورۇز ئاشلىرىنىڭ خۇرۇچلىرىنىمۇ تەييارلاپ بولغانىدى. شەھەر كوچىلىرى كۈندۈزى جاڭبازلار، سېركچىلەر، سېھىرگەرلەرنىڭ ئويۇنلىرى، ۋائىز ـ مەدداھلارنىڭ جەڭنامە، ھېكايەتلىرى بىلەن، كېچىسى ياش بالىلارنىڭ قاپاق كۆيدۈرۈپ توۋلىغان نورۇز قوشاقلىرى بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تازىلانغان شەھەر كوچىلىرى پاكىز، ئازادە كۆرۈنەتتى.

ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك كارىز سۇلىرى ئېقىپ تۇراتتى. پەقەت تۆمۈرچىلىك، تىككۈچىلىك دۇكانلىرىدىكى ئۇستا ـ شاگىرتلار كۆڭۈل ئېچىشلاردىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇلار كەتمەن، ساپان، ئوتىغۇچ... قاتارلىق دېھقانچىلىق قوراللىرىنى سوقۇش، خېرىدارلارنىڭ بۇيرۇتقان بايراملىق كىيىملىرىنى تىكىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. گەزمال سودىگەرلىرى شايى، ئەتلەس، تەتىللا، سەگەز، چەكمەن، مەخمەل، دۇخاۋا، خەسە... رەختلەرنى توپ ـ توپى بىلەن كەلتۈرگەن بولۇپ، دۇكانلىرى سودا ـ سېتىق بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى...

خېلىدىن بېرى خۇپىيە، پايلاقچىلىرىدىن شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ موغۇلىستان تەۋەسىدىكى يۇرتلارنىڭ بىرەرسىدە ھەرىكەت

ئېلىپ بارغانلىق توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات تاپشۇرۇپ ئالمى-
غان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان شۇ كۈنلەردە خېلىلا خاتىرجەم بو-
لۇپ قالغانىدى. شەھەر دەرۋازىسىغا قارايدىغان قاراۋۇللارمۇ شە-
ھەرگە كىرىپ ـ چىقىدىغانلارغا قارىتىلغان تەقىپنى خېلىلا بو-
شاشتۇرۇپ قويغانىدى. تۇرپان شەھىرىدە نورۇز بايرىمىنىڭ يې-
قىنلىشىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، باشقىچە ئازادىچىلىك ھۆكۈم
سۈرۈشكە باشلىغانىدى.

ئاخشام نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن شەھەرگە كىرىپ، كېچىدىن
كارۋان سارىيىدا تۈنىگەن ئۈچ نەپەر سودىگەر بۈگۈن ئەتىگەندە
ئالدىرىماي ناشتا قىلىشتى، ئاندىن ماللىرىنى هارۋىغا رەت ـ رې-
تى بىلەن تىزىپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنى ئايلى-
نىشقا باشلىدى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇرا بوي، سې-
مىزرەك، ئاقپىشماق كەلگەن يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش ياشلار چا-
مىسىدىكى يىگىت قويۇق قەشقەر شېۋىسىدە ماللىرىغا خېرىدار
چاقىرىپ توۋلايتتى:

ـــ قەشقەرنىڭ ئۆتۈك، مەسە ـ كالىچى، خوتەننىڭ قاشتېشى
بېزىكى، ياركەنتنىڭ يىپەك رومىلى، ھىندىستاننىڭ ئىپار ـ
ئەنبىرى، ھىراتنىڭ ئەتىرى، سەمەرقەنتنىڭ سۈرمىسى، ئەندى-
جاننىڭ چاچ تەگگە جالاسى، ئالمىساڭمۇ قايلاپ قوي ئوغاۋاللا!
چوكىنىڭغا نورۇزلۇق، قىز ـ غۇنچەڭگە نورۇزلۇق، مېھرىبان ئا-
نالىرىڭغا نورۇزلۇق، كۆيۈمچان ئىگىچە ـ سىڭىللىرىڭغا نورۇز-
لۇق. قايلاپ قوي، قاش ـ كۆزۈڭنىڭ توپىسىنى قېقىۋېتىپ قايلاپ
قوي! قايلىغانغا پۇل ئالمايمەن. بۈگۈن ئامماي ئەتە كېلىپ سورى-
ساڭ يوق دەيمەن! ئەمدى كەتسەم كەلمەيمەن!...

كەكە ساقىلىغا ئاق كىرگەن ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى
كىشى بىلەن، بېشىغا سەرپۇش تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان،
ياشلىقىغا قارىماي قاپقارا ساقىلىنى ئۆستۈرۈۋالغان، بىر قاراشتا
ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەندەك كۆرۈنىدىغان يىگىت خېرىدارلارغا
تۈزۈك گەپ قىلمايتتى، سودا ـ سېتىققىمۇ ئانچە بەك ئارىلىشىپ

uyghurkitap.com

كەتمەيتتى. ياش يىگىتنىڭ جاراڭلىق ئاۋازدا سەنئەتلىك تۇۋلاشلىرى كىشىلەرنى جەلپ قىلاتتى. ھارۋىدىكى ماللار پۈتۈنلەي ئايال كىشىلەرگە لازىملىق بۇيۇملار ئىدى. ئۇلار بايلار، ئەمەلدارلارنىڭ ھەشەمەتلىك قەسىر ـ سارايلىرىنىڭ ئالدىدا توختاپ خېرىدار چاقىرىشاتتى، قەسىر ـ ساراي دەرۋازىسىدىكى قورۇقچىلارنىڭ قېشىغا كېلىپ سوراپ باقاتتى.

— ئىچكىرىگە كىرىپ سوراپ باقامىلا، ئاغىچا خېنىمغا، خان خېنىملارغا نورۇزلۇق ماللار لازىممىكىن؟

گاھى قەسىرلەردىن ھېچكىم چىقمايتتى، گاھى قەسىرلەردىن ئاغىچا خېنىملار قىزلىرىنى، ئايال خىزمەتكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشاتتى. ئۇلار كۆن چۈش بولغىچە ئەنە ئاشۇنداق ئايلىنىپ مېڭىپ ئۈچكۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى ئەمىر كەبىر قەسىرىنىڭ ئالدىدا توختاشتى. قارا ساقاللىق يىگىت قەسىر دەرۋازىسىغا قارايدىغان بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىپ تەۋازۇ بىلەن سالام قىلدى.

— بوۋا، ئىچكىرىگە كىرىپ ئاغىچا ئايىمدىن سوراپ باقامدىلا، نورۇزلۇق ئالىدىغان كەم ـ كۈتىلىرى بارمىكىن؟

ئاپتاپسىنىپ مۈگدەپ ئولتۇرغان بوۋاي خۇشياقمىغان ھالدا بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئېرىنچەكلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەلىكە سۇلتان ئاغىچا لازىمەتلىكلىرىنى تەقلەپ بولغان، باشقا دەرگاھنىڭ قوۋۇقىنى قېقىپ باقسىلا بالام.

قارا ساقاللىق يىگىت بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ يېلىندى:

— ئاگال كىرىپ سوراپ باقسىلا، بەلكىم يەنە لازىملىقلىرى چىقىپ قالۇر.

بوۋاي تەرسالىق بىلەن قاپىقىنى تۈردى:

— دېدىمغۇ سىلىگە، بىزنىڭ ئاغىچا ئايىم ئايەملىك سودىلىقىنى قىلىپ بولغان، كىرىپ مەلۇم قىلساممۇ بىكار.

— ھەقىچان مەلىكە ئايىمنى ئاۋارە قىلغىلىرى كەلمىدى

بولغاي، ئەمسە مۇنداق بولسۇن، مەن ماللىرىمنى ئاغىچا ئايىمـ-
نىڭ ئالدىغا ئۆزۈم ئېلىپ كىرەي. مېنى قەسىرگە كىرگۈزۈۋەت-
سىلە.
— ئەجەبمۇ بىر بۇدۇشقاق ئادەمكەنلا، — دېدى بوۋاي غو-
دۇراپ، — كىرگىلىرى بولسا كىرىۋەرسىلە. تۇججار[①] خەق دېگەن
ئاجايىپ بولىدىكىنا. ماللىرىنى خەق ئالاي دېمىسىمۇ زورلاپ...
قارا ساقاللىق يىگىت چاققانلىق بىلەن ھارۋىنىڭ قېشىغا
كېلىپ بىر پەتنۇسقا ئەنبەر، ئەتىر، سۇرمە، چاچ تەڭگە، جالا...
دېگەندەك نەرسىلەرنى تىزدى؛ ئۆتۈكلەردىن ئۈچ ـ تۆت جۈپ، ياغ-
لىق ـ روماللاردىن بەش ـ ئالتىنى تاللاپ بىلىكىگە ئارتتى ـ دە،
قەسىر ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇ قەسىر تونۇشتەكلا بى-
لىنەتتى. شۇڭا تەمتىرىمەيلا ئوتتۇرا ھويلىدىكى كۆلدىن ئايلىنىپ
ئۆتۈپ، ئىچكىرىكى قەسىرنىڭ ئىشىكىدە توختىدى ـ دە، بايامقى
ياش ھەمراھىنى دوراپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:
— قەشقەرنىڭ ئۆتۈكى، ياركەنتنىڭ يىپەك رومىلى، خوتەن-
نىڭ قاشتېشى بېزىكى، ھىندىستاننىڭ ئىپار ـ ئەنبەرى، ھىرات-
نىڭ ئەتىرى، سەمەرقەنتنىڭ سۇرمىسى، ئەندىجاننىڭ چاچ تەڭگە
جالاسى...
يىگىتنىڭ ئاۋازىنى ئىچكىرى قەسىردىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك
چىققان ئوتتۇرا ياشلىق خىزمەتكار ئايال قوپاللىق بىلەن ئۈزۈ-
ۋەتتى:
— نېمانچە ئوتۇنچىدەك توۋلايلا، بىلىپ قويسىلا، بۇ دېگەن
بازار ئەمەس قەسىر، ئادەمنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ...
قارا ساقاللىق يىگىت خىزمەتكار ئايالغا ئەدەپ بىلەن سالام
بەردى:
— كەچۈرسىلە ئايلا، ئاغىچا ئايىم سودىلىق قىلامدىكىن
دەپ...
— ئاغىچا ئايىمنىڭ سودىلىقى يوق، دەرھال يانسىلا!

① تۇججار — سودىگەر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىگىت بىزەڭلىك بىلەن تىركەشتى:

ــ ئۇنداق دېمەي كىرىپ سوراپ باقسىلا ئايلا، خويمۇ ئېسىل ماللار بۇ. ئىشىك ئالدىغا ئەكەلگەن مالنى ئالماي پۇشايمان يەپ قالمىسۇن يەنە...

خىزمەتكار ئايالنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

ــ نېمانچە بىزەڭ ئادەم سىلى، دېدىمغۇ لازىم ئەمەس دەپ، دەرھال يانسىلا!

شۇ ئەسنادا ئىچكىرى قەسىرنىڭ دەرۋازىسىدا مەلىكە سۇلتان خاتۇننىڭ نازاكەتلىك گەۋدىسى كۆرۈندى. ھەئە، ئۇنىڭغا ساقاللىق كىشىنىڭ ئاۋازى بەكلا تونۇش بىلىنگەنلىكى ئۈچۈن ئالايىتەن ئۆزى چىققانىدى.

ــ نېمە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بۇ! ــ دېدى شايى رومال بىلەن يۈزىنى يېرىم توسۇۋالغان سۇلتان خاتۇن ساقاللىق كىشىگە مۇنداقلا قاراپ قويۇپ.

سودىگەر يىگىت سۇلتان خاتۇنغا بېشىنى ئېگىپ تەۋازۇ بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئاغىچا ئايىمنى ئىپار ـ ئەنبەر، ئەتىر قاتارلىق خۇش پۇراقلارغا ئالاھىدە زوقى بار دەپ ئاڭلاپ، ئالايىتەن كېلىۋېدىم. مۇنۇ ئايلا لازىمى يوق دەپ يولۇمنى توسۇۋالدى.

مەلىكە سۇلتان خاتۇن ساقاللىق يىگىتكە بويىدىن بېشىغىچە سىنچىلاپ قارىدى ـ دە، شۇ ھامان يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى.

«توۋا... بۇ شۇمىدۇ. قاش، كۆز، قاڭشىرى، بوي ـ بەستى، تېخى ئاۋازىنىڭ ئوخشىشىنى دېمەمدىغان. مېنىڭ ئىپار، ئەنبەر، ئەتىرگە ئامراقلىقىمنى ئەجەب بىلىدىكىنا...»

ــ ئالمىسىلىمۇ كۆرۈپ باقسىلا خان ئاغىچا، ــ دېدى ساقاللىق سودىگەر يىگىت ئالدىغا بىر قەدەم چامداپ، ـ پۇرىقى كۆڭۈللىرىگە يېقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ماۋۇ ئەتىرنى پۇراپ باقسىلا، چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىلا. سىلى ياخشى كۆرىدىغان گۈلى رەيھاننىڭ پۇرىقى بار.

سۇلتان خاتۇن يىگىتكە يالت ئېتىپ قارىدى.

«سىلى ياخشى كۆرىدىغان گۈلى رەيھانىنىڭ پۇرىقى بار دەيدۇ ـ يا؟ مېنىڭ گۈلى رەيھانىنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنىمۇ بىلىدىكەن دېسە... ئاھ خۇدا، بۇ شۇكەنغۇ؟ ئوغلۇم، سۆيۈملۈك ئوغلۇم. كېچە ـ كۈندۈز دىدارىغا ئىنتىزار بولغان كۆزۈمنىڭ قارىسى...»

ــ بۇ جاي بەكلا ئاپتاپ ئىكەن. خانىلىرىغا ئېلىپ كىرىپ كۆرۈپ باقاملا ئاغىچا ئايىم؟

«ئانا، جېنىم ئانا. ئوغۇللىرىنى تونۇيالمايۋاتامدىلا؟ ياكى خىزمەتكارلىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ تونۇشلۇق بەرمەيۋاتامدىلا؟ مەن ئۇۋەيسخان، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى...»

شۇ دەقىقىدە ئانا ـ بالىنىڭ يۈرىكى بىر ـ بىرىنى تونۇغانىدى. مەلىكە سۇلتان خاتۇن كۆز چاناقلىرىغا لىق تولغان ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ جاۋاب بەردى:

ــ ماقۇل، ئىچكىرىگە مەرھەمەت قىلسىلا ئەمىسە، ــ ئۇ خىزمەتكار ئايالغا بۇرۇلۇپ دېدى، ــ ھاۋاخان ئايلا، ئۆزلە بېرىپ ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە.

ــ خوش.

خىزمەتكار ئايال سۇلتان ئاغىچىغا چوڭقۇر بىر سالام بېرىۋەتكەندىن كېيىن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئىچكىرى قەسىرگە كىرىپ ئېگىزلىكتە چاپلىنىۋالغان ساقالنى سويۇپ ئېلىۋەتتى ـ دە، ئانىسىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا، سالامەت تۇردىلىمۇ؟

ــ ئوغلۇم، جىگىرىم...

مەلىكە سۇلتان خاتۇن ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. ئانىسىنىڭ ئالدىدا ياش تۆكۈشنى يىگىتلىك سۈباتىغا مۇناسىپ كۆرمىگەن شاھزادە ئۇۋەيسخان چانقىغا لىق تولغان ياشنى توختىتىۋالدى.

ــ يالغۇز كەلدىلىمۇ ئوغلۇم؟ ــ سورىدى سۇلتان خاتۇن ئوغلىنى ئاستا باغرىدىن ئاجرىتىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ياق، يەنە ئىككى ھەمراھىم بار، — دېدى شاھزادە ئانىسىنىڭ بىر ئاز جۇدەپ قالغان چېھرىگە مېھرى بىلەن قاراپ.

— ئۇلار نەدە قالدى؟

— بۇ چاقىقا كارۋان سارىيىغا كېتىپ بولغاندۇ، بايا قەسىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قالغان.

— بىللە ئېلىپ كىرسىلە بولماسمىدى.

— ھەرھالدا ئېھتىيات قىلدۇق، — دېدى شاھزادە چۈشەندۈرۈپ، — مەن قەسىردىن پاتلا يېنىپ چىقمىسام ئۇلار سارايغا يانغاچ تۇرىدىغان بولغان. سىڭلىم ئۇزسۇلتان خېنىم بىلەن مەختۇمسۇلۇ خېنىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— سىڭلىلىرىنى بايا مىرزا خېۋىربەگنىڭ قىزى چاقىرتىپ مەپە ئەۋەتىپتىكەن، شۇلارنىڭ قەسرىگە كەتتى. ئىگىچى ـ سىڭىل ئىككىسى بىللىمىكىن، ھېلىغىچە كېلىپ قالار، — ئانا ئوغلىغا قانماي قارايتتى، — بىرنەچچە ئايدىن بېرى خەت ـ خەۋەرلىرى بولمىغاندىن كېيىن كۆپ ئەنسىرىدىم.

— ئەل ـ يۇرتنىڭ ھېچقانداق يېرى خالىي ئەمەس، ھەممە يەرنى خانىنىڭ پايلاقچىلىرى قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى چاپارمەنلىرى ئارقىلىق بىرنەچچە ۋاق ھەرىكەت قىلماي يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشۇمنى بەكلا تەۋسىيە قىلىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن يانلىرىغا كىشى ئەۋەتىشتىن ئېھتىيات قىلدىم.

— گەپلىرىدىن قارىغاندا ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرغان ئوخشىمامالا؟ — سورىدى ئانا ئەجەبلىنىپ.

— شۇنداق ئانا، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، — ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە ئۆزلىرىگە بىر نېمە دېمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى تورپانغا قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئاغچىسىنى ئەۋەتىپ پات ـ پات ئەھۋال سوراپ تۇردى. ئەمما بۇ ھەقتە پەقەتلا ئېغىز ئاچمىدى، — دېدى ئانا خىيالچانلىق بىلەن، — كۆڭلىدىكىنى ئاسانلىقچە كىشىگە بىلدۈرمەيدىغان ئۇ

ئادەمنىڭ نېمە مۇددىئاسى باركىن ـ تاڭ، بىلەلمىدىم.
ــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە ئىشەنسىلە بولىدۇ، ــ دېدى ئۇۋەيسخان، ــ تېخى بىلمەيدىلا، ھازىر مېنىڭ يېنىمدا ئۇلۇسبېگىنىڭ نەۋرىسى سەييىدئەلى ئالپ بار.
ئانا ئوغلىغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.
ــ ئول بەختى قارا ئەمىرزادە سەمەرقەنتتە مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ زىندانىدا ئەمەسمىدى، قانداقسىگە...
شاھزادە ئانىسىغا سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىلا قىلىپ چۈشەندۈردى:
ــ ئۆتكەن يىلى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى خوجا شەرىپ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، سەييىدئەلى ئالپمۇ تۇتقۇنلۇقتىن قېچىپ سەمەرقەنتتىن ئاقسۇغا كەلگەنىكەن. ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتىپتۇ، شۇنىڭدىن بېرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىلىگە ئەۋەتكەن خېتىمدە بۇ ئەھۋالنى دەيمۇ دېگەن، لېكىن ناۋادا خەت خۇپىيە ـ پايلاقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، سىر ئاشكارىلىنىپ قالمىسۇن دەپ يازمىغانىدىم.
ــ ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالپ سىلىگە ھەمدەم بولۇپ يانلىرىدا تۇرغان بولسا تېخىمۇ خاتىرجەم بولدۇم، ــ دېدى ئانا سۆيۈنگەن ھالدا، ــ ئەمىرزادە ھەقىقەتەن پەزىلەتلىك، ئېسىل يىگىت بولغان. ئوتتۇراڭلاردىكى دوستلۇقمۇ بەك چوڭقۇر ئىدى. ئەسلىرىدە بارمۇ، ئاشۇ چاغدا ئەمىرزادىگە قولداش بولۇپ ئەندىجانغا بارماقچى بولغانلىرىدا توسۇپ قويسام بەكمۇ رەنجىگەنىدىلە.
شاھزادە ئۇۋەيسخان ئانىسىغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.
ــ ئېسىمدە بولمايچۇ، ناۋادا توسۇپ قالمىغان بولسىلا، مەنمۇ ئەمىرزادىگە ئەندىجان، سەمەرقەنت زىندانلىرىدا ھەمراھ بولغان بولاتتىم.
ــ بەلكىم شۇ چاغدا كۆڭلۈم ئاشۇنداق بىر كېلىشمەسلىك-

نى ئالدىن توْيغان بولغىيدى، ـــ دېدى ئانا ئويچانلىق بىلەن، ـــ بۇ ئىشلارنى ئەمىرزادىگە دېمىگەنلا.
ـــ دېمەي قالاتتىم، ھەممىنى دېدىم. يوشۇرۇپ نېمە قىلاي.
ـــ ئەمىرزادە نېمە دېدى؟
ـــ شۇ چاغدا ۋالىدەلىرىنىڭ سىلىنى ئەۋەتمىگىنى ياخشى بوپتىكەن، دېدى.
سۇلتان خاتۇن چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتتى.
ـــ مەن ئاستانىدىن كەتكەندىن بېرى خان تاغام سىلىنى ئاۋارە قىلمىغاندۇ؟
ـــ ئاۋارە قىلماي قالۇرمۇ؟ ـــ دېدى مەلىكە سۇلتان خاتۇن ئىنچىكە قاشلىرىنى ھىمىرىپ، ـــ يالغاندىن كۆيۈنگەن بولۇۋې-لىپ ئاغزىمنى كوچىلاپ باقتى. شاھزادە نىيىتىمنى خاتا چۈشى-نىپ قالدىيەي، مۇخالىپلىرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتىيەي، بالا كىچىك ئەمەسمۇ، ئازماس ئاللاھ، دەپتىكەن. قايتىپ كەلسە ئور-دىنىڭ دەرۋازىسى ھەرقاچان ئوچۇق. ئاتىسىنىڭ لەشكىرىي دىۋاز-دىكى ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى بېرىمەنەي، دەيدۇ تېخى.
ـــ نېمەدەپ جاۋاب بەردىلە؟
ـــ نېمە دەيتتىم، ئوغلۇمنىڭ نەدىلىكىنى ئۆزلە بىلىدىلا. ئۆزلە تاغىسى بولغاندىكىن ئوغلۇمنى تېپىپ بەرسىلە، دېدىم. كېيىنچە بىزنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك كارى بولمايدىغان بولدى. بەلكىم مېنىڭ ئاغزىمدىن گەپ ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چېغى. خانىش ئانچە ـ مۇنچە يوقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن مەن ھەرەمگە ئاياغ بېسىپ باقمىدىم. بىلمىدىم، بۇ قارا كۆڭلەر قاچان ئاخىرلىشاركىن ـ تاڭ، ـــ دېدى ئانا مەيۈسلەنگەن ھالدا.
ـــ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ئانا، ئارمان قىلغان ئۇ كۈنلەرگىمۇ ئاز قالدى، ـــ دېدى شاھزادە ئانىسىغا تەسەللى بې-رىپ، ـــ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى ھازىرچە ۋاقتى ئەمەس، پۇرسەت كەلگەندە ئۆزۈم خەۋەر بېرىمەن، دەپ توسۇپ قويدى. بولمىسا ئال-لىقاچان ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەت-تىم.

ــ ھەرگىز قاراملىق قىلمىغايلا، ــ دېدى سۇلتان خاتۇن، ــ بەلكىم ئۇلۇسبېگىنىڭمۇ ئويلىغانلىرى باردۇر. تەقدىر تەدبىرگە باغلىق دەپتىكەن. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئالدىراقسانلىق قىلمىسىلا. بۇ ئىشتا غەلىبە قىلىشقا بولىدۇكى، زىنھار مەغلۇپ بولۇشقا بولمايدۇ.

سۇلتان خاتۇننىڭ سۆزلىرى سىلىق، ئەمما ۋەزىنلىك ئىدى. ئانىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تولۇق چۈشەنگەن شاھزادە شۇ تاپتا بۇنىڭ بۇيرۇق، پەرمان ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئانا ـ بالا بىر پەس جىمىپ قېلىشتى.

ــ ھە راست، ــ دېدى شاھزادە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇ- زۇپ، ــ مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن. سەمىلە- رىگە سالىدىغان مەسلىھەتىم بار ئىدى.

ــ قېنى دەۋەرسىلە، ــ دېدى ئانا خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ.

ــ سىڭلىم ئۇزسۇلتان خېنىمنى ئېلىپ كېتەيمىكىن دەي- مەن.

ئانا ئەجەبلىنىپ ئوغلىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

ــ ئۆزلەنىڭ ماڭغان ـ تۇرغان جايلىرىنىڭ قارايى بولمىسا، سىڭىللىرى بۇ جاپاغا چىدىماسمىكىن. سىلىنىڭ يانلىرىدا تۇر- غاندىن، مېنىڭ قېشىمدا تۇرسا ياخشىراقمىكىن دەيمەن.

ــ ئۇغۇ راست، ــ دېدى شاھزادە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ــ قاچقۇنلۇقتىكى تۇرمۇشنىڭ تۇزۇك بىر ئارامچىلىقى يوقكەن كى- شىگە. بىراق ئۇزسۇلتان خېنىم بويىغا يېتىپ قالدى. بەربىر يانلىرىدا ئۇزاق ساقلىيالمايلا...

ــ شۇنداق ئوغلۇم، قىز بالا تالانىڭ ئادىمى، دەيدىغان گەپ بار، ــ دېدى ئانا ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ــ ھېلىمۇ ئەلچى- لەرنىڭ باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن. كۆزۈمنى يۇمۇپلا يات- لىق قىلىۋېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئاتىلىرى رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسا بۇ ئىشلارغا بۇنچە باش قاتۇرۇپمۇ كەتمەيتتىم. ھېچبولمىغاندا دادا يوللۇق ئاكىسى ئۇستىدە تۇرمىسا، توي تويى- دەك بولامدۇ دېسىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئانا كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئۇزسۇلتان خېنىمنى قېشىمغا ئەكېتىپ ياتلىق قىلايمىكىن دەپ ئويلىۋېدىم.

ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلىغا ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىلكىدە قارىدى:

— كۆڭۈللىرىگە پۈككەن مۇۋاپىق بىرى بار ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ئۇۋەيسخان ئىشەنچ بىلەن، — ئۇزسۇلتان خېنىمنى ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالپقا نىكاھلاپ قويايمىكىن دەيمەن.

ئانىنىڭ چىرايىدىكى ئەجەبلىنىش مەمنۇنلۇققا ئالماشتى.

— ئوبدان ئويلاپتىلا. ئۇلۇسبېگى جەمەتى نەسەبىمىزگىمۇ خوپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوردىدىكى ھالاۋەتنى تاشلاپ ئۆزلە بىلەن جاپادا بىللە بولۇشقا بەل باغلىغان ئەمىرزادە كۆڭۈلدىكىدەك لايىقتۇر.

— ئەپسۇس، تويدا سىلى بولالماي قالىلا شۇ.

— مەيلى، مەن رازى. سىلى ھازىر ھەم ئاتا، ھەم ئانا.

ئانىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ خاتىرجەم بولغان شاھزادە ئۇۋەيسخان يەنە قوشۇپ قويدى:

— بىلمىدىم، ئۇزخېنىم بۇ نىكاھقا رازىلىق بېرەرمىكىن؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. ھەر ئىككى سىڭىللىرى بىر - بىرىدىن غەرەز ئۇقمىغان بالا بولدى، خاتىرجەم بولسىلا.

— كەلگىنىمنى مەختۇمسۇلۇ خېنىمغا بىلدۈرسەك قانداق بولۇر؟ ئۇنى بەكلا سېغىنىپ كەتتىم. كۆرۈشمەي كېتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. كۆرۈشسەم كىچىكلىك قىلىپ بىركىملەرگە دەپ يۈرەرمىكىن دەيدىغان ئەندىشەم بار.

— كۆرۈشمەي كەتسىلە، كېيىن خەۋەر تاپسا بىرنەچچە ۋاق دومسىيىپ قالارمىكىن. خۇدانىڭ كۈنى ئاغام نەگە كەتتى، قاچان

كېلىدۇ؟ دەپ بېشىمنى ئوچاق ئەتكىنى ئەتكەن. ئاتا مېھرىگە قان-
ماي چوڭ بولدى، ئەمدى ئاغا مېھرىگىمۇ بولسا قانسۇن. ئەھۋالنى
تەپسىلىي چۈشەندۈرسەك ئاغزىنى چىڭ تۇتىدۇ. بۇ بىر يىلدىن
بېرى ئۇنىڭغا باشقىچە ئەقىل كىرىپ قالدى.

شۇ تاپتا ئۈۋەيسخان ئىككى سىڭلىسى بىلەن تېزرەك كۆرۈ-
شۈشكە تەقەززا بولۇپ كەتكەندى.

— نېمە تاماق يېگۈلىرى بار ئوغلۇم؟ گەپ بىلەن بولۇپ بى-
رەر پىيالە چايمۇ بەرمەپتىمەن.

— نېرىن چۆپ يەي، — دېدى ئۈۋەيسخان، — نېرىن چۆپ
يەپ باقمىغىلى ئۇزۇن بوپتۇ.

※ ※ ※

كەچتە سۇلتان خاتۇن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئا-
غا ـ سىڭىللارنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى.

— ئاغىلىرى مەختۇمسۇلۇ بىلەن پاراڭلاشقاچ تۇرسۇن، سى-
لى بۇ يانغا چىقسىلا، — دېدى سۇلتان خاتۇن ئۇزسۇلتان خېنىم-
غا قاراپ.

ئۇزسۇلتان خېنىم ئانىسىغا ئەگىشىپ ياندىكى ئۆيگە كىر-
دى.

ئانا گەپنى نەدىن باشلىشىنى بىلمەي بىر پەس خىيال سۈرۈپ
تۇرۇپ قالدى.

— ئاغىلىرى ئەتە سەھەردە كەتمەكچى.

— بىلىمەن، — دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم، — ئاستانىدە
ئۇزاق تۇرسا پايلاقچىلار سېزىپ قالىدۇ. بىراق، ئەتە يەنە بىر كۈن
تۇرسا ئانچە خەتىرى بولماس دەيمەن.

— ئاغىلىرىدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتىلا ـ ھە؟

— سىلىمۇ شۇنداق، — دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم ھەسرەت-
لەنگەن ھالدا.

— ناۋادا سىلىنى ئاغىلىرىغا قوشۇپ قويسام بىللە كېتەمدىلا؟

ئۇزسۇلتان خېنىم ئانىسىنىڭ سىناش نەزەرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— گەرچە يانلىرىدىن ئايرىلغۇم بولمىسىمۇ، ئەمما ئاغام بىلەن بىللە كېتىشنى ھەقىقەتەن خالايمەن.

قىزنىڭ بەرگەن سەمىمىي جاۋابىدىن ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— ھازىر ئاغىلىرىغا كىمنىڭ ھەمدەمدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەمدىلا؟

— سەركەردە بوران خوجىدىن باشقا يەنە كىم بولاتتى؟

— ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالىپ...

ئۇزسۇلتان خېنىم قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ھالدا ئانىسىغا قارىدى.

— سەييىدئەلى ئالىپ؟

ئانا «ھەئە» دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇزسۇلتان خېنىمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈرلەپ كەتتى. ئەمما ئانا قىزىنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى سەزمىدى.

— ئەمىرزادە سەمەرقەنتتىن قايتىپ كەپتۇما؟

ئانا قىزىنىڭ ھاياجانلىق چىراي ئىپادىسىگە ئانچە دىققەت قىلمىدى. سىنچىلاپ قارىغان بولسا، قىزىنىڭ كۆزىگە غىلىلدە ياش كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەن بولاتتى. ھەئە، ئۇزسۇلتان خېنىم سەييىدئەلى ئالىپ توي قىلماقچى بولغان ئەندىجان گۈزىلى زەينەپ بىبىنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەرىمىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن سەييىدئەلى ئالىپنىڭ سەمەرقەنت زىندانىغا قامالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ـ پەرياد چېكىپ يۈرەتتى. ئولتۇرسا ـ قوپسا كۆز ئالدىدىن ئاشۇ ئېگىز بويلۇق يىگىت نېرى كەتمەيتتى. ئۇزسۇلتان خېنىم تا بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ سەييىدئەلى ئالپقا ئاشىقلىقىنى، يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەنلىكىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەنىدى، سەييىدئەلى ئالىپ ئەندىجانغا ماڭغان كۈنى ئۇزسۇلتان خېنىمنىڭ ئۆز ھۇجرىسىغا سولىنىۋېلىپ، بىر كۈن يىغلاپ چىققىنىنى ئانا

پەقەت بىلمەيتتى.
ـــ شۇنداق، ئەمىرزادە سەمەرقەنتتىــن ساق ـ سالامەت قـايـ.
تىپ كەپتۇ، ـــ دېدى ئانا قىزىنىڭ چىراي ئىپادىسىگە، ھاياجـاذ.
لىـق تۇرقىغـا ئانچە پـەرۋا قىلمـاي، ـــ مىرزا ئـۇلـۇغبەگ ئـۇنـى
زىنداندىن چىقىرىپ ھىراتقا بىللە ئېلىپ ماڭغانىكەن، تەڭ يـولـ.
دىن قېچىپ قايتىپ كېلىپ، ئاغىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. شـۇ
كۇنلەردە ئاغىلىرىغا كۆمەك بولۇپ خان تاغىلىرىـغا قارشى لـەشـ.
كەر توپلاۋېتىپتۇ.
«ھە، ئەسلىدە ئەمىرزادە ئاغام بىلەن بىللە ئىكەن ـ دە، بـۇ ـ
رۇنراق بـىلگەن بـولسام ئۆزۈمــلا بارماسىــدىم. ئېـھ قۇدرەتلىـك
ئاللاھ ئىگەم، نالە ـ پىغانىم دەرگاھىڭغا ئاخىر يېتىپ بىرىپتۇ ـ
دە، تەلىپىمنى ئىجاۋەت قىلىپ، مۇرادىمغا يەتكۈزگىنىڭگە مىڭ ـ
مىڭ تەسەننا. ئاغام بىلەن بىللە بارسام ئەمىرزادەم ماڭا قانداقراق
تەرىزدە مۇئامىلە قىلار؟ ياكى بۇرۇنقىدەك بىپەرۋا مۇئامىلە قىلار ـ
مۇ؟ ياق، ئەمدى قاراپ تۇرمايمەن، كۆڭلۇمنى ئىزھار قىلىمەن...»
ـــ نېمىشقا ئاغىلىرىغـا قوشۇپ قويـماقچى بـولغىنىـمنىـڭ
سەۋەبىنى سورىمايلىغۇ؟
ئۇزسۇلتان خېنىم خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئانىسىنىڭ كۆ ـ
زىگە لاپپىدە قارىدى. ئانىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ تېگىدە بىـرەر
سىـر يوشۇرۇنغاندەك بىلىنىپ، دەماللىققا جاۋاب بېرىشكە ئالـدى ـ
رىمىدى.
ـــ ئۆزلەنى سەييىدئەلى ئالپقا نىكاھلاپ قويايلى دەۋاتىمىز.
«ئانام نېمە دەۋاتىدۇ؟ خاتا ئاڭلاپ قالـمىغانـدىمەن ـ ھە؟ بـۇ
چۈشۈم ئەمەستۇ...»
ئۇزسۇلتان خېنىمنىڭ ۋۇجۇدىـغا يەنە بـىر قېتـىم ھاياجـان
يامرىدى. ئانىسى ئىچكى تۇيغۇسىنى، ئارزۇ ـ خىياللىرىنى بىلىپ
قالغاندەك خىجىل بولدى. ئانىسىنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالماي
بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئانا قىزىنىڭ بۇ تۇرقىنى خاتا چۈشىنىـپ
قالغانىدى.
«نېمىشقىمۇ گەپنى ئۇدۇلــلا دەۋەتكەندىـمەن. مۇددىئـايىمنـى

ئەگىتىپراق بىلدۈرسەم بوپتىكەن. خىجىل بولۇپ قالدى مانا. ياكى ئۇنىڭ ئەمىرزادىگە مەيلى يوقمىدۇ؟ ئۇزسۇلتان خېنىممۇ بويىغا يېتىپ قالدى، باشقىچە خىيالى بولۇپ قالسا... ياق، ياق، ئۇنداق بولسا بولمايدۇ. ئۇنى چوقۇم ئەمىرزادىگە ياتلىق قىلىمەن...»

— ئەمىرزادە سەيىدئەلى ئالپ پەزىلەتلىك ئېسىل يىگىت، — دېدى ئانا ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — بەلكىم بۇ نىكاھ ئىشى سىلىگە تاسادىپىي تۇيۇلغاندۇ. قىز چوڭ بولسا ھامىنى ياتلىق بولىدىغان گەپ. لېكىن نەسەبى ئېسىل ئۇنداق يىگىتنى تاپماق تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاپتا ئۇ ئاغىلىرىنىڭ تاجۇتەختىنى قولىغا ئېلىشى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىۋاتىدۇ...

شۇ دەقىقىدە ئۇزسۇلتان خېنىمنىڭ قۇلىقىغا ئانىسىنىڭ سۆزلىرى پەقەتلا كىرمەيتتى. ئوي ـ خىيالى ئاللىقاچان سەييىدئەلى ئالپنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى. ئانا قىزىنىڭ جىمجىت تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— نىكاھ دېگەن ئۆمۈرلۈك ئىش. سىلىنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشلىرىنى مەنمۇ خالىمايمەن. ئاۋادا بۇ نىكاھقا رازىلىقلىرى بولمىسا...

ئۇزسۇلتان خېنىم ئانىسىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، يەنە خىجىللىق بىلەن يەرگە قارىۋالدى:

— مەن رازى ئانا، — دېدى ئۇ ئىچكى ھاياجىنىنى بېسىپ تۇرۇپ، — سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولسۇن.

— ئەقىللىق قىزىم، — دېدى ئانا كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا قىزىنى باغرىغا بېسىپ، — شۇغىنىسى كۆپ مۇشەققەت تارتىپ قالدىغان بولدىلا.

※ ※ ※

ئەتىسى تۆت كىشىلىك كارۋان ئەترىتى ئاش ۋاقتى بىلەن تۇرپان شەھىرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرەنچە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىيىنىپ، خىزمەتكارلاردەك ياسىنىۋالغان مەلىكە ئۇزسۇلتان خېنىممۇ بار ئىدى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئونىنچى كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى بۇك ـ باراقسان توغراقلىققا يې-تىپ كەلدى. توغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە سەييىدئەلى ئالپ بىلەن سەركەردە بوران خوجا مىڭغا يېقىن نۆكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى.

— ھارمىغايلا شاھزادەم، — دېدى ئۇلار سالام بېرىپ.

ئۇزسۇلتان خېنىم سەييىدئەلى ئالپنى كۆرۈپ ئۆزىنى يو-قىتىپ قويغىلى تاس ـ تاسلا قالدى. ئاكىسىدىن خىجىل بولمىغان بولسا، قىزلىق غۇرۇرى يول قويغان بولسا، ئۆزىنى ئاشكارىلىغان-مۇ بولاردى.

سەييىدئەلى ئالپ شاھزادە بىلەن بىللە كەلگەن ياش يىگىت-كە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ: «بەلكىم شاھزادىگە ئەگىشىپ كەل-گەن يىگىتلەردىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئارتۇقچە كۆڭۈل بۆلمىدى.

شاھزادە يىگىتلەردەك ياسىنىۋالغان سىڭلىسىنى ئۆزىنىڭ خاس چېدىرىغا باشلاپ قويۇپ، خاس نۆكەرلىرىگە چېدىر ئى-چىگە خالىغانچە كىرمەسلىكنى تاپىلىدى. بۇ ئىش سەييىدئەلى ئالپنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويغانىدى.

— ئالىيلىرى بۇ قېتىمقى سەپەردە ئەمىرزادىلەردىن بىرەر-سىنى باشلاپ كەلگەن ئوخشىمامدىلا، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ كەچلىك غىزا ئۈستىدە بىر قۇر ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن گەپ كوچىلاپ، — مېھماننى چاقىرىۋالمامدۇق، داستىخانغا بىز بىلەن بىللە داخىل بولسۇن.

— بۈگۈنچە ئايرىم غىزالانغاي، — دېدى شاھزادە قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ، — ئاللاھ خالىسا ئەتە ـ ئۆگۈن چوقۇم بىللە غىزالىنىدىلا ئەمىرزادەم، ھازىرچە ئالدىرىمىسىلا.

تۇرقىدىن يىگىتلەرگە خاس سۇباتىدىن كۆرە، قىزلارغا خاس نازاكىتى چىقىپ تۇرىدىغان، قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان «يىگىتچاق» سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئۆتكۈر نەزەرىدىن قېچىپ قۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇلالمىغانىدى. لېكىن ئۇ شاھزادىدىن كوچىلاپ سوراۋېرىشنى ئەدەپسىزلىك بىلىپ لام ـ جىم دېمىدى. بايا ئۇ «يىگىت»نىڭ ئۆزىگە ئاجايىپ بىر سېغىنىش ئىلكىدە تىكىلىپ قاراشلىرىغا پەرۋا قىلىپ كەتمىگەنىدى. ناۋادا شۇ چاغدا بەكرەك سەپسېلىپ قارىغان بولسا، «يىگىت»نىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ قالغان ياشنى ئېنىق كۆرگەن بولاتتى.

— ئاستانىدە ئەھۋال قانداقراق؟ ۋالىدەلىرى، سىڭىللىرى تىنچلىقمىكەن؟ — سورىدى سەيىدئەلى ئالىپ.

— ئاستانە نورۇز بايرىمىنىڭ تەييارلىقىدا ئاجايىپ قىزىپ كېتىپتۇ. ۋالىدەم بىلەن سىڭىللىرىم سالامەت تۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇۋەيسخان، — لېكىن شەھەر سېپىلى بىلەن ئەرك[1] سېپىلىدا مىڭ ـ مىڭ لەشكەر، خۇددى ھازىرلا ئۇرۇش بولىدىغاندەك.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تېخىچە ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى بوشاشتۇرماپتۇ ـ دە، — دېدى سەيىدئەلى ئالىپ خىيالچانلىق بىلەن، — ھامان ئۇنداق بولۇۋەرمەس. ئاتىڭمۇ ئۇخلايدىغان ۋاقتى بولىدىغۇ ئاخىر. يەنە قانداق يېڭىلىقلار بار؟

— ھەرھالدا خۇش خەۋەر دېگۈچىلىكى بولمىسىمۇ، يېڭىلىق دېگۈچىلىكى بار بىر خەۋەر بار، — ئۇۋەيسخان ھەمراھلىرىغا تەكشى بىر قارىۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — تۇركىستان ئەمىرى مىرزا شەيخ نۇرىددىن موغۇلىستانىنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى بېسىۋالغان ئوخشايدۇ. خانىنىڭ پات يېقىندا ئۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىش ئېھتىمالى باردەك قىلىدۇ.

— مىرزا شەيخ نۇرىددىنىڭ زېمىنىمىزغا تەئەررۇز قىلغىنى ياخشى ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن خانىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئوردىدىن چىقماقچى بولغانلىقى ياخشى خەۋەر ئىكەن، — دېدى سەيىدئەلى ئالىپ قولىدىكى غاجىلاپ بولغان ئۇستىخاننى داستىخانغا قويۇپ تۇرۇپ، — كەمىنەلىرى سەمەرقەنتتىكى چې-

① ئەرك — قەسىر، ئىچكى قەلئە، پادىشاھنىڭ شەھەر ئىچىدىكى قورغان ـ سارىيى.

غىمدا مىرزا شەيخ نۇرىددىننىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگ سەلتەنەتىگە ئىتائەت قىلىشتىن يېنىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى كېچە ـ كۈندۈز ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان تۈركىستان ئەمىرى بىلەن كارى بولمىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىش بىز ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىلەن بولۇپ كەتسە، بىزنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاستانىگە ھۇجۇم قىلىپ تەختنى تارتىۋالايلى، — دېدى سەركەردە بوران خوجا، — سۇلتان شىرمۇھەممەدخان جازا يۈرۈشىگە ماڭسا، ئاستانىدە ئانچە كۆپ لەشكەر قالمايدۇ. قېپقالغان لەشكەرمۇ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ نامىنى ئاڭلىسا جەڭ قىلىشقا، ئاستانىنى قوغداشقا رايى بارمايدۇ.

— مېنى ۋەتەن تۇپرىقىغا باسقىن قىلغان ياۋ بىلەن كارى بولماي سەلتەنەتنىڭ كويىدا بولۇشقا ئۈندەۋاتامدىلا، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان بوران خوجىغا مەنىلىك قاراپ، — ئۇنداق قىلسام خان تاغامغا بولۇپ بېرەر. ئاۋام ـ رەئىيەتكە ۋەتىنى بىلەن كارى بولماي تەئەررۇزچىلارغا يانتاياق بولدى دېگەن بەتنام بىلەن تەرغىبات تارقاتسا، ئەل ـ يۇرتنىڭ مەندىن رايى قايتامدۇ؟ كەچۈرسىلە، بۇنداق بەتنامنى مەن ھەرگىز كۆتۈرەلمەيمەن. يەنە كېلىپ خاننى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتماي تۇرۇپ تەختنى تارتىۋالغاننىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوقتۇر، — ئۇۋەيسخان بىردەم تۇرۇۋېلىپ چۈشەنچە بەردى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە خان تاغام ھەرگىزمۇ ئازغىنە لەشكەر بىلەن جازا يۈرۈشىگە چىقمايدۇ. بىز تۇرپانغا تېگىش قىلساق ئارقىسىغا يېنىشى تەبىئىي. ئول چاغدا ئۇنىڭ بىھېساب لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— توغرا دەيدىلا، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، — ئالدىراقسانلىق قىلماي ئەھۋالنى كۆزىتىپ باقايلى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى مەغلۇپ قىلساق ئاستانە، تاجۇتەخت بىر يەرگە قېچىپ

كەتمەيدۇ.

— بولدىلا، بۇ گەپنى بۇگۇنچە قويۇپ تۇرايلى، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، — ئاستانىدىن بىرنەچچە كوزا ئېسىل شاراب ئېلىپ كەلدىم. بۇگۇن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ ئىچىپ كۆرسەك. بىلمىدىم، ئەمىرزادەم بىلەن سەركەردە بوران خوجا جانابلىرىنىڭ كۆڭلى تارتامدىكىن؟

— تارتمامدىغان، — دېدى بوران خوجا لەۋلىرىنى تامشىپ.

— بىزگىمۇ تۇرپاننىڭ ئېسىل شارابلىرىنى ئىچىپ باقمىغىلى ئىككى يىلچە بولۇپ قاپتۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ.

خىزمەتكارلار ئىككى كوزا مۇسەللەسنى ئېلىپ كېلىپ جامغا قۇيۇشقا باشلىدى. ئىككىنچى كوزىنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا ئۇلار ئوبدانلا كەيپ بولۇشتى. نۆكەرلىرى ئارىسىدىكى سازەندە يىگىتلەرنىڭ ئېيتقان مۇقاملىرىغا ئەسىر بولۇپ مۇڭلىنىشتى.

بىر ئازدىن كېيىن سازەندە يىگىتلەر سازلىرىنىڭ پەدىسىنى تۇرپان ناخشىلىرىغا يۆتكىدى. ناخشىغا ئاۋۋال شاھزادە، كېيىن سەييىدئەلى ئالىپ جور بولدى، ئۇلار ئاۋازلىرىنى قويۇۋېتىپ ناخشا توۋلاشتى. ئۇلار خېلىلا كەيپ بولۇپ قالغانىدى. ناخشا نازىركومغا يۆتكەلگەندە ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالماي ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى.

كۆڭۈللۈك بەزمە ئېغىر ئەلياتقۇ بىلەن ئاخىرلاشتى.

— ئەمىرزادەم بىردەم تەخىر قىلسىلا، — دېدى شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن سەييىدئەلى ئالىپنى توختىتىپ، — ئىككى ئېغىز مۇڭدىشايلى.

سەركەردە بوران خوجا ناخشا، ئۇسسۇلغا قېتىلماي ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىپ خېلىلا مەست بولۇپ قالغانىدى. ناخشا بىلەن ئۇسسۇل شاھزادە بىلەن ئەمىرزادىنىڭ كەيپلىكىنى يېشۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار يېقىلىپ چۈشكەن قېرى توغراقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. شاھزادە ئۇۋەيسخان بىر پەس خىيال سۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دوستىغا قارىدى:

— ئۆيلەنگۈلىرى بارمۇ ئەمىرزادەم؟ — سورىدى ئۇ گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا.

سەييىدئەلى ئالپ مىيىقىدا كۈلدى.
— كىمنىڭ ئۆيلەنگۈسى يوق دەيدىلا ئالىيلىرى. دىمەتلىك-لىرىمىزنىڭ بىرەر ـ ئىككىدىن پەرزەنتى بولۇپ بولدى شۇ تۇر-قىدا. ئۆيلەنگۈمىز بولسىمۇ نىمە ئامال دەيدىلا. ئاللاھ خالىسا كۆڭلىمىزگە پۈككەن بۈيۈك ئىشلىرىمىزنى روياپقا چىقىرىۋالساق ئۆيلىنىپمۇ ئالارمىز. ئەجەب بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىپ قالدىلىغۇ؟ ئاستانىدە بىرەر گۈزەلگە كۆڭۈللىرى چۈشۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟
شاھزادە ئۇۋەيسخان خىرىلداپ كۈلدى.
— گەپنى ماڭا بۇرىمىسىلا ئەمىرزادەم، ئۆزلە ماڭا ئاغا يول-لۇق. ئاگال ئۆزلەنى ئۆيلەپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ئويلىشىمەن. كۆڭۈل يارىلىرىنى تاتىلاپ قويسامۇ دەۋېرەي. ھې-لىقى ئەندىجان گۈزىلى كۆڭۈللىرىدە ھېلىمۇ بارمۇ؟
سەييىدئەلى ئالپ كىچە قويىنىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن توغراقلار ئارىسىدىن بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك بىرنەچچە دە-قىقە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:
— يۇرەككە ئورناپ كەتكەن ئىشق ئوتىنى ئۆچۈرمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. لېكىن كۆكتىكى ھاراريتى يوق يۇلتۇزدىن يېنىد-مىزدىكى يېلىنجاپ تۇرغان چوغنىڭ ئەۋزەللىكىنى بىلگۈچىلە-كىمىز بار. ئول ئەندىجان گۈزىلى ھەم تاتلىق، ھەم قاباھەتلىك بىر چۈشتۇر خالاس.
— ئەمىسە ئۆيلىنىپ قالسىلا مەھبۇبىلىرىگە چىن يۇرەك-لىرىدىن كۆڭۈل بېرەلەرلىمۇ؟
شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ سىناش نەزەرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە سەييىدئەلى ئالپ دادىل قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
— ھالال نىكاھلاپ ئالغان خاتۇنىمىزغا كۆڭۈل بېرەلمىسەك زىنھار ئۆيلەنمەيمىز. ئۆيلەنگەنىكەنمىز، ئەلۋەتتە كۆڭۈل بېرد-مىز. چۈنكى، ئاللاھ ئىگەم خاتۇن كىشىنى ئەركىشى ئۈچۈن يارد-تىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە مېھىر بېرىشكە ئەمىر قىلغان. ئۇنى ئەمرىمىزگە ئالغانىكەنمىز، چىن يۇرىكىمىزدىن كۆڭۈل بېرىش، كۆيۈنۇش، ئاسراش، قوغداش مەجبۇرىيىتىمىز باردۇر. ئۇنداق

قىلالمىغان ئادەمنى ئەركەك سانىمىسىمۇ بولۇر.

شاھزادە ئۇۋەيسخان دوستىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ناۋادا ئۆزلەنى ئۆيلەپ قويياي دېسەم رازىلىق بېرەرلىمۇ؟

سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادىگە تەئەججۇپ بىلەن قارىدى:

— بۇگۇنگىچە ئۆزلەنى پاسىبانىم ھېسابلاپ كېلىۋاتىمەن. شۇنداق ئىكەن، كەمىنەلىرى ئاتقان ئوقلىرىدۇرمەن خالاس. كۆڭۈللىرىگە زىنھار شەك چۈشمىسۇنكى، نەگە چەنلەپ ئاتسىلا شۇ يەرگە دەل تېگىمەن.

شاھزادە مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى:

— ئۇنداق بولسا تەييارلىق كۆرسىلە، ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن تويلىرى بولىدۇ.

سەييىدئەلى ئالىپ ئەمدى ھەيرانلىقنى يوشۇرالمىدى.

— شارابىنىڭ تەسىرى تارقىمىغان بولسا چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانلا ـ ھە ئالىيلىرى؟

ئۇۋەيسخان تەمكىنلىك بىلەن سورىدى:

— سىلىچە مەن ھازىر كەيپ بولغاندەك تۇرامدىمەن؟

— يوقسۇ، ئىنتايىن سەگەك كۆرۈنىدىلا.

— نىكاھ ئىشىدا ئەمىرزادەمنىڭ يۈرىكىنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلەپ، — شۇڭا ھەرقانچە چاقچاق قىلغۇم بولسىمۇ نىكاھ ئىشلىرىغا چاقچاق قىلىشقا زىنھار تىلىم بارمايدۇ. ئۆزلەنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقلىرى — مېنىڭ شادلىقىمدۇر. بۇ دورەم ئاستانىدىن ئۆزۈمچە باشباشتاقلىق قىلىپ ناھايىتىمۇ نازۇك بىر گۈلنى چېكىلىرىگە قىسىپ قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم. بىلمىدىم، قوبۇل قىلىشقا مەيلىلىرى بارمىكىن؟

سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ۋۇجۇدىغا گۈررىدە ھاياجان ئولاشتى. شۇ تاپتا شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدىدىن دوستلۇقنىڭ ئەمەس، بىر قورساق ئىنىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى سېزىۋاتاتتى.

— ئالىيلىرىنىڭ بۇ كاتتا ھىممىتىگە رەھمەت دېمەكتىن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزگە چارەم يوقتۇر.

— ئول گۈلى رەنانىڭ كىملىكىنى بىلگۈلىرى يوقمۇ ئە-مىرزادەم؟

— ئەلۋەتتە بىلگۈم بار، ئەمما سوراشتىن ئۇيىلىۋاتىمەن.

شۇ دەقىقىدە سەييىدئەلى ئالپنىڭ كۆز ئالدىغا بايا شاھزادى-نىڭ خاس چېدىرىغا كىرىپ كەتكەن ئەرەنچە كىيىنىۋالغان نازا-كەت ئىگىسى لىپ قىلىپ كەلدى.

«شاھزادە ئالىيلىرى ئاستانىدىن ئېلىپ كەلگەن گۈلى رەنا شۇ ئىكەن ـ دە، كىم بولغىيتتى؟ شاھزادە ئالىيلىرىغا قانداق ئۇچراپ قالدىكىن، بەلكىم بۇ پەرىزىمدىكىدەك ئۇنچە ئاددىي ئىش بولمىسا كېرەك...»

شاھزادە ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپنىڭ خىيالىنى بۆلۇ-ۋەتتى:

— سوراشتىن خىجىل بولسىلا ئۆزۈم دەپ بېرەي، ئول گۈ-لى رەنانىڭ ئىسمى ئۇزسۇلتان خېنىم. كەمىنە پاسىبانلىرىنىڭ سىڭلىسىدۇر.

سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىگە يالت ئېتىپ قارىدى. ۋۇجۇدىدا قايتىدىن بىر لەھزە ھاياجان گۇرۇلدىدى. ھەئە، ئۇ شاھزادىنىڭ ئۆز سىڭلىسىنى نىكاھلاپ بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنى-دى. شۇ دەقىقىدە كۆز ئالدىغا بۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋال تۇرپان-دىكى ۋاقىتلىرىدا ئەمىر كەبىر قەسرىدە توزدەك كىيىنىپ، قى-رىق بىر تال ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى نازۇك بەللىرىدە ئويىنىتىپ، گاھى كىتاب ئوقۇپ، گاھى كەشتە تىكىپ يۈرىدىغان چىرايلىق قىز كەلدى. سەييىدئەلى ئالپ ھەر قېتىم شاھزادىنى ئىزدەپ كەلگىنىدە، ئەمدىلا رەسىدە بولۇشقا باشلىغان بۇ شوخ، ئوماق قىز بىلەن چېقىشاتتى. قولىدىكى كىتاب، كەشتىلىرىنى تارتىۋې-لىپ تېرىكتۈرەتتى. «قېنى مەلىكەم، قوللىرى يەتسە ئالسىلا» دەپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇۋالاتتى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ قو-لىدىكى نەرسىلىرىنى ئېلىشقا بويى يەتمىگەن قىز بىردەم جىلە بولغاندىن كېيىن خىزمەتكارلارنى شوتا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيتى-

تى. «مۇشۇنداق مىدىرلىماي تۇرسىلا، ھە، شوتا قويۇپ تۇرۇپ ئالىمەن» دەيتتى قىز ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە. تەقدىرنىڭ يازمىشى نېمىدېگەن ئاجايىپ ــ ھە، مانا ئەمدى ئاشۇ ئوماق قىز سەييىدئەلى ئالپنىڭ مەھبۇبى بولماقچى. ۋۇجۇدى بەختىيارلىققا چۆمۈلگەن سەييىدئەلى ئالپ ھاياجاندىن بىرنەچچە دەقىقە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان شاھزادىگە قاراپ دەرھال ئېسىگە كەلدى.

ــ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەشەككۇر. ماڭا كۆرسەتكەن بۇ مېھىر ــ شەپقەتلىرىنى بىر ئۆمۈر ئېسىمدە تۇتىمەن.

ــ يۇرسىلە، ئەمدى ئارام ئالايلى.

خۇددى بىر شېرىن چۈش كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان سەييىدئەلى ئالپ ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇلارغا ئەسىر بولغانىدى. ئۇ شاھزادىنىڭ خاس چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چېدىرغا تەشنالىق ئىلكىدە يەم بىلەن قاراپ قويدى. شاھزادە چېدىرنىڭ ئالدىدا بىرنەچچە دەقىقە تۇرغاندىن كېيىن ئاستا كەينىگە ياندى. ھەئە، ئۇ بويىغا يەتكەن سىڭلىسى بىلەن بىر چېدىردا يېتىشنى بىئەپ كۆرگەنىدى.

ــ بۇگۈن كېچە ئەڭ ياخشىسى ئۆزلەرنىڭ چېدىرلىرىدا قونۇپ قالسام بولغۇدەك، ــ دېدى شاھزادە ۋە كۆزەتتە تۇرغان نۆكەرلەرگە چېدىرنىڭ مۇھاپىزىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە پەرمان بەردى.

شاھزادە تاپىلىمىسىمۇ نۆكەرلەر كېچىچە نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ كۆزەتتە تۇراتتى. چۈنكى، بۇ يەردە دۈشمەنىنىڭ تەھدىتى بولمىسىمۇ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تەھدىتى بار ئىدى.

※ ※ ※

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغان سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۇچۇن پەم بىلەن كىيىندى ــ دە، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ناشتا قىلىنىۋالغاندىن كېيىن ئون نەچچە نۆكەرنى ئەگەشتۈرۈپ توغراقلىقنىڭ ئىچكى-

ـرىسىگە يۈرۈپ كەتتى.

ھەئە، كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان سەييىدئەلى ئالپ بۇگۈنكى توي ئۈچۈن ئوۋغا چىققان، ئوۋ غەنىيمەتلىرى ئارقىلىق توي ئەھلىگە توي چېيى بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. چۈشكە يېقىن ئىككى بۇغا ۋە ئون نەچچە قىرغاۋۇل ئوۋلاپ كەلدى.

— جىم ـ جىملا يوقاپ كەتسىلە، نەگە كەتتىكىن دەپ قاپتىمەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالپنى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن شاھزادە.

— توي چېيىنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىپ كەلدىم، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ، — بۇلار مېنىڭ بۇ قۇتلۇق تويغا تەييارلىغان ئازغىنە سوۋغىتىم.

— ئويلىماپتىمەن، ناھايىتىمۇ كاتتا سوۋغات بوپتۇ بۇ، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە قاراپ، — ئەلمىدساقتىن تارتىپ ھېچكىم توي چېيىنى ئوۋ غەنىيمەتلىرى بىلەن ھازىرلىمىغان بولغىيدى. باھادىرلىقلىرىغا ئاپىرىن، يېرىم كۈن ئىچىدىلا شۇنچىۋالا ئولجىلارغا ئېرىشىپتىلا، بۇنداق ئەلۋەك ئوۋنى ئاسانلىقچە قىلغىلى بولمايدۇ.

— بۇگۈن تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى ئالىيلىرى.

— ئاللاھ خالىسا بىر ئۆمۈر تەلەيلىك بولغايلا ئەمىرزادەم.

سەييىدئەلى ئالپ ئوۋ غەنىيمەتلىرىنى ئاشپەزلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، توي ئېشى تەييارلاشقا بۇيرىدى ـ دە، ئۆزى چېدىرىغا كىرىپ، مەھرەملىرىنىڭ چېدىرنى تازىلاپ، رەتلىشىگە نازارەتچىدلىك قىلدى. تويىنىڭ گېپى تۇيۇقسىز چىقىپ قالغاچقا، يىگىت بىر ئاز ئالدىراپ قالغانىدى. شۇ ئاردا چاچ ـ ساقاللىرىنى قىردۇرۇپ، يۇيۇنۇپ، كىيىم ئالماشتۇرۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن تارىم ۋادىسىدىكى بۇ قەدىمىي توغراقلىقتا تويىنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى ياڭرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## 9

كۆز پەسلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ، قاراڭقا ياغلىغ[1] دالىسىدا ئاللىقاچان سوغۇق باشلىنىپ كەتكەنىدى. تۈركىستانغا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن كەلگەن موغۇلىستاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ھەپتىدىن بېرى بۇ يەردە يا ئالدىغا، يا كەينىگە يانالماي توختاپ قالغانىدى. قارارگاھ ئىچىگە تىكىلگەن مىڭغا يېقىن چېدىرلاردا ئارام ئېلىپ ياتقان لەشكەرلەر ئىچ پۇشۇقى تارتىپ قالغان بولسا كېرەك، كۆپىنچىسى قىمار بىلەن نەشىگە بېرىلگەنىدى. قىمارۋازلارنىڭ ۋارقىراشقان، نەشىكەشلەرنىڭ ئالا ـ تاغىل تۇۋلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قايسىبىر چېدىرلاردىن دۇتار، راۋاپ، تەمبۇرغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ناخشا ئاۋازىمۇ كېلەتتى. تېز سۈرئەتتە جەڭ قىلىپ، تۈركىستاننىڭ شەھەر ـ قىشلاقلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ، جىقراق مال ـ دۇنيا توپلاش تەمەسىدە تۇرغان سەركەردىلەرمۇ، ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى ئىتائەت قىلدۇرۇپ، غەلىبە ـ نۇسرەت بىلەن پايتەخت تۇرپاندىكى ھەشەمەتلىك ئوردىسىغا قايتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، ھەرىمىدىكى ئەيش ـ ئىشرەتلىك بەزمىلىرىنى سېغىنىپ قالغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخانمۇ ئالدىراپ قالغانىدى. بىراق ئىشلار ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمايۋاتاتتى. تۇرپاندىن لەشكەر تارتىپ چىققان ۋاقىتتا بىرلا ھۇجۇم بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنى خام خىيال قىلغان غەلىبە ـ نۇسرەتتىن تېخىچىلا ئۈمىد يوق ئىدى. شۇنداق، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تۈركىستان ئەمىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىلەن بىرنەچچە قېتىم جەڭ قىلىپ باقتى، جەڭدە غەلىبە قىلالمى-

---

[1] بۇ يەر «قاراڭغۇلۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

غان بولسىمۇ ھەرھالدا يېڭىلىپمۇ قالمىدى. ئۇ ئەمىر شەيخ نۇ-
رىددىننىڭ كۈچىنى سەل چاغلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.
تۈركىستان لەشكەرلىرى مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتاتتى، مۇداپىئەسى
ئىنتايىن پۇختا ئىدى. بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى سۇلتان شىرمۇ-
ھەممەدخان ياۋ قارارگاھىنىڭ ئالدىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، لەشكەر-
لەرنى ناغرا چالدۇرۇپ جەڭگە ئۈندەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار جەڭگە چىقماي يېتىۋالغانىدى. بىرنەچچە قېتىم قاراملىق
بىلەن ھۇجۇم قىلىپمۇ كۆردى. ئەمما كۈچلۈك يا ئوقى، پالاخ-
مانلارنىڭ زەربىسىدە ئىلگىرىلىيەلمىگەننى ئاز دەپ، لەشكەرلىرى
خېلىلا تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئالدىراپ قالغان شىرمۇھەممەدخان تې-
رىككەك بولۇپ قالغانىدى، يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىپ غەزەپلە-
نەتتى. مۇشاۋىرلىرىنى كارغا كەلگۈدەك جەڭ تەدبىرلىرىنى تۈ-
زەلمىدىڭ، دەپ ئەيىبلەيتتى. نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆت-
كۈزگەن، جەڭ تەدبىرلىرىگە كامىل پىششقەدەم سەركەردىسى ئۇ-
لۇسبېگى خۇدايدادنى بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشىگە بىللە ئېلىۋال-
مىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلاتتى.

— ماقۇل كۆرسىلە ئالىيلىرى، ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنى ئوردىدا قالدۇرۇپ قويايلى، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتكەنىدى بىر قىسىم ئەمىر - سەركەردىلىرى، — ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى نۇرغۇنلىغان نۇسرەتلىك جەڭلەرنى قىلغانمەن، دەپ ئۆزىنى بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلاپ، بەكلا كۆرەڭلەپ كېتىپ بارىدۇ.

— بۇ دورەم ئول ئەرزىمەس تۈركىستان ئەمىرىگە شەخسەن ئۆزلىرى لەشكەر تارتىپ چىققايلا.

— تۈركىستان قانچىلىك بىر يەر ئىدى، قۇدرەتلىك لەشكەرلىرىمىزنىڭ بىر پەشۋايىغىمۇ يارىمايدۇ.

— ئۇلۇسبېگىگە ئۇنىڭسىزمۇ ئەغيارلىرىمىز ئۈستىدىن غەلىبە - نۇسرەتكە يۈزلىنەلەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويايلى.

— نۇسرەتسىز قەشقەر يۈرۈشىدىن كېيىن ئۇلۇسبېگىنىڭ بېشى خېلىلا چۈشۈپ كەتتى. بۇ دورەم ئۆزلىرىنى كۆرسىتىپ

قويسىلا، ئەقىلدارلىق قىلىپ ئاغزىلىرىنى غېرىچلىمايدىغان بو-
لىدۇ.

— شۇنداق قىلسىلا ئالىيلىرى، ئۇلۇسبېگىمۇ، ئول تۈر-
كىستان ئەمىرىمۇ ساھىبقىران ئانھەزرىتىمنىڭ جاسارىتىنى بى-
لىپ قالسۇن.

دادىسى سۇلتان مۇھەممەدخان قازا قىلىشى بىلەن ئوردىدا
قۇرۇلتاي چاقىرمايلا تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرۇۋالغانلىقى ئۇ-
چۈن ئىنىسى شىرئەلى ئوغلانىنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان بىر قى-
سىم ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، نۇرغۇنلىغان
پىتنە ـ پاساتلارغا سەۋەب بولغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخانىنىڭمۇ
شۇنداقراق خىيالى بار ئىدى. ئۆزىگە قارشى چىققان، تەختتە ئول-
تۇرۇشىغا نارازى بولغان ئاشۇ سەركەردىلەرنىڭ ئۆزىنى بىرەر قې-
تىممۇ جەڭ قىلىپ كۆرمىگەن، لەشكىرىي ئىشلارنىڭ، سىپاھ-
لىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشقان-
لىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا يېقىن قوشنىسى تۈركىستاننى
ئىستېلا قىلىپ، ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى ئەل قىلسا، تەختتە
ئولتۇرغىنىغا نارازى بولغان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭمۇ، قەش-
قەرنى قايتۇرۇۋېلىش ئىشىدا ھەممىگە لەشكەر ئەۋەتمەي سۈكۈت
قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن ئاغرىنىپ يۈرگەن ئۇ-
لۇسبېگىنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىناتتى. ئۇنى بەزمە، ئەيش ـ ئىش-
رەتكە ماھىر بولغىنى بىلەن لەشكىرىي ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن
چىقالمايدۇ، ئاتىسىنىڭ تەختىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىپ،
تەييارغا ھەييار بولۇۋالدى دېگۈچىلەرنىڭمۇ تاۋۇزى قولتۇقىدىن
چۈشەتتى. ئەنە ئاشۇ بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سۇلتان
شىرمۇھەممەدخان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنى ئوردىدا قالدۇرۇپ قوي-
غانىدى. ئۇلۇسبېگىنىڭ بەش يۈز نەپەر خاس نۆكىرىدىن باشقا
بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى تولۇق ئېلىپ، ئۇلۇسبېگىنىڭ
چوڭ ئوغلى مىرمۇھەممەد شاھنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇلۇس-
بېگىنىڭ شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ئۆزىگە ئا-

سىيلىق قىلىشىدىن خاتىرجەم بولغانىدى. ھەئە، سۇلتان شىر ـ مۇھەممەدخان ئۇلۇسبېگنى قولىدا تۇزۇك لەشكەر بولمىغاندىكىن ماڭا ئاسىيلىق قىلىشقا، شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن تىل بىرىكـ ـتۈرۈۋېلىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېنىمدا ئوغلى مىر ـ مۇھەممەد شاھ بار، ئوغلىنى دەپمۇ بولسا ئالا كۆڭۈللۈك قىلالماي ـ دۇ، ناۋادا شۇنداق قىلىشقا پېتىنغان تەقدىردىمۇ، قولۇمدىكى نەچچە تۈمەن لەشكىرىم بىلەن ئاسانلا ئەدىپىنى بېرەلەيمەن، دەپ چوت سوققانىدى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، شۇ كۈنلەردە ئىشلار ئۇ ـ نىڭ ئويلىغىنىدەك يۈرۈشمەيۋاتاتتى. گەرچە تۇرپان تەرەپتىن ئۇ ـ لۇسبېگنىڭ ئالا كۆڭۈللۈك قىلغانلىقىغا ئائىت مەلۇمات كەلمىـ ـگەن بولسىمۇ، كۆڭلى يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇلۇسبېگـ ـنىڭ ئوغلى مىرمۇھەممەد شاھنى ئاتاقتا جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ ياندىش سەركەردىسى دەپ جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمە ـ لىيەتتە ھېچ ئىشقا ئىگە قىلماي يېنىدا قاتتىق نازارەت بىلەن ساقلاۋاتاتتى.

شۇ كۈنلەردە كەچكۈز ئاخىرلىشىپ قالغان بولۇپ، ھاۋا خېـ ـلىلا سوۋۇپ كەتكەنىدى. ھە دېگەندە قار يېغىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شىرمۇھەممەدخان ھاۋانىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشىدىن ئەنسىرەپ ھەر كۈنى كەچتە يۇلتۇزغا قارايتتى، مۇنەججىملەرنى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ ئېنىق مەلۇمات بېرىشكە قىستايتتى. ئۇلار لەشكەر تارتىپ چىققاندا گەرچە كۈز پەسلى بولسىمۇ، تۇرپاننىڭ ھاۋاسى يەنىلا ياز پەسلىدەك ئىسسىق ئىدى. شۇڭا لەشكەرلەر نېـ ـپىز، يېنىك كىيىنىشكەن، قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئېـ ـلىۋالمىغانىدى. قاراڭغا ياغلىغ دالىسىدا كۈندۈزى ئانچە بىلىنمىـ ـگەن بىلەن كېچىسى سوغۇق ئەدەپ كېتەتتى. ئەگەر ھاۋا ئۆزگىـ ـرىپ تۇيۇقسىز قار يېغىپ قالسا، لەشكەرلەرنىڭ جەڭ قىلمىقى تەسكە چۈشەتتى. ئۇ چاغدا لەشكەرلەرگە تالاپەت تۇركىستان لەشـ ـكەرلىرىدىن ئەمەس، تەبىئەتنىڭ سوغۇقىدىن كېلەتتى. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان لەشكەرلەرگە

قىشلىق كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تۇرپانغا چاپارمەن ماڭغۇزغان بولسىمۇ، نەچچە تۈمەن لەشكەرنىڭ قىشلىق كىيىملىرى بېسىلغان ھارۋا، تۆگىلەر بۇ يەرگە ئەڭ تېز بولغاندىمۇ بىر ئايدا يېتىپ كېلەلەيتتى، ئۇنىڭغىچە قارا قىش باشلىنىپ كېتەتتى. ناۋادا ئەمىر شەيخ نۇرىددىن موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئىش تېخىمۇ چاتاق بولاتتى. ھېلىمۇ ئۇلار بۇ كېلىشمەسلىكنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك قىلاتتى. مانا بىر ھەپتىدىن بېرى خۇددى ئىنىغا كىرىۋالغان چاشقاندەك قارارگاھىغا مەھكەم بېكىنىۋالغانىدى.

«قانداق قىلسام بولۇر، لەشكەرلەرنى پەم بىلەن تۇرپانغا چېكىندۇرەيمۇ ـ يا؟ ئۇنداق قىلسام ئەغيارلىرىمىنىڭ كۈلكىسىگە قالىمەن. ئۇلۇسبېگى ئاغزىدىن چىقارمىغان بىلەن كۆڭلىدە مازاق قىلىدۇ، مېنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ، ئابرۇيۇم تۆكۈلىدۇ. ئاھ تەڭرىم، ئەجەب بىر تەس كۈنگە قويدۇڭغۇ مېنى. نېمىشقىمۇ ئالدىراقسانلىق قىلغاندىمەن؟ پەسلىنىڭ، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى نېمىشقا ئېسىمگە كەلمىگەندۇ؟ مەن ئويلىمىسامىمۇ باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئويلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ھېچبولمىسا ئۇلۇسبېگىنى بىللە ئېلىپ كەلسەمچۇ كاشكى...»

ــ غىزا تەييار بولدى ئالىيلىرى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئالدىدا پۇكلىنىپ تۇرغان بىكاۋۇل ئەمىرگە سەت گۆلەيدى.

ــ يوقال!

※ ※ ※

بۇگۈن كېچە قاراڭغا ياغلىغ دالىسىدا سوغۇق باشقىچە ئەدەپ كەتتى. لەشكەرلەر گۇلخان يېقىپ چېدىرلىرىنى ئىسسىتىشقا مەجبۇر بولدى. قارارگاھنى چارلاپ توختىماي مېڭىپ يۈرگەن قورۇقچىلار توڭۇپ ـ تىترەپ، شۈمشىيىپ قالغانىدى. گەرچە يا-

تىش بېگى[1] قورۇقچىلارنىڭ توڭۇپ ھوشيارلىقىنىڭ سۇسلاپ قې-لىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر قېتىملىق نۆۋەت ئالمە-شىدىغان ۋاقىتنى بىر ئاش پىشىمغا قىسقارتقان بولسىمۇ، قو-رۇقچىلار نۆۋەت ئالمىشىشقا چىقىدىغانلار كېلىپ بولغىچە توڭلاپ، كاسىلداپ كېتەتتى، باشلىرىنى يېلىنىڭ تونلىرىنىڭ يا-قىسىغا تىقىۋېلىشاتتى؛ قارارگاھنىڭ سىرتىنى كۆزىتىشكە، ئەتراپىدىكى غەيرىي شەپىنى تىڭشاشقا ھەپىسلى يوق ئىدى؛ ئەس-يادى كۆزەت قىلىدىغان ۋاقىتنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىدە، ئورنىغا ئال-مىشىدىغانلارنىڭ پاتراق كېلىشىدە، گۈلخان يېقىلغان چېدىر ئى-چىدىكى ئىسسىق يوتقانغا كىرىۋېلىشتا قالغانىدى.

مىڭلارچە چېدىرلاردىن شەكىللەنگەن قارارگاھ زو ۋاقىتتا يېقىن شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بولدى. ئېرەنسىزلىك بىلەن دۈگدى-يىپ تۇرغان قورۇقچىلارنىمۇ مۈگدەك باسقانىدى. گەرچە ئۇلار ئاستا مىدىرلاپ تۇرۇشسىمۇ، ۋۇجۇدىنى خاۋالۇت ئۇيقۇسى ئەسىر قىلغانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار قارارگاھقا پەم بىلەن كىرىپ كەلگەن بەش يۈزگە يېقىن قارا كۆلەڭگىلەرنى پەقەتلا سەزمەيتتى. تۈن قوينىدا شەپە چىقارماي ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ باسقۇنچىلار قارارگاھ-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزرەك دۆڭگە تىكىلگەن سۇلتان شىر-مۇھەممەدخاننىڭ «بارگاھى ئالىي» دەپ ئاتىلىدىغان ھەشەمەتلىك چېدىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بارگاھى ئالىينىڭ قورۇقچىلىقىنى قىلىۋاتقان نۆكەرلەر قارارگاھ قورۇقچىلىرىغا قارىغاندا خېلىلا سەگەك ئىدى. ھەئە، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى سوغۇققا دالدا بولغۇ-دەك دەرىجىدە قېلىن بولۇپ، سوغۇق ئۇلارنىڭ سەزگۈلىرىنى بى-خۇدلاشتۇرالمىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان قارا كۆلەڭگىلەرنى كۆرۈپ بىرئاز سەگەكلەشتى.

ــ ئوران![2] ــ دەپ توۋلىدى نۆكەر بېشى.

① ياتىش بېگى ــ قارارگاھنىڭ كېچىلىك مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەس-ئۇل بەگ.

② ئوران ــ پارول.

www.uyghurkitap.com

قارا كۆلەڭگىلەردىن ئاۋاز چىقمىدى. ئۇلار دەقىقە توختىۋالـ-غاندىن كېيىن قەدىمىنى تېخىمۇ ئېتتىكلەتتى. جىددىيلەشكەن نۆكەر بېشى قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ توۋلىدى:

ـــ جايىڭدا جىم تۇرۇش. ئورانغا جاۋاب بەر!

قارا كۆلەڭگىلەر جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قىلىچلىرىنى تەڭلىگىنىچە ئۇلارغا قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىلدى. شۇ ھامان شاھ چېدىرىنىڭ ئەتراپىنى چۇقان ـ سۈرەن قاپلاپ قىر ـ چاپ باشلىنىپ كەتتى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنىنىڭ شەبخۇن① ئۇرغانلىقىنى سەزگەن قورۇقچىلار لەشكەرلەرگە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن قوللىرىدىكى مىس تەۋلىدىبازنى چالدى. تەۋلىدى-باز ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەنلىكىنى ھېس قىد-لىشقان ناغرىچىلارمۇ ئۇيقۇلىرىنى ئېچىپ ناغرا چېلىشقا باشلى-دى. تەۋلىدىباز، ناغرا ئاۋازىدىن پۈتكۈل قارارگاھ ئۆرە ـ تۆپە بو-لۇپ كەتتى. شېرىن ئۇيقۇدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەر چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىنىچە قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ سىرتقا يۈگۈرۈشتى.

باش ـ ئاخىرى يوق غەم ـ قايغۇلار بىلەن كېچىدىن بىرى تۈزۈك ئۇخلىيالماي، كۆزى ئەمدىلەتىن ئۇيقۇغا ئىلىنغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان شۇنداق قاتتىق چۆچۈپ ئويغاندىكى، ۋەھىمە-دىن ۋۇجۇدىنى سۇر بېسىپ، نەپەسى ئاغزىغا كەپلەشتى، سوغۇق تەرلەپ، بەزگەكتەك تىترىدى. شاھ چېدىرى ئىچىدە غۇۋا يورۇپ تۇرغان شام يورۇقىدا كىيىملىرىنى تاپالماي ئەتراپىغا ئالاقزەدى-لىك بىلەن قارىدى. شاھانە كاتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، نېپىز شايى پەردىنىڭ ئارقىسىدا خاننى قورۇقداپ مۆگدەپ ئولتۇرۇشقان تۆت نەپەر خاس مەھرەم ئاللىقاچان چاچراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىدىن نېمە قىلارىنى بىلەل-مەي ھاڭۋېقىپ قېلىشقانىدى. ھەرھالدا دەستارپىچ② دەرھال ئې-

① شەبخۇن ـــ كېچىلىك ھۇجۇم.

②دەستارپىچ ـــ خاننىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە مەسئۇل مەھرەم.

ىسنى يىغدى، ئالدىراپ ـ تېنەپ خاننىڭ كىيىملىرىنى تېپىپ كىيىنىشىگە ياردەملەشتى. قاتتىق قورقۇپ كەتكەن خاننىڭ پۇت ـ قوللىرى قولاشماي، ھە دېگەندە كىيىم كىيىشكە ماسلىشىپ بېرەلمەيۋاتاتتى. خان مىڭ بىر جاپادا ئاخىرى كىيىندى. بۇ چاغدا باسقۇنچىلاردىن بىر نەچچىسى شاھ چېدىرىغا باستۇرۇپ كىردى ـ دە، ئالدىنى توسۇشقا جۈرئەت قىلغان مەھرەملەر بىلەن قىلىچلىششقا باشلىدى. پۇت ـ قولىدا جان قالمىغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان لاغىلداپ تىترىگىنىچە يوشۇرۇنغۇدەك جاي ئىزدەپ تۆت ئەتراپىغا قارايتتى، كىملەردىندۇر مەدەت تىلەيتتى. چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنۈپ، بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان خان ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى.

«ئاھ تەڭرىم، ئەجىلىم مۇشۇ يەردە تولغان ئوخشىمامدۇ؟ نېمىشقىمۇ بۇ جازا يۇرۇشىنى ئىختىيار قىلغان بولغىيدىم؟ سېپىللىرى مۇستەھكەم تۇرپان شەھىرىدىن چىقمىسام بوپتىكەن. ئۇلار نېمىشقا يۇزلىرىنى قارا لاتا بىلەن ئورىۋالىدۇ؟ ياكى بۇ تۇركىستان لەشكەرلىرىنىڭ قائىدىسىمىكىنە؟...»

خاننى جان پىدالىق بىلەن قوغداۋاتقان ئىككى مەھرەم ئارقا ـ ئارقىدىن باسقۇنچىلارنىڭ قىلىچىدا يەر چىشلىدى. ئەنە ئاشۇ ھالقىلىق پەيتتە شاھ چېدىرىغا خاننىڭ ئون نەچچە نۆكىرى يوپۇرۇلۇپ كىردى ـ دە، باسقۇنچىلارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئۆتكۈر قىلىچلىرى بىلەن يەر چىشلىتىشكە باشلىدى.

ـــ ئالىيلىرى، بۇياققا ماڭسىلا، ـــ دېدى بىرئاز ھوشىنى يىغقان دەستارپىچ مۇردىدەك قېتىپ تۇرغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى شاھ چېدىرىنىڭ ئارقا ئىشىكى تەرەپكە تارتىپ.

ئالاقزەدىلىكتە خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغان خان كۆزىگە نىجاتلىق يولى كۆرۈنگەندەك دەستارپىچىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. شاھ چېدىرىنىڭ ئارقا تەرىپى ھەرھالدا بىخەتەر ئىدى. جان قايغۇسىدا قالغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان سىرتقا چىققاندىن كېيىن بىرئاز ئېسىگە كەلدى ـ دە، ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارد-

www.uyghurkitap.com

دى. خان ئالىيلىرى ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان دەستار ـ
پىچ يوگۇرۇپ ماڭغىنىچە خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. سۇلتان شىر ـ
مۇھەممەدخان بىردىنلا ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى ھېس قىلـ ـ
دى. شاھ چېدىرىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئاڭلانغان قىر ـ چاپ
سادالىرى كېچە قاراڭغۇلۇقى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى ئىسكەنجىگە
ئالغانىدى. جان قايغۇسىدا مۇدۇرۇپ ماڭغىنىچە ئەتراپتىن يوشۇ ـ
رۇنغۇدەك ئەپلىك جاي ئىزدەۋاتقان خاننىڭ كۆزىگە يوغانلا بىر ـ
ئازگال چېلىقتى. «مۇشۇ يەردە بىردەم دالدىلىناي» ـــ سۇلتان
شىرمۇھەممەدخان كاللىسىدا تويۇقسىز ۋاللىدە پەيدا بولغان ئە ـ
قىلنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنى ئازگالغا تاشلىدى ـ دە، «پولتۇڭ»
قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاتتىق ئەندىكىپ كەتتى، لېكىن مىدىر ـ
لىمىدى. ھەئە، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان سەكرەپ چۈشكەن بۇ
يەر خېلىلا چوڭقۇر يۇندى ئازگىلى ئىدى. خاننىڭ خاس ئاشپەز ـ
لىرى بۇ ئازگالنى يۇندى تۆكۈپ توشقۇزۇۋەتكەنىدى.

بامدات ۋاقتىغا يېقىن قارارگاھتىكى قىر ـ چاپ بېسىقتى.
تۇمەنلىگەن لەشكەرلەرگە تەڭ كېلەلمىگەن باسقۇنچىلارنىڭ كۆپ
قىسمى ئۆلۈپ، ئاز بىر قىسمى قېچىپ قۇتۇلغانىدى. سەركەردە ـ
لەشكەرلەر باسقۇنچىلارنى خېلى بىر يەرگىچە قوغلاپ قايتىپ
كەلگەندە، قاراڭغۇ ياغلىغ دالىسىدا ئاللىقاچان سۇبھى كۆتۈرۈلۈش ـ
كە باشلىغانىدى. ئۇلار شۇ چاغدىلا سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى
ئېسىگە ئېلىپ ئىزدەشكە كىرىشتى. خان شاھ چېدىرىدىمۇ، باشقا
چېدىرلاردىمۇ، ھەتتا ئۆلۈكلەر ئارىسىدىمۇ يوق ئىدى. سەركەردە
ـ لەشكەرلەر قايتىدىن پاتىپاراق بولۇشتى. قوللىرىغا ئوتقاشنى
ئېلىپ خاننى ئىزدەشكە كىرىشتى.

ـــ ئالىيلىرى!

ـــ ئانھەزرىتىم!

ـــ دۆلەتپاناھىمىز!

يۇندى ئازگىلىدىكى مۇزدەك سۇدا پۇت ـ قوللىرى ئۇيۇشۇپ
ھوشىدىن كېتەي دەپ قالغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ قۇلـ ـ

قىغا سەركەردىلەرنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، لېكىن ھەرقاند-
چە تىرمىشىپمۇ پۇت ـ قوللىرىنى ھەربكەتلەندۇرەلمىدى. قوللد-
رىدا ئوتقاش كۆتۈرۈۋالغان سەركەردە ـ لەشكەرلەر يۇندى ئازگد-
لىنىڭ ئەتراپىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشەتتى، لېكىن بۇ يۇندى
ئازگىلىغا قاراپ بېقىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى. توڭلاپ
چىشلىرى كاسىلداپ كەتكەن خان مىلىڭ تەستە زۇۋانغا كەلدى:

— مەن بۇ يەردە...

خاننىڭ ئاۋازى بەكمۇ جانسىز ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئازگالنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغان نۆكەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئوتقاشنى ئاز-گالغا تۇتتى ـ دە، خاننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— خان ئالىيلىرى بۇ يەردىكەن!

نۆكەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سەركەردىلەر يۈگۈرۈپ كېلىش-تى. ئازگالغا سەكرەپ چۈشۈپ خاننىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. قايد-تىدىن ئىجاتلىققا ئېرىشكەندەك تۇيغۇغا كەلگەن سۇلتان شىرمۇ-ھەممەدخان ھوشىدىن كەتكەنىدى.

سەركەردىلەر خاننى كۆتۈر ـ كۆتۈر قىلىشقىنىچە شاھ چېد-دىرىغا ئېلىپ كىرىشتى ـ دە، چۆپ ـ چۆپ بولۇپ كەتكەن كد-يىملىرىنى سالدۇرۇپ يوتقانغا يۆگەشتى. ئۇنىڭغىچە تېۋىپلار خاننىڭ چېكىسىنى ئۇۋىلاپ، كالپۇكلىرىنى بېسىپ، پۇت ـ قول-لىرىنى ئىشقىلاپ ھوشىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

— خۇداغا شۈكۈر، خان ھوشىغا كەلدى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بېشىدا قاراپ تۇرغان سەركەردد-لىرىنى دەسلەپ غۇۋا، كېيىن ئېنىق كۆردى.

«ھەرنېمە بولسا تېخى ھاياتكەنمەن، قارارگاھ قولدىن كەت-مەپتۇ. يا خۇدا، نېمىدېگەن دەھشەت ـ ھە؟! شۈكۈر، كۆرىدىغان كۈنۈم، يەيدىغان رىزقىم تېخى تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ...»

— ئالىيھەزرىتىمگە ئېھتىرام بولغاي!

— قىبلىگاھىمىزنىڭ ئالتۇن بويىغا سالامەتلىك تىلەيمىز!

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەتراپىدا قول باغلاپ تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەركەردىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئاستا پىچىرلىدى:

— ماڭا ئۇسسۇلۇق بېرىڭلار.

تېۋىپ باياتىن بىرى قايىنىتىپ تەييارلىغان دورىلىق چاينى بىر قوشۇق ـ بىر قوشۇقتىن ئىچكۈزۈشكە كىرىشتى.

— ئۇسسۇلۇقۇم قانمىدى، سوغۇق سۇ بېرىڭلار.

— سوغۇق سۇ ئىچسىلە سالامەتلىكلىرىگە زەرەر يېتىدۇ قىبلىگاھىم. ھازىرچە مۇشۇ دورىلىق چاينى ئىچىۋەتسىلە، — دېدى تېۋىپ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىپ.

— نېمە بولسام مەيلى، بىر يۇتۇم سوغۇق سۇ ئىچەي، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان قەتئىيلىك بىلەن.

تېۋىپ خانغا سۇ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

سۇنى ئىچىپ خان بىرئاز جانلانغاندەك بولدى، لېكىن مىد- دىرلىيالمىدى.

— مىدىرلىيالمىدىم، — دېدى خان، — ئۈستۈمدىكى نەر- سىلەرنى ئېلىۋېتىڭلار.

ئۇلار خاننىڭ ئۈستىگە ئۈچ قات يوتقان يېپىپ قويغانىدى، دەرھال ئىككى قات يوتقاننى ئېلىۋەتتى.

— چېدىرغا ئوت قالىمىدىڭلارمۇ؟ نېمانچە سوغۇق.

سەركەردىلەر نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بىر- بىرىگە قاراشتى. ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئوت قالىغان بولۇپ، چېدىرنىڭ ئىچى تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى.

— يوتقاننىڭ ئىچىگە سەندەل قويۇڭلار، — دېدى مىرمۇ- ھەممەد شاھ.

مەھرەم يىگىت لىق چوغ سېلىنغان سەندەلنى يوتقاننىڭ ئىچىگە سالدى.

— ئەمدى ئىسسىغاندەك تۇراملا ئالىيلىرى؟

— ياق، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بېشىنى چاي- قاپ، — مۇزلاپلا تۇرىمەن، — ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بىرئاز تۇرۇۋال-

غاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىدىن كەچكەندەك كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى:

ـــ ئول مولھىد[1]لارنى تۇتتۇڭلارمۇ؟

ـــ مۆھتەرەم قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، ـــ دېدى ياندىكى ئەمىرلەشكەر مىرمۇھەممەدشاھ قول باغلاپ تۇرۇپ، ـــ ئول مولھىدلارنىڭ ئاز بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدۇق.

شىر مۇھەممەدخاننىڭ كۆز ئالدىدىن يۈزىنى قارا لاتا بىلەن ئورىۋالغان قاتىللار لىپ قىلىپ ئۆتتى.

ـــ مۇناپىق ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ شەبخۇنچىلىرىمىكەن؟

ـــ يوقسۇ پادىشاھىم، ـــ دېدى سەركەردە مىرزا گايىت تۆرە قول باغلاپ، ـــ تۈزكور شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ نۆكەرلىرىكەن.

ـــ شاھزادە ئۇۋەيسخان؟...

سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ كەتتى، چېكىسىدىن پۈررىدە تەر تەپچىرەپ چىقتى، كۆزلىرى ئالاقزەدىلىك بىلەن چەكچەيدى.

ـــ ئۆزىنى تۇتالىدىڭلارمۇ؟

ـــ گۇناھىمىزدىن كەچكەيلا ئالىيلىرى، قېچىپ كەتتى.

ـــ قېچىپ كەتتى؟ قوغلىمىدىڭلارمۇ؟

ـــ كۆز ئالدىمىزدىن ھەمساتتىلا غايىب بولۇپ كەتتى. قايسى تەرەپكە قاچقىنىنى بىلەلمىدۇق، لەشكەرلەر ئىزدەۋاتىدۇ.

شۇ تاپتا سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ غەزەپلەنگۈدەكمۇ ماغدۇرى يوق ئىدى، ئاچچىق يۇتۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. چىرايىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

«ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر توپ نان قېپىلار، ئۇلارنىڭ شاھزادە ھەققىدە بەرگەن يالغان ـ ياۋىداق مەلۇماتلىرىغا ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن تېخى. كۆرستىمەن ئۇلارغا يالغانچىلىقلىرىنى. خەپ، خەپ...»

---

[1] مولھىد ـــ «لەھەتكە، ئۆلۈمگە مەھكۇم» دېگەن مەنىدە.

www.uyghurkitap.com

قورقۇپ تۇرغان سەركەردىلەر شۇ تاپتا نېمە ئويلاۋاتقانلىقىـ
نى بىلىۋالماقچى بولغاندەك خاننىڭ چىرايىغا يوشۇرۇن سەپسىـ
لىشتى. سەركەردىلەرنىڭ ئارىسىدا خاننىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ قالـ
ماسلىق ئۈچۈن كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالغان ياتىش بېگى لاغ ـ لاغ
تىترەيتتى. چۈنكى، قارارگاھنىڭ كېچىلىك مۇھاپىزىتىنىڭ
پۇختا بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان بۇ ۋەقەدە ياتىش بېگىنىڭ
مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر ئىدى. ھە دېگەندە خاننىڭ بۇ مەسئۇلىـ
يەتنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش ئېھتىمالى بار
ئىدى.

شاھ چېدىرىنىڭ ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە
ئىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. سەركەردىلەر يا چىقىپ كېتىشنى، يا
تۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي تېخىچە ئۆرە تۇرۇشاتتى. بىر چاغدا سۇلـ
تان شىرمۇھەممەدخان ئاستا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى
بىر ـ بىرىدىن ۋەھىمىلىك خىياللار چىرمىۋالغانىدى.

«ئول بەختى قارا تۇزكور شاھزادە بۇ يەرگە قانداق كەلگەندۇ؟
كېچىدە قارارگاھنى باسقىن قىلىشقا قانداق پېتىنغاندۇ؟ نۆكەرـ
لىرى ئاز ئوخشايدۇ، بولمىسا... ھەئە، ئۇنىڭ قەستلىمەكچى بولـ
غان ئادىمى مەن. شۇڭا ئۇدۇل شاھ چېدىرىغا تېگىش قىلغان
گەپ. خەپ، بۇ دورەم ئۇنى تۇتماي ھەرگىز تىنچىمايمەن. ئاسمانغا
چىقىپ كەتسە تاپىمەن، يەرگە كىرىپ كەتسە كوكۇلىسىدىن تۇـ
تۇپ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلمىغۇچە ماڭا ھەرگىز ئارامچىـ
لىق يوق. ئۆز ۋاقتىدا، تاجۇتەختنى قولىغا ئېلىپلا گۇناھسىز
جىيەنىنى ئۆلتۈردى دېگەن بەتنامغا قېلىشتىن ۋايىم يەپ، ئاياپ
قويغانلىقىمنىڭ جازاسىغۇ بۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا شاھزادە ئەمىر
شەيخ نۇرىددىن بىلەن كۆمەكلەشمەپتۇ، ناۋادا كۆمەكلەشكەن بولسا
بۇنچە ئاز نۆكەر بىلەن شەبخۇن ئۇرمىغان بولاتتى. ناۋادا شۇنداق
قىلغان بولسا... ياخۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىنىڭغا شۈكۈر.
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۈركىستان ئەمىرى بىلەن جاندىن ئۆتىدىـ
غان سوغۇقتىن ئىبارەت ئىككى رەقىب بىلەن ئېلىشقانىدىم، مانا

ئەمدى بۇ يەرگە شاھزادىنىڭ ئايىغى يېتىپتۇ. دېمەك، رەقىبىم كۆپىيىپ ئۈچ بوپتۇ. شاھزادە قېچىپ قۇتۇلغان بولسا، ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ دەرگاھىغا پاناھ تارتىپ بېرىشى ئېنىق. شاھزادە لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئەڭلىنىڭ يېلىڭ ـ يوپۇڭلۇقىنى چوقۇم بىلىپ قالدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى تۈركىستان ئەمىرىگە دېمەي قويمايدۇ. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن لەشكەرلىرىمنىڭ سوغۇقتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالسا، قارارگاھىغا تېخىمۇ مەھكەم بېكىنىۋېلىپ سوغۇقنىڭ كۈچىيىشىنى ساقلايدۇ. بۇنىڭ دەھشىتى ھەممىدىن يامان. قىرىشقاندەك سوغۇقمۇ بارغانسېرى ئەدەۋاتىدۇ. ئەگەر قار يېغىپ كېتىدىغان بولسا تۈركىستانلىقلارنى مەغلۇپ قىلىش ئەمەس، جاننى ساقلىماقمۇ تەسكە توختايدۇ، قاتتىق سوغۇقتا لەشكەرلەرنىڭ جەڭ قىلمىقى تەس، ھېلىتىن سوغۇقتىن قورقۇپ چېدىرلىرىدىن چىققىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. شۇڭا كېچىدىن شاھزادىنىڭ نۆكەرلىرى قارارگاھقا بىمالال كىرەلىگەن گەپ. ئەڭ ياخشىسى، ئاستانىگە قايتقان تۈزۈكتەك قىلىدۇ. دۈشمەنلىرىم كەينىمدىن مازاق قىلىدىغان بولدى ـ دە، ئەمدى. ئەجەب بىر رەسۋايى ئەزىم بولدۇمغۇ؟ مەيلىلا، ئۇلار نېمە دېسە دېسۇن. ھەممىدىن جاننى، تاجۇتەختنى ساقلاپ قالماق ئەۋزەل. ھە، شۇنداق قىلاي، لەشكەرلەرنى دەرھال چېكىندۈرەي...»

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندى.

— پەرمان! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى چىڭراق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ھەرقايسى قوشۇن كەچ كىرگىچە چېكىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلسۇن. ئەلياتقۇ بىلەن قوزغىلىمىز!

— قوشۇننى نەگە چېكىندۈرىمىز ئالىيلىرى؟ — ئېھتىيات بىلەن سورىدى مىرمۇھەممەد شاھ.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ بۇ ئوغلىنى ئادەتتىمۇ ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى. ئۇلۇسبېگىنىڭ ئۆزىدىن يۇز ئۆرۈشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئامالنىڭ يوقىدىن بىللە ئېلىۋالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئاستانىگە بولماي نەگە بولاتتى، — دېدى شىرمۇھەممەدخان مىرمۇھەممەد شاھقا سەت گۆلىيىپ.

شاھ چېدىرنىڭ ئىچىنى ۋەھىمە ئارىلاش سۈكۈت قاپلىدى.

— قوشۇن چېكىندۇرگىنىمىزنى ياۋ قارارگاھى ھەرگىز بىلىپ قالمىسۇن، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان يەنە ئېغىز ئېچىپ، — ھەرىكىتىمىز ھەم چاققان، ھەم پۇختا بولسۇن.

— باش ئۈستىگە، — دېدى سەركەردىلەر قول باغلاپ.

— ئىجازەت، يانسۇنلار، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەمىرلەرنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ.

شۇ تاپتا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپ باراتتى. بېشى ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئېسىلىپ، چېكە تومۇرلىرى چىڭقىلىپ كەتكەنىدى. پۈتكۈل ئەزايى ئۈرۈپ چىقىۋەتكەندەك ئاغرىيتتى. توڭۇپ جاقىلداپ تىترىگەندەك قىلغان بىلەن قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قىزىپ قالغىنىنى سەزگەن تېۋىپلار يەنە پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى.

※ ※ ※

دەرۋەقە، كېچىدە قارارگاھنى باسقىن قىلغانلار شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ يىگىتلىرى ئىدى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ پەم بىلەن ئەسىرگە ئېلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغاننى ئاز دەپ، بىر مۇنچە ئادەملىرىنى چىقىم تارتقان شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ يېنىدا ھازىر ئەمىرزادە سەيىدئەلى ئالپ، سەركەردە بوران خوجىدىن باشقا ئاران ئەللىككە يېقىن نۆكىرى قالغانىدى. بۇلارنىڭمۇ خېلى كۆپ قىسمى يارىدار بولغانىدى. بېقىنىنى نەيزە تېشىۋەتكەن بوران خوجىنىڭمۇ ئەھۋالى خېلى ئېغىر ئىدى.

— سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ يەيدىغان رىزقى، كۆرىدىغان كۈنى تېخى تۈگىمەپتىكەنمۇ دەيمەن، — دېدى سەيىدئەلى

ئالپ ئەپسۇسلانغان ھالدا، ـــ ئەجەبمۇ بىر ياخشى پۇرسەت كەلگە-
نىدى، ئەپسۇس لەشكەرلىرىمىز ئاز كېلىپ قالدى.

ـــ خان لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ
قاپتىمىز، ـــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان مەيۇسلەنگەن ھالدا، ـــ
خانغا يېقىنلىشىشقا بىرنەچچە قەدەملا قالغانىدۇق.

ـــ ئىچلىرىنى پۇشۇرمىسىلا ئالىيلىرى، خۇدايىم بۇيرىماپ-
تىكەنمۇ دەيمەن، ـــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئويچانلىق بىلەن، ـــ
بۇنداق پۇرسەت يەنە كېلىدۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن سۇلتان شىر-
مۇھەممەدخاننى بىر قېتىم قاتتىق چۆچۈتۈپ قويدۇق. ئەمدى
قانداق قىلساق بولۇر؟

ـــ ئەجەبمۇ ئېسىل، باھادىر يىگىتلەر ئىدى، ـــ دېدى
شاھزادە ئۇۋەيسخان ئۆلۈپ كەتكەن نۆكەرلىرىنى ئېسىگە ئې-
لىپ، ـــ قاراپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىم دېسە.

ـــ جەڭ دېگەندە ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ تۇرىدۇ، ـــ دېدى
سەييىدئەلى ئالپ تەسەللى بېرىپ، ـــ ئۆزلىرىنى ئەيىبلەۋەرمى-
سىلە، ئۇلار جانابلىرىغا ساداقەت كۆرسىتىپ ئۆز بۇرچىنى ئادا
قىلدى.

ۋۇجۇدىنى قايغۇ - ھەسرەت چۇلغىۋالغان شاھزادە لام -
جىم دېمىدى. سەييىدئەلى ئالپ بىر پەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇر-
غاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ـــ بۇنداق ئولتۇرۇۋەرمەيلى، ھېلىقىچە سۇلتان شىرمۇھەم-
مەدخان سەركەردە - لەشكەرلىرىنى بىزنى ئىزدەپ تېپىشقا ئەۋە-
تىشى مۇمكىن. ئۇلار يېنىمىزدا تۈزۈك نۆكەر قالمىغانلىقىنى بى-
لىپ بولدى. ناۋادا ئىزدەشكە لەشكەر ئەۋەتسە، ئاسانلا ئاشكارىلىن-
نىپ قالىمىز. بۇ ئازغىنە نۆكەر بىلەن ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلمى-
قىمىز ئاسانغا چۈشمەيدۇ.

شاھزادە ئاستا بېشىنى كۆتۈردى.

ـــ راست دەيدىلا، ئەمىرزادەم. ئەمدى بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ
يېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى. خان لەشكەرلىرى ئىزدەپ تې-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پىۋالغۇچە ئاستا كېتىۋالايلى.

ــ نەگە بارساق بولۇر؟

ــ مېنىڭچە، ــ دېدى شاھزادە بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، ــ چالىش[1] ياكى كۆنچى ۋادىسى[2] تەرەپلەرگە بارايلى. بەلكىم ئاشۇ يۇرت بەگلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ قالۇرمىز.

ــ مېنىڭچە، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا بارايلىمىكىن دەيمەن.

شاھزادە ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپقا ئەجەبلەنگەن ھالدا قارىدى.

ــ چاقچاق قىلىۋاتامدىغانلا ئەمىرزادەم؟

سەييىدئەلى ئالپ تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ يوقسۇ، زىنھار چاقچاق قىلمىدىم.

شاھزادە ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

ــ ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويمىغانلا ـ ھە؟ گەرچە ئۇ ھازىر سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بىلەن ياغى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ دوستىمىز ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ تەسەررۇپىمىزغا تەئەررۇز قىلغان ئەشەددىي دۈشمەندۇر. مۇشۇنداق ئادەمنىڭ دەرگاھىغا پاناھ تارتىپ بارساق، ئەل ـ يۇرت بىزگە دۈشمەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى دەپ لەنەت ئوقۇماسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ بىزنى قوبۇل قىلىشى، بىزگە ئىشىنىشى ھەم بىز بىلەن كۆمەكلىشىشكە ياردەم قولىنى سۇنۇشىمۇ بىر گەپ.

ــ شول تاپتا بىزگە بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئالىيلىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ، ــ ھازىر قىش كىرىپ قالدى. سىلىمۇ كۆردىلە، خان لەشكەرلىرىنىڭ ئۇستىبېشى بەكمۇ يېلىڭ ئىكەن. سوغۇق ئەدىگەنسېرى ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشىدۇ، ياغى قىلىشتىن رايى يانىدۇ. يۇرتقا

① چالىش ــ ھازىرقى قاراشەھەر.

②كۆنچى ۋادىسى ــ ھازىرقى كورلا تەۋەسى.

قايتىشقا ئالدىرايدۇ. بىز بۇ ئەھۋالنى تۈركىستان ئەمىرىگە چۈ-
شەندۈرسەك چوقۇم لەشكىرىي كۆمەكگە ئېرىشىمىز. ئۇل چاغدا
سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى مەغلۇپ قىلماق بەكمۇ ئاسان. بۇ
بىزنى كۈتۈپ تۇرغان يەنە بىر پۇرسەت. ناۋادا بۇ پۇرسەتنى قولدىن
بېرىپ قويساق، بۇنداق ياخشى پۇرسەت قايتا كەلمەسلىكى مۇم-
كىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىغىچە سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ
بىزنى ئىزدەپ تۇتۇشقا ماڭدۇرغان لەشكەرلىرى كېلىپ قېلىشى-
مۇ مۇمكىن. يەنە كېلىپ بىز تەنها ئەمەس، قورۇقداپ ماڭىدىغان
خوتۇن ـ بالىلىرىمىز بار. خەق بىزنى دۈشمەننىڭ قوينىغا ئۆزد-
نى ئاتتى دېسە دەۋەرسۇن، ھامىنى بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىدۇ.
سەييىدئەلى ئالپنىڭ «قورۇقداپ ماڭىدىغان خوتۇن ـ بالى-
لىرىمىز بار» دېگەن سۆزى شاھزادىگە تېزلا تەسىر قىلدى. دېمە-
سىمۇ، شاھزادىلا بويتاق ئىدى، خېلى كۆپ نۆكەرلەر خوتۇن ـ با-
لىلىرىنى بىللە ئېلىۋالغانىدى.
— ناۋادا تۈركىستان لەشكەرلىرى بىلەن كۆمەكلەشسەك،
سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇلارنى ۋەتەندىن
چىقىرىۋەتمەك تەس بولۇرمىكىن؟ كېيىنچە ئەمىر شەيخ نۇرىددىن-
نىڭ كۆزىگە قارايدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەيمەنا؟ — دېدى
شاھزادە ئەندىشىسىنى يوشۇرماي.
— بۇمۇ بىر ئېھتىماللىق، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ
ئويلانغان ھالدا، — ئەمما بۇ كېيىنكى ئىشلار. شۇنىڭغا ئىشەن-
سىلە ئالىيلىرى، بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بۇنداق بولۇشىغا
ھەرگىز يول قويمايمىز. بىز پەقەت ئامالنىڭ يوقىدىن دۈشمىنى-
مىزنىڭ دۈشمىنىگە موھتاج بولۇۋاتىمىز. ناۋادا ئەمىر شەيخ نۇ-
رىددىن مۇشۇنى باھانە قىلىپ ۋەتىنىمىزگە كۆز تىكمەكچى بول-
دىكەن، ئەلۋەتتە نامەردلىك قىلغان بولىدۇ. ئۇل چاغدا بۇنداق نا-
مەردلىككە قارشى چىقساق ۋاپاغا جاپا قىلغان بولمايمىز. ھازىرچە
ئاق يەردە خامان تالاشمايلى.
— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى. بۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ يوقتەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىدۇ، ــ دېدى شاھزادە سەييىدئەلى ئالپنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ.

ــ ئالىيلىرى بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ مەن سەركەردە بوران خوجىنىڭ جاراھىتىنى كۆرۈپ باقاي.

ــ مەنمۇ بىللە باراي، ــ دېدى شاھزادە خاتىرجەم بولالماي، ــ سەركەردىنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن.

ــ ئاگال سەركەردىنىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ قويغاچ تۇرايلى، ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ قارارگاھىغا بارغاندىن كېيىن شۇلارنىڭ تېۋىپلىرى ئەملەپ قويار.

## 10

تۈركىستان ئەمىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن شاھزادە ئۇۋەيسخاننى ئاجايىپ كاتتا ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. شاھزادىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن سەييىدئەلى ئالپنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇيلىنىپ تۇرمايلا شىغاۋۇل بەگ[1]نى شاھزادە ئۇۋەيسخاننى باشلاپ كېلىشكە بۇيرىدى، ئۆزى سەركەردىلىرى بىلەن قارارگاھىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇ شاھزادە ئۇۋەيسخانغا بىر ئەلنىڭ سۇلتانىنى كۈتۈۋالغاندەك ھۆرمەت بىلدۈرگەنىدى. شاھزادىنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرغان بارگاھى ئالىيدىكى زىياپەتتە بولسا شاھزادىنى ئۆزى بىلەن بىللە تۆردە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزدى.

ــ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا ئىتا-

① شىغاۋۇل بەگ ــ چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈشكە مەسئۇل بەگ.

ئەت گەردىنىنى سۇنۇشنى ھار ئېلىپ، ئوردىدىن چىقىپ كەتكە-
نىدىن خەۋەر تاپقانىدۇك، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن كۆرۈ-
شۇش يوسۇنلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سۆزىنىڭ تېمىسىنى
ئەسلىي مەقسەتكە يۆتكەپ، — كېيىن تۇرپانغا ئەۋەتكەن ئايغاقچى-
لىرىمىز شاھزادە ئالىيلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يەتكۈ-
زۈپ بېرەلمىدى. گەرچە تۇركىستان كىچىككىنە تەسەررۇپ بول-
سىمۇ، شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بول دەر-
گاھنى ئاۋات قىلىپ بېرىشىنى تولىمۇ تەمە قىلاتتۇق. چۈنكى،
ئۆز ئېلىدە رەنجۇ ئەلەمگە يولۇققاندا قوشنىلار بىلەن بىر مەزگىل
ھال ـ مۇڭ بولۇش ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدە ـ ئۇدۇم
ئەمەسمۇ. ياراتقان ئاللاھ ئىگەم ۋاقىت ـ سائەتنى بۇگۈنگە بۇيرۇ-
غانىكەن. مانا ئاخىر تىنچ ـ ئامان دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇشقا نې-
سىپ بولدى. شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىمىزنى يات كۆرمەي
قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدىن زىيادە بەختىيارمىز.

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىر شەيخ نۇرىددىنغا
قايتىدىن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

— جانابلىرىنىڭ كەمىنەلىرىنى بىر لاماكان كۆرمەي، كاتتا
ئىززەت كۆرسەتكەنلىكلىرىگە مىڭلارچە تەسەننا.

— ئۇنداق دېمىسىلە شاھزادەم، قېنى ئولتۇرسىلا. شەۋكەت-
لىرىگە چۈشلۇق ھۆرمەت بىلدۈرەلىگەن بولساق شۇنىڭغا خۇشال-
مىز.

ھەئە، ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئى-
دى. ئۇ قوشنا يۇرت بەگلىرى بىلەن يايلاق تالىشىپ ئارازلىشىپ
قالغان بىرقانچە يۇرت بەگلىرىنىڭ: «بۇ يۇرتلار ئەسلىدىنلا تۇر-
كىستانغا تەۋە ئىدى» دەپ ئەرز قىلىشى بىلەن موغۇلىستاننىڭ
تۇركىستانغا قوشنا بولغان بىرقانچە يۇرتلىرىغا لەشكەر تارتىپ
بېرىپ، ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ يۇرتلارنىڭ نېرى-
سىغا باستۇرۇپ كىرىش خىيالىمۇ يوق ئىدى، ھەمدە ئۇ موغۇ-
لىستاننىڭ زېمىنى كەڭرى، بۇنچىلىك زېمىنغا ئانچە پەرۋا قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەتمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى. كۆتمىگەندە سۇلتان شىرمۇھەممەدخان نۇرغۇنلىغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن جازا يۇرۇشى قىلىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئۆزىنىڭ چوڭ بىر خاتالىققا يول قويغانلىقىنى، كىچىككىنە زېمىننى دەپ، موغۇلىستاندەك كاتتا بىر خانلىقنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانىدى. مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھە دېگەندە لەشكەر ئەۋەتىشى مۇمكىن ئىدى. مانا مۇشۇنداق تەڭقىسلىقتا تۇرغان ۋاقىتتا شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ياردەم سوراپ كېلىشى ئۇنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتكەنىدى.

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىر قاتار تەۋازۇدىن كېيىن، — بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بىلەن توقۇنۇشۇۋاتىمىز. غەلىبە ـ نۇسرەتتىن تېخىچە بىر نىشانە يوق. لەشكەرلىرىمىز ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن قارامىلىق بىلەن ياغى قىلىشقا پېتىنالمىدۇق، شول بائىستىن ئۇلارنىڭ سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمىز.

— ھەزرەتلىرىنىڭ موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قانچىلىك خەۋىرى باركىن؟

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوقلۇقىنىلا بىلىمىز.

— ئۇنىسى راست، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، — سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ تامامى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يۈرۈش قىلىشىدا، بىرنەچچىدىن، ئۆزلىرىگە تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەن، ئىككىنچىدىن، ئاستانىدا لەشكەر قالدۇرۇپ قويسا ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ كەمىنە بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. گەرچە موغۇلىستان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ

ئارىسىدا ئاجايىپ باھادىر ئەزىمەتلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇل ئىستىبداتسىز خاننىڭ لەشكىرىي ئىشلاردىن قىلچىلىك خەۋىرى يوقتۇر. بىز بۈگۈن تاڭغا يېقىن ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا بىر قېتىم شەبخۇن ئۇردۇق.

— مۇنداق كارامەتلەرمۇ بار دېسىلە؟ — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن قىزىقىپ، — جەڭنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

شاھزادە ئۇۋەيسخان جەڭنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىلا بايان قىلدى:

— نۆكەرلىرىمىز ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن خاننىڭ چېدىرىنى ھۇجۇم نىشانى قىلغاندۇق. قورۇقچىلار تۈيۈپ قېلىپ ھۇجۇمىمىز نەتىجىسىز بولۇپ قالدى. خېلى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراپ كەتتۇق.

— جەڭ دېگەندە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ئەمىر شاھزادىگە تەسەللى بېرىپ، — كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا.

— موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئەڭلى تولىمۇ يېلىك ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇق ـ تۈلۈكلىرىمۇ تۈگەي دەپ قاپتۇ، ناۋادا ئەمىر جانابلىرى بىزگە كۆمەكلىشىش ئۈچۈن لەشكەر بېرىشنى خالىسا، ئۇلار بىلەن مەيدان جېڭى قىلىشىپ كۆرسەكمىكىن دەيمىز، چۈنكى، سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ لەشكىرىي تەدبىرگە ئېپى يوق. ياغى قىلساق چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز.

«ئەسلىدە شاھزادە بىزنى پاناھ تارتىپ ئەمەس، لەشكىرىي كۆمەك سوراپ كەلگەنىكەن ـ دە! ياغى دېگەننى ئېغىزدا قىلماق ئاسان. گەرچە سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئىستىبداتسىز ئادەم بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدا نۇرغۇن جەڭلەرنى كۆرگەن سەركەردىلىرى بار. ياغى بولسا ئۇلار ئۆز پاسىبانى ئۈچۈن جاسارەت كۆرسەتمەي قالمايدۇ. ئۇلار شاھزادىنى قوللىغان بولسا، خاننىڭ قېشىدا تۇرمىغان بولاتتى، ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىشتا يەڭگىللىك قىلمىغان تۈزۈك...»

www.uyghurkitap.com

— تولا بەلەن، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، چىرايىغا تەۋازۇ بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بۈگۈن ئوبدانراق ئارام ئالسىلا، لەشكىرىي ئىشلارنى ئەتە خاس ئولتۇرۇپ مەشۋەرەت[1] قىلايلى.

يەنە گەپ قىلسا تۈركىستان ئەمىرىگە يېلىنغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن شاھزادە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ لام ـ جىم دېمىدى.

پاراڭغا ئارىلاشماي ئولتۇرغان سەييىدئەلى ئالپ ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىلەن شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ سۆھبىتىنىڭ ئاساسەن پۈتۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ ئېغىز ئاچتى:

— ئاخشامقى ياغىدا سەركەردە بوران خوجا قاتارلىق ئون نەچچە بۇرادىرىمىز ئېغىر يارىلانغانىدى، ئالىيلىرى ئۇلارنىڭ جاراھىتىنى ئەملەشكە تېۋىپ بۇيرۇپ بەرگەن بولسا...

— ئۇلار ھازىر نەدە ئەمىرزادەم؟

— تاغ كەينىدىكى قارارگاھىمىزدا.

— نېمىشقا ئۇلارنى بىللە ئېلىپ كەلمىدىلە؟ — سورىدى ئەمىر شاھزادىگە قاراپ.

— ئالىيلىرى بىلەن مۇلاقاتتا بولۇشقا ئالدىراپ، ئۆي ئىچىمىز بىلەن يارىدارلارنى قالدۇرۇپ قويغانىدۇق، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ جاۋاب بېرىپ.

— مۇنداق قىلايلى، تېۋىپتىن بىرى بارسۇن، لېكىن خاتۇن ـ باللار بىلەن يارىدارلارنى دەرھال لەشكەرگاھقا ياندۇرۇپ كەلسىلە.

— ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، — دېدى شاھزادە.

※ ※ ※

شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن سەييىدئەلى ئالپ تۈركىستان ئەمىرىنىڭ قارارگاھىدىن خوشلىشىپ چىققاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ

① مەشۋەرەت — مەسلىھەت.

بولغانىدى. ئەتىسى ئۇلار ئاش ۋاقتى بىلەن نۆكەر، خىزمەتكار، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ تۈركىستان ئەمىرى قارارگاھىغا يېتىپ كەلدى. ھەئە، شۇ ئارىلىقتا چارلىغۇچىلار سۇلتان شىر-مۇھەممەدخانىنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەنلىك خەۋ-رىنى مەلۇم قىلىشتى.

كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن شاھزادە ئۈۋەيسخانمۇ، ئەمىر شەيخ نۇرىددىنمۇ ئوخشاشلا ھەيران قالدى.

— ئۇلار قاچان چېكىنىپتۇ؟ — سورىدى ئەمىر شەيخ نۇ-رىددىن.

— ئېنىق بىلەلمىدۇق، — دېدى مەلۇمات يەتكۈزگەن سەر-كەردە، — بايا ياۋ قارارگاھىنى كۆزىتىشكە كەتكەن لەشكەرلەر ياۋ قارارگاھىنىڭ يەر يۇتۇپ كەتكەندەك غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ-تۇ. تېخى ئاخشاملا بار ئىدى ئۇلار.

— قارارگاھ قورۇقمىكەن ياكى ئىزىدىن يوقمىكەن؟

— قارارگاھ ئىزىدىن يوق ئالىيلىرى. پەقەت قارارگاھ ئور-نىدا تاشلاپ قويغان ئەسكى ـ تۈسكى، لاقا ـ لۇقىلار بار ئىكەن.

— ئىچكىرىلەپ تەكشۈرمىدىڭلارمۇ؟

— لەشكەرلەر بەك نېرىسىغا بېرىشقا پېتىنالماپتۇ.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن قاپىقىنى تۈردى:

— تەپسىلىي ئېنىقلاپ مەلۇمات بەرسۇنلار.

— باش ئۈستىگە!

نېمىنىدۇر خىيالدىن ئۆتكۈزگەن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرغان ياتىش بېگكە بۇيرۇق قىلدى:

— قارارگاھىمىزنىڭ سىرتىدىكى ئىككى ـ ئۈچ پەرسەخ[1] دائىرىگە قورۇقچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن. قىلچىلىك بىخۇدلۇق قىلىنىشقا يول قويۇلمىسۇن!

ياتىش بېگى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن

① پەرسەخ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر پەرسەخ تەخمىنەن ئالتە كىلو-مېتىرغا تەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

شاھزادە ئۇۋەيسخانغا قاراپ سورىدى:

— سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ تۇيۇقسىز لەشكەر چېكىندۇرۇشىنى قانداق چۈشەنسەك بولۇر شاھزادە ئالىيلىرى؟

— مېنىڭچە كۈندىن ـ كۈنگە ئەدەپ كەتكەن سوغۇققا لەشكەرلەرنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، — دېدى شاھزادە ئويلانغان ھالدا، — خان لەشكەرلىرىنىڭ ئەڭلى تولىمۇ يېلىڭ، بۇ دالىدا تۇرۇۋەرسە سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. چېكىنگەن لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتى تۆۋەن بولىدۇ، پەمىچە، ئۇلار تېخى ئانچە ئۇزاپ كەتمىدى، دەرھال قوغلاپ ھۇجۇم قىلايلى.

— ناۋادا بۇ سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ھىيلىسى بولۇپ قالسىچۇ؟

شاھزادە كېسىپلا جاۋاب بەردى:

— ھىيلە ئىشلىتىشى مۇمكىن ئەمەس، لەشكەر چېكىندۈرگىنى راست.

— ئالدىراقسانلىق قىلمىغىنىمىز ئەۋزەل، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن مۇلاھىزە قىلغان ھالدا، — سۇلتان شىرمۇھەممەدخان نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۈندە دېگۈدەك بىزنى جەڭگە ئۈندەپ تۇرغان بولسىمۇ، قارارگاھىمىزدىن چىقماي تۇرۇۋالغاندۇق. مەقسىتىمىز سوغۇقنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈش ئىدى. سوغۇق بىلەن ئاچلىق تەبىئىيلا بىزگە ھەمدەم بولاتتى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان شۇنچە دەبدەبە بىلەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، ھېچ ئىشنىڭ تايىنى يوقلا قايتىپ كەتسە يۈزىگە سەت بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا بىزنى قارارگاھتىن چىقىرىش ئۈچۈن مۇشۇ تەدبىرنى قوللاندىمىكىن دەيمەن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ قالىمىز، يەنىلا چارلىغۇچىلارنىڭ ئېنىق مەلۇماتىنى ساقلايلى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان تۈركىستان ئەمىرىنىڭ زىيادە ئېھتى-

ياتچانلىقىنى ياقتۇرمىغان بولسىمۇ، زورلاۋېرىشكە ئامالسىز قالدى. ئۆزىنىڭ ئەللىككە يەتمىگەن نۆكىرى بىلەن نەچچە تۈمەن خان لەشكىرىگە قوغلاپ زەربە بېرەلمەيتتى. ھەئە، ئۇ تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ لەشكەر چېكىندۈرگىنىگە شەكسىز ئىشەنگەنىدى. ئەگەر چېكىنىش ھىيلىسى ئىشلىتىپ تۈركىستان لەشكەرلىرىنى تۇزاققا دەسسەتمەكچى بولسا، كۈندۈزى ئۇلارغا چېكىنمەكچى بولغاندەك تۇيغۇ بېرىپ، قارارگاھنى ئوچۇق ـ ئاشكارا يىغىشتۇرغان بولاتتى. شاھزادە ئۇۋەيسخان ئويلىغانلىرىنى بۇ ئېھتىياتچان ئەمىرگە دېيىشنى خالىمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ ئاغزىغا قارىماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

پېشىن ۋاقتى بىلەن بارگاھى ئالىيغا كىرىپ كەلگەن سەركەردە ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ راستتىنلا پۈتۈنلەي چېكىنىپ كەتكەنلىكىدىن مەلۇمات بەردى.

— ئۇلار راستتىنلا چېكىنىپتىمۇ؟ — قايتىلاپ سورىدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن تازا ئىشەنچ قىلالماي.

— شۇنداق ئالىيلىرى، موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئاياغ ئىزىنى بويلاپ خېلى ماڭدۇق. ئەتراپتىكى چارۋىچىلاردىن سۈرۈشتۈردۇق. ياۋ لەشكەرلىرى ئاۋۋال ئاخشامدىلا چېكىنگەنىكەن، پەمىمچە، خېلى ئۇزاپ كەتتى بولغاي.

— ئىسىت، ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتۇق ـ دە، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئەپسۇسلىنىپ ۋە شاھزادە ئۇۋەيسخانغا قارىدى، — ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ ھىيلىگەر شىرمۇھەممەدخان شەپە چىقارماي قېچىپ كېتىپتۇ، قوغلاپ باقامدۇق ـ يا؟

— پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇق. ئەمدى قانىتىمىز بولسىمۇ ئۇلارغا يېتىشەلمەيمىز، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان مەيۇسلەنگەن ھالدا، — ئەمدى ئالدىرىمايلى.

كۆچلۈك ياۋنىڭ چېكىنگەنلىكىدىن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ـــ شۇنداق قىلايلى، ئالدىراقسانلىق ئۆزىگە دۈشمەن دەپتـ-
كەن، ـــ دېدى ئۇ شاھزادىنىڭ پىكرىگە ئاۋاز قوشۇپ، ـــ ئۇنىڭ
ئۈستىگە ھازىر سوغۇق بارغانسېرى ئەدەۋاتىدۇ. قارا قىشتا لەشـ-
كىرىي يۈرۈش قىلماقمۇ تەس. ئايغاقچى ئەۋەتىپ سۇلتان شىر-
مۇھەممەدخاننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلەيلى. قىشچە پۇختا
تەييارلىق قىلىۋېلىپ، كېلەر يىلى يازدا لەشكەر تارتامىز.

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. شۇنداق
قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. قولىدا تۈزۈك لەشكىرى بولمىغانلىقى
ئۈچۈن ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى جەڭ قىلىشقا ئالدىرىتالمايتتى.

«ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن مەن بىلەن كۆمەكلەشكۈسى يوق.
بىر ھېسابتا بۇمۇ ئوبدان بولدى، ناۋادا تۈركىستان لەشكەرلىرىنى
باشلاپ بېرىپ تاغام بىلەن جەڭ قىلغان بولسام، جەڭنىڭ تۆھپىـ-
سى ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ بولاتتى، مەن بولسام ئۆز ۋەتىنىمگە
ياتلارنى باشلاپ كىرگەن ئاتاققا قالاتتىم. بوپتۇلا، ئاگال قىشچە
لەشكەر جۇغلاي، ئۆزۈمنىڭ لەشكىرىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن
ئاندىن تۈركىستان ئەمىرى بىلەن كۆمەك قىلاي. ئول چاغدا خەقـ-
مۇ پىتنە قىلالمايدۇ، مېنىڭ گېپىممۇ چوڭ بولىدۇ. خان تاغام
يەنە بىرەر مەزگىل تاجۇتەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋالغاچ تۇر-
سۇن...»

ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى.
شاھزادە ئۇۋەيسخانغا ياردەملىشمەن دەپلا قولىدىكى لەشكەرلىرد-
نى پۈتۈنلەي جەڭگە سېلىپ بېرىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، ئارقا
تەرىپىدىن ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھەر-
قاچان لەشكەر تارتىپ كېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ناۋادا شاھزا-
دە ئۇۋەيسخاننىڭ قولىدا ئاز ـ تولا لەشكەر بولغان بولسىدى، ئا-
ساسلىق قوشۇننى ساقلاپ قالغان ئاساستا شاھزادىنىڭ تاغىسىـ-
نىڭ قولىدىن موغۇلىستان سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىشىغا قولىدىن
كېلىشىچە كۈچ چىقارغان بولاتتى. ئۇ چاغدا موغۇلىستان تەختىدە
ئولتۇرغان ئۇۋەيسخان ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولاتتى ۋە كېيىنچە

ئۇمۇ مىرزا ئۇلۇغبەگ تەھلىكىسىگە ئۇچراپ قالسا ياردىمىنى ئا ـ يىمايتتى، بەلكىم شۇ ئارقىلىق مىرزا ئۇلۇغبەگ تەھلىكىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەتتى. ئەمما ھازىر شاھزادىنىڭ قولىدا نە لەشكەر، نە تەخت ـ سەلتەنەت يوق ئىدى. شۇڭا ئاغزىدا ھە دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە قاراملىق قىلىشتىن باش تارتىۋاتاتتى، ئو ـ رۇنلۇق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، لەشكەر چىقىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتاتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ تۇرپانغا قاراپ توختىماي چېكىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات تاپ ـ شۇرۇۋالدى.

— ئەمدى بىزمۇ تۇركىستانغا قايتايلى، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن.

شاھزادە ئۇۋەيسخانمۇ ئەمىر شەيخ نۇرىددىنغا ئەگىشىپ تۇركىستانغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

※ ※ ※

قىشتىن بېرى موغۇلىستاننىڭ چالىش، كۆنچى ۋادىلىرىغا بېرىپ لەشكەر يىغىشنى كۆڭلىگە پۈككەن شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ كۆكلەم پەسلى كېلىشى بىلەن تۇركىستاندىن ئايرىلغۇسى كەلمەي قالدى. ھەئە، تۇركىستان ئۇنىڭ ۋەتەندىن، مېھرىبان ئانىسىدىن ئايرىلىش ئازابىنى، تاجۇتەختنى قولىغا ئېلىشتىن ئىبارەت ئار ـ مانلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا بولغان، تۇركىستان ئەمىرىنىڭ ئەتىۋارلىق مەلى ـ كىسى دۆلەتسۇلتان خېنىمغا ئاشىق بولغانىدى.

ھەقىقىي ئەركەك ئۈچۈن ئىشق ئازابىغا مۇپتىلا بولۇش بەخت. كۆيۈك ئوتى مۇھەببەت ئەھلىنى تاۋلايدۇ، چىن ئىنسان قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

شاھزادە ئۇۋەيسخان دەسلەپتە تۇركىستانغا كېلىشنى ئانچە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



خالاپ كەتمىگەنىدى. پەقەت سەركەردە بوران خوجا قاتارلىق ياردارلارنىڭ جاراھىتىنى داۋالىتىش، قارا قىشتا ئىللىق بىر ماكانغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئامالسىز ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلغانىدى. دېمىسىمۇ سەركەردە بوران خوجا قاتارلىق بىرقانچە ھەمراھلىرىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى، سەييىدئەلى ئالپقا نىكاھلاپ بەرگەن سىڭلىسى ئۇزسۇلتان خېنىم توختىماي يۆتكىلىپ، مۆكۈنۈپ يۇرۇشلەردە قىينىلىپ قالغانىدى. قارا قىشتا ئۇلار تېخىمۇ بەك قىينىلىپ كېتەتتى.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئۇلارغا زىيادە قىزغىن مۇئامىلە قىلدى. شاھزادە ئۇۋەيسخان، سەييىدئەلى ئالپ ۋە سەركەردە بوران خوجىلارنى ئايرىم ـ ئايرىم قەسىرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. خىزمىتىگە مەخسۇس خىزمەتكارلارنى بەلگىلىدى. ئاندىن ئۇلارنى ئوردا يوسۇنى بويىچە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. ئەنە ئاشۇ زىياپەتتە شاھزادە ئۇۋەيسخان تۈركىستان مەلىكىسى دۆلەتسۇلتان خېنىم بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشتى. داستىخاندا ئەمىر شەيخ نۇرىددىن شاھزادە ئۇۋەيسخانغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىپ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. شاھزادىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە سەييىدئەلى ئالپ، سەركەردە بوران خوجا، ئاندىن تۈركىستان ئوردىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئورۇن ئېلىشقانىدى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ سول تەرىپىدە خانىش، خانىشنىڭ يېنىدا شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ سىڭلىسى ئۇزسۇلتان خېنىم، ئۇنىڭ يېنىدا ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى دۆلەتسۇلتان خېنىم، ئاندىن سەركەردە بوران خوجىنىڭ ئاغىچىسى، تۈركىستان ئوردىسىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئاغىچىلىرى ئورۇن ئېلىشقانىدى. ئاياللار يۈزلىرىنى نېپىز ھېلىلە رومال بىلەن يېپىۋېلىشقان بولسىمۇ، ھېلىلە رومال ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنى يوشۇرالمىغانىدى. شاھزادە ئۇۋەيسخان مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ ھېلىلە رومال ئىچىدىكى خۇددى تۇمان ئارىسىدىكى ئايدەك گۈزەل جامالىغا بىر قاراپلا كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى. ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك

سەمرىگەن خانىشنىڭ ئەكسىچە، مەلىكە تولىمۇ نازۇك ئىدى. بېشىدىكى ئالتۇن تاج، قۇلاق، بويۇن، بىلەك، بارماقلىرىدىكى ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەر گۈزەل جامالىنى بىر ئاز خىرەلەشتۇرۇپ قويغانىدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەن سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىنى چاندۇرماي بېقىنداپ قويدى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن قايسىبىر يىلى مەرھۇم سۇلتان مۇھەممەدخان، ئۇلۇسبېگى خۇدايدادلار بىلەن بىللە سايرام ئەتراپىدا قىلغان ئوۋ تاماشاسى ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. خانىش بىلەن ئۈزسۇلتان خېنىممۇ ئاللىقانداق بىر ئىشلار ھەققىدە كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. گىلاستەك چىرايلىق لەۋلىرىنى يىمىرىپ، چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرىنى داستىخانغا تىكىپ ئولتۇرغان دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ دادىسىنىڭ پارىڭىغا ياكى ئانىسى بىلەن ئۈزسۇلتان خېنىمنىڭ كۇسۇرلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شاھزادە ئۇۋەيسخان ئۇنىڭ بىر پارچە سۈرەتتەك نازاكەتلىك تۇرقىغا چاندۇرماي پات ـ پات نەزەر تاشلايتتى.

«يا خۇدا، جەننەتۇل رىزۋاننىڭ ھۆرلىرى ھەرقانچە بولسا شۇنچىلىك باردۇر. شۇ تاپتا نېمىنى خىيال قىلىۋاتىدىكىن؟ ئۇنىڭ ئاشۇ ھېچنېمىنى نەزەرىگە ئىلمىغاندەك ئولتۇرۇشى شەرم ـ ھايادىنمىدۇ ياكى تەكەببۇرلۇقىدىنمىدۇ؟ مېنى كۆرۈپ قانداقىراق خىيالغا كەلگەندۇ؟ ئۇمۇ مەن ھەققىدە خىيال سۈرۈۋاتامدىغاندۇ؟ بىر دەقىقە بولسىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويسىچۇ كاشكى...»

شاھزادىنىڭ خىيالى تاش چۈشكەن كۆل سۈيىدەك داۋالغۇپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە مەلىكە بىرئاز قىمىرلاپ بېشىنى كۆتۈرگەن شاھزادىگە مۇنداقلا بىر قاراپ قويغانىدى، ئىككى جۈپ كۆزنىڭ ئۇچرىشىشىدىن شۇ ھامان چاقماق چېقىلدى. چاقماق شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدىنى «ۋىژژىدە» كۆيدۈردى. مەلىكە ئۆزىگە مەپتۇنلۇق بىلەن تىكىلگەن ئوتلۇق كۆزگە نازلىق بىر تەبەسسۇم يوللىدى ـ دە،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
uyghurkitap.com

دەرھال يەنە ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئەمما ئاۋات رەڭ سۇزۇك چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى. ئاشۇ بىر دەقىقە ئىچىدە شاھزادىنىڭ كۆزىدىن ئېتىلغان سانسىزلىغان مۇھەببەت ئوقلىرى مەلىكىنىڭ دەل يۈرىكىگە بېرىپ سانجىلغانىدى. كۈچلۈك بىر ھاياجاندىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن شاھزادە ئۈۋەيسخان ئىختىيارسىز قىمىرلاپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گاللىرى قۇرۇپ كەتكەندى. بىرئاز سوۋۇپ قالغان چاينى بىر تىنىقتىلا غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى ۋە پىيالىنى قويغان بولۇپ مەلىكىگە يەنە بىر قارىۋالدى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىلەن سەييىدئەلى ئالىپ قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتكەندى. ئەمما ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. شۇ تاپتا مەلىكىدىن باشقا ھەممە نەرسە شاھزادە ئۈچۈن مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقانىدى. مەلىكە بىلەن شاھزادىنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتى. مەلىكە يىگىتنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي دەرھال كۆزىنى ئېلىپ قاچتى، خىجىللىق ئىلكىدە گىلاستەك لەۋلىرىنى چىشلىدى. ھەئە، شۇ دەقىقىدە مەلىكىنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ كۈچلۈك ھاياجان چىرمىۋالغانىدى.

«نېمانچە تىكىلىپ قارايدىغاندۇ، كۆزى ئەجەبمۇ ئوتلۇقكىنا؟ توۋا، نېمە بولغاندىمەن. ئەجەب ئۇنىڭغا قارىغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ ـ يا؟ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، باشقىلار سېزىپ قالسا سەت تۇرىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى... ئەجەب ئىسسىپ كېتىپ بارىمىنا، ئەڭ ياخشىسى، ئەمدى ئۇنىڭغا قارىماي، ھازىرمۇ ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتامدىغاندۇ؟ قاراۋاتىدۇ، كۆزىنى ئۈزمەي قاراۋاتىدۇ، ئاتام بىلەن ئانام بىلىپ قالمىسا بولاتتى. بوي ـ بەستى، چىراي ـ تۇرقى نېمانچە كېلىشكەن ـ ھە! ئاتام ئۇنى نېمىشقا بۇنچىۋالا ھۆرمەتلەيدىغاندۇ، ياكى...»

مەلىكە ئاخىرقى خىياللىرىنى شاھزادە بىلىپ قالغاندەك بوينىغىچە قىزىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا كۆزلىرى ئىرادىسىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. ئۆزىنى ھەرقانچە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ، يۈرد-

كىنىڭ بىر يەرلىرى بېشىنى كۆتۈرۈشكە، شاھزادىنىڭ ئوتلۇق
كۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم قاراشقا ئۈندەيتتى. شاھزادە ئۆۋەيسخان
ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغىنى بىلەن كۆزلىرى ئارقىلىق مەلىكىنىڭ
يۈرىكىگە ئىشق ئوتىنى يېقىۋەتكەنىدى.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم ئىختىيارسىز شاھزادىگە يەنە
قارىدى، قارىدى ـ يۇ، شۇ ھامان ھودۇقۇپ كەتتى. شاھزادە ئۇ-
نىڭغا تاتلىق بىر كۈلكە يوللىغانىدى. قىز ئوڭايسىزلاندى، خىر-
جىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى.

«قارىمىسام بوپتىكەن، مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ، ھا-
ياسىزكەن، دەپ قالمىسا بولاتتىغۇ؟ ئاھ، ئۇنىڭ كۈلۈشلىرىنى،
يۈرىكىم نېمانچە سىلىپ كېتىدىغاندۇ ـ ھە...»

مەلىكىنىڭ خىياللىرىنى يېنىدا ئولتۇرغان ئۈزسۇلتان خې-
نىم بۇزۇۋەتتى، ئۇ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۈزسۇلتان
خېنىم بىلەن پىچىرلىشىپ مۇڭدىشىشقا باشلىدى.

شاھزادە ئۆۋەيسخان ئۇچۇن ھەم ئازابلىق، ھەم لەززەتلىك
زىياپەت خېلى ئۇزۇندا ئاخىرلاشتى. پۈتكۈل زىياپەت جەريانىدا ئۇ
تۈزۈك ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ
تۇيۇقسىز سورىغان سوئاللىرىغا خۇددى مۈگدەپ ئولتۇرغان ئا-
دەمدەك مەڭدەپ، قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى. شاھزادىنىڭ روھىي
ھالىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان سەييىدئەلى ئالپ ئۇنىڭ جاۋابلى-
رىنى تولۇقلاپ، ئۇنى مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلدۇراتتى.

دۇئا قىلىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقاندىن كېيىن شاھزادە
ئەدەپ يۈزىسىدىن ئەمىر شەيخ نۇرىددىنغا مىننەتدارلىقىنى بىل-
دۈردى. ئەمما كۆزلىرى خانىشنىڭ يېنىدىكى مەلىكە دۆلەتسۇلتان
خېنىمدا ئىدى.

«ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشكىلى نېسىپ بولۇرمۇ؟ ئۇمۇ مېنى
ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ ئەجەب قاراپمۇ قويمايدىغۇ، مېنى ياخ-
شى كۆرۈپ قالغان بولسا ماڭا يەنە بىر قېتىم قارايدۇ. ناۋادا قارى-
ماي قويسا...»

مەلىكە ئانىسىغا ئەگىشىپ سارايىنىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەلگەندە شاققىدە كەينىگە قايرىلىپ شاھزادىگە قايتا بىر نەزەر تاشلىدى ـ دە، بوسۇغىدىن ئاتلىدى. شۇ ھامان يۈرىكىگە ئوق تەگكەندەك تۈيغۇغا كەلگەن ئۇۋەيسخاننىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدا بىر ھاياجان كۆۋەجەپ، ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خۇشاللىق، بەختىيارلىق چىرمىۋالدى. مەلىكىنىڭ نازۇك قامىتىنى تەتىللا نىمچىغا ئورىنىۋالغان خانىشنىڭ سىمىز گەۋدىسى توسۇۋالدى. شاھزادە بىتاقەتلىك بىلەن ھەرقانچە بويۇنداپ قاراپمۇ يۈرىكىگە تۈنجى ئىشق ئوتىنى ياققان قىزنى كۆرەلمەي سەدپارە بولدى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

توي ـ تۆكۈن، باراۋەت، مېھماندارچىلىقلاردا ئاۋۋال ئاياللارغا يول بېرىش تۈركىي قوۋملارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى. شۇ تاپتا ئەرلەر ئاياللارنىڭ سارايدىن چىقىشىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇرۇشقىنىچە پاراڭلىشىۋاتاتتى. ۋۇجۇدىنى ھەم خۇشاللىق، ھەم ئازابلىق ھېس ـ تۇيغۇلار چىرمىۋالغان شاھزادە ئۇۋەيسخان ئاللىقانداق بىر تۇيغۇدا بايا مەلىكە ئولتۇرغان تەتىللا كۆرپىگە نەزەر تاشلىدى. كۆرپە قۇپقۇرۇق ئىدى. تۇيۇقسىز شاھزادىنىڭ كۆزى داستىخاننىڭ لېۋىدىكى مەلىكە چاي ئىچكەن قاشتېشى پىيالىگە چۈشتى. بايا مەلىكىنىڭ ئاشۇ پىيالىدە چاي ئىچكەنلىكىنى شاھزادە ئېنىق كۆرگەنىدى. پىيالە مەلىكىنىڭ لېۋىدەك، مەلىكە ئاشۇ گۈزەل لېۋىنى داستىخانغا قالدۇرۇپ قويغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان شاھزادىنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇيۇقسىز كۈچلۈك بىر ئىستەك غەلىيان كۆتۈردى. ئۇ كۆڭلىدە پەيدا بولغان خىيالدىن ھودۇقۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قىزىقارلىق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان بولۇپ، ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. شاھزادە غايىبتىن كەلگەن بىر جاسارەتنىڭ تۈرتكىسىدە شاققىدە كەينىگە ئۆرۈلدى ـ دە، دەقىقە ئىچىدە بېرىپ ھېلىقى قاشتېشى پىيالىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن يۈرىكىنىڭ ھايا-

uyghurkitap.com

جانلىق سېلىشنى بېسىپ تۇرۇپ پىيالىنى پەم بىلەن قوينىغا يوشۇردى. بۇ ئىش ھازىرلا ئاشكارىلىنىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىلەمنۇ دەككە ـ دۇككە ئىچىدە خوشلاشتى.

※ ※ ※

قەسىرگە قايتىپ كەلگەن شاھزادە قېشىغا كىيىملىرىنى سالدۇرۇش ئۈچۈن كىرگەن دەستارپىچقا بۇيرۇق قىلدى:

— مەھرەملەرگە ئېيتسىلا، چاي دەملەپ كىرسۇن.

شاھزادە قولىدىكى پىيالىگە قاراپ تاتلىق خىياللارغا ئەسىر بولدى.

«مەلىكە شۇ تاپتا نېمىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ مېنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ؟ ھە، چوقۇم ئويلاۋاتىدۇ. ئەتە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بولۇرمۇ ؟...»

— چاي ئىچىۋالسىلا ئالىيلىرى.

شېرىن خىيالدىن چۆچۈپ باش كۆتۈرگەن شاھزادە كۈمۈش پەتنۇستا چاي تەڭلەپ تۇرغان مەھرىمىگە نارازىلىق بىلەن تىكىلدى:

— چاينى قويۇپ قويۇپ چىقىپ كەتسىلە.

مەھرەم چىقىپ كېتىشى ھامان شاھزادە يۈگۈرۈپ بېرىپ پىيالىدىكى چاينى قولىدىكى قاشتېشى پىيالىگە تۆكتى ـ دە، چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ شۇ ھامان ياندۇرۇۋەتتى. ئەس ـ يادى مەلىكە چاي ئىچكەن قاشتېشى پىيالىدە چاي ئىچىش بىلەن بولۇپ كەتكەن شاھزادە ھازىرلا دەملەپ ئەكىرگەن چاينىڭ قىزىقلىقىنى ئۇنتۇغان بولۇپ، ئاغزىنى كۆيدۈرۈۋالغانىدى. كۆيۈك ئازابىدا تىلى ئېچىشىپ تۇرغان شاھزادە پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. كۈلكە بىلەن تەڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا شېرىن بىر لەززەت تاردى. شۇ دەقىقىدە ئۇ تىلىنى قىزىق چاي ئەمەس، گۈزەل مەلىكىنىڭ لەۋلىرى كۆيد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۇرۇۋۆتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ لەۋلىرىنى پىيالىنىڭ لېۋىگە ئاۋايلاپ تەگكۈزدى. چاي خېلىلا سوۋۇغانىدى. چايىنى خۇددى پىيالىسى بىلەن قوشۇپ ئىچىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا سۈمۈردى. تومۇر ـ تومۇرلىرىدا قىيان ياسىغان شېرىن بىر تۇيغۇدىن پۈتكۈل ئەزايى لەرزىگە كەلدى.

«ئاشىقلىق دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىدە مۇشۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىكەن، راست، بۈگۈن مەن ھەقىقەتەن ئاشىق بولدۇم. يۈرىكىمگە مۇھەببەت ئوقى تەگدى، ئېھ تەڭرىم، مېنى ئاشۇ جانانىمنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە، لەۋلىرىدىن ۋىسال شارابى ئىچىشكە نېسىپ قىلغايسەن...»

ھۇجرىغا پايپاسلاپ كىرگەن مەھرەم شاھزادىنىڭ شېرىن خىيالىنى يەنە بىر قېتىم بۇزۇۋەتتى.

ـــ ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالىپ جانابلىرى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ ئالىيلىرى.

«بۇ چاغ بولغاندا ئەمىرزادىنىڭ كۆرۈشكۈسى كەپقاپتا ئەجەب، بىرەر مۇھىم ئىشى بارمىدۇ ـ يا؟»

ـــ ئىجازەت، ـــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ.

ھايال ئۆتمەي سەييىدئەلى ئالىپ كۈلۈمسىرىگەن پېتى كىرىپ كەلدى.

ـــ كەلسىلە ئەمىرزادەم، ـــ دېدى شاھزادە تۆردىكى تەتىللا كۆرپىدىن جاي كۆرسىتىپ.

ـــ ئالىيلىرىنى ھەقاچان چاي ئىچىۋاتىدۇ دەپ ئويلىۋېدىم، ـــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادىنىڭ قولىدىكى قاشتېشى پىيالىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

ـــ ھەئە، ـــ شاھزادە ئۇۋەيسخان ھودۇققان ھالدا قولىدىكى قاشتېشى پىيالىنى يوشۇرۇشقا تىرىشتى، ـــ بىرئاز ئۇسساپ قاپتىمەن. ئۆزلەمۇ بىرەر پىيالە چاي ئىچەمدىلا؟

ــ رەھمەت، ئۇسسىمىدىم. قاشتېشى پىيالىدە چاي ئىچسىلە ئۇسسۇلۇقلىرى بېسىلماقتا يوق، تېخىمۇ ئېشىپ كېتەرمىكىن ئالىيلىرى؟

«بۇ ئەمىرزادىنىڭ نېمە دېگىنىدۇ؟ چاقچاق قىلىۋاتامدۇ ياكى بىر نەرسىنى بايقاپ قالدىمۇ...»

شاھزادە ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇپ، ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە سورىدى:

ــ خوش، بىرەر زۆرۈرلىرى بارمىدى؟ زىياپەتنىڭ نېسى قالغان شارابىنى مەندىن ئالاي دېمەيدىغانلا ــ ھە؟

ــ شول تاپتا شاراب خۇمارى ئۆزلەنى مەندىن بەكرەك تۇتۇۋاتىدىغۇ دەيمەن. ئەپسۇس، مېنىڭ ھازىر چايغىمۇ، شارابقىمۇ زوقۇم يوق، ــ سەييىدئەلى ئالپ چىرايىغا قەستەن جىددىي تۈس بېرىپ شاھزادىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، ــ ئۆزلەگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى ئالىيلىرى.

شاھزادە بىردىنلا جىددىيلەشتى.

ــ قېنى خوش، قانداق مۇھىم ئىشكەن ئۇ؟

سەييىدئەلى ئالپ رەنجىگەننى قىلىپ قاپىقىنى تۈردى.

ــ ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى تازىمۇ بىر چاكىنا ئادەممۇ ــ نېمە ؟

شاھزادە يالت ئېتىپ سەييىدئەلى ئالپقا قارىدى.

ــ قانداق دەيدىلا؟

سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىنىڭ بىردىنلا جىددىيلەشكىنىنى كۆرۈپ، بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قەستەنگە يۆتىلىپ قويۇپ، ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

ــ قەسىرىمىزگە چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ، مەلۇم بولۇشىچە، بايامقى ئوردا زىياپىتىدە ئەمىرنىڭ ناھايىتىمۇ ئەتىۋارلىق تەۋەررۇك نەرسىسى يوقاپ كېتىپتۇدەك. شۇ نەرسىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ كەپتۇ، ــ سەييىدئەلى ئالپ قەستەنگە غۇدۇراپ قويدى، ــ بۇ بىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ ئەتەي ئوغرى تۇتقىنى ئەمەسمۇ؟

www.uyghurkitap.com



شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ تۇرۇپ سورىدى:

ـــ يوقاپ كەتكەن تەۋەررۈكى قانداق نەرسىكەن ئەمىرزادەم؟

سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ـــ تولىمۇ نەپىس ياسالغان قاشتېشى پىيالىكەن.

شاھزادىنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئوڭايسىزلانغىنىنى يوشۇرالمىدى.

ـــ قاشتېشى پىيالە دېدىلىما ؟

شۇ تاپتا سەييىدئەلى ئالىپنى قاتتىق كۈلكە قىستاپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

ـــ ھەئە، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ مومىسىدىن تەۋەررۈك قالغان پىيالىمىش. ئادەتتە ئۇ پىيالىدە ئەمىرنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى سۇلتان دۆلەت خېنىمدىن باشقا ھېچكىم چاي ئىچىشكە، ھەتتا تۇتۇپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماسمىش.

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. خۇددى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك تۈيغۇغا كېلىپ، يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

«ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ قاملاشمىغان ئىشنى كۆرۈڭ. قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى؟! پىيالىنى قايتۇرۇپ بەرسەم ‹ئوغرى› دېگەن بەتنامغا قېلىشىم ئېنىق. ناۋادا مەلىكە پىيالىنى مېنىڭ ئېلىۋالغانلىقىمنى بىلىپ قالسا نېمىدەپ قالار؟ موغۇلىستان شاھزادىسى ئەسلىدە بىر چاكىنا ئوغرىكەن دەپ كۆزىگە ئىلماي قالۇرمۇ؟ بۇ ئىشنى قانداقمۇ چۈشەندۈرەرمەن ئەمدى؟ ناۋادا پىيالىنى ئېلىۋالغىنىمنى دېمىسەمچۇ؟ ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ شەخسەن ئۆزى سۈرۈشتۈرگىنىگە قارىغاندا، بۇ تەۋەررۈك گۆھەرنى كۆرمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايدىغاندەك قىلىدۇ. زىياپەتكە داخىل بولغان باشقا مېھمانلارمۇ گۇمانلىق بولۇپ قالىدۇ. ئېخى

بىكاۋۇل بەگ، خىزمەتكار، مەھرەملەرمۇ بالاغا قىلىشى مۇمكىن. قاراپ تۇرۇپ باشقىلار ئۇۋۇلچىلىق تارتىپ قالۇرمۇ ئەمدى؟ كىم بىلىدۇ، مېنىڭ قاشتېشى پىيالىنى ئېلىۋالغىنىمنى بىرەرسى كۆرۈپ قالدىمۇ تېخى، قەسىرگە چاپارمەن ئەۋەتكىنىڭگە قارىغاندا بۇنىمۇ يىراق دېگىلى بولمايدۇ. نېمىشقىمۇ ئالغان بولغىيتتىم؟ ئېھ تەڭرىم، بۇ توقۇناق بالادىن قۇتۇلۇشۇمغا ئاسانچىلىق بەرگەيسەن. تېزرەك بىر ئەقىل كۆرسەتكەيسەن...»

شاھزادىنىڭ بايىلا قاشتېشى پىيالىدە چاي ئىچىپ تىلى كۆيگەندە ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان شېرىن، ھاياجانلىق تۇيغۇلار تامامەن غايىب بولغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئۆزىنى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز بىر تاشنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ كېتىپ بارغاندەك سەزدى. مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم گىلاستەك چىرايلىق لەۋلىرىنى ئۇشلاپ، ئاھۇ كۆزلىرىدىن غەزەپ ياغدۇرۇپ شاھزادىنى ئەيىبلەۋاتاتتى...

«ئوغرى، پىيالە ئوغرىسى! شاھزادىمۇ شۇنداق چاكىنا ئىشنى قىلامدۇ؟!...»

«تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى. مەلىكە ئەمدى ماڭا ھەرگىز قارىمايدۇ...»

شاھزادە ئۇۋەيسخانىنىڭ ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى، ئەمدىلا قانات قېقىشقا باشلىغان سۆيگۈ ھېسلىرى تۇنجۇقتى. سەييىدئەلى ئالپقا بىچارىلىك بىلەن قارىدى. تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا ئۇيالدى.

«ئەمىرزادىگە قانداقمۇ چۈشەندۈرەرمەن، ئەجەب بىر ئوسال بولدۇمغۇ...»

شاھزادە قولىدىكى قاشتېشى پىيالىنى سەييىدئەلى ئالپقا تەڭلەپ بولۇپ، يەنە دەرھال يېڭىنىڭ ئىچىگە يوشۇردى.

— ئەجەب چىرايلىق پىيالىكىنا بۇ، ئىلگىرى ئالپىلىرىنىڭ بۇنداق پىيالىدە چاي ئىچكىنىنى پەقەتلا كۆرمەپتىكەنمەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتتە.

— بۇ... بۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



شاھزادە ئۇۋەيسخان گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى. ئىلاجسىز پىيالىنى سەييىدئەلى ئالپقا تەڭلىدى.

ــ ھوي، بۇ بايا مەلىكە چاي ئىچكەن پىيالىگە ئەجەب ئوخشايدىكىنا، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ پىيالىگە سىنچىلاپ قاراپ، ــ ئەسلىدە ئالىيلىرىدىمۇ بۇ پىيالىنىڭ جۈپتى بار ئىدىكەن ـ دە. بايا مەلىكە چاي ئىچكەندە مۇنداقلا كۆزۈم چۈشۈپ قالغانىدى. ھەي ئىسىت، ئۇ پىيالە ئوغرىلانمىغان بولسا بۇنىڭ بىلەن بىر جۈپ بولاركەندۇق.

شاھزادە ئۇۋەيسخان يوشۇرۇۋېرىشكە ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمىدى.

ــ بۇ ئاشۇ پىيالىنىڭ نەق ئۆزى شۇ، ــ دېدى ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

ــ توۋا دېسىلە ئالىيلىرى، بۇ پىيالە قانداقسىگە سىلىنىڭ قوللىرىغا چىقىپ قالدۇ، ھە... ئەسلىدە...

سەييىدئەلى ئالپ قەستەنگە گېپىنىڭ ئايىغىنى توختىتىۋالدى.

ــ ماڭا ئىشەنسىلە ئەمىرزادەم، ــ دېدى ئۇۋەيسخان تەڭقىس بولۇپ، ــ مەن... مەن... ئىچىم كۆيۈپ... مۇنداق بىر كۆرۈپ باقاي دەپ...

سەييىدئەلى ئالپ خىرىلداپ كۈلگىنىچە شاھزادىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ ئالىيلىرىنىڭ پىيالىگە ئىچى كۆيگەن بولغىيمىدى ياكى پىيالە ئىگىسىگىمۇ؟

ئۇۋەيسخان خىجىللىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى. جىددىيلەشكەنلىكىدىن مەقسىتىنى قانداق چۈشەندۈرۈشنىمۇ بىلەلمەي قالدى:

ــ پىيالىنى ئاچىقىپ تاپشۇرۇپ بەرسىلە ئەمىرزادەم... ياق، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈم تاپشۇرۇپ بېرەي...

ــ كىمگە تاپشۇرۇپ بېرەي دەيلا ئالىيلىرى؟ ئەمىر شەيخ

نۇرىددىن ھەزرەتلىرىگىمۇ ياكى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمغىمۇ؟
شاھزادە ئۇۋەيسخان بىرنەچچە دەقىقە زۇۋان سۈرەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن پۈتلىرى مىخلىنىپ قالغاندەك مىدىرلىمايتتى.
«ئاشىقلىق سىلىنى بىردەمدىلا كىچىك بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ شاھزادە. بولدىلا، سىلىگە قىلغان چاقچىقىم مۇشۇنچىلىك بولسا بولۇر...»
سەيىدئەلى ئالپ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.
ــ نېمانچىلا ھودۇقىلا ئالىيلىرى؟ مەلىكىنىڭ مۇبارەك لەۋلىرى تەگكەن پىيالىنى ئوغرىلىۋالغان چاغدىكى جۈرئەتلىرى نەگە كەتتى؟
ئۇۋەيسخان بىردىنلا ئېسىنى يىغدى.
«ھە، ئەسلىدە ئەمىرزادە مېنى قەستەن كولدۇرلىتىۋېتىپتۇ ـ دە، نېمىشقا باشتىلا ئويلىمىدىم؟ ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى ھەرقانچە چاكىنا ئادەم بولسىمۇ بىر پىيالە ئۈچۈن ئالايتەن چاپارمەن ئەۋەتىپ يۈرمەستى...»
ــ ئۆزلە... ئۆزلە...
ئۇۋەيسخان يا كۈلۈشنى، يا ئاچچىقلىنىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. سەيىدئەلى ئالپ كۈلكىسىنى توختىتىپ شاھزادىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:
ــ بىلمىدىم، ئالىيلىرىنىڭ پىيالىنىڭ ئىگىسىنىمۇ ئوغرىلاپ ئەكېلىشكە جۈرئىتى بارمىكىن؟
ئۇۋەيسخان خىرىلداپ كۈلدى.
ــ باياتىن بېرى مېنى ئوبدانلا كولدىرلىتىپلا ـ دە.
ــ ئەڭ ياخشىسى ئوچۇق جاۋاب بەرسىلە.
ئۇۋەيسخان دادىللىق بىلەن جاۋاب بەردى:
ــ ناۋادا ئول گۈزەلنى ئۇشبۇ پىيالىنى ئوغرىلىغاندەك ئوغرىلىغىلى بولسىدى، ئابايىملا ئوغرىلىغان بولاتتىم ئەمىرزادەم.
ــ ئەمەلىيەتتە ئۆزلە ئاشۇ مۇھەببەت ئوتلىرى كۆلخانلاپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئول مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى ئاللىقاچان ئوغرىلاپ بولدىلا ئالىيلىرى.

ئۈۋەيسخان مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلدى:

— ئۆزلەگە قول قويدۇم ئەمىرزادەم، كۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى سىر تۇتقىلى بولمىغۇدەك، — شاھزادە خۇرسىنغان ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — راستىنىلا ئاشىق بولدۇم. يۈرىكىمگە ئول مەلىكىنىڭ ئىشق ئوتى تۇتاشتى. ئەسلىدە دەرگاھىمغا مۇشۇ ئىشنى بىلمەكچى بولۇپ كىرىپتىكەنلا ـ دە.

— ئارى، كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىلا.

— ئەمىسە مۇددىئالىرىنى ئۇدۇللا دېمەي، نېمە دەپ ئادەمنى پىيالە ئوغرىسى تۇتۇپ يۈرىيدىلا؟

— ئۇششۇقلۇق قىلمىسىلا ئالىيلىرى، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ كۈلۈپ، — مەنمۇ سىلىنى ناھايىتى شۇ پىيالە ئوغرىسى تۇتتۇم. ئەتە ـ ئۆگۈن قوپۇپ مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم ئۆزلەنى يۈرەك ئوغرىسى تۇتۇپ دەۋا قىلسا قانداق قىلىدىلا؟

ئۈۋەيسخان ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى، دوستىنىڭ بۇ چاقچىقى ئۇنىڭغا بەكلا ياققانىدى.

— مانا بىردەمدىلا پىيالە ئوغرىسىدىن يۈرەك ئوغرىسىغا ئايلىنىپ قالدىممۇ ئەمدى؟ يېڭىلىشتىلا ئەمىرزادەم، پىيالە ئوغرىسىنى تۇتالىغانلىرى بىلەن يۈرەك ئوغرىسىنى تۇتالامدىلا؟

— قانداق دېيىلا ئالىيلىرى؟ — سورىدى سەييىدئەلى ئالىپ قىزىقىپ.

ئۈۋەيسخان تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— يۈرەك ئوغرىسى مەن ئەمەس، دەل ئاشۇ مەلىكىنىڭ ئۆزى.

— ھە، ئەسلىدە قاشتېشى پىيالىگە يۈرەكلىرىنى تېگىشىپتىكەنلا ـ دە.

— شۇنداق، يۈرىكىمنى ئوغرى ئالدى ئەمىرزادەم. بوپتۇ ئالسىلا، قاشتېشى پىيالىنى ئاپىرىپ بېرىپ يۈرىكىمنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بەرسىلە.

ــ ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ، ئۆزلەنى ئۇششۇقمىكىن دېسەم، تا-
زىمۇ بىر مۇتەھەمكەنلىغۇ؟
ــ ئەمىسە ئۆزلەنى كىم پىيالىنىڭ دەۋاسىنى قىلسۇن دەپ-
تۇ.
ــ ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا!
سەييىدئەلى ئالپ شۇنداق دېگىنىچە قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ
كۈلكىسىگە شاھزادە ئۇۋەيسخانمۇ جور بولدى.
ــ باياتىن مېنى راستىنلا قورقۇتۇۋەتتىلە ئەمىرزادەم، ــ
دېدى ئۇۋەيسخان كۈلكىسىنى توختىتىپ، ــ ئەمىر شەيخ نۇرىد-
دىن ئالىيلىرى راستىنلا پىيالىنىڭ دېرىكىنى قىلغان ئوخشايدۇ
دەپ، تولىمۇ ئەندىشە قىلدىم. مۇشۇنداقمۇ چاقچاق قىلامدىلا؟
ــ ئۇنداق قىلمىسام، يۈرەكلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرغانلىق-
لىرىنى قانداقسىگە تەن ئالاتتىلە؟
ــ ئول مەلىكىنىڭ ۋىسالىغا يەتسەم دەيمەن، ــ دېدى ئۇ-
ۋەيسخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا، ــ بىلمىدىم، ئەمىر شەيخ نۇرىد-
دىن ئالىيلىرى بۇ تەلىپىمىزنى قوبۇل كۆرەرمىكىن؟
ــ مەلىكىنىڭ قوبۇل كۆرىدىغىنىغا ئىشەنچلىرى بارمۇ؟
ــ ئىشەنچىم بار، ــ دېدى شاھزادە قەتئىيلىك بىلەن.
ــ ئۇنداق بولسا، ئارتۇقچە غەم يېمىسىلە. پەمىمچە، ئەمىر
ئالىيلىرى ئەتىۋارلىق مەلىكىسىنىڭ كۆڭۈل رايىغا باقار دەيمەن.
ئۆزلەدەك كۈيئوغۇلنى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپالماس.
ــ ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، ــ ئۇۋەيسخان بىر پەس خىيال
سۈرۈپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سەييىدئەلى ئالپتىن سورىدى، ــ
بىرەر ئوتلامدىن شاراب ئىچىشكە مەيلىلىرى بارمۇ؟
ــ شاراب ئىشق ئوتىنى پەسلىتەلمەيدۇ ئالىيلىرى.
ــ ھېچبولمىسا ئىچ پۇشۇقۇم پەسلەپ قالار. بەربىر بۇ
كېچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس.
ــ مەيلى ئەمىسە، ئاشىقلارغا ئۇلپەت بولۇش مەن ئۈچۈن
شەرەپ.

ئۇلار شاراب ئىچكەچ تاڭ ئاتقىچە مۇڭدىشىپ چىقتى.

※ ※ ※

ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ ئاشۇ مېھماندارچىلىقىدىن كېيىن باشقا سەركەردە ـ بەگلەرمۇ مەرتىۋىسى بويىچە ئۇلارنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىشقا باشلىدى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بۇنداق مېھماندارچىلىققا پەقەت خانىشىنىلا ئېلىپ كېلەتتى. بۇنداق چاغدا شاھزادىنىڭ چەكسىز تەمە، ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنى ئىزدەيتتى، يۈرەك ـ باغرى ھىجران ئازابىدا پۇچۇلىناتتى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ مېھماندارچىلىققا قىزىنى قەستەن ئالماي كەلگەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. مېھماندارچىلىقلاردا شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئېچىلالماي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، تەگسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى پەقەت سەييىدئەلى ئالپلا بىلەتتى.

«شاھزادە بۇنداق يۈرۈۋەرسە تۈگىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا يار دەم قىلىشىم كېرەك. ئىشق ئازابىغا چىدىماق تەس...»

— مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم بىلەن خېلى ئوبدان دوستلىشىپ قالدىلىمۇ مەلىكەم؟ — سورىدى بىر كۈنى سەييىدئەلى ئالپ ئايالى ئۈزسۇلتان خېنىمدىن.

ئېرىنىڭ تومتاقلا سورىغان سوئالىدىن ئۈزسۇلتان خېنىم غەلىتىلىك ھېس قىلدى:

— قانداق دەيدىلا؟

— يېقىندىن بېرى ئاغىلىرىدا بىرەر ئۆزگىرىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمىدىلىمۇ؟

ئۈزسۇلتان خېنىم ئېرىگە قاراپ چىرايلىق قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزدى.

— ئەجەبمۇ بىر باش ـ ئاخىرى يوق سوئاللارنى سوراپ كەت-

تىلىغۇ؟ ئاغامغا بىرەر ئىش بوپتىمۇ؟

ــ شاھزادە ئالىيلىرى ئاشىق بوپتۇ.

ــ كىمگە؟

ــ مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمغا.

ئۈزسۇلتان خېنىم پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ سىلى قانداق بىلدىلە؟

ــ ئەلۋەتتە بىلىمەن ـ دە.

ــ سەييىدئەلى ئالپ ئايالىغا ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ ئوردىسىدىكى زىياپەتتە بولغان ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى.

ــ توۋا، ئاغام مەلىكىنىڭ چاي ئىچكەن پىيالىسىنى ئوغرىلىۋاپتۇ دېسىلە.

ــ ھەئە، مانا بۇنى ھەقىقىي ئاشىقلىق دەيمىز. مەن بۇنى شۇ چاغدىلا سېزىپ قالغان. ئۆزلە بولسا ھېچنېمىدىن خەۋەرلىرى يوق، مەلىكە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋەردىلە.

ــ ئۆزلە ئاشىقلىقنى خويمۇ ئوبدان چۈشىنىدىلا، ــ دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم ئەركىلەپ.

ــ ئەلۋەتتە چۈشىنىمىز ـ دە، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ مەغرۇرلۇق بىلەن، ــ ئاشىقلىقنى ئاشىق بولغان ئادەم چۈشىنىدۇ.

ــ بىلىمەن، ــ دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم سۈرمە سۈرگەن قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ ئۆزلەمۇ ئاشىق بولغان. ئاشۇ يىلى ئەندىجان گۈزىلىنىڭ كەينىدىن ئاشىقلىق دەۋاسى قىلىپ سەمەرقەنتكىچە بارغان ئەمەسمىدىلە.

سەييىدئەلى ئالپ مۇددىئاسىنى خوتۇنىنىڭ خاتا چۈشەنگەنلىكىنى سېزىپ تۈرۈپلا قالدى.

ــ نەدىكى گەپنى قىلىدىلا مەلىكەم، كونا خامانىنى سورۇپ.

ــ كونا خامانىنى سورىمىسامىمۇ راستىقۇ، ــ ئۈزسۇلتان خېنىم تەتۈر قارىۋالدى، ــ ئەپسۇس، ماڭا بۇنداق بەخت نەدە تولۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— ئول چاغدا ئۆزلە... مەلىكەم...

سەييىدئەلى ئالپنىڭ تىلى تۇتۇلدى، كۆڭلىدىكىنى چۈشەندۈرەلمەي جىلە بولدى.

— دېمەمدىلا، ئول چاغدا مەن قانداقكەنمەن؟ ئۆزلەنىڭ ئاشىق بولۇشلىرىغا ئەرزىمەمدىم؟

— ئۇنداق دېمىسىلە مەلىكەم، ئول چاغدا ئۆزلە تېخى كىچىك ئىدىلە.

— يالغان سۆزلىمىسىلە، زەيىنەپ بىبىنى بىلمەمدىم؟! مەندىن ئاران بىر ياش چوڭ ئىدىغۇ شۇ، ئەمما سىلىنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا چۈشتى.

ئۇزسۇلتان خېنىمنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

سەييىدئەلى ئالپ خوتۇنىغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ھەئە، ئۆزىدىن يەتتە ـ سەككىز ياش كىچىك ئۇزسۇلتان خېنىمنى سەييىدئەلى ئالپ ئۇ چاغلاردا سىڭلىسىدەك كۆرۈپ كەلگەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇ چاغدا ئۇزسۇلتان خېنىم رەسىدە بولۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، سەييىدئەلى ئالپنىڭ نەزەرىدە يەنىلا لاتا قورچاق ئوينايدىغان كىچىككىنە قىز ئىدى. ئەمما ئۇزسۇلتان خېنىم ئاكىسىنىڭ بۇ يېقىن دوستىنى ئاشۇ چاغلاردا ۋۇجۇدىدا بىخلىنىشقا باشلىغان باشقىچە بىر قىزلىق تۇيغۇسى بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، ئەمما بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ئاشىقلىق ئىكەنلىكىنى تازا بىلمەيتتى. سەييىدئەلى ئالپ ئاكىسىنى ئىزدەپ قەسىرگە كەلسە باشقىچە خۇش بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇزاقراق تۇرۇشىنى، ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشىنى، قولىدىكى كىتاب، كەشتىلىرىنى تارتىۋېلىپ تېرىكتۇرۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سەييىدئەلى ئالپ ئۇزسۇلتان خېنىمنى خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك مۇنداقلا ئەركىلىتىپ ياكى قولىدىكى كىتاب، كەشتىلىرىنى تارتىۋېلىپ تېرىكتۇرۇپ قويۇپ، شاھزادە ئۆۋەيسخان بىلەن بىللە چىقىپ كېتەتتى.

قىزنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىپ بىللە بارغۇسى بولسىمۇ ئامالسىز قېپ-قېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. سەييىدئەلى ئالىپ ئىككى كۈن كەلمەي قويسا، ئاكىسىدىن چاندۇرماي سۈرۈشتە قىلاتتى. كېيىن سەييىد-ئەلى ئالىپنىڭ زەينەپ بىبى بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ئەندىجانغا ماڭغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ زەينەپ بىبى بىلەنمۇ ئوبدانلا تونۇشات-تى. ھەر تۈرلۈك زىياپەت، باراۋەتلەردە خانىش، ئاغىچا ـ ئايىملار ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەندە، قىزلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك ئويۇنلىرىغا، پاراڭلىرىغا مەشغۇل بولاتتى. ئۇ سەييىدئەلى ئالىپنىڭ زەينەپ بىبىگە ئاشىق بولغانلىقىنى، توي قىلىش ئۈچۈن ئەندىجانغا ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ۋۇجۇدىدا قوزغالغان رەشك ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۆزىنىڭ سەييىدئەلى ئالىپقا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ ياش تۆكتى. كېيىنچە سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن زەينەپ بىبىنىڭ توي قىلالمىغانلىقىنى، زەينەپ بىبىنىڭ مىرزا ئۇلۇغبەگ ھەرىمىگە ئەۋەتىلىپ، سەييىدئەلى ئالىپنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقى ھەققىد-كى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدى. سەييىدئەلى ئالىپنىڭ زەينەپ بىبى بىلەن توي قىلالمىغانلىقىدىن خۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن يىگىتىنىڭ زىندانغا تاشلانغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلاندى. يىگىتىنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلدى. ئاكىسى شاھزادە ئۇۋەيسخاننى سەييىدئەلى ئالىپنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامال-نى قىلىشقا دەۋەت قىلدى. كېيىن ئاكىسى خان تاغىسى بىلەن تەخت دەۋاسىغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن سەييىدئەلى ئالىپنى قۇ-تۇلدۇرۇپ كېلىش ئىشى ئانچە تىلغا ئېلىنمايدىغان بولدى. ئەمما ئۆزسۇلتان خېنىم ئولتۇرسا ـ قوپسا سەييىدئەلى ئالىپنى ياد ئې-تەتتى. يۈرىكىدە ئەمدىلا بىخلىنىشقا باشلىغان نازۇك تۇيغۇلار ئۇ-نى ئازابلايتتى. تەڭتۇشلىرى بىلەن نىكاھ، ئائىلە ھەققىدە پاراڭ سېلىشقاندا ياكى قايسىبىر دوستىنىڭ قايسىبىر ئەمىرزادىگە كۆ-يۈپ قالغانلىقىنى، قايسىبىر دوستى بىلەن قايسىبىر ئەمىرزادى-نىڭ توينى قىلىش ئۈچۈن چاي ئىچۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا

سەيىيدئەلى ئالپنى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، ھەسرەتلىك ئاھ ئۇراتتى. ئۆزىنىڭ تويلاشماقچى بولغان يىگىتىنى سەيىيدئەلى ئالپقا ئوخشىتىپ خىيال قىلاتتى.

ئاشۇ كۈنى ئانىسى مەلىكىگە، مەلىكىنىڭ ئاكىسى بىلەن ئاستانىدىن مەخپىي چىقىپ كېتىپ سەيىيدئەلى ئالپ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋېدى، مەلىكە قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئانىسىنى ئارتۇق سۆزلەتمەيلا رازىلىق بەردى. يۈرىكىدىكى ھاياجانىنى ئانىسىغا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشتى. ئاكىسى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى توغراقلىققا يېتىپ كېلىپ، سەيىيدئەلى ئالپ بىلەن قايتا ئۇچراشقاندا ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى. يىگىتلەردەك ياسىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن سەيىيدئەلى ئالپ ئۇنى تونۇمىغانىدى. ئۇ توغراقلىققا يېتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا توي بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھەئە، ئۇنىڭغا سەيىيدئەلى ئالپ بىلەن سىردىشىش، يۈرىكىدىكى ئىشق ئوتىنى يىگىتىنىڭ يۈرىكىگىمۇ تۇتاشتۇرۇپ، ئاندىن توي قىلىش نېسىپ بولمىدى. تويدىن كېيىنمۇ ئۇلار كەمدىن ـ كەم پاراڭلاشتى. شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان سەيىيدئەلى ئالپ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىرتتا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يەردە ئۇزۇن تۇرمايتتى. توختىماي كۆچۈپ يۈرەتتى. «نېمىدېگەن ئوماق سىز ـ ھە مەلىكەم. جاھاندىكى ئەڭ نازۇك بىر گۈلنىڭ تۇيۇقسىز ماڭا نېسىپ بولۇشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن!» دەيتتى سەيىيدئەلى ئالپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇزسۇلتان خېنىم ئۆزىنى ھەرقانچە بەختىيار سەزسىمۇ، زەينەپ بىبى خىيالىغا كىرىۋالسىلا ئاللىقانداق بىر رەشك ئازابىدا تولغىناتتى. زەينەپ بىبىنىڭ تولىمۇ يىراقتا، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ ھەرەمدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بۇ رەشك ئازابىدىن قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇ سەيىيدئەلى ئالپنىڭ ئۆزىگە خۇددى زەينەپ بىبىگە ئاشىق بولغاندەك ئاشىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بۇ ئارزۇسىنى تىلى ئارقىلىق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلدۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتى، ئاياللىق غۇرۇرى يول قويمايتتى. كىچىكىدىن باشلاپ ئىشق ـ مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى، كىتابلارنى ئوقۇپ چوڭ بولغان قىز ئەنە ئاشۇنداق ھېسسىياتقا باي ھەم غۇرۇرى كۈچلۈك ئىدى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئويلىمايلا مەقسەتسىز ھالدا: «ئاشىقلىقنى ئاشىق بولغان ئادەم چۈشىنىدۇ» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەن، يۈرىكىدىكى رەشك ئازابىنى قايتا قوزغاپ قويغانىدى.

ــ ماقۇل دېسىلە مەلىكەم، بۇ ئىشلارنى ئەمدى تەگەشمەيلى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن ئايالىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ــ ئۇ دېگەن ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئىشلار. ئەمما، مەيلى ئىشەنسىلە، مەيلى ئىشەنمىسىلە، مەن ئۆزلەگە ھەقىقىي ئاشىق. ھازىر ئول زەينەپ بىبىدىن ئۇنى بولسىمۇ ئۆزلەگە تەڭ قىلمايمەن.

ئۇزسۇلتان خېنىمنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. كۈچلۈك بىر ھاياجاندىن ۋۇجۇدى تىترىدى، ئۆزىنى ئالەمچە بەخت ئىلكىدە سەزدى. ھەرقانداق ئايال كىشى ئۆز ئېرىدىن: «مەن سىزگە ئاشىق» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇزسۇلتان خېنىم كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغان بۇ جاۋابقا ئاخىر ئېرىشتى.

ئۇزسۇلتان خېنىم سەييىدئەلى ئالپنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، كۆزىگە مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ بۇ دېگەنلىرى راستمۇ، ھەقىقىي يۈرەك سۆزلىرىمۇ؟

ــ شۇنداق مەلىكەم، ھەقىقىي يۈرەك سۆزۈم، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئايالىنى مېھرى بىلەن باغرىغا بېسىپ. ئۇزسۇلتان خېنىم ئېرىنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ــ نېمىگە يىغلايدىلا مەلىكەم؟ ــ دەپ سورىدى سەييىدئەلى ئالپ ئايالىنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ــ يىغلىغىلى قويسىلا، ــ دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم تاتلىق

كۆلۈمسىرەپ، ــ خۇشاللىقتىن، بەختتىن يىغلاۋاتىمەن. بىلەمدىلا ئەمىرزادەم، مەن ئۆزلەگە خېلىدىن بېرى ئاشىق ئىدىم. قەسىرىمىزگە ئاغامنى ئىزدەپ كېلىپ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىمنى، گۈل تىكىۋاتقان كەشتىلىرىمنى تارتىۋالغان ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ ئاشىق ئىدىم...

ھاياجانلانغان سەيىدئەلى ئالىپ ئايالىنى سۆزلىگىلى قويماي لەۋلىرىگە لەۋ ياقتى...

## 11

ئۇزسۇلتان خېنىم ئېرى سەيىدئەلى ئالىپنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن تۈركىستان مەلىكىسى دۆلەتسۇلتان خېنىم بىلەن تېزلا چىقىشىپ، دوستلىشىپ قالدى.

ھەئە، ئاشۇ كۈندىكى ئوردا زىياپىتىدە شاھزادىنىڭ ئىشق ئوتى يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرى تۈركىستان مەلىكىسىنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇ ھەرەمدىكى قەسرىدە شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا پەقەت ھەپتە بەرداشلىق بېرەلىدى. بىر ئامال قىلىپ شاھزادە بىلەن يەنە بىر ئۇچرىشىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئەمما قېرىشقاندەك دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنى ئەمىر ـ سەركەردىلەر قەسرىدىكى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان مېھماندارچىلىقلارغا پەقەتلا بىللە ئېلىپ بارمىدى.

ــ بويىغا يېتىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى بېشى باغلانمىغان قىزنىڭ ھەدېسىلا مېھماندارچىلىقلارغا قاتنىشى، نامەھرەملەرگە كۆرۈنۈشى ياخشى ئەمەس، ــ دېدى خانىش ئۇنىڭ

مېھماندارچىلىقلارغا بىللە بېرىش تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىپ، ــ خالىغانچە ھەرەمدىن چىقمىسىلا، بۇ خان ئاتىلىرىنىڭ پەرمانى.

مەلىكە نارازىلىق بىلەن دومسايدى، لېكىن قارشىلىق بىلدۈرەلمىدى.

ئاشۇ كۈندىكى ئوردا زىياپىتىدە شاھزادە ئۈۋەيسخاننىڭ ھېچقانداق پاراڭغا ئارىلاشماي، قىزىغا تىكىلىپ ئولتۇرغىنىنى سەزگەن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن سەركەردە ـ بەگلەرنىڭ شاھزادىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىللىغان مېھماندارچىلىقلىرىغا قىزىنىڭ بېرىشىنى چەكلەپ قويغانىدى. كۆڭلىدىكىنى دېگەندە، ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بۇ ئەتىۋارلىق مەلىكىسىنى شاھزادە ئۈۋەيسخانغا نىكاھلاپ بېرىشنى بەكمۇ خالايتتى. لېكىن، ھېچبىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي قاچقۇنلۇقتا ياشاۋاتقان شاھزادىنىڭ ئىستىقبالىدىن گۇمانلىناتتى.

«نەسەبى ماس كېلىدۇ دەپلا يۈرەك پارەم بولمىش قىزىمنى ئول شاھزادىگە بەرسەم قانداق بولۇر؟ سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا، بۇ يېقىنلاردا موغۇلىستان تەختىنى بۇ جىيەنىگە بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەئە، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھەرگىز بەرمەيدۇ. شاھزادىنىڭ ئەھۋالى بولسا ئاشۇ شۇ. پات يېقىندا تاغىسىدىن سەلتەنەتنى سويۇپ ئالالىشىدا ئۈمىد يوق. نە تەسەررۇپى، نە سەلتەنەتىنىڭ تايىنى يوق بۇ قاچقۇن شاھزادىدىن تۈركىستاندىكى مەرتىۋىسىمۇ، مال ـ دۇنياسىمۇ بار ئەمىرزادىلەرنىڭ ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، مەلىكىنى شاھزادىدىن پىنھان تۇتاي. كۆرۈشۈۋېرىپ ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالمىسۇن يەنە. كۆڭۈل ئىشىغا بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. ھەي ئىسىت، ھايات بېغىمنىڭ ئول نازۇك گۈلىنى پەقەت شاھزادىلا چېكىسىگە قىسىشقا لايىق كېلەتتى...»

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم يوشۇرۇن كۆيۈك ئازابىدا پۇچىلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئويلىمىغان يەردىن ئۆزسۇلتان خېنىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوقلاپ كېلىپ قالدى.

ــ مەرھابا، ــ دېدى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم شاھزادە ئۆۋەيسخاننىڭ سىڭلىسىنى قۇچاقلاپ، مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ، ــ ئەزىز قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن.

ــ ماشائاللاھ، ئالتۇن بويلىرى ئامان بولسۇن مەلىكەم، ــ دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم، ــ خېلى بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، ئىككى ئېغىز ھال ـ مۇڭ بولاي دەپ كەلدىم.

مەلىكە كېنىزەكلىرىگە بۇيرۇپ داستىخان راسلاتتى، ئالتۇن پىيالىدە ئۆز قولى بىلەن چاي تۇتتى.

ــ ئەسلىدە مېنىڭ يوقلاپ بېرىش يولۇم بار ئىدى. مەن بېرىپ بولغۇچە ئۆزلىرى يوقلاپ كەپتىلا. تولىمۇ خىجىلمەن، مېھماندوست ساھىبخانىلىقا يارىمىغىنىمنى ئەپۇ قىلغايلا.

ــ يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە مەلىكەم، ــ دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم تەۋازۇ بىلەن، ــ بىلىمەن، مەلىكەمنىڭ ھەرەمدىن ئۆز مەيلىچە ئايرىلىمىقى ئاسان ئەمەس. شۇڭا ئاگال ئۆزۈم سالامغا كېلىپ يول سېلىپ قوياي دېدىم.

ئۇلار ئاشۇ يوسۇندا ئۇزاق پاراڭلاشتى. كىچىك پېئىل، خۇش خۇي، بىر ئاز ئەركە مىجەز بۇ مەلىكە ئۈزسۇلتان خېنىمغا ياراپ قالغانىدى. بولۇپمۇ مەلىكىنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالى ئۇنى تاڭ قالدۇرغانىدى.

«ئاغامنىڭ بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قېلىشى بىكار ئەمەسكەن ـ دە، ئاۋۇ كۈندىكى زىياپەتتە تۇنجى كۆرۈشكەن ۋاقتىتا چىرايىغا ئانچە سەپسالمىغانىكەنمەن. تەڭرىم بەندىسىنى شۇنداقمۇ چىرايلىق يارىتىدىكەن دېسە. ئاغام مېنى سەيىدئەلى ئالپقا نىكاھلاپ بېرىپ مۇرادىمغا يەتكۈزگەنىدى. ئەمدى مەنمۇ بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى تېزرەك ۋىسالىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر ئىش قىلاي. مەلىكىنىڭمۇ ئاغامغا مەيلى بار ئىكەن. بايا قەستەنگە ئاغامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسام بىردىنلا ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ كەتتى. چاندۇرمىغاندەك قىلغان بىلەن ئاغام ھەققىدە كۆپرەك

پاراڭ قىلىپ بىرىشمىنى خالايدىغانلىقى ئاۋۇ بىر جۈپ چىرايلىق ئاھۇ كۆزلىرىدىن چىقىپ قالدى. ئاشىقلىق دېگەن شۇ. تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ، ئەمما يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىغا ئورناپ كېتىدۇ... ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغان كىشىنىڭ بۇ ئازابنى تارتماي ئامالى يوق...»

ئۈزسۇلتان خېنىم خوتەننىڭ بىر كىيىملىك ھاۋا رەڭ شايىسى بىلەن ياركەنتنىڭ بىر كىيىملىك خانئەتلىسىنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويدى:

— لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ قوبۇل قىلسىلا مەلىكەم. يۇرتتىن ـ يۇرتقا ئاتلاپ، قېچىپ ـ مۆكۈپ يۈرگەن ئادەمنىڭ بىساتىدا تۈزۈك بىر نەرسە بولمايدىكەن.

— ھەشقاللا، ھېلىمۇ كۆپ جوۋاپتىلا. بەكمۇ ئېسىل سوۋغاتكەن بۇ، — دېدى مەلىكە شايى بىلەن ئەتلەسنى سىلاپ تۇتۇپ بېقىپ، — ئەجەبمۇ سىپتا توقۇلۇپتۇ. مەن موغۇلىستاننىڭ ئەتلەس، شايىلىرىنى كۆرگەن، لېكىن بۇنىڭدەك ئېسىللىرىنى كۆرمەپتىكەنمەن. ئەندىجان، تاشكەنت ئەتلەسلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئېسىلكەن.

دۆلەتسۇلتان مەلىكە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئەمەس، چىن يۈرىكىدىن ماختاۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ياركەنتنىڭ ئەتلىسى، خوتەننىڭ يىپەك رەختلىرىنىڭ ھەقىقەتەن يىراق ـ يېقىنلاردا داڭقى بار ئىدى. سودىگەرلەر بۇ شەھەرلەردىن توپ ـ توپ يىپەك، شايى، ئەتلەسلەرنى ئېلىپ دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە يۆتكەيتتى. ئۈزسۇلتان خېنىم مەلىكىگە سوۋغا قىلغان شايى بىلەن ئەتلەس بولسا مەخسۇس بۇيرۇپ توقۇتۇلغان ھەقىقىي ئوردا بۇيۇمى ھېسابلىناتتى. ئۇنى ئۈزسۇلتان خېنىم ئاكىسى بىلەن تۇرپاندىن ئايرىلار ۋاقتىدا ئانىسى تويلۇق كىيىم قىلىپ تىكتۈرۈپ كىيىشى ئۈچۈن بەرگەنىدى.

— بىز تەرەپلەرگىمۇ بىرىپ ئولتۇرۇپ كەلسىلە مەلىكەم، — دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم بىلەن خوش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

لىشىدىغان چاغدا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، ــ ئادەم يالغۇزچى-
لىقتا ئىچ پۇشۇقى تارتىپ قالىدىكەن.

ــ بارىمەن. چوقۇم بارىمەن، ــ دېدى مەلىكە ۋەدە بېرىپ.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم ئۈچۈن مۇشۇنچىلىك باھانە يې-
تەرلىك ئىدى. ئۇ بۇ كېچىنى مىڭ تەستە تاڭغا ئۇلىدى. ئەتىسى
ناشتىدا ئانىسى خانىش ئايىمدىن ھەرەمدىن چىقىشقا ئىجازەت
سورىدى:

ــ ئۈزسۇلتان خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، ــ دېدى ئا-
نىسىغا تۈنۈگۈن ئۈزسۇلتان خېنىمنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى با-
يان قىلغاندىن كېيىن ئەركىلەپ تۇرۇپ، ــ ھېلىمۇ خېلى ۋاقىت
بولۇپ قالدى، قائىدە بويىچە ئۇنى يوقلاپ، ھەرەمگە تەكلىپ قى-
لىپ قويۇش يولىمىز بار ئىدى. ئۈزسۇلتان خېنىم نېمىلا دېگەن
بىلەن موغۇلىستان سۇلتانىنىڭ نەۋرىسىدۇر. بېرىپ يوقلاپ قوي-
مىساق كۆڭلىدە بىزنى ئادەمگەرچىلىك يوسۇنلىرىنى بىلمەيدىغان
تومپاي ئادەملەركەن دەپ قالمىسۇن يەنە.

ــ ئوبدان ئويلاپلا مەلىكەم، ــ دېدى خانىش قىزىنىڭ
كۆرسەتكەن ئورۇنلۇق سەۋەبلىرىگە قايىل بولۇپ، ــ ئەسلىدە
مەنمۇ يوقلاپ قويسام بولاتتى، لېكىن تازا تاۋىم يوق تۇرىدۇ، مې-
نىڭ ئورنۇمدا سىلى بېرىپ كەلسىلە. سالامىمنى يەتكۈزۈپ قو-
يارلا، ۋاقتى چىققاندا ھەرەمگە كېلىپ مېھمان بولۇپ يانغاي. بەك
ئۇزاق ھايال بولۇپ قالمىغايلا.

ــ ماقۇل ئانا.

خانىش سارايدىن چىقىشقا تەمشەلگەن قىزىنى يەنە توختى-
تىۋالدى:

ــ شۇنداقلا بارماي، ياخشىراق سوۋغات تەييارلاپ ئېلىپ
بارسىلا.

ئېسىگە كەلمىگەن بۇ ئىشنى ئانىسىنىڭ ئەسكەرتىپ قويغى-
نىدىن مەلىكە باشقىچە خۇش بولۇپ كەتتى.

ــ قانداق سوۋغات ئېلىپ بارسام بولۇر؟

— ئۆزلىرى بىلسىلە مەلىكەم. سىلى ياقتۇرغاننى ئول مەلىكىمۇ ياقتۇرۇپ قالار دەيمەن.

— ماقۇل ئانا، ئەمسە مەن ياندىم.

— ئاللاھقا ئامانەت، — دېدى خانىش قىزىغا ئىجازەت بېرىپ.

※ ※ ※

ئۇزسۇلتان خېنىم مەلىكىنىڭ ئۆزىنى بۇنچە تېز ھەم بۇنچە ئەتىگەن يوقلاپ كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ مەلىكىنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولدى، ھەم بىرئاز تەمتىرىدى. خىزمەتكارلارغا داستىخان سېلىشنى بۇيرۇپ، ئاشپەزلەرگە ئېتىدىغان تاماقلارنى ئالاھىدە جېكىلىدى.

— ھۆرمەتلىرىگە لايىق كەلمىسىمۇ قوبۇل قىلسىلا مەلىكە ئايىم، — دېدى دۆلەتسۇلتان خېنىم كېنىزەكلەرگە كۆتۈرتۈپ ئەكىرگەن سوۋغاتلارنى داستىخانغا قويۇپ.

— ۋاي نېمانچە كايىيدىغانلا، — دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈپ، — بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىپتىلا ئەمەسمۇ؟

— ئاۋارە بولدى دېگۈچىلىكى يوق، — دېدى مەلىكە.

— قېنى، چايغا باققاچ تۇرسىلا مەلىكەم، مەن ھازىرلا كىرىمەن.

ئۇزسۇلتان خېنىم دەرھال دەھلىزنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ھۇجرا ئۆيگە كىردى، تۇنۇگۇن قايسىبىر ئەمىرنىڭ قەسرىدە تەڭ كېچىگىچە شارابىبازلىق قىلغان سەييىدئەلى ئالپ تېخىچە ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇزسۇلتان خېنىم ئېرىنىڭ بۇركۇتنىڭ تۇمشۇقىنى ئەسلىتىدىغان قاڭشىرىنى چىمدىپ تۇرۇپ ئويغاتتى:

— تۇرسىلا ئەمىرزادەم ئۇخلاۋەرمەي.

سەييىدئەلى ئالپ ئۇيقۇغا قانمىغان كۆزلىرىنى تەستە ئاچتى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويسىلاچۇ مەلىكەم.

— تۇرسىلا چاققان، ئۆيگە مېھمان كەلدى.

— كىمكەن ئۇ بۇنچە ئەتىگەندە كەلگەن؟ — سورىدى سەييىدئەلى ئالىپ خۇشياقمىغان ھالدا.

— ھېلىقى يۈرەك ئوغرىسى، — دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم پىخىلداپ كۈلگىنىچە.

ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان سەييىدئەلى ئالىپ ئايالىنىڭ چاقچىقىنى چۈشىنەلمىگەنىدى.

— يۈرەك ئوغرىسى؟

— شارابنى ئازراق ئىچسىلە ئەمىرزادەم. مۇشۇ كۈنلەردە ئەس ـ ھوشلىرى تازا جايىدا بولمايۋاتىدۇ. ئەتىگىنى بامدات نامىزىنى قازا قىلىپ ئۇخلاۋاتقىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ئۇنداق قىلمىسىلا، ئاجايىپ ئېتىك، سۆز ـ ھەرىكەتلىرى چاقماقتەك يىگىت ئىدىلە. قارىسىلا تۇرقلىرىغا، بارغانسېرى ئېزىلەڭگۈ بولۇپ كېتىپ بارىدىلا، — دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم ناز ئارىلاش قاش ـ قاپىقىنى ئۈچۈرۈپ، — ئۆزلە قايسى كۈنى ئاغامنىڭ يۈرىكىنى بىرىنىڭ ئوغرىلىۋالغانلىقىنى ئېيتقانىدىلىغۇ؟

— ھە...ھە...، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ كېرىلىپ.

— ئاشۇ يۈرەك ئوغرىسى ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلدى دەۋاتىمەن.

— مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى بىردىنلا ھوشىنى يىغقان سەييىدئەلى ئالىپ جىددىيلىشىپ، — كەلگىلى خېلى بولدىمۇ؟

— ھېلىراقتا كەلدى. سارايغا باشلاپ ئالدىغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ ئۆزلەنى ئويغىتىشىم.

سەييىدئەلى ئالىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

— ئەمىسە مەن شاھزادەمگە خۇش خەۋەر يەتكۈزەي، كېلىپ مەشۇقى بىلەن دىدارلاشسۇن.

ـــ خۇش خەۋەرنى سەل تۇرۇپراق يەتكۈزسىلە بولۇرمىكىن، ـــ دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم ئېرىنىڭ كەمزۇل كىيىشىگە ياردەملىشىپ تۇرۇپ، ـــ مەلىكە يانپېشىنى ئەمدىلا كۆرپىدە قويۇپ بولغۇچە ئاغام ئۇسۇپ كىرسە مەلىكىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىمىز، ھەم بىزنىڭمۇ بۇ ئىشنى ئەتەي ئورۇنلاشتۇرغىنىمىز چېنىپ قالىدۇ، ئول چاغدا مەلىكە مېنىڭ دوستلۇقىمدىن گۇمانلىنىدۇ. ئاغىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈنلا مېنى يوقلاپ بېرىپ، ئۆيىگە چىللاپتىكەن، دەپ قالىدۇ.

ـــ ئەمىسە قاي ۋاقتىدا كىرسە بولۇر؟

ـــ بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن.

ـــ خوپ، پەرمانبەردارمەن، ـــ دېدى سەيىدئەلى ئالپ چاقچاق قىلىپ.

ئۈزسۇلتان خېنىم كەينىگە ياندى.

※ ※ ※

سەيىدئەلى ئالپ كىرىپ كەلگەندە شاھزادە ئۇۋەيسخان قەسىرنىڭ ھويلىسىدا قىلىچۋازلىق ماھارىتىنى مەشىق قىلىۋاتاتتى. سەيىدئەلى ئالپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئالىيلىرى.

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ـــ دېدى شاھزادە مەشىق قىلىشنى توختاتماي تۇرۇپ.

گەرچە ھازىر قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ كەتكەن، تالاغا جۇۋا كىيمەي چىققىلى بولمىسىمۇ، شاھزادە ئۇۋەيسخان خېلىلا يېلىڭ كىيىنىۋالغان بولۇپ، قاتتىق مەشىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تەرلەپ كەتكەنىدى. بويۇنلىرىدىن سۇس ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

ـــ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئىرادىسىگە قايىلمەن، ـــ دېدى سەيىدئەلى ئالپ كۈلۈپ، ـــ بۇ چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ ئەتىگەنلىك مەشىقتىن قالغانلىقلىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

شاھزادە سەييىدئەلى ئالپىنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

— ئۆزلەگە يەتكۈزىدىغان بىر خۇش خەۋەر بار ئالىيلىرى.

— قۇلىقىم ئۆزلەدە، — دېدى شاھزادە قىلىچىنى ئويناتقاچ.

— سۆيۈنچىسىنى بەرسىلە ئاندىن دەيمەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ شاھزادە بىلەن چېقىشىپ.

ئۇۋەيسخان مەشىقتىن توختاشقا مەجبۇر بولدى.

— سۆيۈنچىسىنى ئېلىپ ئاندىن دەيدىغان قانداق خۇش خەۋەركەن ئۇ، ئەمىرزادەم؟

— ئاگال سۆيۈنچە ۋەدە قىلىسلا.

سەييىدئەلى ئالپىنىڭ مۇشۇنداق چاقچاقلىرىغا كۆنۈپ كەتكەن ئۇۋەيسخان بىپەرۋالىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئۆزلەدىن سۆيۈنچە ئايلانسۇن ئەمىرزادەم، بىساتىمدا بار نەرسىدىن خالىغانچە تاللىۋالسىلا.

— ئۇنداق بولسا يۈرسىلە، ئۆيگە كىرەيلى.

— دەۋەرسىلە، مەن تېخى يۇخادىن چىققۇدەك مەشىق قىلالمىدىم.

— ماقۇل دەپ ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىگە كۆيۈنگەن ھالدا، — شۇ تاپتا چېكىلىرىدىن تەر تەپچىرەپ تۇرۇپتۇ، ئۇستىباشلىرى يېپىلىك ئىكەن. سوغۇق تېگىپ تومۇداپ[1] قالمىسىلا يەنە.

شاھزادە ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپىنى ھەم ئاغا، ھەم دوست، ھەم كۈيۈ ئوغۇل تەرىقىسىدە ھۆرمەتلەيتتى. ئانچە - مۇنچە چاقچاقلاشقان بىلەن گەپ - سۆزگە بەك دىققەت قىلاتتى. سەييىدئەلى ئالپىنىڭ گېپىنى ئالدىراپ يىرمايتتى.

— يۈرسىلە ئەمىسە، — دېدى شاھزادە قىلىچنى قىنىغا سېلىپ تۇرۇپ.

تام مەش شاھزادىنىڭ ھۇجرىسىنى ئوبدانلا ئىسسىتقانىدى.

① تومۇداپ — زۇكامداپ.

شۇنداقتىمۇ مەھرەم يىگىت چويۇن ئاتەشداندا قارىغاي ئوتۇنىنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان چوغىنى ئېلىپ كىردى.

شاھزادە سەييىدئەلى ئالپقا «قېنى، خۇش خەۋەرنى ئېيتمامدىلا؟» دېگەننى قىلىپ قاراپ قويدى. ئەمما نېمىشقىدۇر سەييىدئەلى ئالپ بۇ خۇش خەۋەرنى ئېيتىشقا ئالدىرىمىدى.

— يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ، كىيىم يۆتكىۋالسىلا، ئاندىن مۇڭدىشايلى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ قۇۋلۇق بىلەن كالتە يۆتىلىپ قويۇپ، — ھەقىچان ئالىيلىرى ناشتا قىلىپ بولدىغۇ دەيمەن، شۇ تاپتا كەمىنەلىرى تېخى ناشتىنىسىزدۇر.

— خاتۇنلىرى ناشتىلىق بەرمەي ئۆيدىن قوغلاپ چىقارمىدغاندۇ؟ — دېدى شاھزادە چاقچاق قىلىپ.

سەييىدئەلى ئالپ خىرىلداپ كۈلدى:

— شۈكۈر، بۇ چاغقىچە ئاللاھ ئىگەم ئول كۈنلەرنى تېخى كۆرسەتمىدى. خېلىلا قاراپ باقتىم، بىزنىڭ قەسىرنىڭ ئۆگزىسىدە پاختەك ئۇۋىلىغاندەك ئەمەس[1].

— ئەمىرزادەمنىڭ تەڭداشسىز مەرگەنلىكى پۈتكۈل ئالەمگە مەشھۇر تۇرسا، كۈنىگە مىڭ پاختەك ئۇۋا سالسىمۇ ئۆگزىلىرىدە بىرىمۇ تۇرالمايدۇ.

— بۇ ئوپئوچۇقلا تۆھمەت بولدى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ، — ئەتە - ئۆگۈن كىمنىڭ ئۆگزىسىدە پاختەك ئۇۋىلايدىغانلىقىنى كۆرۈپمۇ قالارمىز ئالىيلىرى.

— يېڭىلىشتىلا ئەمىرزادەم، بويتاقنىڭ ئۆگزىسىدە پاختەك ئۇۋىلىمايدۇ.

— ئۇۋىلاپمۇ قالار، ئۆزلەمۇ بۇنداق بويتاق ئۆتۈۋەرمەسلا ئالىيلىرى.

بۇ چاقچاقتا شاھزادە ئۇۋەيسخان كۈلەلمىدى. بېشىنى تۆۋەن

---

① ئۆگزىسىدە پاختەك ئۇۋىلاش — خوتۇنىدىن قورقىدىغان ئەرلەرگە قارىتىلغان تەمسىل. بۇ يەردە سەييىدئەلى ئالپ بۇ گەپنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن قورقىدىغان ئەرلەردىن ئەمەسلىكىنى شىپى كەلتۈرگەن.

سېلىپ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپ قويدى. ھەئە، مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ ئىشق ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن شاھزادە ئۇۋەيسخان شۇ كۈنلەردە دەردمەن بولۇپ قالغانىدى. يۇرىكىدىكى ئىشق ئازابىنى بېسىش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى كاسا شاراب ئىچىۋالغاندىن كېيىن، دۇتار چېلىپ ناخشا توۋلايدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇ مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەرخىل ئامال ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈپ باقتى، لېكىن ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. قىزنى بىللە ئېلىپ كېلەرمىكىن دېگەن تەمەدە ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى قەسرىگە مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىپ باقتى.

— شاھزادە ئالىيلىرى ئالدىرىمىسۇنلار، — دېدى تۈركىستان ئەمىرى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ تەكلىپىنى سىلىقلا رەت قىلىپ، — سىلى دېگەن تۈركىستان ئېلىگە مېھمان، ئاۋۋال ساھىبخانلارنىڭ مېھماندارچىلىقى تۈگىسۇن. قارىسىلا، ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە مېھماندارچىلىق قىلىش ئۈچۈن نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. ئاۋۋال مۇشۇ مېھماندارچىلىقلار تۈگىسۇن، ئاندىن شاھانە چايلىرىغا داخىل بولايلى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئوردىدىكى بارلىق سەركەردە ـ ئەمىرلەرنىڭ قەسرىگە كۈندە بىر قېتىمدىن مېھماندارچىلىققا بارسا، يەنە ئىككى ئايسىز ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى تۇرالغۇسىغا چىللىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئەمىر شەيخ نۇرىددىن مېھماندارچىلىقلارغا خانىشنىلا ئېلىپ كېلەتتى. ھەر قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا شاھزادە ئەمىرنىڭ مەلىكىسىنى بىللە ئېلىپ كېلىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلاتتىكى، تاكى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن كېلىپ بولغۇچە كۆزىنى ئىشىكتىن ئۈزمەيتتى. ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئەمىر بىلەن تولۇمدەك سەمرىگەن خانىشنى كۆرۈپ لاسسىدە بولۇپ قالاتتى. يېگەن تائاملار ئاغزىغا تېتىمايتتى، پاراڭلار قۇلىقىغا خۇش ياقمايتتى، ئىشتىھاسىز،

كەيپسىز ئولتۇراتتى. يۈرىكىنى ئىشق ئوتى رەھىمسىزلىك بىلەن كۆيدۈرەتتى. جىمغۇر، كەم سۆز بولۇپ قالاتتى. مېھماندارچىلىقـ تىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى شارابقا، ناخشا ـ سازغا، ماھارەت مەشىق قىلىشقا زورلايتتى. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ۋۇ ـ جۇدىنى چىرمىۋالغان ئىشق ئازابىنى يەڭگىللەتمەكچى بولاتتى.

شاھزادىنىڭ چىرايىدىكى دەرد ـ ھەسرەتنى كۆرۈپ ئۇنى يە ـ نە قىيناۋېرىشكە سەييىدئەلى ئالىپنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى. خىز ـ مەتكار ناشتىلىق ئۈچۈن ئېلىپ كىرگەن قايماقلىق ئەتكەن چاي ـ دىن تازا ھۇزۇرلىنىپ سۈمۈرۈۋالغاندىن كېيىن شاھزادىگە قارىـ دى:

ــ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغۇلىرى بارمۇ؟

شاھزادە دوستىنىڭ كۆزىگە گۇمانسىراپ قارىدى. چىرايىدىن ئاللىقانداق بىر كۈچلۈك تەقەززالىق، ئىزتىراپ بالقىدى.

ــ تېخىچە قۇلىقىم سىلىدە ئەمىرزادەم.

ــ ئول يۈرەك ئوغرىسى قەسرىمىزگە قەدەم كەلتۈردى ئا ـ لىيلىرى.

شاھزادە ئۇۋەيسخانىنىڭ يۈرىكى خۇشاللىق، ھاياجاندىن كۆكرىكىگە پاتماي قالدى. چىرايىدىكى ھەسرەت، غەم، مۇڭ تۇمان ـ لىرى تارقاپ، ئورنىغا ياللىدە كۈلكە پارلىدى. كۆزلىرىنى سەي ـ يىدئەلى ئالىپقا ئىشەنچسىزلىك بىلەن تىكتى:

ــ بۇ ھېلىقىدەك چاقچاق ئەمەستۇر ھە ئەمىرزادەم؟

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى، بۇ چاقچاق ئەمەس، چىن سۆزۈم، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ دانىمۇدانە جاۋاب بېرىپ، ــ شول تاپتا مەلىكە سارىيىمىزدا ئاغىچام ئۇزسۇلتان خاتۇن بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن قارامىنىمۇ كۆرسەتمەي ئۆزلەگە خە ـ ۋەر يەتكۈزگىلى غىپپىدە يېنىپ چىقتىم.

ــ ئاغىزلىرىغا ناۋات ئەمىرزادەم، ــ دېدى شاھزادە خۇشال ـ لىقتىن بىر ئىزدا تۇرالماي، ــ يۈرسىلە ئەمىسە، چىقايلى.

ــ ئالدىرىمىسىلا، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئورنىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوزغالماي، ــ ئېغىر ـ بېسىق بولسىلا، ھازىر مۇشۇ تۇرقىدا يۈگۈرۈپ كىرىدىغان بولسىلا مەلىكىنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدىلا. بەلكىم خىجىل بولۇپ قايتىشقا ئالدىرىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا يەنە بىرئاز تەخىر قىلايلى.

ــ نېمىشقا؟ ــ دېدى شاھزادە تەقەززالىقىنى يوشۇرماي، ــ ناۋادا بىز چىقىپ بولغىچە كېتىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟

ــ ھەرگىز كەتمەيدۇ. خاتىرجەم بولسىلا، ئۇزسۇلتان خاتۇن كەتكۈزمەيدۇ.

ــ كەتمەيدىغانلىقىنى ئۆزلە قانداق بىلىدىلا؟

ــ بايا خاتۇن شۇنداق دېگەن.

ــ مەلىكىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئۆزلەنىڭ خەۋەرلىرى بار ئىكەن ـ دە.

ــ ئەلۋەتتە، ــ دېدى سەيپىدىنەلى ئالپ مەغرۇرلۇق بىلەن قەددىنى رۇسلاپ، ــ بىراق، بۈگۈن كېلىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان. ئۆزلەنى دەپ تونۇگۈن ئۇزسۇلتان خاتۇن ئالايىتەن ھەرەمگە كىرىپ مەلىكە بىلەن قەسىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا يول سېلىپ چىقتى. شول سەۋەبتىن مەلىكە قەسىرىمىزگە كەلگەن گەپ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەلىكىمۇ ئۆزلەگە ئاشىق بولغان ئوخشايدۇ، بولمىسا بۈگۈن ئەتىگەندىلا كەلمەس ئىدى.

شاھزادە ئۆۋەيسخان ئۆزىنى دەپ سىڭلىسى بىلەن بۇ كۆيۈمەچان دوستىنىڭ قانداق ئەپچىل پىلان تۈزگەنلىكىنى دەرھال پەملىدى. قېرىنداشلىق، دوستلۇق مېھرى ۋۇجۇدىدا گۈرۈلدەپ، يۈرىكىنى شۇررىدە ئېرىتىۋەتتى.

ــ رەھمەت، ھەر ئىككىلىرىگە رەھمەت، ــ دېدى ھاياجانلانغان ھالدا.

شاھزادە ئۆۋەيسخانغا ھازىرقى بىر ئاش پىشىملىق كۈتۈش نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى قارايى يوق كۈتۈش، تەلمۈرۈش، داۋاسى يوق ھىجران ئازابىدىن نەچچە ھەسسە ئۇزۇن تۇيۇلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت تولىمۇ ئاستا، بەلكىم توختاپ قالغاندەك

بىلىنەتتى. بىر دەقىقە ئارتۇق كۈتۈشكە تاقىتى يوق ئىدى. پات ـ پات سەيپىدىئەلى ئالپقا «ئەمدى چىقساق بولۇرمۇ؟» دەپ يېلىنغاندەك قارايتتى.

شاھزادە ئۈۋەيسخان مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالايىتەن كىيىم يۆتكىمەكچى بولۇۋېدى، سەيپىدىئەلى ئالپ توسۇپ قويدى:

— مۇشۇنداق چىقىۋەرسىلە، ئۆزلەنى مەلىكە بىلەن كۆرۈشتۇرۇشكە تەييارلىق قىلغىنىمىز چېنىپ قالمىسۇن. مەلىكىگە قۇرۇق سۆلەت شاھزادىلەردەك تۈيغۇ بېرىپ قويمىغانلىرى ئەۋزەل.

ئۈۋەيسخان دوستىنىڭ بۇ تەكلىپىنى لايىق كۆردى.

— ئەمدى چىقايلى، — دېدى سەيپىدىئەلى ئالپ.

شاھزادىنىڭ چىرايىغا ياللىدە كۈلكە يۈگۈردى.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم مەلىكە ئۈزسۇلتان خېنىم بىلەن غىزالانغاچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. سارايغا كىرىپ كەلگەن خىزمەتكار ئايال تاپىسىدا قول باغلاپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مەلۇم بولغاي، شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن ئەمىرزادەم قايتىپ كەلدى.

شۇ ھامان مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم يالت ئېتىپ ئىشىككە قارىدى ـ دە، ئولتۇرغان ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى. كۆزلىرى ۋۇجۇدىدىكى ھاياجانلىق تۇيغۇلارنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

— ئاغام كەلگەن ئوخشايدۇ، ئالدىغا چىقاي، — دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە يوشۇرۇن نەزەر تاشلاپ.

— چىقىۋەرسىلە، — دېدى مەلىكە.

شۇ تاپتا مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭمۇ ئۈزسۇلتان خېنىم بىلەن بىللە سىرتقا چىققۇسى، كۆزلىرى ئارقىلىق يۈرىكىگە ئىشىق ئوتى يېقىۋەتكەن شاھزادىنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋالغۇسى

تۇيغۇر كىتاب تورى
www.tuyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بار ئىدى، لېكىن قىزلىق شەرم ـ ھاياسى كۆڭۈل ئارزۇسىغا يول قويمايتتى.

«خۇداغا شۈكۈر. ئۇنى كۆرەلمەي كېتىپ قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، ئاخىر كۆرۈشىدىغان بولدۇم. راست، ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشەرمەن، يا ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققىلى بولمىسا، قېشىمغا كىرەرمۇ؟ مېنىڭ بۇ پەردە بارلىقىمنى ئاڭلىسا چوقۇم كىرىدۇ. ناۋادا كىرمەي قالسىچۇ؟ ماڭا مەيلى بارمىدۇ؟ ھېلىقى كۈنىغۇ كۆزلىرىدىن ئاشۇنداق مەنەنى سەزگەنىدىم.»

ھايال بولمايلا قايتىپ كىرگەن ئۈزسۇلتان خېنىم مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ چېگىش خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى. مەلىكە خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ قارىدى، ئەمما كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان كىشىسى كۆرۈنمەيتتى.

ــ ئاغامغا مەلىكىنىڭ بىزنى ئالايىتەن يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتۇڭىدىم، بەكلا خۇشال بولدى، ــ دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم ئېھتىرام بىلەن، ــ مەلىكە ئىجازەت بەرسە، قېشىغا كىرىپ سالام بەرگەچ ئۆز ئاغزىم بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرۈۋالسام دەيدۇ، شۇڭا ئىجازەت سوراپ كىرىشىم.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۇپۇلدەپ كەتتى.

ــ شاھزادە ئالىيلىرى خويمۇ قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىكەن. ئىجازەت سورىشىنىڭ ھاجىتى يوققۇ، كىرىۋەرسۇن.

ــ ئەمىسە مەن ئىجازەتلىرىنى يەتكۈزەي، ــ دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم كەينىگە يېنىپ.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ يۈرىكى يەنە قايتىدىن سېلىپ كەتتى. ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھاياجان چۇلغىۋالغانىدى.

ھايال ئۆتمەي مېھمانخانىغا ئاۋۋال شاھزادە ئۇۋەيسخان، ئاندىن سەييىدئەلى ئالىپ، ئەڭ ئارقىسىدا مەلىكە ئۈزسۇلتان خېنىم كىرىپ كەلدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان مەلىكىنى كۆرۈش بىلەن قايتىدىن قوزغالغان ھاياجىنىنى زورىغا بېسىپ، قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تۇرۇپ، ــ مەلىكەمنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە مەرھابا!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ.

ــ قوزغالمىسىلا، قېنى بەھۇزۇر جاي ئالسىلا مەلىكەم، ــ دېدى ئۇۋەيسخان

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم كۆزىنى ئۇۋەيسخاننىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن قاچۇرۇشقا تىرىشىپ قايتىدىن جايلىشىپ ئولتۇردى.

ــ قېنى ئۆزلەمۇ جاي ئالسىلا ئالىيلىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ يا ئولتۇرۇشنى، يا ئۆرە تۇرۇشنى بىلەلمەي تۇرغان شاھزادىنى كۆرۈپكە تەكلىپ قىلىپ.

ھەئە، شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئولتۇرغۇسى، كېچە ـ كۈندۈز كۆرۈشكە تەشنا بولغان مەلىكىنىڭ جامالىغا قېنىغۇسى بار ئىدى. بىراق مەلىكىنىڭ قېشىدا ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوق ئولتۇرۇۋالسا قائىدە ـ يوسۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇ مەلىكىگە پەقەت سالام بېرىش، تەشەككۇر بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈنلا كىرگەنىدى.

ــ رەھمەت، ھازىرلا يانىمەن ئەمىرزادەم، ــ دېدى ئۇۋەيسخان، ــ مەلىكەمنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ قويماي يەنە.

ــ ھامىنى كىرگەندىكىن بىردەم ئولتۇرسىلا ئاغا، ــ دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم ئاكىسىنى ئولتۇرغۇزۇشقا باھانە كۆرسىتىپ، ــ قورساقلىرى ئېچىپ قالغاندۇ، بىللە ھەمداستىخان بولغاچ گۇڭۇر ـ مۇڭۇر پاراڭلاشمامدۇق، قانداق دېدىم مەلىكەم؟

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ھازىرلا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغان مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم ئالدىراپ ـ تېنەپ جاۋاب بەردى:

ــ شۇنداق قىلايلى، بىردەم ئولتۇرسىلا ئالىيلىرى.

ــ مەيلى ئەمىسە، ــ ئۇۋەيسخان شۇنداق دېگىنىچە ئۆتۆكىنى سېلىپ كۆرپىگە چىقتى.

ئۇنىڭغىچە سەييىدئەلى ئالىپ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كىردى.

ــ قول چايقىسىلا ئالىيلىرى.

ــ ئۆزلەگە قول تۇتسام قانداق بولىدۇ؟ خىزمەتكارغا بەرسىلە، ــ دېدى شاھزادە قول چايقىغىلى ئۇنىماي.

ــ بۈگۈن بۇ شەرەپلىك خىزمەتتىن كەمىنەلىرىنى مەھرۇم قىلمىسىلا ئالىيلىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ تەۋازۇ بىلەن.

ئۇۋەيسخان يەنە بىر قېتىم تەكەللۇپ قىلغاندىن كېيىن قول چايقىدى.

ئۇزسۇلتان خېنىم ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، ئۈستىگە پاقلان گۆشى، بېھى، گۈلە، قۇرۇق ئۈزۈم باسقان بىر تاۋاق پولۇنى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

ــ رىزقلىرى بار ئىكەن، ــ دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم، ــ مەخسۇس مەلىكەم ئۈچۈن ئەتتۇرگەنىدىم بۇ ئاشنى.

ــ ياراتقان ئىگەم شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ھەرقانداق رىزقىنى زىيادە قىلغاي، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، ــ خوش، ئاشقا باقسىلا.

ــ كەلسىلە ئەمىرزادەم، بىللە ئېغىز تېگەيلى، ــ دېدى ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالىپنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ.

ــ بەھۇزۇر بېقىۋەرسىلە ئالىيلىرى، مەن ھازىرلا كىردىمەن، ــ سەييىدئەلى ئالىپ شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئاغىنىغا بىر پىيالە چاي تۇتقان ئۇزسۇلتان خېنىم مەلىكىنىڭ پىيالىسىگە چاي جىقلاۋېتىپ، يالغاندىن غۇدۇراپ قويدى:

ــ خىزمەتكارلارمۇ قاشاڭ بولۇۋالدى، يېڭى چاي دەملەپ كىرىڭلار دېسەم تېخىچە كىرمەيۋاتىدۇ. ئۆزۈم چىقىپ باقاي، قېنى مەلىكەم تارتىنماي غىزاغا باقسىلا.

ئۆيدە مەلىكە بىلەن شاھزادە يالغۇز قالدى. شۇ دەقىقىدە مە-

لىكىگە پۈتۈنلەي ئەسىر بولغان شاھزادە ئېسىنى يوقىتىپ قويغا-
نىدى. ئۈۋەيسخاننىڭ مەجنۇنلارچە تىكىلىشىدىن ئۇيالغان مەلىـ-
كىنىڭ چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى. مەلىكە شۇ تاپتا ئۆ-
زىنى ئۇلۇغ بىر ئوتنىڭ ئىچىدە قالغاندەك سېزەتتى، ئەمما بۇ
ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن ئازاب ئەمەس، ھۇزۇر ھېس قىلاتتى.

— قېنى، تاماققا باقسىلا ئالىيلىرى، ئاش سوۋۇپ قالمىـ-
سۇن.

ئۈۋەيسخان چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى، ئاشتىن ئىككى كاپام
ئاغزىغا سالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە پەقەتلا بويسۇنمايۋاتاتتى.
قولى ئاشتا بولغىنى بىلەن كۆزى مەلىكىدە ئىدى. مەلىكىگە نې-
مىدەپ سۆز تاشلىشىنى بىلەلمەي جىلە بولاتتى. نەچچە ۋاقىتتىن
بېرى مەلىكىگە ئاتىغان تاتلىق ـ تاتلىق سۆزلەر پۈتۈنلەي غايىب
بولغانىدى.

«ئەجەب بىر ئالتە ئاي ئاچ قالغان ئادەمدەك ئاش بىلەنلا بو-
لۇپ كەتتىما. سۆزنى تاپقاندا يار يوق، يارنى تاپقاندا سۆز دەپ، تى-
لىم تۇتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ دېسە. چاققان بول ئۈۋەيسخان، دەرھال
بىر گەپ قىل. يىگىتلىك جاسارىتىڭ نەگە كەتتى...»

شاھزادىنىڭ بۇ مەجنۇنلارچە تۇرقىغا قاراپ مەلىكە ئۆزىنى
تولىمۇ بەختىيار سەزدى.

— ئاغىزلىرىنى تاپالماي قالمىسىلا ئالىيلىرى، — دېدى
مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم پىسىڭىدە كۈلۈپ سۆز باشلاپ.

— يوقسۇ، — دېدى يىگىت قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ،
— قېشىمدا قەلب ئاسمىنىمنىڭ يېگانە ماھى① تۇرغان يەردە،
قانداقسىگە ئاغزىمنى تاپالماي قالغۇدەكمەن؟!

شاھزادە ئۈۋەيسخاننىڭ مەردانىلىق بىلەن بەرگەن جاۋابى
مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋەتتى.

— بىلمىدۇق، شاھزادەمنىڭ كۆزلىرى ھەرقاچان مۇشۇنداق
ئىختىيارىدىن چىقىپ كېتەمدىغاندۇ؟

① ماھ — ئاي.

ئۇۋەيسخان ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا توختىتىۋالغانىدى، شۇڭا تەمكىنلىك بىلەن چاقماقتەك جاۋاب بەردى:

— كۆز دېگەن كۆڭۈلنىڭ دېرىزىسى ئەمەسمۇ مەلىكەم، كۆڭۈل نېمىنى ياقتۇرسا كۆز شۇنى كۆرىدۇ. دېمەك، ئىختىيار كۆڭۈلدە.

— شاھزادەمنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇنچىۋالا بەڭباشلىقىنى ئويلىماپتىمەن، — دېدى مەلىكە بوش كەلمەي.

قىزنىڭ خۇشچاقچاقلىقى، سۆزمەنلىكى يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىغا غەيرەت بېغىشلىدى.

— ئەزەلدىن بۇنداق بەڭباش كۆڭۈل ئەمەستى بۇ، — دېدى يىگىت قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ، كۆيگەن كىشىگە تارتىشا، دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ. كۆيۈپ تارتىشقان كۆڭۈلنى باشقۇرماق ئاشۇنداق تەسكەن. خالىسىلا يۈگەن سېلىپ قويسىلا مەلىكەم.

— يۈگەننى سېلىپ قويغانغىلا ھېساب ئەمەس، تىزگىنىنى تۇتالىساق ھېساب.

— يۈگەننى سالغان ئادەم، تىزگىنىنىمۇ تۇتالايدۇ.

قىز خىجىللىق بىلەن يەرگە قارىۋالدى:

— سىلىگە گەپ تېپىپ بېرەلمىگۈدەكمەن، بەكلا گەپدان ئىكەنلا.

ئۇۋەيسخان ھاياجىنىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— گەپدانلىق قىلمىدىم مەلىكەم. يۈرەك سۆزۈمنى ئىزھار قىلدىم.

— بۇ گەپلەرنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئىكەنلىكىگە قانداق ئىشىنىمەن؟

— شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە دەلىللەشكە ئامالىم يوق، — دېدى شاھزادە تەمكىنلىك بىلەن، — لېكىن شۇنى ئەسلىرىدە تۇتسىلا، تىل دىلنىڭ ئەلچىسى.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم بېشىنى كۆتۈرۈپ شاھزادە ئۇ-



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋەيسخانغا يالت ئېتىپ قارىدى ـ دە، يەنە يەرگە قاراپ، چىرايلىق لەۋلىرىنى چىشلىدى. قىزدىن ئوچۇقراق جاۋاب ئېلىشقا تەققەززا بولۇپ تۇرغان يىگىت يەنە ئېغىز ئاچتى:

ــ شۇ تاپتا ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزگە تىلىمىزنى ئەلچى قىلىۋاتقان بىچارە يۈرىكىمنى مەلىكەمگە خىلىلا تونۇشلۇق بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

ــ يۈرەكلىرى ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرسا، بىزگە قانداقمۇ تونۇشلۇق بولسۇن؟ ــ دېدى دۆلەتسۇلتان خېنىم شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ تولىمۇ مەنىلىك سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ.

ــ يۈرىكىم ھەرگىزمۇ ئۆزۈمدە ئەمەس مەلىكەم.

ــ ئەمىسە كىمدە؟

ــ سىلىدە.

ــ مەندە؟

ــ ھەئە، سىلىدە.

ــ تۆھمەت قىلمىسىلا، ــ دېدى مەلىكە پىخىلداپ كۈلگىنىچە.

ئۇۋەيسخان مەلىكىنىڭ كۆزلىرىگە تەشنالىق بىلەن تىكىلىپ جاۋاب بەردى:

ــ بۇ تۆھمەت ئەمەس، ھەقىقەت مەلىكەم. ئاشۇ كۈنى خان ئاتىلىرى ئوردىسىدا شەرىپىمىزگە بەرگەن زىياپەتتە سىلى شۇنداقلا بىر نىگاھ تاشلاش بىلەن يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالغان. ياق، بۇنداق دېسەم توغرا بولمىغۇدەك، يۈرىكىمنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتكەن. سىلى ئاشۇ يۈرەك ئوغرىسىنىڭ دەل ئۆزى شۇ.

ــ ئۇنداقتا مەن يۈرەك ئوغرىسى بولسام، سىلى يۈرەك قاراقچىسىكەنلا.

ــ مەن قانداقسىگە يۈرەك قاراقچىسى بولغۇدەكمەن؟

ــ بۇ دەۋانى ئەسلىدە باشتا مەن قىلسام توغرا بولاتتى. بىر اۋنىڭ يۈرىكىنى بىر قاراشتىلا ئەسىر ئېلىپ تۇتقەمەس ئازابقا مۇپتىلا قىلىپ قويۇپ، يەنە تېخى بىخارامان يۈرگەن ئادەمنى يۈ ـ

رەك قاراقچىسى دېمەي نېمە دەيمىز؟ تېخى مېنى يۈرەك ئوغرىسى دەيدىلا.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ جاۋابىدىن ئۈۋەيسخاننىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدا بىر شېرىن تۇيغۇ قىيان ياسىدى. چاچراپ بېرىپ مەلىكىنى باغرىغا بېسىشتىن، چىرايلىق لەۋلىرىگە سۆ- يۈشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

— ئۇنداقتا، ئوغرىنى قاراقچى سوقىقاندەك ئىش بوپتۇمۇ نېمە؟!

— ھە، ماۋۇ گەپلىرى جايىدا بولدى، — دېدى مەلىكە كۈ- لۈپ.

— ئۇنداق بولسا ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۆلجىسى ئۆزىمىزگە قالسۇن. سىلى يۈرەكلىرىنى ماڭا ئامانەت قويدۇم دەپ بىلسىلە.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— بىلمىدىم، ئۇل ئامانەتنى خىيانەت قىلماي ساقلىيالارلا- مۇ؟

شاھزادە قەددىنى رۇسلىدى:

— ئىمانىم بىلەن كېپىللىك قىلىمەنكى، ئۇل ئامانەتنى كۆز قارىچۇقۇمنى قوغدىغاندەك قوغداپ، ھاياتىمنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيمەن. زىنھار خىيانەت قىلمايمەن.

— مەنمۇ ھەم شۇ، — دېدى مەلىكە يەرگە قارىغىنىچە پەس ئاۋاز بىلەن.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى. يۈرەك سىرلىرىنى بىر - بىرىگە تولۇق ئىزھار قىلىشىپ، سۆيگۈ لەززىتىدىن ھاياجانلانغان بۇ ئىككى ياشنىڭ چېھرىدە شۇ دەقىقىدە بەختىيارلىق ئۇچقۇنلى- رى چاقنايتتى...

ئۈزسۇلتان خېنىم بىلەن سەييىدئەلى ئالپنىڭ كىرىپ كې- لىشى بىلەن مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم خۇددى ئوغرىلىق ئۈس- تىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ سەل ھودۇقتى، تەمتىرى-

دى، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ كۆزلىرىدىن بولسا ئالەمچە بىر قۇۋۇناقلىق بالقىيتتى.

ــ چاي قايىنىغىچە ھايال بولۇپ قالدىم، ــ دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم ھېچنېمىنى سەزمىگەن قىياپەتتە سۆزلەپ، ــ ئۆز قولۇم بىلەن دەملەپ كىردىم.

مەلىكە لام ـ جىم دېمىدى. ئۇ ئوڭايسىز ھالەتتىن تېخىچە قۇتۇلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ تۈركىستاننىڭ ھاۋاسى تۇرپاننىڭ ھاۋاسىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن، ــ دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم مەلىكىنى ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گەپنى قەستەن باشقا ياققا بۇراپ.

ئۇنىڭ بۇ تەدبىرى دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى.

ــ ئاڭلىشىمچە، تۇرپاندا قىشتىمۇ تۇزۇك سوغۇق بولمايدىمىش. يازدا گۆشنى ئاپتاپتا قويۇپ قويسا كاۋاپ بولۇپ قالارمىش. بۇ راستمۇ؟ ــ دېدى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم تۇرپان ھەققىدە ئاڭلىغان پاراڭلارنى ئېسىگە ئېلىپ.

ــ ئۇنچىمۇ ئەمەس، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان سىڭلىسىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، ــ لېكىن يازدا پىژغىرىم ئىسسىق بولىدىغىنى راست، ئەمما گۆش كاۋاپ بولغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. بۇنى بىراۋ بەكمۇ مۇبالىغە قىلىۋېتىپتۇ، مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دەپتىكەن، قالغىنىنى ئۆزلە تۇرپانغا بارغاندا بىلىۋالىدىلا.

شاھزادىنىڭ گېپى مۇشۇ يەرگە كېلىشى ھامان مەلىكە ۋىلىلىدە قىزارغىنىچە يەرگە قارىۋالدى. شاھزادە ئويلىمايلا سىرنى ئاشكارىلاپ، مەلىكىنى خىجىل قىلىپ قويغانىدى. سىڭلىسىنىڭ نارازىلىق بىلەن تىكىلىپ قاراشلىرىدىن بۇنى سەزگەن شاھزادە ئۆزىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى.

«سىڭلىم، ئەمىرزادىنىڭ ئالدىدا دېمەيدىغان گەپنى دەپ سېلىپ مەلىكىنى خىجىل قىلىپ قويۇپتىمەن ـ دە، ھەي مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمىزە. خۇشاللىقتىن خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن

www.uyghurkitap.com

ئەمەسمۇ، بۇ ئىشلارنى سىڭلىم بىلەن ئەمىرزادىنىڭ بىلىدىغانلىقىنى مەلىكە تېخى بىلمەيتتى ـ دە! بۇ ئىككىسىغۇ گېپىمگە دىققەت قىلمىغاندەك چاندۇرماي ئولتۇردى بولمىسا. بولۇڭلار، چاپسان بىر ئامال تېپىپ مەلىكىنى خىجىللىقتىن، مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار...»

سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكىنىنى ھېس قىلىپ، چاندۇرماي سۆز قاتتى:

— تۇرپاننىڭ ئىسسىقىدا گۆش پىشماسلىقى مۇمكىن، لېكىن يالقۇنتاغنىڭ قۇمىغا تۇخۇم كۆمۈپ قويسا پىشىپ قالىدۇ.

مەلىكە ئەمدى گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، ئۇ ئۇزسۇلتان خېنىم بىلەن سەييىدئەلى ئالپتىن قاتتىق ئىزا تارتقانىدى.

«قالغىنىنى تۇرپانغا بارغاندا بىلىۋالدىلا، دەپ سىرنى ئېچىپلا تاشلىدىغۇ ئادەمنى خىجىل قىلىپ. بۇلار نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ بىردەمدىلا تۇرپانغا بىللە بارىدىغانغا ۋەدىلىشىپ بوپتۇ دەپ قالغانمىدۇ؟ نېمىشقىمۇ بۇ گەپنى ئويلاشمايلا دېگەنلا شاھزادەم. مەلىكە ئۇزسۇلتان خېنىم بىلەن كۈيۈسى بۇ ئىشنى ھامان بىلمەي قالمايدۇ، لېكىن ھازىرچە بىلمەي تۇرغىنى ياخشىدى.. ئاستا كېتىۋالايمىكىن؟ ياق، ئۇنداق قىلسام بولمىغۇدەك. شاھزادە مېنى رەنجىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىمىسۇن يەنە. شۇ تاپتا ئۆزىمۇ قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى ئەنە. بولدىلا، بۇنداق تۇرۇۋالسام شاھزادىنى تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويغۇدەكمەن، گەپ قىلىپراق ئولتۇراي. مۇشۇنداقلا كەتسەم شاھزادە بىلەن يەنە قاچان كۆرۈشىمەن؟ شاھزادە ھەرەمگە ھەرگىز كىرەلمەيدۇ. مېنىڭ چىقمىقىممۇ ئاسان ئەمەس...»

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم شاھزادە ئۆۋەيسخاننى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى ئېغىز ئاچتى.

— تۇركىستاننىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلىدىلىمۇ ؟

— كۆندۇق، — دېدى ئۇزسۇلتان خېنىم دەرھال جاۋاب بې-

رىپ، ــ تۈركىستاننىڭ ھاۋاسى ئىلى، ئالمالىق، بېشبالىق، ئۈچ تەرەپنىڭ ھاۋاسىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ كەيپىيات قايتىدىن جانلاندى. مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم ئامال بار شاھزادىگە قارىماسلىقا تىرىشىپ ئولتۇراتتى.

ــ ئالىيلىرى بىرەر پەدە ساز چېلىپ بەرسىلە، ــ دېدى ئارىدا غىپپىدە سىرتقا چىقىپ كەتكەن سەيپىدىئەلى ئالپ دۇتار كۆتۈرۈپ كىرىپ.

ــ مېنى ئوسال قىلاي دەملا ئەمىرزادەم؟ ــ دېدى ئۈۋەيسخان دۇتارنى ئالغىلى ئۇنىماي.

ــ خېلى ئوبدان چالىلىغۇ ئاغا، ــ دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم ئەركىلەپ، ــ خىجىل بولماي چېلىپ بەرسىلە، ھەممەيلەن ئۆز ئادەم بولغاندىكىن.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم شاھزادىنىڭ دۇتار چېلىشىغا قىزىقىپ قالغاندى.

ــ چالالىشلىرىچە چالسىلا ئالىيلىرى، ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىش كېلىۋەرمەيدۇ، ــ دېدى ئۇ شاھزادىگە قاراپ.

شاھزادە ئىلاجسىز دۇتارنى قولىغا ئالدى.

ــ ئەمىسە ياخشى چالالمىسام زاڭلىق قىلىشمىسىلا، ــ دېدى دۇتارنىڭ پەدىسىنى تەڭشەپ تۇرۇپ.

مەلىكە بىردە شاھزادىگە، بىردە شاھزادىنىڭ قولىدىكى نەقىشلىك دۇتارغا زوق بىلەن قاراپ قويدى.

«شاھزادىنىڭ مۇنداقمۇ ھۈنىرى بار ئىكەن ـ دە تېخى، ئويلىمىغانىكەنمەن...»

مەلىكىنىڭ خىيالىنى دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ساداسى بىلەن شاھزادىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۈزۈپ قويدى. مەلىكە دىققىتىنى يىغىپ ناخشىغا قۇلاق سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



*ئېگىز تەختتە سەن ياتساڭ،*
*ئاياغىڭدا ياتاي مەشۇق.*
*قولۇم سۇنسام ساڭا يەتمەس،*
*كۆزۈمگە تۇتىيا مەشۇق.*
*جېنىم مەشۇق، خېنىم مەشۇق،*
*ۋىسالىلىرىغا يېتەرمەنمۇ؟*
*كويلىرىدا زار ـ زار يىغلاپ،*
*ئەجەل يەتمەي ئۆلۈرمەنمۇ؟*
..............................

تۇرپان خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇڭى مەلىكىنىڭ يۈرىكىگە بېرىپ تەگكەندى. شۇ تاپتا شاھزادە دۇتارنىڭ تارىنى ئەمەس، مەلىكىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىۋاتاتتى. ناخشىسى ئارقىلىق يۈرەك سىرلىرىنى مەلىكىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاۋاتاتتى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئارقىمۇئارقا ئىككى پەدە ناخشا ئورۇنلاپ توختىدى.

— بىلىدىغان پەدىلىرىم مانا مۇشۇنچىلىك، — دېدى دۇتارنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، — ئاغىل ـ تاغىل كاركىراپ زېرىكتۈرۈپ قويغان بولسام ئەپۇ سورايمەن.

— يوقسۇ، بەكمۇ ياخشى چالدىلا، — دېدى مەلىكە مەمنۇنلۇق بىلەن. ئەسلىدە ئۇنىڭ شاھزادىنى بەكرەك ماختىغۇسى بار ئىدى، ئۈزسۇلتان خېنىم بىلەن سەييىدئەلى ئالپتىن خىجىل بولۇپ گېپىنى توختىتىۋالدى.

— ناخشا ـ ساز يۈرەكتىكى دەردنى ئالىدۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادە ئۇۋەيسخانغا كۆز قىسىپ قويۇپ، — تۈركىستانغا قەدەم كەلتۈرگەندىن بېرى ئالىيلىرىنىڭ ماھارىتى خېلى ئۆسۈپ قالدى. چالغان سازىدىمۇ، ئاۋازىدىمۇ مۇڭ كۆپىيىپ قالدى.

دۆلەتسۇلتان خېنىم شاھزادىگە لاپپىدە قاراپ قويۇپ، كۆزىنى دەرھال ئەپقاچتى. ئۇ سەييىدئەلى ئالپنىڭ بۇ گەپىنى ئۆزىگە

قارىتىپ دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

— مەن چىقاي، — دېدى مەلىكە ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ، — ھەر بىرلىرىنى خويمۇ كايىتىپ قويدۇم.

— نېمىگە ئالدىرايدىلا مەلىكەم؟ — دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم، — كۈن تېخى بالدۇرغۇ، يەنە بىردەم ئولتۇرسىلا. ئىككىمىز تېخى قانغۇدەك مۇڭداشمىدۇق.

— ھېلىمۇ خېلى ئۇزۇن ئولتۇردۇم، — دېدى مەلىكە تەۋازۇ بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ، — ئانامغا بېرىپلا كېلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. پېشىنىنىڭ ۋاقتى بولاي دەپ قاپتۇ. تېزرەك كۆرۈنمىسەم ئانام رەنجىپ قالىدۇ. ھە راست، ئانام سىلىنى تەكلىپ قىلىپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى، قەدەم كەلتۈرۈپ بېرەرلا.

— ئىنشائاللاھ، — دېدى ئۈزسۇلتان خېنىم، — خانىش ئايىمنى زىيارەت قىلىش مەن ئۈچۈن شەرەپ. سىلىمۇ پات ـ پات كېلىپ تۇرسىلا مەلىكەم.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم شاھزادە ئۈۋەيسخانغا لاپپىدە بىر قارىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— زېرىكىپ قالمىسىلا چوقۇم كېلىمەن.

شاھزادە چاندۇرماي كۈلۈپ قويدى، لېكىن لام ـ جىم دېمىدى. ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا كۆزلىرى ئارقىلىق خوشلاشتى.



ئەمىر شەيخ نۇرىددىن شاھزادە ئۈۋەيسخانغا قىزى دۆلەتسۇلتان مەلىكىنى سوراپ ئەلچى بولۇپ كەلگەن سەييىدئەلى ئالىپقا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئولتۇراتتى. شۇنداق، ئۇ قىزىنى شاھزادە ئۈۋەيسخانغا نىكاھلاپ بېرىشنى

خالايتتى، ئەمما تېخىچىلا ئوردىسىدا پاناھلىنىۋاتقان شاھزادىنىڭ كەلگۈسىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايتتى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ بولسا مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم ئەلچىلىككە كېلىشى ئىدى. ئەمدى ئېنىق بىر جاۋاب بەرمىسە سەت تۇراتتى. ئۇنىڭسىزمۇ خانىشتىن شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن مەلىكىسى توغرۇلۇق بولۇنغان چىتتى ـ پىتتىنىڭ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغانىدى.

«مۇشۇ كۈنلەردە مەلىكىنى تازا باشقۇرالمايۋاتىمەن، — دېگەنىدى خانىش دادلاپ، — ھە دېسە ھېلىقى موغۇل مەلىكىسىنىڭ قەسرىگە يۈگۈرەيدۇ. كېنىزەكلىرىدىن ئىچكىرىلەپ سورىسام، مەلىكە يالغۇز ھېلىقى موغۇل مەلىكىسى بىلەنلا ئەمەس، ئۇنىڭ ھېلىقى شاھزادە ئاغىسى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ يۈرگەنمىش. تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، ئالىمادىس ئول شاھزادە بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قالسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك تەس. خەۋەرلىرىدە بار، ئىشىكئاغىسى تىكە ئەمىرنىڭ ئاغىچىسى مەلىكىنى ئوتتۇرانچى ئەمىرزادىسىگە سوراپ باش ئاغرىقى قىلغىلى خېلى بولدى. مەلىكىنىڭ توي ئىشىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇنداق قىلساق مەلىكىگىمۇ، بىزگىمۇ ياخشى...»

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئەتىۋارلىق مەلىكىسىنى قول ئاستىدىكى ئەمىرنىڭ ئوغلىغا بېرىشنى خالىمايتتى. كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر ئەلنىڭ خان ـ سۇلتانى بىلەن قۇدىلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما شۇ چاغقىچە ئۇنداق ئەلچىلەردىن شەپە يوق ئىدى. گەرچە شاھزادە ئۇۋەيسخان نەسەب، مەرتىۋە جەھەتتە ئۇنىڭ دىتىدىكىدەك لايىق بولسىمۇ، بىراق ئۆز ۋەتىنىدىن قېچىپ چىقىپ سەلتەنەت سايىسىدا ياشاۋاتقان بۇ شاھزادىنىڭ ئېتى ئۇلۇغ بولغىنى بىلەن سۈپرىسى قۇرۇق ئىدى.

«شاھزادە ئۇۋەيسخان تاغىسى سۇلتان شىر مۇھەممەدخاندىن تەخت ـ سەلتەنەتنى سويۇپ ئالالارمۇ زادى؟ ئول تەسىررۇپنىڭ بۇيۇك ئۇلۇسبېگى بولمىش خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ نەۋرىسى

شاھزادە بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ تاغىسىدىن تاجۇ-
تەختنى سويۇپ ئالالىشىغا ئىشەنگەنىدىم. بىراق، ئۇلۇسبېگى
ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە ئۇلارغا ھازىرغىچە بىرەر شەپە بەرگەندەك
ئەمەس. ياكى ئۇلۇسبېگى خۇادايداد ھەزرەتلىرى شاھزادە بىلەن
كۆمەكلىشىشتىن يالتىيىۋالغانمىدۇ؟ يېقىندىن بېرى شاھزادىمۇ
موغۇلىستان تەرەپتىن لەشكەر توپلاش ئىشىنى ئانچە تىلغا ئالماي-
دىغان بولۇۋالدى. قارا قىشنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈۋاتامدىكىن
دەپتىكەنمەن، مانا كۆكلەممۇ كېلەي دەپ قالدى، ھېچبىر مىدىرلاي
دېمەيدۇ. ئەمدى بولسا ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالپىنى ئەلچى قىلىپ
ئەۋەتىپتۇ. بۇ ئىشقا قانداق جاۋاب بەرسەم مۇۋاپىق بولۇر؟ كې-
سىپلا رەت قىلىۋەتسەم شاھزادىنىڭ دىلى رەنجىيدۇ. كونىلارنىڭ:
‹بۇ دۆلەت سەندە تۇرماپتۇ، بۇ مەينەت مەندە›، دەيدىغان تەمسىلى
بار. كىم بىلىدۇ، شاھزادە پات يېقىندا موغۇلىستان سەلتەنەتىنى
قولىغا ئالامدۇ تېخى. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، پۇشايمان قىلى-
دىغان ئىش چىقىدۇ. ناۋادا كۈيۈ ئوغلۇم بۈيۈك موغۇلىستان سەل-
تەنەتىنىڭ سۇلتانى بولسا ئىدى، ئول چاغدا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ
تەھلىكىسىدىنمۇ ۋايىم يېمىگەن، ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خەققە بې-
قىنماي خاتىرجەم ئۆتكۈزگەن بولاردىم. ھەي، ئارمان دېگەن ئار-
مان ـ دە. پات يېقىندا موغۇلىستان تەختىنىڭ تاجدارى بولىدۇ
دەپ يۈرگەن شاھزادە بولسا تېخىچە مېنىڭ ھامىيلىقىمدا. ئەجەب-
مۇ بىر بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى دېسە. ئوردا ئىشكئا-
غىسى تىكە ئەمىرنىڭ ئوتتۇرانچى ئەمىرزادىسىغۇ خېلى تۈزۈك
يىگىت بولغان، بىراق نەسەبى ماس كەلمەيدۇ. گەرچە تۈركىستان
كىچىكرەك ئەل بولسىمۇ، مەن يەنىلا بۇ تەسەررۇپنىڭ ھۆكۈمدا-
رىمەن. شۇنداق ئىكەن، مەن بىلەن قۇدىلاشماقچى بولغانلارنىڭ
نەسەب ـ مەرتىۋىسىمۇ ماڭا ماس كېلىشى كېرەك ـ تە. قوشنا
ئەلنىڭ سۇلتانلىرىغا قۇدىلىشايلى، قىزىمنى كېلىن قىلىۋالسىلا
دېگىلى تېخى بولمىسا. تازىمۇ بىر ئىش بولدى ـ دە، بۇ. ئاشۇ
چاغدا مەلىكىنى ئوردا زىياپىتىگە قاتناشتۇرمايدىغان، شاھزادە

www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆرۈشتۈرمەي پىنھان ساقلايدىغان ئىشكەنتۇق. ھەئە، شۇ چاغدىلا مەلىكىگە شاھزادىنىڭ كۆزى چۈشكەنىدى. كۆڭۈل دېگەنغۇ شۇنداق نەرسە زادى، ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ تەقىب قىلىۋالغىلى بولمايدۇ. خانىش ئايىمنىڭ ئەندىشىسىمۇ ئورۇنلۇق. ناۋادا مەلىكە سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئاغىچىسىنى ۋاستە قىلىپ شاھزادە بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەن بولسا ئىش تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئاغىچىسى شاھزادىنىڭ سىڭلىسى ئەمەسمۇ. ئۇلارغا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بېرىشىپ ۋەدىلەشكەن بولسا، كۆڭۈل رايىنى ياندۇرماقمۇ تەس، جاھاندا ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كىممۇ ئايرىۋېتىش مۇددىئاسىغا يېتەلىگەن؟! توسقانسېرى ئىرادىسى چىڭىيىپ كېتىدۇ تېخى! راست، ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئارقىمۇئارقا ئەلچىلىككە كەلگىنىدىن قارىغاندا ئۇلار ئاللىقاچان كۆرۈشكەن، تويلىشىشقا پۈتۈشكەن گەپ. ئەمىرزادە مەلىكىنىڭ يۈزىگە سەت بولمىسۇن، بىزنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دەپ بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالمىغان بولۇشى مۇمكىن...»

— ئىشىكنى قايتا ـ قايتا چەككەن ئادەم ئاندىن ئۆيگە كىرەلەيدۇ، دەيدىغان گەپ بار، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ چىگىش خىياللىرىنى بۆلۈپ، — شۇڭا ئىشەنچىمىزنى بوشاشتۇرماي ئالىيلىرىنىڭ ئىشىكىنى قايتا ـ قايتا قېقىشقا جۈرئەت قىلدۇق. نىكاھ غايىب دەپتىكەن بابائى بۇزرۇكلەر. بەلكىم بارلىق مەۋجۇداتلارنى جۈپتى بىلەن ياراتقان قۇدرەتلىك تەڭرى شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن مەلىكەمنىڭ پېشانىسىگە بۇ غايىب نىكاھنى پۈتكەن بولۇشى مۇمكىن. شاھزادەم ئەمىر ھەزرەتلىرىگە كۈيئوغۇل بولۇپ ئاياغلىرىدا بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا موغۇلىستان سەلتەنەتىمۇ شاھزادە ئالىيلىرىغا كۆلۈپ بېقىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلاردىمۇ ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز مەدەتىگە تايىنىمىز دەيدىغان ئىشەنچىمىز بار. ئۆزلە تۈركىستاندا

يۆلەنچۈك، ئاتا بولۇپ بەرسىلە، شاھزادە ئالىيلىرى موغۇلىستاندا پەرزەنتلىك ساداقىتىنى ئادا قىلسا، يىراق ـ يېقىندىكى ئەغيار ـ لىرىمىز ئىككى ئەلنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىگە زىنھار كۆز تىكەل ـ مەيدۇ.

«ئىشلار سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەكدەك بولسا خويمۇ كۆڭلە ـ مىزدىكىدەك ئىش بولاتتى ئەمىرزادەم. گەپنى قىلماق ئاسان، بىراق بىر ئەلنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى سويۇپ ئالماق بەسى مۈشكۈلدۇر. قايسىبىر ئاتا ئەتىۋارلاپ باققان قىزىنىڭ بىر ئەل ـ نىڭ سەلتەنەت ساھىبىغا خانىش بولۇشىنى خالىمىسۇن. ئەمما شاھزادە بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمىكىن؟...»

ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى، ھە دېگەندە ئېغىز ئېچىشقا ئالدىرىمايۋاتاتتى. ئەمىرنىڭ چىراي ئىپا ـ دىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان سەيىدئەلى ئالپ تىت ـ تىت بولاتتى. ئۇنىڭ جاۋابىنى، كۆڭلىدىكى ئوي ـ خىياللىرىنى پەرەز قىلىشقا تىرىشاتتى.

«بىلىمەن، سىلى شاھزادىنىڭ بۈيۈك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سەل ـ تەنەتىنى سويۇپ ئېلىشىغا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىدىلا. ئۇنى كۆيۈ ئوغۇل قىلغىلىرى بارىيۇ، ئەمما بىر قاچقۇن شاھزادىگە قېينئاتا بولۇشنى كۆڭۈللىرىگە سىغدۇرالمايۋاتىدىلا. شۇنداق، سىلى ئە ـ تىۋارلىق مەلىكىلىرىنى ئۆزى سۆيگەن كىشىسىگە ئەمەس، تاجۇ ـ تەخت ئىگىسىگە بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىلا. ياخشى ئويلانسىلا، ھەرگىز خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قالمىسىلا ئالىيلىرى. ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ بولسا، ئون بەشى قاراڭغۇ بولىدۇ. شاھزادە ئالىيلى ـ رى ھازىر دەل ئاشۇ ئون بەش كۈنلۈك قاراڭغۇلۇقتا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نۇر ـ زىياغا كۆمۈلگەن ئون بەش كۈنلۈك ئايدىڭغا چىقى ـ شىغا ئاز قالدى. خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى پۇشايمان يېگەننى ئاز دەپ، ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى ئۆمۈرلۈك دەرد ـ ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلىپ قالمىسىلا. توۋا، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن. ئادەمنى تەخت ـ سەلتەنەتتىن، راھەت ـ پاراغەتتىن

www.uyghurkitap.com



ۋاز كەچتۇرىدىكەن. مەنمۇ ئۇز ۋاقتىدا زەينەپ بىبىنى دەپ قانداق
مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا بولمىدىم ـ ھە! ھاياتىمدىن ئايرىلغىلى
قىل قالدىم تېخى. شۇنىڭ ئۇچۇن، شاھزادە ئالىيلىرىنى سۆيگەن
يارىدىن ۋاز كېچىپ ۋەتەنگە قايتىشقا زورلىيالمايۋاتىمەن. شۇ
كۈنلەردە شاھزادىمۇ ئەل ـ يۇرت، تەخت ـ سەلتەنەتنى پۈتۈنلەي
ئېسىدىن چىقاردى. ئەس ـ يادى مەلىكە بىلەن تېزرەك باش قو-
شۇپ، ۋىسال شارابى ئىچىشتە. ئەمىر جانابلىرى ئۇل ئاشىق ـ
مەشۇقلارنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىنى چۈشىنەمدىكىن؟ ناۋادا ئەمىر
ئالىيلىرى بۇ قېتىممۇ مېنى جاۋابسىز ياندۇرسا قانداق قىلار-
مەن؟ شاھزادە ئالىيلىرىغا نېمىدەپ بارارمەن؟ شۇ تاپتا خۇش خە-
ۋەر ئېلىپ كېلىشىمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.
ناۋادا بۇ قېتىممۇ ئەمىرنىڭ جاۋابىنى ئالالمىسام، شاھزادىنى مە-
لىكە بىلەن توي قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە نەسىھەت قى-
لىپ، ۋەتەنگە قايتىپ تاجۇتەختنى قولغا ئېلىشقا ھەرىكەت قى-
لىشنى تەۋسىيە قىلسام قانداق بولۇر؟ شاھزادە بۇ مەسلىھەتىمگە
كۆنەرمۇ؟ ناۋادا شاھزادە يۇرتقا قايتىپ تەخت ـ سەلتەنەتنى قولد-
غا ئالسا، مۇنۇ ئەمىر مەلىكىسىنى تورپانغا ئۆزى ئېلىپ باراتتى،
چوقۇم شۇنداق قىلاتتى...»

سەيىدئەلى ئالپنىڭ خىيالىنى ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ
ئاۋازى بۆلۈۋەتتى.

ــ ئەمىرزادەمنى تولا يول ماڭدۇرۇپ قويغىنىمىزغا كۆپ
خىجىلمىز، ــ دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن چىرايىغا قۇۋلۇق بى-
لەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ــ مېنىڭچە بولسا شاھزادىنى ھازىرلا كۈ-
يۇ ئوغۇل قىلىۋالغۇم بار. ئەمما مەلىكىنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن
قورساق كۆتۈرۈپ، يامان سېزىك، ئاچچىق تولغاق ئازابى تارتىپ
تەۋەللۇت قىلغان ئانىسىنىڭمۇ مەسلىھەتىنى ئېلىشىم كېرەكقۇ
ئاخىر. تېخى مەلىكەمنىڭمۇ كۆڭۈل رايىغا باقمىدىغان گەپ دېيىش-
لە. شۇڭا ئالدىرىمىسۇنلار، ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە ئۆزۈم جاۋابىنى بې-
رۇرمەن.

سەيىيدئەلى ئالپ ئۇچۇن يەنە ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ ئورنى قالـ
ـمىغانىدى، شۇڭا ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىشقا مەجبۇر بولدى.
— ئەمىسە قۇلىقىم ئۆزلەدە قالدى ئالىيلىرى. ئىشق ئازاـ
بىدا كىيگىنى كېپەن، يېگىنى زوقۇم[1] بولۇپ قىينىلىۋاتقان،
باغرى كاۋاپ شاھزادەم ئۇچۇن ھەممەتلىرىنى ئايىمىغايلا. ئاللاھ
ئىگەم خۇش خەۋەرلىرىنى ئىشتىشىمىزگە نېسىپ قىلغاي.
— ئاللاھ خالىسا، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن گەپنى
قىسقا قىلىپ.

※ ※ ※

قەسرىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەن سەيىيدئەلى ئالپـ
ـنى كۆرۈپ شاھزادە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى:
— قانداق بولدى؟ نېمە دېدى ؟ رازىلىق بەردىمۇ؟
شاھزادىنىڭ يامغۇردەك سوئاللىرى ئالدىدا سەيىيدئەلى ئالپ
بىر پەس تېڭىرقىدى. ئەمما ئۆزىنى روھلۇق، ئۈمىدۋار تۇتۇشقا
تىرىشىپ جاۋاب بەردى:
— خانىش بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، مەلىكىنىڭ كۆڭۈل
رايىنى ئېلىپ بېقىپ ئاندىن جاۋابىنى بېرەي دېدى.
قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن شاھزادە لاسسىدە بولۇپ قالدى.
— يەنە جاۋاب بەرمەپتۇ ـ دە.
— ئۈمىدسىزلەنمىسىلە، — دېدى سەيىيدئەلى ئالپ تەسەلـ
ـلى بېرىشكە تىرىشىپ، — بۇ قېتىمقى جاۋابىنى ئالدىنقى ئىككى
قېتىمدا بەرگەن جاۋابىغا سېلىشتۇرغاندا ھەرھالدا خۇش خەۋەر
دېيىشكە بولىدۇ.
— بۇنى قانداقسىگە خۇش خەۋەر دېگىلى بولسۇن؟ — دېدى
شاھزادە جىلە بولۇپ.
سەيىيدئەلى ئالدىرىماي چۈشەندۈردى:

---

① زوقۇم — زەھەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ئويلاپ باقسىلا، ئالدىنقى ئىككى دورەم ئەلچىلىككە بارغىنىمدا ئەمىر ئالىيلىرى شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ بىزگە كۈيئوغۇل بولۇشنى ئارزۇ قىلغىنىنى خويمۇ بىلەن ئىش بولۇپتۇ، لېكىن ئالدىرىمىسۇن، ئاللاھ خالىسا ئالدىمىزدىكى كۈزدە بىر مەسلىھەت قىلايلى، دەپ مۇجمەللا جاۋاب بېرىپ ياندۇرغانىدى. مانا بۈگۈن خانىش بىلەن مەسلىھەت قىلىدىغان، مەلىكىنىڭ كۆڭۈل رايىنى بىلىپ باقىدىغان بولدى. دېمەك، ئىشىمىزدا خېلى ئىلگىرىلەش بولدى دېگەن گەپ. ناۋادا خانىش بۇ تويغا رازىلىق بەرمىدى دېگەندىمۇ، مەلىكە رازىلىق بېرىدۇ. بەلكىم ئۆزلەگە مەيلى بارلىقىنى، ئۆزلە بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئاتا ـ ئانىسىغا بىلدۈرۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمىر ئالىيلىرى بولسا دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمەي دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمچە، ئەمىر ئالىيلىرى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمغا بەكلا ئامراقمىش، ھەرقانداق ئىشتا دىلىنى چىگىشنى خالىمايمىش. شۇنداق ئىكەن، مەلىكىنىڭ كۆڭۈل مەيلىنى رەت قىلالمايدۇ. سەۋر قىلسىلا ئالىيلىرى، بەلكىم ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە خۇش خەۋەر ئاڭلاپ قېلىشىمىز چوقۇم.

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن ئىلاھىم، — دېدى ئۇۋەيسخان ھەسرەتلىك تىنىپ.

ئارىنى بىر پەس سۈكۈت قاپلىدى. سەيىدئەلى ئالپنىڭ سۆزلىرى شاھزادىنىڭ قەلبىدىكى ئاجىز يېنىپ تۇرغان ئۈمىد شامىنى بىرئاز پىلىلدىتىپ قويغانىدى. ئەس ـ يادى مەلىكە بىلەن تېزرەك توي قىلىشتا قالغان ئۇۋەيسخاننىڭ ئوي ـ خىياللىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق ئىدى. ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئۈمىدسىزلىك، ھىجران ئازابى يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىلايتتى.

— كۆكلەم كېلەي دەپ قالدى، — دېدى سەيىدئەلى ئالپ تەگسىز خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغان شاھزادىگە قاراپ، — بىرنەچچە ئايدىن بېرى تۇرپان تەرەپ بىلەن ئالاقە قىلالمىدۇق. پاناھلىنىۋاتقان دەرگاھىمىزنى بىلەلمىگەچكىمۇ بابائى بۇزرۇكتىن

خەۋەر بولمايۋاتىدۇ. ھېچبولمىغاندا سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن، مەقسەت ـ مۇددىئاسىدىن خەۋەر تاپساق ياخشى بولاتتى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئۇندىمىدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن بۇ ئىشلار ـ نى سۆزلەشكۇسى يوقتەك قىلاتتى.

«شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا ھازىر بۇنداق گەپلەر خۇشياقماس بولۇپ كەتتى. تۈركىستان مەلىكىسىنى دەپ تاجۇتەخت، سەلتە ـ نەتنى ئېسىدىن چىقاردى...»

سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىگە يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ توختىۋالدى.

«بولدىلا، ھازىر كەيپى تازا جايىدا ئەمەس. كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا بۇ گەپلەر قۇلىقىغا خۇشياقماسلىقى مۇمكىن، ئەتىگىچە سۆزلىشەرمەن.»

ــ يەپ ـ ئىچىپ يېتىۋېرەمدۇق بۇ دەرگاھتا؟ ــ دېدى شاھزادىنىڭ خىلۋەتخانىسىغا ئۇسۇپلا كىرگەن سەركەردە بوران خوجا چېچىلغان ھالدا، ــ ھاۋا ـ جاھانمۇ ئىسسىپ قالدى. ئا ـ خىرلاشمايدىغان مېھماندارچىلىق يوق بۇ جاھاندا. ئېغىرىمىزنى خەقكە سېلىۋەرمەي ئاستا يۇرت ـ ماكانىمىزغا قايتىپ، لەشكەر توپلاپ سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلايلى ئەمدى.

شۇ كۈنلەردە تىغ يارىسى سەللىمازا ساقىيىپ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن سەركەردە بوران خوجا موغۇلىستانغا كېتىش توغرۇلۇق غەلۋە قىلىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئىچ پۇشۇقىنى بېسىش ئۈچۈن ئاز ـ تولا شاراب ئىچكەن بولسا كېرەك، بىرئاز كەيپ كۆرۈنەتتى. سەييىدئەلى ئالپ ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ لام ـ جىم دېمىدى.

ــ ئالدىرىمىسىلا سەركەردە، موغۇلىستانغا چوقۇم قايتىـ ـ مىز، ــ دېدى شاھزادە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ.

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈ ـ

www.uyghurkitap.com

شۇپ، يۈرەكلىرىدىكى ئىشق ـ سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىشقاندىن بېرى ئۇۋەيسخاننىڭ قۇلىقىغا موغۇلىستانغا قايتىش دېگەن سۆز ئانچە ياقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— قاچانغىچە ئالدىرىمايمىز ئالىيلىرى؟ — دېدى بوران خوجا شاھزادىنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلماي، — ئالدىرىمىساق ۋاقىت ئۆتۈۋېرىدۇ، ئۆزلە ئالدىرىمىسىلا...

— ئالدىرىسىلا ئۆزلە ماڭغاچ تۇرسىلا ئەمىسە، ئالدىلىرىنى توسۇۋالغىنىمىز يوق، — دېدى شاھزادە تەرىنى تۈرگىنىچە بوران خوجىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

شاراب تەسىرىدە كاللىسى قىزىپ قالغان سەركەردە بوران خوجا پەرۋاسىز ھالدا غودۇرىدى:

— ئەلۋەتتە مەن ئالدىرايمەن، ماڭغاچ تۇرسام بولۇۋېرىدىغۇ ئالىيلىرى، سەركەردە دېگەن جەڭگە يارالغان. دۈشمەندىن قورقۇپ خەقنىڭ دەرگاھىدا پاناھلىنىش ھەقىقىي سەركەردىنىڭ ئىشى ئەمەس...

— سەركەردە كەيپ بولۇپ قالغاندەك قىلىلا، چىقىپ ئارام ئېلىۋالسىلا، بۇ ئىشلارنى ئەتە مەسلىھەتلىشەيلى. شاھزادە ئالىيلىرىمۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ بوران خوجىنى سىرتقا تارتىپ.

بوران خوجىنىڭ سۆزلىرى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ يۈرىكىگە بىگىز بولۇپ سانجىلغانىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاچچىق ـ ئاچچىق سىلكىندى، يىگىتلىك غۇرۇرى غەلىيان كۆتۈردى.

«توغرا ئېيتتىلا بوران خوجا. سەركەردە دېگەن جەڭگە يارالغان، لېكىن مېنىڭ جەڭدىن قاچقىنىم يوق، ھەم ئۇنداق قورقۇنچاقلاردىنمۇ ئەمەسمەن. مېنى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاندىن قورقۇپ بول دەرگاھتا پاناھلىنىۋاتىدۇ دېسىلە، ئۇۋال قىلغان بولىدىلا. ئۆزلەگە بۇ دەردىمنى، بۇ تەڭقىسلىقىمنى قانداقمۇ چۈشەندۈرەرمەن؟ چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن يارىمنى قانداقمۇ تاشلاپ كېتەلەيمەن؟ ئول دىلرەباسىز ئۇنداق تاجۇتەختىنىڭ نېمە كېرىكى

ماڭا؟ مېنى بول دەرگـاھتا لاماكـان بولۇپ تۇرغـۇسى بار دەمدىلا؟ ئامال يوق دىۋانە، يەنە كېلىپ ئىشق دىۋانىسى بولدۇم. ئول يارنىڭ ۋىسالىغا يەتسەملا موغۇلىستانغا دەرھال ماڭاتتىم. تۇركىستان تەختگاھىنى بەرگەن تەقدىردىمۇ بول دەرگاھتا ھەرگىز تۇرماسىدىم. ئېھ تەڭرىم، بۇنچە قىينىماي ئول جانانىنىڭ ۋىسالىغا تېزرەك يەتكۈزسەڭ نېمە بولۇر ـ ھە؟! بوپتۇلا، يەنە بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلاي. پەقەت بولمىسا مەلىكە بىلەن يەنە بىر سۆزلىشىپ باقارمەن. ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە يۈرەك چىدارمىكىن ـ تاڭ..»

ـــ كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، سەركەردە بوران خوجا كەيپ بولۇپ قاپتۇ، ـــ دېدى بوران خوجىنى يولغا سېلىۋېتىپ كىرگەن سەييىدئەلى ئالپ شاھزادىنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپقا يالت ئېتىپ قاراپ قويۇپ ئۈنچىقمىدى.

«ئۆزلەنگمۇ بوران خوجىغا ئوخشاش مېنى ئەيىبلىگۈلىرى بار. ئەمما ئاغىزلىرىدىن چىقىرالمايۋاتىدىلا، كۆڭلۈمنى ئاياۋاتىدىلا..»

ـــ ئەمىسە مەن چىقاي، ـــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ كەينىگە يېنىپ.

ـــ توختاپ تۇرسىلا، ـــ دېدى شاھزادە سەييىدئەلى ئالپنى توختىتىپ، ـــ ھازىرلا تۇرپانغا چاپارمەن ماڭغۇزسىلا، بىزمۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى سەپەرگە تەييارلىق قىلغاچ تۇرايلى.

شاھزادىنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈكنى ھېس قىلغان سەييىدئەلى ئالپنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

※ ※ ※

شاھزادە ئۇۋەيسخانغا زارىقىش، تەلمۈرۈش، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە ئۆتكۈزگەن ئىككى كۈن ئىككى يىلدەك

ئۇزاق تۇيۇلدى. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە يا ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ ئوردىسىدىن، يا مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمدىن ھېچبىر خەۋەر كەلمىدى. كۈنگە نەچچە ۋاق قېشىغا كىرىپ ئەھۋاللىشىپ تۇرىدىغان سەييىدئەلى ئالىپمۇ بۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلاتتى.

«بىرەر خەۋەر كېلەمدۇ دېمەيدۇ ـ يا؟ نېمىلا بولمىسۇن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى بىر جاۋاب ئەۋەتىشى كېرەك ئىدىغۇ ئاخىر؟ مەلىكىگە نېمە بولغاندۇ؟ ئەجەب بۇيان كېلەيمۇ دېمەيدۇ، ياكى ئۇنىمۇ ھەرەمدىن چىققىلى قويماۋاتامدىكىن؟ بەلكىم ئەمىر ئالىيلىرى بۇ توي ئىشىنى ماقۇل كۆرمىگەن بولسا، قىزدىنى تەقىب ئاستىغا ئالغاندۇ، ئۆزى كېلەلمىسىمۇ خېتى بولسىمۇ كەلسە بولاتتى. مەلىكىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي يۇرتقا كېتەرمەنمۇ؟ ھېچبولمىسا يولغا چىققۇچە بىر كۆرۈشۈۋالسام بولاتتى. ئەمدى يەنە تىرەجەپ تۇرۇۋالسام يالغۇز سەركەردە بوران خوجىلا ئەمەس، سەييىدئەلى ئالىپمۇ، نۆكەرلىرىممۇ مەندىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئاغزىدىن چىقارمىغان بىلەن كۆڭلىدە ئاغرىنىدۇ. شۇنداق، ئۇلار ئەل ـ يۇرتنى سېغىنغاندەك مەنمۇ سېغىندىم. ئانام بىلەن سىڭلىم مەختۇمسۇلۇ خېنىم قانداقراق تۇرۇۋاتقاندۇ؟..»

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئانىسىنى ئېسىگە ئېلىشى ھامان يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى، بۇرنى ئېچىشىپ، كۆز چاناقلىرىغا ياش كەلدى، كۆز ئالدىدا ئانىسى سۇلتان خاتۇننىڭ سولغۇن چىرايى زاھىر بولدى. ئانا ئوغلىنى بوشاڭ، ئىرادىسىز، غەيرەتسىز دەپ ئەيىبلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

«كەچۈرسىلە ئانا، مەن راستتىنلا بوشاڭكەنمەن. شۇ چاغقىچە ھېچبىر ئىشنى روياپقا چىقىرالمىدىم، كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى ئاقلىيالمىدىم. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا بىر قىزنىڭ پىراق ـ ھەسرىتى قوشۇلدى. ئوغۇللىرىنى چۈشەنسىلە ئانا. ئەل ـ يۇرتتىن، تەخت ـ سەلتەنەتتىن مەھرۇم بولۇپ، لاماكانلىقتا پۇچىلىنىۋاتقان نىمجان يۈرىكىمگە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىن تەسەللى، مە-

دەت ئىزدەۋاتىمەن. ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئول گۈزەل مەھبۇب خۇددى قايتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغان ۋەتىنىمدەك، قولغا ئېلىشنى ئارمان قىلغان تەخت ـ سەلتەنەتتەك مۇھىم. قانداق قىلسام بولۇر؟ يول كۆرسەتسىلە ئانا. شۇ تاپتا يېنىمدا بولغان بولسىلا بۇ ھالىمنى كۆرۈپ سەدپارە بولغان، مۇرادىمغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان، ئامال ـ چارە ئىزدىگەن بولاتتىلە. ئىلاجسىز قالدىم، يۇرىكىمنى تۈركىستاندا قالدۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. شۇنداق قىلسام بولارمۇ ئانا؟...»

شاھزادە ئۈۋەيسخان قارايى يوق كۈتۈشكە ئاخىرى بەرداشلىق بېرەلمىدى. غۇرۇر، ھايانى قايرىپ قويۇپ سىڭلىسىغا يېلىندى:

ــ ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن ئۈچۈن ھەرەمگە بىر بېرىپ كەلسىلە سىڭلىم، مەلىكىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالاي.

ئاكىسىنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئۈزسۇلتان خېنىمنىڭ كۆزىگە غىلىلدە ياش كەلدى.

ــ كەچۈرسىلە ئاغا، ــ دېدى ئۇ ئۆزىنى يىغىدىن ئاران تۇتۇپ تۇرۇپ، ــ ئۆزلەنى ئالداشنى خالىمايمەن، تۇنۇگۈن ھەرەمگە ئىككى قېتىم بېرىپ كەلدىم.

شاھزادىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى. ئۈمىدسىز تۇيغۇلار ۋۇجۇدىغا قايتىدىن چاڭگال سالدى.

ــ مەلىكە بىلەن كۆرۈشەلىدىلىمۇ؟

ــ ياق.

ــ نېمىشقا؟

ــ مەلىكە بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى.

ــ سەۋەبى نېمىكەن؟

ــ مەلىكە بىتاپ بولۇپ قاپتىمىش. تېۋىپ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىسۇن دېگەنىمىش.

شاھزادە ئۆزىنى بېسىۋالالماي ۋارقىرىۋەتتى:

ــ يالغان! ئۇلار ئۆزلەنى مەلىكە بىلەن قەستەن كۆرۈشتۈرمىگەن گەپ.

ــ مېنىڭچىمۇ شۇنداق. بەردەم بولسىلا، ھامان ئامال تېپىدلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن ئۆزلەنى مەلىكە بىلەن چوقۇم كۆرۈشتۈرىمەن.

قاتتىق روھى چۇشۇپ كەتكەن شاھزادە سىڭلىسىنىڭ قېشىدىن قانداق يېنىپ چىققانلىقىنىمۇ بىلمىدى.



ئىككى كۈندىن بىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بىلەن خانىشىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقمايۋاتاتتى. قىزىنى ئوردا ئىشىك ئاغىسى تىكە ئەمىرنىڭ ئوتتۇرانچى ئەمىرزادىسىگە بېرىشنى قارار قىلىپ بولغان خانىش توختىماي ئەزۋەيلەيتتى:

ــ ئول لاماكان شاھزادە بولسا نېمە بوپتۇ؟ نام ـ نەسەبى شاھزادە بولسىلا ھېسابمىكەن؟ ھېلىمۇ نەچچە ئايدىن بېرى ئەزىز مېھمان قاتارىدا ھۆرمەتلەپ مېھماندارچىلىق قىلىۋاتىدىلا. تۇرددىغانغا كاتتا قەسىر بېرىپ، قورسىقىنى بېقىۋاتىدىلا. كۆرسەتكەن ئىززەت ـ ئىكرام قارىنىنى ئەسكەن ئوخشايدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ قىز سوراۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان. ھەدەپ بەرسەك ئەتە ـ ئۆگۈن تاجۇتەختلىرىنىمۇ سورايدىغان ئوخشايدۇ. بىزگە پەش قىلمىسۇن ئۇنداق شاھزادىلىكىنى، ئۇنىڭدىن تىكە ئەمىرنىڭ ئوتتۇرانچى ئەمىرزادىسى مىڭ ھازا ياخشى. نەسەبى خوپ كەلمىسە نېمە بوپتۇ؟ جاھاندىكى مەلىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا شاھزادىلەرگە ياتلىق بولغانمىكەن؟

خانىش توختىماي چالۋاقايتتى. ئادەتتە تولىمۇ رايىش، ياۋاش ـ يۇمشاق بۇ ئايال بۇگۈن ئەنە شۇنداق چېچىنى چۇۋۇپ چىققانىدى.

ــ بىراق مەلىكىلىرى ئۇل شاھــزادىدىن باشــقا ھېچــكىمگــە تەگمەيمەن دەۋاتسا، ــ دېدى ئــەمىر شەيــخ نۇرىددىن ئــىمكان بــار ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن خانىشنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ.

ــ ھەددى ئەمەس! ــ دېدى خانىش شالىنى چىچىپ، ــ ئۇ ـ نى ئاشۇنداق يامان ئۆگىتىپ قويغان ئۆزلىرى. نېمە دېسە رايىغا بېقىپ ئاخىرى بولغان يېرى مۇشۇ. ئەمدى رايىغا باقساق بولمايدۇ ئالىيلىرى. ماقۇل، ئۇل شاھزادىگە بەردۇقمۇ دەيلى، ئەتە قوپــۇپ ئۆگۈنلۈككە يۇرتىغا ماڭسا، بىچارە قىــزىمىز ھــەرەج تارتىپ قــال ـ ماسمۇ؟ سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرمەسمــۇ؟ شاھزادە تاجــۇ ـ تەخت ئۈچۈن خان تاغىسى بىلەن ياغى قىلىپ قالسا، مەلىكىنىــڭ ھاياتى تەھلىكە ئىچىدە قالماسمۇ؟ بۇ تەرەپلىرىنى ئــويلاپ باقتــى ـ لىمۇ؟

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن خانىشى كۆرسەتكەن بۇ ئورۇنلۇق سە ـ ۋەبلەر ئالدىدا دەماللىققا لام ـ جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى.

ــ سىلىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، دەرھال پەرمان بەرسىلە ئالىي ـ لىرى، مەلىكە ئەمدى ھەرەمدىن چىقمىسۇن. شاھزادىنىڭ ھېلىقى سىڭلىسى بىلەنمۇ كۆرۈشمىسۇن، ھەممە بالانىڭ بېشى ئاشۇ مــو ـ غۇل مەلىكىسى.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن خانىشىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا مەج ـ بۇر بولدى، ئەمما ئىش بۇنىڭ بىلەن بېسىقمــىدى. شاھزادە ئــۇ ـ ۋەيسخان بىلەن توي قىلىشقا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوشۇلمىغانلىقىــ ـ نى بىلگەن مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم غوۋغا كۆتۈردى، شاھــزادە ئۇۋەيسخاندىن باشقا ھېچكىمگە تەگمەيمەن دەپ تــۇرۇۋالدى. ئەمــا بۇ چارە ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئاقمىدى. بۇ چارىنىڭ تازا ئۈنۈم بــەر ـ مىگەنلىكىنى ھېس قىلغان مەلىكە تاماق يېمەي يېتىۋالدى. ئىــك ـ كى كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر تال گىياھ، بىر تېمىم سۇ چاغلىق نەرسە سالمىدى. كېنىزەكلەرنىڭ يېلىنىش، يــالۋۇرۇشلىــرىغىمــۇ پەرۋا قىلمىدى. ئىككى كۈنلۈك ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇققا مەلــى ـ كىنىڭ نازۇك تېنى بەرداشلىق بېرەلمىدى ـ دە، بۈگۈن ئەتىگەندە

www.uyghurkitap.com

ئاخىرى ھوشىدىن كەتتى.

مەلىكىنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئۆڭ ـ سۆلى ئۆچكەن ھالدا ئالدىراپ ھەرەمگە كەلدى. تاشقىرىقى ھۇجرىدا ئولتۇرغان خانىش مىشىلداپ يىغلاۋاتاتتى. تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن خانىشقا قاراپ بىرنى گۆلەيدى ـ دە، گەپ قىلمىدى. شۇ تاپتا ئۇ مەلىكە-نىڭ قېشىغا كىرىشكە ئالدىراپ قالغانىدى.

— مەلىكە ھوشىغا كەلدى ئالىيلىرى، — دېدى ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن چىقىپ كەلگەن تېۋىپ قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ئەھۋالى قانداقراق؟

باياتىن بېرى قىزىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسىدىن يۈ-رىكى سىرقىراپ، پۇت ـ قوللىرىدا جان قالماي، گاللىرى قۇرۇپ كەتكەن ئەمىر تېۋىپكە ئۈمىد بىلەن قارىدى.

— مەلىكىنىڭ مۇبارەك تېنى بەك زەئىپلىشىپ كېتىپتۇ. تومۇرىنىڭ سوقۇشىمۇ بەك ئاجىز. قۇۋۋەت شەربەتلىرىنى ئى-چىپ، ئاز ـ تولا غىزاغا كىرىشسە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ...

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن تېۋىپنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كۈت-مەيلا ئىچكىرى ھۇجرىغا كىردى. مەلىكە يۈلۈپ تاشلىۋەتكەن گى-ياھتەك سولىشىپ ياتاتتى. ئىككى مەڭزى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، لەۋلىرى قورۇلۇپ قالغان، چوڭ ـ چوڭ كۆزلى-رىنىڭ نۇرى قېچىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئەمىر كېنىزەك-نىڭ قولىدىكى شەربەت قۇيۇلغان پىيالىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. بىر قوشۇق شەربەت ئۇسۇپ مەلىكىنىڭ لېۋىگە يېقىن ئەكەلدى:

— قېنى بىر يۇتۇم ئوتلىسىلا.

— مېنى زورلىمىسىلا ئاتا، — دېدى مەلىكە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي، — ھەرگىز ئىچمەيمەن.

قىزىنىڭ كۆز يېشى ئەمىرنىڭ يۈرىكىنى شۇرۇردە ئېرىتىد-

ۋەتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ئاتلىق مېھرى قوزغىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ قىزنىڭ نازۇك قوللىرىنى مېھربانلىق بىلەن ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى:

ــ دورىلىق شەربەتنى ئىچمىسىلە شاھزادە بىلەن قانداق توي قىلالايدىلا قىزىم؟ توي قىلىش ئۈچۈنمۇ تەنىنىڭ ماغدۇرى بولۇشى كېرەك ـ تە.

مەلىكىنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. دادىسىغا گۇمانسىراپ قارىدى. شۇ تاپتا قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالغانىدى.

ــ مېنى ئالداۋاتمايدىغانلا ـ ھە ئاتا؟

ــ يوقسۇ، زىنھار ئالدىمىدىم. سىلى مېنىڭ بارلىقىم، جىگىرىم، كۆزۈمنىڭ قارىسى تۇرسىلا، نېمىشقا ئالدىغۇدەكمەن؟ خۇشاللىقلىرى، سالامەتلىكلىرى ئۈچۈن بۇ جېنىم قۇربان بولسۇن قىزىم. خاتىرجەم بولسىلا، شاھزادىگە ھازىرلا خەۋەر بېرىۋېتىمەن. ھەممە ئىش سىلىنىڭ ئارزۇلىرىدىكىدەك بولىدۇ.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن شۇنداق دېگىنىچە پىيالىنى قىزىنىڭ لېۋىگە يېقىن ئەكەلدى. پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقان مەلىكە پىيالىدىكى شەربەتنى تولۇق ئىچىۋەتتى.

ــ رەھمەت ئاتا، ــ دېدى ئۇ چىرايىغا تاتلىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ــ ئەمىسە ھازىردىن باشلاپ غىزا يېسىلە، ــ دېدى ئەمىر قىزىغا ئېچكۆيەرلىك بىلەن قاراپ، ــ كاجلىق قىلمىسىلا ـ ھە؟

ــ ماقۇل، ــ دېدى مەلىكە ۋەدە بېرىپ.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن تاشقىرىقى ھۇجرىغا چىقىپ دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇرغان خانىشقا قاراپ قاپىقىنى تۈردى.

ــ بولسىلا ئايىم يىغلاپ ئولتۇرۇۋەرمەي، تەييارلىق قىلسىلا.

تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان خانىش ئەمىرگە گۇمانسىراپ قارىدى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

— نېمىگە تەييارلىق قىلىمەن ئالىيلىرى؟

— توىغا، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن كەسكىنلىك بىلەن، — مەلىكە بىلەن شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ توىغا. ئەمدىغۇ چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟

ئەمىرنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ خانىش لام ـ جىم دېيەلمىدى.

※ ※ ※

ئەمىر شەيخ نۇرىددىننىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۈرلۈك خىياللار ئىلكىدە ئوردىغا ئالدىراش يېتىپ كەلگەن سەييىدئەلى ئالىپ، ھۇدەيچىنىڭ يول باشلىشى بىلەن شاھنىشىنغا كىرىپ كەلدى ـ دە، تەختتە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان تۈركىستان ھۆكۈمدارىغا ئېگىلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانھەزرىتىم، ئالتۇن بويلىرى ئېسەنمىكىن؟

ئەمىر خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ سالامنى ئىلىك ئالدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى جاي ئالسۇنلار.

سەييىدئەلى ئالىپ تەختنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى خاس مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان كۇرسىغا بېرىپ ئولتۇردى.

«ئەمىر ھەزرەتلىرىنىڭ چىرايى ئەجەب خاپا كۆرۈنىدىغۇ، بۇ چاقىرتىشى ياخشىلىقتىنمىدۇ ياكى يامانلىقتىنمىدۇ؟ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ نىكاھ ئىشى ياخشىلىققا تەۋسىپ تېپىپ قالار ئىملاھىم...»

— بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يەر يۈزىنىڭ تەكەببۇرلىرى خارۇزار ۋە بىئېتىباردۇر، — دەپ سۆز باشلىدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئاۋازىغا ۋەزمىن تۈس بېرىپ، — پېقىرلىق ۋە ئاجىزلىق باياۋاندا تەمتىرەپ يۈرگۈچىلەرگە ساخاۋەت داستىخىنىمىزدىن نېسىۋە ـ رىزىق بېرىش بىزگە ئاتائى ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇمدۇر. شول بائىستىن گەرچە شاھزادە ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى ئاتا

مىراس تەسەررۇپىدا قارا نىيەت تاغىسىنىڭ تەھلىكىسىگە ئۇچراپ دەرگاھىمىزنى پاناھ تارتىپ كەلگەندىن بېرى ئۆز قېرىندىشىمىزدەك كۆرۈپ، دوستلۇق پەرھىزلىرىنى مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى بىلەن ئادا قىلىشقا تىرىشىپ كەلدۇق. ھالا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە شاھزادە ئالىيلىرى ھايات بېغىمىزنىڭ تولىمۇ نازۇك بىر غۇنچىسىنى ئۈزۈپ چېكىسىگە قىسىش ئارزۇسىدا بىزگە پەرزەنت بولۇش مۇددىئاسىنى بىلدۇردى. قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىش ئەلمىساقتىن تارتىپ بار ئىش. شاھزادە ئالىيلىرى بىزگە پەرزەنت بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىكەن، بىزمۇ پەرزەنت قىلىۋېلىشنى ئەلۋەتتە خالايمىز، ئەمما ھەرقانداق نىكاھ ئەزەلدىن مەلۇم شەرت، پۈتۈم بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن. شول بائىستىن بىزمۇ شاھزادە ئالىيلىرىغا شەرت قويۇشنى لايىق كۆردۇق. ئەمىرزادەم ئەلچىلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، شاھزادە ئالىيلىرىغا يەتكۈزسىلە.

سەيىدئەلى ئالپ ئۈستىدىن تۈگمەن تېشى غۇلاپ چۈشكەندەك يەڭگىل نەپەس ئالدى.

— مۆھتەرەم ئالىيلىرى شۇ قەدەر ساخاۋەت ۋە ۋاپا ئەھلىدۇركى، كۆرسەتكەن مېھىر ـ شەپقىتىدىن غەمناك ۋە نىمجان كۆڭلىمىزگە ئىقبال قۇياشى نۇر چېچىپتۇر. كەمىنەلىرى بەختىيار شاھزادىمىز ئۇچۇن ۋەدە بېرىمەنكى، ئالىيلىرىنىڭ ھەرقانداق شەرتىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمىز.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن مەمنۇنىيەتلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— دەپىنە ـ دۇنيا بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ھېچكىمگە ۋاپا قىلغان ئەمەس، بىر ۋاقلىق جانغا ئارام بېغىشلىغۇچى ئوزۇقنىڭ دەسمايىسى بولغان ئىككى تەڭگە پۇل ئىنساننىڭ شەۋكىتىگە ھېچقاچان جۇلا بولالماس. مال ـ دۇنيانى ئىنسان ھەر يول بىلەن، يەنى ھۇنەرۋەن ـ كاسىپ ھۇنىرى بىلەن، دېھقان ـ چارۋىدار مېھنىتى بىلەن، مەنسەپدار ھۆكمى بىلەن، تىلەمچى ـ سائىللار

ئىشىكمۇ ئىشىك بېرىپ تىلەش يولى بىلەن تاپىدۇ، ئەمما مال ـ
دۇنيا يىغىش، راھەت ـ پاراغەت ئىزدەش، ئېسىل نازۇنېمەتلەرنى
يەپ ـ ئىچىش بىلەن ھاياتىغا زىننەت بېرىش ھەقىقىي ئىنساننىڭ
پەزىلىتى ئەمەس. شۇڭلاشقا بىز مەلىكىنىڭ تويلۇق مېھرى ئۈچۈن
ئول بەختىيار شاھزادىدىن قىل چاغلىق مال ـ دۇنيا تەلەپ قىلـ
مايمىز. شەرتىمىز شۇلكى، شاھزادە ئالىيلىرى مەيلى ھازىر، مەيـ
لى كېيىن بولسۇن موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولىغا ئېلىشى،
ئول زېمىندىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن ئەدلى ـ
ئادالەت ياقىلىشى، يىگىتلىك شانۇ شەۋكىتىگە تەخت ـ سەلتەنەت
ئارقىلىق جۇلا بېرىشى شەرت، چۈنكى، ئۆز تەسەررۇپىنى زالىم
بىر ھۆكۈمدارنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىشمۇ ھەقىقىي يىگىتنىڭ
بۇرچى، پەزىلىتىدۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، شاھزادە ئالىيـ
لىرىنى بىر ئۆمۈر پەرزەنتىمىز ھېسابلىماسمىز ھەمدە بەرگەن
تۇزىمىزغا ھەر ئىككى ئالەمدە رازى بولماسمىز.

سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ۋۇجۇدى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.
ئەمىر شەيخ نۇرىددىننى بىر ئەلنىڭ ھۆكۈمدارىلا ئەمەس، ئەقىل ـ
پاراسەتتە، پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن دانىشمەن، ئەۋلىيادەك ھېس
قىلدى. پەرزەنتىنى ئۆز ئېلىنىڭ شانۇشەۋكىتى ئۈچۈن، ئىنسانـ
لىق غورۇرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەش ھەقىقىي بىر ئاتىـ
نىڭ مەجبۇرىيىتى ئەلۋەتتە. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بولغۇسى كۈيۈ
ئوغلىغا توي شەرتى قويۇش ئارقىلىق بۇ ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى
تولۇق ئادا قىلغانىدى. ھەئە، سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادە ئۇۋەيسـ
خاننىڭ مەلىكە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن موغۇلىستانغا قايـ
تىش، تەخت ـ سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىش ئارزۇسىدىن ۋاز كېـ
چىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ۋايىم يەيتتى، شۇڭا ھازىر خېلىلا خاـ
تىرجەم بولدى.

— جانابى قىبلىگاھىمىز رەھنەما بولۇپ بەرسە، شاھزادە ئاـ
لىيلىرىنىڭ ئاتقان ئوقلىرى بولۇپ، بۇ شەرتنى تولۇق ئادا قىـ
لىشقا جان ـ ئىمانىمىز بىلەن كاپالەت بېرىمىز.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ كۆڭلىدىكى دىلىغۇللۇق تارقاپ خىلىلا ئېچىلىپ قالغانىدى.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ــ دېدى ئۇ گەپ تۈگىدى، دې-گەننى قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ بېرىپ شاھزادە ئالىيلىرىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزسۇنلار. توينىڭ ۋاقتىنى ئۆزى بېكىتسۇن، ھازىردىن باشلاپ تۈركىستان ۋادىسىدا توي.

ــ ھەممەتلىرىگە يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئالىيلىرى. ئە-مىسە مەن ياناي.

ــ ئامان بولسىلا.

※ ※ ※

ــ دېگەنلىرى راستمۇ ئەمىرزادەم؟ يەنە چاقچاق قىلىۋاتماي-دىغانلا ـ ھە؟ توي ئىشىمىزغا راستتىنلا رازىلىق بەردىمۇ؟

مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم بىلەن توي قىلىش تەلىپىگە ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ رازىلىق بەرگىنىنى ئاڭلاپ شاھزادە ئۇ-ۋەيسخان خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. قۇ-لىقىغا ئىشەنمەي، سەييىدئەلى ئالپتىن قايتا ـ قايتىلاپ سورى-دى، ئىچ ـ ئىچىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

سەييىدئەلى ئالپ ئەمىر شەيخ نۇرىددىنىنىڭ قويغان توي شەرتىنى شاھزادىگە ئالاھىدە يەتكۈزدى.

ــ توي شەرتىنى يادلىرىدا مەھكەم تۇتسىلا ئالىيلىرى، ــ دېدى ئۇ ئەسكەرتىپ.

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئەمىرزادەم، ئاللاھ خالىسا بۇ شەرتنى چوقۇم ئادا قىلىمىز. ئەمىر ئالىيلىرى شەرت قىلمىسىمۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىمىز ـ دە بۇ.

ــ ئەمدى ئەمىر ئالىيلىرى دېمەي جانابى قېيىنئاتام دېسە-لە، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ.

ــ ماقۇل، ماقۇل، ــ دېدى شاھزادە قاقاھلاپ كۈلگىنىچە، ــ

www.uyghurkitap.com

يەنە تاپىلايدىغان، ئۆگىتىدىغان ئىشلار بارمۇ ئەمىرزادەم؟

سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادىگە چاقچاق قىلىشقا تەمشىلىپ توختىۋالدى. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇ شاھزادىنىڭ سىڭلىسىنىڭ كۈيۈسى بولمىغان بولسىدى، تىلىنىڭ ئۇچىغا خويمۇ ئوبدان گەپلەر كەلگەنىدى.

— شاھزادە ئالىيلىرى قابىلىيەتلىك، ھەممە ئىشتا يېتىشكەن، ئۆگىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ.

دوستىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى پەملىگەن شاھزادە ئۇۋەيسخان پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

شۇ كۈنلەردە تۈركىستان ئوردىسىنىڭ ئىچ ـ تېشى توي تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

## 14

تۇرپان تەختگاھى تولىمۇ سۈكۈتلۈك ئىدى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئېغىر كېسەل ئازابىدا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا خېلى ئايلار بولغانىدى. ئەمىرلەر، سەركەردىلەر، خىزمەتكارلار قاتتىقراق شەپە چىقىپ كەتسە بېشىغا بالا ـ قازا ياغىدىغاندەك، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دېگۈدەك ئاۋايلاپ مېڭىشاتتى، ئېھتىيات بىلەن سۆزلىشەتتى، ئوردىدا كۈلكە ـ چاقچاق، ناخشا ـ ساز پۈتۈنلەي غايىب بولغانىدى.

ھەئە، شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قاراڭقا ياغلىغدىكى كېچىلىك ھۇجۇمىدا جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەينەكتەك مۇز تۇتقان يۇندى كۆلچىكىدە تاڭ ئاتقۇچە چىلىنىپ ياتقان سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا قاتتىق سوغۇق تەگكەنىدى. سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى شە-

په چىقارماي پەم بىلەن تۇرپانغا چېكىنىشكە پەرمان بەرگىنى بىد-
لەن قىزىتمىسى بارغانسېرى ئۆرلەپ، پۇت ـ قوللىرى ماغدۇر-
سىزلىنىپ، ئات ئۈستىدە ئولتۇرالماي مەپىدە يېتىپ مېڭىشقا
مەجبۇر بولدى. تېۋىپلار ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ
قىزىتمىسىنى چۈشۈرەلمىدى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەنە ئا-
شۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن تۈركىستان
ئەمىرىنىڭ قوغلاپ كېلىشىدىن ۋايىم يەپ، ئۈچ كۈنگىچە قوشۇن-
نىڭ توختاپ ئارام ئېلىشىغا يول قويمىدى. قوشۇن بىلەن توخ-
تىماي يول يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان تېۋىپلار دورا قاينىتىشقا ئا-
مالسىز قالغانىدى. خان مەپىدە ياتقىنى بىلەن ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل
يوللاردا مەپە تولا سىلكىنىپ ئوبدان ئارام ئالالمىدى. تېۋىپلار يۈ-
رۈشنى توختىتىپ بىرەر كۈن تىنچ ئارام ئېلىشنى، بۇ ئارىلىقتا
زۆرۈر دورىلارنى قاينىتىپ تەييارلىۋېلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ،
قاتتىق قورقۇپ كەتكەن سۇلتان شىرمۇھەممەدخان پەقەتلا قو-
شۇلمىدى. تۈركىستان ئەمىرىنىڭ قوغلاپ كېلىش ۋەھىمىسىدىن
ئاز ـ تولا قۇتۇلغان بولسىمۇ، كۆڭلى يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئى-
دى. شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن تۇرپانغا يېتىپ بېرىپ
ئاستانىنى ئىگىلىۋېلىشىدىن، ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈۋېلىشىدىن قاتتىق ۋايىم يەۋاتاتتى. ئەھۋالىنىڭ ناچار-
لىقىنى سەركەردىلەرگە بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئەزايى ـ بەدىنى
قاتتىق ئاغرىپ تۇرسىمۇ بەرداشلىق بېرىۋاتاتتى. قورقۇنچ، ۋەھى-
مە، گۇمانخورلۇق ئۇنى ھېچكىمگە ئىشەنمەس قىلىپ قويغانىدى.
تۇرپانغا بېرىۋالساملا كېسىلىم سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپ
ئويلايتتى ئۇ. پۈتكۈل ئەزايى ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ قىزىپ، بۇرنى-
دىن سۇ ئېقىپ، بېشى ئېسىلىپ ئاغرىپ، توختىماي يۆتىلىپ
تۇرسىمۇ جاھىللىق قىلىپ، كېسىلىگە سەل قارىغانىدى. سەر-
كەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزىنى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ دەپ
ئويلاپ، غەيرىي خىياللاردا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن گاھىدا مە-
پىدىن چىقىپ ئاتمۇ مىنىپ قوياتتى، لېكىن بېشى قېيىپ، كۆزى

قاراڭغۇلىشىپ ئاتتا ئانچە ئۇزۇن ئولتۇرالمايتتى. تېۋىپلار ئىلاجسىز قوشۇندىن قېپقېلىپ دورا قايناتتاتتى ـ دە، تەييارلىغان دورىلارنى چەۋەندازلاردىن تېز سۈرئەتتە خانغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. لېكىن خان ياخشى ئارام ئالالمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەر ـ كەردە ـ لەشكەرلەرگە كېسىلىنىڭ ئانچە ئېغىر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە پات ـ پات ئات مىنىۋالغانلىقى ئۇ ـ چۇن، چەۋەندازلار يەتكۈزۈپ كېلىپ بولغۇچە سوۋۇپ، مۇزلاپ كەتكەن دورىلارنىڭ ئۈنۈمى يوق دېيەرلىك ئىدى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئەنە ئاشۇنداق مىڭ بىر مۇشەق ـ قەتتە تۇرپانغا يېتىپ كەلدى، لېكىن كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شاھنىشىندىكى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرالمى ـ دى، ئولتۇرغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى. قىزىتمىسى بىر ئاز چۈشكەن بولسىمۇ، يۆلەپ قويمىسا ئولتۇرالمايدىغان، بىر يۆتىلىپ كەتسە يۆتىلىنى توختىتالماي قېقىلىپ كېتىدىغان، قان تۈكۈرۈ ـ دىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ كاللىسى سەگەك ئىدى. ئوردا ئىشلىرىنى ئۇلۇسبېگى خۇدايدادقا تاپشۇرۇپ بېرىشكە خا ـ تىرجەم بولالماي، ھەممە ئىشلارنى يېتىپ تۇرۇپ نازارەت قىلاتتى. ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ كۈندىلىك سالامىنىمۇ يېتىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلاتتى. مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ، پەرمان چۈشۈرەتتى. خاننىڭ ئېغىر كېسەل تۇرۇپمۇ ھەممە ئىشلارغا چات كىرىۋېلىشىدىن، ئۆ ـ زىگە ئىشەنمىگەنلىكىدىن رەنجىپ قالغان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادمۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، بىر چەتكە چىقىۋالغانىدى.

ئۇزۇن قىش ئەنە ئاشۇ يوسۇندا ئۆتۈپ كەتتى. بىراق سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ كېسىلىدە قىلچىلىك ياخشىلىنىش بولمى ـ دى. كۆكلەم كېلىشى بىلەن يۆتەلمىسىمۇ قان تۈكۈرىدىغان بولۇپ قالدى. كېسىلىنىڭ ساقايمىغانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپمۇ ياكى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ دېرىكىنى تېخىچە ئالالمىغانلىقىدىنمۇ ۋە ياكى كۈندىن ـ كۈنگە ئەدەۋاتقان زىيادە گۇمانخورلۇقىدىنمۇ ئەي ـ تاۋۇر تېرىككەك، سەپرا بولۇپ قالغانىدى. ئەمىر ـ سەركەردىلەر ـ

نىڭ يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىدىن، ئۆزىگە قارشى ھەرىكەت
پىلانلىشىدىن ئەنسىرەپ، بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ سەر ـ
كەردىلەرنى كۈنىگە ئىككى ۋاق، گاھىدا ئۈچ ـ تۆت ۋاق يېنىغا
چاقىرتاتتى، يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن كىملەرنىدۇر تىللايتتى؛
كىملەرنىڭدۇر مەنسىپىنى تۆۋەنلىتىپ، كىملەرنىڭدۇر مەنسىپىـ
ـنى ئۆستۈرەتتى؛ كىملەرنىدۇر جازاغا بۇيرۇپ، كىملەرگىدۇر ئىنـ
ـئام بېرەتتى. ئىشقىلىپ ھېلى دېگەن گېپى ھېلى يوق ئىدى. ئەـ
ـمىر ـ سەركەردىلەرنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى. «شاھزادە ئۇـ
ـۋەيسخاننى ھازىرغىچە تۇتۇپ ئالدىمغا ئەكېلەلمىدىڭ» دەپ ياتىش
بېگى بىلەن ئاستانە ھاكىمىنى ئىككى قېتىم دۇمبالاتتى. ئەمىر ـ
سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاندىن بىزار
بولۇشقا باشلىغانىدى، لېكىن ھېچقايسىسى كۆڭلىدىكىنى تېشىغا
چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى.

ئۆرۈك ئالا بولۇشقا باشلىغاندا قومۇلدىن ئوردىغا مەلۇمات
كەلدى.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ئۇلۇسبېگى
خۇدايداد ئەتىگەنلىك قوبۇلدا كىبسەل ئازابىدا ياتقان خانغا يېقىنلاپ
كېلىپ، — قومۇل نائىب ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزىدىن جىددىي
مەلۇمات كەلدى. مەلۇماتتا دېيىلىشىچە، موغۇللار بارسكۆلنى[①]
بېسىۋېلىپ، قومۇلغا تەھلىكە سېلىۋېتىپتۇدەك.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئولتۇرۇشۇپ ئورىغا ئوخشاپ
قالغان گۈنسىز كۆزلىرىنى ئاۋۋال ئۇلۇسبېگىگە، ئاندىن باشقا
ئەمىرلەرگە تىكتى، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى.

يوللىغان مەلۇماتىغا خاننىڭ تازا ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلغان ئۇلۇسبېگى قوينىدىن قومۇل ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزىنىڭ
يازغان مەلۇماتىنى چىقىرىپ ئېھتىرام بىلەن ئۇزاتتى. خان تىتـ
ـرەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مەلۇماتنى ئېلىپ شۇنداقلا كۆز يۇـ
گۈرتۈپ بىر يانغا تاشلاپ قويدى.

① بارسكۆل — ھازىرقى بارىكۆل ناھىيەسى.

ــ موڭغۇللار خېلىدىن بېرى سەلتەنەتىمىزگە تەئەررۇز قىلىشقا پېتىنالماي كەلگەنىدى، ــ دېدى ئۇلۇسبېگى يەنە ئېغىز ئېچىپ، ــ كۆكلەم كىرە ـ كىرمەيلا بارسكۆلنى بېسىۋاپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئول ئاپەتكە باشتىلا چارە ـ تەدبىر كۆرمىسەك، ئەتە ـ ئۆگۈن قومۇلنىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. قەشقەر تېخىچىلا مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ. بۇ دورەم موڭغۇللارغا قاتتىقراق تېگىپ قويمىساق، بۇيۇك تەسەررۇپىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ تەئەررۇزغا ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا ئالىيلىرى پەرمان بەرسە، بىر تۇمەن سەركەردە ـ لەشكەرنى دىلخاھلاپ قومۇل ئەمىرى بىلەن بىللە جازا يۈرۈشى قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ قولىدىن بارسكۆلنى قايتۇرۇۋالغايمىز.

ــ خان ئالىيلىرى پەرمان بەرسىلە، ــ دېدى باشقا سەركەردىلەرمۇ ئۇلۇسبېگىنى قوللاپ، ــ قومۇلنى موڭغۇل تەھلىكىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، بارسكۆلنى قايتۇرۇۋالايلى.

سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك ئىپادىسىز ياتاتتى. ھەئە، جىمجىت ياتقاندەك قىلغان بىلەن كۆڭلى تىنچ ئەمەس ئىدى.

«مېنىڭ ئەھۋالىم بۇ، ئۆزۈمنىڭ ھاجىتىمدىن ئۆزۈم چىقالمايمەن. ئۇلۇسبېگىگە لەشكەر تارتىشقا پەرمان بەرسەم لەشكەرنى دىلخاھلىۋالسا ئاستانىنىڭ مۇداپىئەسى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. لەشكىرىي يۈرۈشكە يارلىق ئېلىۋالغان ئۇلۇسبېگىنىڭ ساداقىتىگە بىرنېمىدەپ بولغىلى بولمايدۇ. ھاۋا ئىللىپ قالدى. قىشتىن بېرى مىدىرلىماي مۆكۈپ ياتقان شاھزادىمۇ ئاشۇ بەتبەخت موڭغۇللارغا ئوخشاش ئىنىدىن چىقتى ئەتىمالىم. ئەمدى جىم يېتىۋەرمەيدۇ. ناۋادا يەم بىلەن كېلىپ ئاستانىگە تېگىش قىلىپ قالسا، قېپقالغان لەشكەرلەر بىلەن قانداق تاقابىل تۇرىمەن؟ سەركەردىلەر مەندەك ئەزرائىلنىڭ دەرگاھىغا يېقىنلاپ قالغان خانغا

ساداقەت كۆرسىتىشتىن يالتىيىپ، كۈچ ـ قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان شاھزادىگە ئەل بولۇشنى خالىمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ مەيلىلا، موغۇللار بارسكۆلگە شۇكۇر قىلمىسا قومۇلغا قانائەت قىلۇر. ئەمما سەللىمازا ساقايمىغىچە لەشكىرىي يۈرۈشكە پەرمان بېرىش ئاقىلانىلىك بولماس. ئاھ تەڭرىم، مۇشۇنداق بىر پەيتتە بۇ نىجىس كېسەل ئەجەبمۇ چاپلاشتىغۇ ماڭا؟ تېزرەك شىپا تاپسام بولاتتى، ياكى ئوردىدىكى ھەكىملەر كېسىلىمگە ياخشىراق دورا قىلمايۋاتامدىغاندۇ؟ خەپ، خەپ... ھېلىمۇ ئوردا سىرتىدا، ئەل ـ يۇرتتا قانداق پىتنە ـ پاسات پەيدا بولدى، بۇنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ. بۇلار تىل بىرىكتۈرۈپ مېنى ئالداۋاتىدۇ، ئاۋام ـ رەئىـيەتنىڭ ئەھۋالىدىن، ئوي ـ خىياللىرىدىن مەلۇمات بەرمەيۋاتىدۇ. ئوردىدا تەپرىقىچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. كېسەلدىن ساقىيىۋالايچۇ قېنى، ئۇلارنى ئالدامچىلىق قىلغىنىغا، ساداقەتسىزلىك قىلغىنىغا، تاجۇتەختىمنىڭ ئۈلىنى كولىغىنىغا تۇيغۇزىمەنغۇ. خەپ، شاھزادە ئۇۋەيسخاننى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ كەلمەيدىغان بولسام...»

— ئالدىرىمىسۇنلار، يەنە بىرنەچچە ۋاق تەخىر قىلسۇنلار، — دېدى دېمى كېسىلىپ ئۆپكىسى غىژىلداپ تۇرغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان كۆڭلىدىكىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، — گەرچە ھازىر كۆكلەم پەسلى بولۇپ، ئاستانە ئىللىپ قالغىنى بىلەن، بارسكۆل تەرەپلەر تېخى سوغۇق، بۇ لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ مۇۋاپىق پەيتى ئەمەس، سوغۇقتا لەشكەر تارتقاننىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتۇق، ئالدىراقسانلىق قىلمايلى.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد يەنە گەپ قىلسا، ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان بولۇپ قالغان خاننىڭ تېرىكىپ قېلىشىدىن، قوپاللىق بىلەن سىلكىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ باش ئېگىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن خاننىڭ كۆرسەتكەن يوقىلاڭ باھانىسىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالغانىدى. لېكىن كۆڭلى تولىمۇ پاراكەندە ئىدى. ئۇ قەشقەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ تارتىۋالغىنىدىن قانچىلىك ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈنسە، شۇ تاپتا موڭغۇللارنىڭ بارسكۆلنى بېسىۋالغىنىدىنمۇ شۇنچىلىك ئۆكۈنەتتى، تىت ـ تىت بولاتتى. موڭغۇللارنىڭ بارسكۆلدەك كىچىككىنە يۇرتقا قانائەت قىلمايدىغانلىقىغا، مۇشۇنداق قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋەرسە، ئەتە ـ ئۆگۈن قومۇلنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئېغىر كېسەل ئازابىدا ئىڭراپ ياتقان خاننىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەر بىلەن موڭغۇللارغا قارشى لەشكەر تارتىشقا پەرمان بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى قىياس قىلالاتتى.

«بۈيۈك خاندان مۇشۇنداق بىر ئىستىبداتسىز خاننىڭ قولىدا ۋەيران بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئۆز تەسەررۇپىنى، ئەل ـ ئۇلۇسىنى ياتلارنىڭ تەئەررۇزىدىن قوغدىيالمىغان ئادەمنىڭ سەلتەنەت ساھىبى بولۇشقا قانداقمۇ لاياقىتى بولسۇن؟ بۇ دېگەن ئەجدادلار ئالدىدا نومۇس، ئەۋلادلار ئالدىدا جىنايەت. ھە راست، خان ھازىر ماڭا ئىشەنمەيدۇ، ھېلىغۇ مەنكەنمەن، يېقىنلىرىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ. شۇل سەۋەبتىن لەشكەر تارتىش ئىشىغا پەرمان بەرمەيۋاتىدۇ، موڭغۇللار ناۋادا قومۇلنى بېسىۋالسا يۈرىكى تېخىمۇ يوغىنايدۇ. ئۇل چاغدا قومۇلغىلا شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي، تۇرپانغىمۇ كۆز تىكىدۇ. ھەئە، بۈيۈك تەسەررۇپىمىزنى تولۇق ئىستېلا قىلىشتىنمۇ ياناماسلىقى مۇمكىن. تۇرپاننى مۇھاپىزەت قىلىشتا قومۇل مۇھىم ئۆتكەل، قومۇلنى قولدىن بېرىپ قويساق تۇرپاننى ساقلاپ قالماق بەسىي مۇشكۇل. خان ئالىيلىرى بۇنى چۈشەنمەمدىغاندۇ؟ راستىنى ئېيتسام، خان ئالىيلىرىنىڭ ئىستىبداتسىزلىقىنى پەقەتلا ياقتۇرمايمەن. شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ بۈيۈك سەلتەنەتكە پاسىبان بولۇپ يۇرتدارچىلىق قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بىراق ھازىر موڭغۇللار زېمىنىمىزغا تەئەررۇز قىلىپ تۇرغاندا، باسقۇنچىلارنى تاشلاپ قويۇپ، نەدىلىكى، ھايات ـ تىرىكلىكى نائېنىق شاھزادىنى ئىزدىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداق قىلسام خەلقئالەم ئالدىدا رىياكار، بەتنىيەت، تۇزكور دېگەن ئاتاققا قالمامدىمەن؟ ئۇلۇسبېگىلىك شان ـ شۆھرىتىمگە داغ تەگكۈزۈۋالمامدىمەن؟ ما-

قۇل، خاننى ماڭىغۇ ئىشەنمىدى دەيلى، ئۇنداقتا ئۆزى ئىشىنىدى-غان سەركەردىسىگە بىر تۈمەن لەشكەر بىلەن قومۇل ئەمىرىگە ھەمدەم بولۇشقا، قومۇلنى مەھكەم ساقلاشقا پەرمان بەرسە بولاتتىغۇ. قومۇلدا لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتەرلىك ئەمەس. ناۋادا موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالسا ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەل-مەيدۇ. قومۇلنى قولدىن بېرىپ قويساق ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇ-سىز زىيان، پۇشايمانغا قالىمىز. شۇ تاپتا شاھزادە ئۇۋەيسخان نە-دىكىن؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ ھېچبولمىغاندا نەۋرەم سەي-يىدئەلى ئالىپ بىرەر خەۋەر بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ ئاخىر؟ ئۇلار-نىڭ نەدىلىكىنى بىلسەم خاننىڭ ئەھۋالىنى، ئەل ـ يۇرتنىڭ، تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپنى بىلدۈرۈپ قويسام بولاتتى. شۇ تاپتا شاھزادە ئالىيلىرى ئاستانىگە كەلسە، خاننىڭ ئەھۋالى ياخشى بولمىغاندىكىن، بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر بىلەن ئوردىدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ خاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، شاھزادىنى خانلىق تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولاتتى. خان ئېغىر كېسەل بولغان ئەھۋالدا قۇرۇلتاي چاقىرىش ئارقىلىق خان ئالماشتۇرۇش ئەزەلدىن بار قائىدىغۇ؟ بۇ ئىش سەلتەنەت يوسۇنلىرىغا ھەرگىز مۇخالىپ كەلمەيتتى. ئەـمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ تەكلىپنى قوللايتتى...»

ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنىڭ تېگى يوق ئىدى. مۇۋاپىق بىر چارە ـ ئامال تاپالماي تىت ـ تىت بولاتتى. ئوردا تېۋىپلىرىدىن خاننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ باقتى.

— ئالىيلىرىنىڭ ئۆپكىسى يىرىڭدىغان، كېسىلىنىڭ سىلغا ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىمالى چوڭ. ئۇندىن باشقا بۆرەك بىلەن يۈرەكتە ئېغىر زەئىپلىك بار. بۇ يېقىندا ساقىيىپ كېتەلىشىگە ئىشەنچ قىلالمايمىز، — دېيىشتى تېۋىپلار ئامالسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ.

ئۇلۇسبېگىنى قاتتىق غەم بېسىۋالغانىدى. چۈنكى، ناۋادا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان مۇشۇنداق يېتىپ تۈيۇقسىز قازا قىلىپ

www.uyghurkitap.com

كەتسە، موغۇللارغا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى بىر يانغا قايرىلىپ قېلىپ، ئوردىدا ئىچكى قالايمىقانچىلىق، نىزا ـ بۆلۈنۈش كېلىپ چىقاتتى. بۇ موغۇلىستان سەلتەنەتى ئۈچۈن بارسكۆلنى بېسىۋالغان موغۇللارنىڭ تەھدىتىدىنمۇ نەچچە ھەسسە خەتەرلىك ئىدى. ئوردىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەر پەقەت مەرھۇم خان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ جەمەتىگىلا بويسۇناتتى. ئۇلۇسبېگىگە ھەرگىز بويسۇنمايتتى. گەرچە سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولسىمۇ، تېخى يېشى كىچىك ئىدى، سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. ناۋادا ئۇلاردىن بىرەرىنى دادىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويسا، ئوردىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەر بالا خاننىڭ گۆدەكلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسەت ـ مۇددىئالىرىغا يېتىشكە ئۇرۇناتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تەخت ساھىبى قانۇنلىشىپ قالاتتى ـ دە، شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ تەخت ـ سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىشى تەسكە چۈشەتتى. تاجۇتەخت ماجىراسى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ بىھۇدە قان تۆكۈلەتتى. مانا مۇشۇ بىر تالاي ئېھتىماللىقلار تۈپەيلىدىن ئۇلۇسبېگى خۇدايداد شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ دېرىكىنى ئېلىشقا ئالدىراپ قالغانىدى.

※ ※ ※

ئوردىدىن خېلىلا كىچىك سېلىنغان ئۇلۇسبېگى قەسرى بېزىلىشى، ھەشەمەتلىكلىكى جەھەتتىن ئوردىدىن قېلىشمايتتى. ئۈستىدە تولۇق قورااللانغان ئىككى نۆكەر بىمالال ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشەلەيدىغان 15 ـ 16 گەز ئېگىزلىكتىكى قورۇق تام خۇددى قەلئە سېپىلىدەك قەسرنى مۇستەھكەم ئوراپ تۇراتتى. نۆكەرلەر قورۇق تامنىڭ ئۈستىدە كېچە ـ كۈندۈز كۆزەتتە تۇراتتى. ئۇلۇسبېگى قەسرىمۇ تاشقىرىقى ھويلا، ئوتتۇرا ھويلا ۋە ئىچكىرىكى ھويلا دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنەتتى، تاشقىرىقى ھويلىدا خىزمەتكارلار، نۆكەرلەر تۇراتتى. ئوتتۇرا ھويلىغا تۇرپاننىڭ

كىلىماتىغا ماس كېلىدىغان تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر قويۇلۇپ بىنا قىلىنغان باغچە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھەشەمەتلىك ساراي جايلاشقانىدى. ئىچكىرىكى ھويلا ھەرەم ئىدى.

قەسىرنىڭ ئىچى ئاجايىپ ئىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. ئۇلۇس-بېگى خۇدايداد ئارا ھويلىدىكى سارايىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان ئېتىكاپخانىسىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغىنىچە ئالدىدىكى رېھىلگە ئېڭىشىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا مەھرەم يىگىت ئېتىكاپخانىغا پەم بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئۇ-لۇسبېگىنىڭ دىققىتىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە بىر پەس قول باغلاپ تۇردى. ئۇلۇسبېگى مەھرەمنىڭ زۆرۈر ئىش بولمىسا كىرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئوقۇپ يېرىد-مىدىن ئاشقان پارىنى تۈگىتىۋېتىش ئۈچۈن دىققىتىنى بۆلمىدى. مەھرەم يىگىت كۈمۈش شامداندىكى شامنىڭ پىلىكى چېچەكلەپ تازا يورۇق بەرمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، پۈتىنىڭ ئۈچىدا مې-ڭىپ كېلىپ شامنىڭ پىلىكىنى پەرلەپ قويدى. ئارىدىن بىر چۆ-گۈن چاي قاينىمىچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇلۇسبېگى قۇرئاننى يېپىپ قويۇپ، قىسقىلا دۇئا قىلىۋالغاندىن كېيىن «نېمە ئىش؟» دېگەننى قىلىپ مەھرەم يىگىتكە قاراپ قويدى.

— ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى مەھرەم يىگىت قول باغلاپ تۇرۇپ، — ئەمىرزادە مىرمۇھەممەدشاھ جانابلىرى بىلەن سالى غوجىدار ئىجازەتلىرىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— باشلاپ كىرسۇنلار.

— خوش.

مەھرەم يىگىت چىقىپ كېتىپ دەقىقە ئۆتمەي ئۇلۇسبېگى-نىڭ چوڭ ئوغلى مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن سالى غوجىدارنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى ئۇلار سالام بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئۇلۇسبېگى ئۇلارغا يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى، — خوش، جاي ئالسۇنلار.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار سۇپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تەتىللا يىكەندازدا يۈكـۈ-
نۈپ ئولتۇرۇشتى.
ــ خوش، مەلىكە سۇلتان خاتۇن شاھزادە ئالىيلىرىدىن خە-
ۋەر بەردىمۇ؟
ــ پەرمانلىرىغا بىنائەن، ــ دېدى مىرمۇھەممەدشاھ جاۋاب
بېرىپ، ــ ئەمىركەبىر قەسىرىگە ئوتتۇرانچى كېلىنلىرىنى ئە-
ۋەتكەنىدىم. مەلىكە سۇلتان خاتۇن بىلەن كۆرۈشۈپ شۇنداق خە-
ۋەر ئېلىپ كەلدىكى، شاھزادە ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ بۇ تـۆت-
بەش ئايدىن بېرىقى ئەھۋالىدىن ئۇلارمۇ خەۋەرسىز ئىكەن.
«بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى، شاھزادە ئالىيلىرى يا
ئانىسى بىلەن ئالاقىلاشماپتۇ، يا مەن بىلەن. كۈتۈلمىگەن بىرەر
ئىش بولۇپ قالدىمۇ ـ يا؟ خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...»
ئۇلۇسبېگى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئوغلىغا قارىدى.
ــ ئاغىچىلىرىدىن سوراپ باقتىڭلارمۇ؟ مەلىكە سۇلتان خا-
تۇننىڭ ئەھۋالى قانداقراقكەن؟ سالامەتلىكىنى دەيمەن.
ــ مەلىكە سۇلتان خاتۇننىڭ ئەھۋالى ياخشىكەن. بىراق،
كىچىك مەلىكىسى مەختۇمسۇلۇ خېنىم بىتاپ بولۇپ قالغان
ئوخشايدۇ.
ــ كېسىلى ئېغىرمىكەن؟
ــ شۇنداق ئوخشايدۇ. مەلىكە سۇلتان خاتۇن، ئۇلۇسبېگى
ھەزرەتلىرىگە يەتكۈزۈپ قويسىلا، مۇمكىن بولسا قەسرىمىزگە
ئوردا تېۋىپلىرىدىن بىرەرسىنى ئەۋەتىپ مەلىكەمنىڭ كېسىلىنى
داۋالىتىپ قويغان بولسا، شەھەردىكى تېۋىپلارنىڭ دورىسى تازا
كار قىلمايۋاتىدۇ، دەپتۇ.
ئۇلۇسبېگى بىلدىم، دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.
ــ باشقا ئىش بولمىسا ئارام ئالسۇنلار.
ــ خوش.
مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن سالى غوجىدار ئاستا ئورنىدىن تـۇ-
رۇشتى.

— ئاغىچىلىرىغا تاپىلىسىلا، — دېدى ئۇلۇسبېگى ئوغلىغا قاراپ، — تىل ـ زەبانىغا ھېزى بولغاي. مەلىكە سۇلتان خاتۇن-دىن شاھزادە ئالىيلىرىنى دېرەكلىگىنىمىزنى ھېچكىمگە تىنمى-غاي.

— خاتىرجەم بولسىلا بۇزرۇكۋارىم.

— مەزلۇم كىشىنىڭ ئىچىدە گەپ ياتمايدۇ. ھەرھالدا قاتتىق جېكىلىسىلە، كۇنداشلىرى[①]غىمۇ بۇ توغرۇلۇق ئېغىزلانمىغاي.

مىرمۇھەممەدشاھ بىلەن سالى غوجىدار چىقىپ كەتتى.

— ئۇسسۇلۇققا تاۋىلىرى بارمىكىن ھەزرىتىم؟ — سورىدى مەھرەم يىگىت.

— ئۇسسىمىدىم، پۇتۇم سەل ئۇيۇشۇپ تۇرىدۇ.

مەھرەم يىگىت ئۇلۇسبېگىنىڭ پۇتىنى يۇمشاق تۇتۇشقا كى-رىشتى. ئادەتتە ئۇلۇسبېگى ئارام ئالمىغۇچە مەھرەم يىگىت ئۇخ-لىمايتتى.

«نەۋرەم سەيىدئەلى ئالىپمۇ جىمىپ كەتتى، ياكى ئۇ شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇ؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئە-مەس. كۆزدە ئاخىرقى قېتىم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن چاپارمەن شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ سىڭلىسى ئۇزسۇلتان خېنىمنى سەيىدئە-لى ئالىپقا نىكاھلاپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ شاھزادە ئالىيلىرىدىن تېخىمۇ ئايرىلمايدۇ. زادى نېمە ئىش قى-لىۋاتىدىغاندۇ؟ ئەجەب جىمىپ كېتىشتىغۇ. بۇ چاغقىچە ئاز دې-گەندە ئىككى قېتىم چاپارمەن كېلىشى كېرەك ئىدى...»

ھەئە، ئۇلۇسبېگى نەۋرىسى سەيىدئەلى ئالىپنىڭ شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ھەتتا ئوغلى مىرمۇھەممەد شاھتىنمۇ سىر تۇتقانىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىك تۈۋىدە سالى غوجىدارنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇسبېگىگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم گېپى چىقىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇلۇسبېگىنىڭ ئىجازى-

① كۇنداشلىرى — مىرمۇھەممەد شاھنىڭ باشقا خوتۇنلىرىنى دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيلىقى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىسىز مەھرەم يىگىتتىن باشقا ھېچكىم خالىغانچە ئۇسۇپ كىرەلمەيتتى. مەھرەم يىگىت دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى، ئىشىك تۇۋىدە سالى غوجىداردىن باشقا يەنە بىر يوچۇن كىشىمۇ بار ئىدى.

— ھەزرىتىمگە يەتكۈزسىلە، شاھزادە ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ قېشىدىن چاپارمەن كەلدى.

مەھرەم يىگىت دەرھال قايتىپ كىردى ـ دە، سالى غوجىدارنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى. شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قېشىدىن چاپارمەن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇلۇسبېگى بىردىنلا روھلاندى.

— دەرھال كىرسۇن.

ئاۋۋال سالى غوجىدار، ئاندىن شاھزادىنىڭ چاپارمىنى ئىشىكتىن كىرىپ ئۇلۇسبېگىگە سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئۇلۇسبېگى بىرئاز قىمىرلاپ قويۇپ ۋە شام يورۇقىدا چاپارمەن يىگىتنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى. بۇ شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن ئۇلۇسبېگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىك قىلىۋاتقان يىگىت ئىدى.

مەھرەم يىگىت بىر پەتنۇستا ئىككى پىيالە شەربەت ئېلىپ كېلىپ سالى غوجىدار بىلەن چاپارمەن يىگىتكە تۇتتى.

— باشقا ئىش بولمىسا مەن چىقاي، — دېدى سالى غوجىدار. ئۇ ئۇلۇسبېگىنىڭ ھەر دائىم چاپارمەن بىلەن خاس سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۆزىنى سورىغانىدى.

— چىقمىۋەرسىلە، — دېدى ئۇلۇسبېگى سالى غوجىدارغا ئىجازەت بېرىپ، — ئەمما سەگەكرەك ياتارلا.

— ئاستانىگە قاچانراق كەلدىلە ئالچىنبەگ؟ — سورىدى ئۇلۇسبېگى چاپارمەنگە نەزەرىنى ئاغدۇرۇپ.

— پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ ئارىلىقىدا، — دېدى ئالچىنبەگ قەددىنى رۇسلاپ، — خۇپىيە ـ پايلاقچىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ

قالماي دەپ دەڭدە ئارام ئېلىپ ھازىر كېلىشىم.

ئۇلۇسبېگى ئالچىنبەگنىڭ چېچەنلىكىگە قايىل بولۇپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئېھتىيات قىلغانلىرى بەلەن بوپتۇ. خوش، شاھزادە ئالىيلىرى ھازىر نەدە پاناھلىنىۋاتىدۇ؟

ــ تۇركىستاندا ھەزرىتىم.

ــ تۇركىستاندا؟ ــ ياندۇرمىلاپ سورىدى ئۇلۇسبېگى تەئەججۇپلەنگەن ھالدا.

ــ شۇنداق ھەزرىتىم، شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن ئەمىرزادەم ھازىر ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىدا.

«توۋا خۇدايىم. ماۋۇ يىگىتلەرنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدىغان، ئۇلارنىڭ تۇركىستان ئەمىرىنىڭ دەرگاھىنى پاناھ تارتىپ بېرىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن دېسە، شۇڭا خېلىدىن بېرى ئەل ــ يۇرت تىنچىپ قاپتىكەن ــ دە. سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئايغاقچى، جاسۇسلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغىنى بىكار ئەمەسكەن...»

ــ شاھزادە ئالىيلىرى قاچاندىن بېرى ئول دەرگاھتا تۇرۇۋاتىدۇ؟

ــ سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرى قاراڭقا ياغلىغدىن لەشكەر چېكىندۇرگەندىن بېرى، ــ دېدى ئالچىنبەگ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ شۇ چاغدا بىزمۇ قاراڭقا ياغلىغقا بارغانىدۇق. كېچىسى خاننىڭ قارارگاھىغا شەبخۇن ئۇرۇپ مۇددىئايىمىزغا يېتەلمىدۇق. خان شاھزادە بىلەن ئەمىرزادەمنىڭ ئەجەل قىلىچىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز چېكىنىپ، ئەتىسى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ قارارگاھىغا باردۇق.

ئۇلۇسبېگى قاراڭقا ياغلىغدا سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ چېدىرىغا قىلىنغان كېچىلىك ھۇجۇمنىڭ ئەھۋالىنى ئوغلى مىر ـ مۇھەممەد شاھتىن ئاڭلىغان ھەمدە تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن سۇلتان شىرمۇھەممەدخانمۇ بۇ ھۇجۇمنى كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ، ھو ـ

www.uyghurkitap.com

جۇمنى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ دادلاپ بەرگەندى. ئەمما ئۇلۇسبېگى: «خان ئالىيلىرى گېلىغا تاماق تۇرۇپ قالسىمۇ، كۆتىگە يەل كەپلىشىپ قالسىمۇ شاھزادىدىن كۆرىدۇ. بۇ بەلكىم تۈركىستان ئەمىرىنىڭ قىلغان كېچىلىك ھۇجۇمى بولۇشى مۇمكىن. خان ئالىيلىرى قوشۇن چېكىندۇرۇشكە باھانە تاپالماي، شاھزادە ئالىيلىرىغا دۆڭگەپ قويۇۋاتىدۇ. مەقسىتى — سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا مەن جاپا تارتىپ ۋەتىنىمىزگە تەھلىكە سېلىۋاتقان ياۋغا تاقابىل تۇرۇۋاتسام، شاھزادە بىز تەرەپتە تۇرماي ياۋغا كۆمەكلەشتى، دەپ شاھزادە ئالىيلىرىغا بەتنام سۇۋاپ، ئابرۇيىنى تۆكمەكچى» دەپ ئويلاپ ئىشەنمىگەندى.

«قاپلاننىڭ يۈرىكىنى يەۋالغانلارنىڭ قىلغان قارامىلىقىنى قارىمامدىغان، نەچچە تۈمەن لەشكەر جايلاشقان قارارگاھقا تەپ تارتماي شەبخۇن ئۇرۇپتۇ ـ دە. ئەسلىدە خان ئالىيلىرى شۇلارنىڭ سەۋەبىدىن يۈندى كۆلچىكىدە مۆكۈپ يېتىپ كېسەل تېپىۋالغان ئىكەن. كېچىسى شەبخۇن ئۇرۇپ خاننى قاتتىق چۆچۈتكەن ئادەم نېمىشقا ئەتىسى تۈركىستان ئەمىرى بىلەن بىللە خاننى قوغلىمىغان بولغىيدى؟ بەلەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ...»

— شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن ئەمىرزادەم سالامەتمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتىدۇ.

— خەۋەر بەرمەي شۇنچە ئۇزۇن جىمىپ كىتىشتىغۇ ئۇلار؟

— ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى ئالچىنبەگ، — تۈركىستانغا بارغاندىن كېيىن شاھزادە ئالىيلىرى ئاشىقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.

— ئاشىقلىق كېسىلىگە؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئۇلۇسبېگى.

— شۇنداق ھەزرىتىم، شاھزادە ئالىيلىرى تۈركىستانغا بارغاندىن كېيىن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ مەلىكىسى دۆلەتسۇلتان خېنىمغا ئاشىق بولۇپ قالدى.

ئالچىنبەگ تۈركىستاندا بولغان ئىشلارنى يىپىدىن ـ يىڭ-

نىسخىچە سۆزلەپ بەردى.

ــ بۇ چاغقىچە ئول ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تويىمۇ بولۇپ بولدى ئەتىمالىم، ــ دېدى ئالچىنبەگ گېپىنى خۇلاسىلەپ.

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇلۇسبېگى ھەم ئەجەبلەندى، ھەم خۇشال بولدى.

«شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ھەر يەرلەردە قاڭقىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا تۈركىستان ئەمىرىگە كۈيۈ ئوغۇل بولۇپ قالغىنى ئاجايىپ ئىش بوپتۇ. بۇمۇ تەقدىر ـ ئىرادە. نىكاھ غايىب دەپتىكەن. ئىنسان پېشانىسىگە پۈتۈلگىنىنى كۆرمەي ئىلاجى يوق. بەلكىم بۇ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنىڭ بىر بېشارىتىدۇر. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئېغىر بىتاپ بولۇپ ياتقان مۇشۇ كۈنلەردە تۈرپانغا تېزرەك يېتىپ كەلسە، ئىشلار ئاسانغا چۈشەتتى. شاھزادە قېيىنئاتىسىدىن لەشكەر سوراپ يۈرمەس ـ ھە؟ ناۋادا تۈركىستان لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلسە، ئوردا ئىچى ـ سىرتىدا ئۇنى ۋەتىنىگە ياتلارنى باشلاپ كەلدى دەپ پىتنە بولىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇنىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ھازىر سەلتەنەتنى تېزگىنلەپ تۇرغۇدەك مادارى قالمىدى. بۇنى بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەر ھېس قىلىپ يەتتى ئەتىمالىم. ھېلىدىن ماڭا خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى، قۇرۇلتاي چاقىرىپ خاننى ئالماشتۇرۇش مۇددىئايىمنى بىلدۈرسەم ھېچكىم قارشى چىقىشقا پېتىنالمايدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن لەشكىرىي دىۋان يەنىلا مېنىڭ ئىلكىمدە...»

ئۇلۇسبېگى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، مەھرىمىگە قەغەز ـ قەلەم ئەكەلدۈردى ـ دە، خەت يېزىشقا كىرىشتى.

ــ شاھزادە ئالىيلىرىغا تېزدىن يەتكۈزۈپ بەرسىلە، ــ دېدى ئۇلۇسبېگى خەتنى ئالچىنبەگكە بېرىپ، ــ ئۆزلىنى سالى غوجدار ھازىرلا شەھەر قوۋۇقىدىن چىقىرىپ قويسۇن. شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا قانچە تېز بارسىلا شۇنچە ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەمىرزادەمنىڭ ئاغچىسى ئۈزسۇلتان خېنىم ۋالىدەسىگە بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگەنىدى. ئەمىرزادەممۇ ئۇل قېيىنئانىسى بىلەن چوقۇم كۆرۈشۈپ كېلىشىمنى تاپىلىغان...

— ئۆزلە بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولۇپ مېڭىۋەرسىلە، خەتنى ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — دېدى ئۇلۇسبېگى، — شاھزادە ئالىيلىرىغا بۇ مەكتۇپنى يەتكۈزۈش ھەممىدىن مۇھىم. يولدا ھەرگىز ھايال بولمىسىلا، قاتتىق ئېھتىيات قىلغايلا.

## 15

تۈركىستان. ئۈچمە ئالا بولغان مەزگىل.

ۋىسال لەززىتىدىن بىھوش بولغان شاھزادە ئۈۋەيسخان ئوۋنىمۇ، ماھارەت مەشىق قىلىشنىمۇ تاشلىغانىدى. سەييىدئەلى ئالپ بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ كەمدىن - كەم ۋاقىت چىقىراتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ تاغىسىدىن تەخت - سەلتەنەتنى تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت مەقسەت - مۇددىئاسىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى.

تۇرپانغا چاپارمەن ماڭغۇزغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچىلا خەۋەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن سەييىدئەلى ئالپمۇ شاھزادە بىلەن بۇ ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىشنى ئانچە لايىق كۆرمىدى. شاھزادىگە گەپ قىلىشقا پېتىنالمىغان سەركەردە بوران خوجا پات - پات سەييىدئەلى ئالپنىڭ قېشىغا كېلىپ بېشىنى ئاغرىتاتتى.

— شاھزادە ئالىيلىرى ئاغچىغا سەلتەنەتنى تېگىشەرمۇ ئەمىرزادەم؟ بىر گەپ قىلىسىلا بولاتتى. ئاشىقمۇ بولدى، توي قىلىپ مۇرادىغىمۇ يەتتى. ئەمدى يۇرتقا قايتىپ تاجۇتەختنى قولغا ئې-

لىشىنىڭ كويغا چۈشسە بولاتتى. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى بۇ ھەقتە توي شەرتىمۇ قويۇپتىكەن، ئۆزلەمۇ شاھزادىگە ۋاكالىتەن ۋەدىمۇ بېرىپتىكەنلا. بۇ شەرتنى شاھزادىنىڭ سەمىگە سالدىلىمۇ زادى؟ قاچانغىچە خەقنىڭ دەرگاھىدا يەپ ياتۇرمىز؟ ـــ دەيتتى بوران خوجا ئاغرىنىپ.

ـــ ئالدىرىمىسىلا سەركەردە، ئاستانىگە كەتكەن چاپارمەن قايتىپ كەلسىلا شاھزادە ئالىيلىرىنى يۇرتقا قايتىشقا دەۋەت قىلىمىز، ـــ دەيتتى سەييىدئەلى ئالپ تەسەللى بېرىپ.

شۇنداق دېگىنى بىلەن سەركەردە بوران خوجىدىن بەكرەك تىت - تىت بولاتتى، ئالچىنبەگنىڭ يولىغا بىتاقەتلىك بىلەن قارايتتى. گاھى ۋاقىتلاردا ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالاتتى.

«سەۋر قىلاي، ئاگال ئالچىنبەگ قايتىپ كەلسۇن. شۇ چاغدىمۇ شاھزادە ئالىيلىرى يەنە يۇرتقا قايتىشقا كۆڭۈلشىمىسە، ئازدىن ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن. ھەرقانچە بولسىمۇ شاھزادە ئەل - يۇرتنى، ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ كەتمەس...»

سەييىدئەلى ئالپ ئەنە شۇنداق دىلغۇللۇق ئىچىدە تۇرغان كۈنلەردە ئالچىنبەگ ئاخىرى يېتىپ كەلدى.

ـــ سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئىغىر كېسەلكەن، ـــ دېدى ئالچىنبەگ ئەمىرزادىگە بوۋىسىنىڭ سالامىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ـــ مانا بۇ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ يازغان مەكتۇپى.

سەييىدئەلى ئالپ مەكتۇپنى قولىغا ئالدى. مەكتۇپ پېچەتلەكلىك ئىدى. ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن خەتنى قوينىغا سالدى - دە، شاھزادىنىڭ قەسرىگە قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

شاھزادە ئۇۋەيسخان مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئۇلارغا ئوردىسىغا يانداش سېلىنغان تېخىمۇ كاتتا قەسىردىن بىرنى ئالاھىدە جابدۇپ بەرگە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نىدى. مانا مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر شاھزادە ھەمراھلىرى بىلەلەن كۇندە دىگۇدەك كۆرۈشەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

شاھزادە سەييىدئەلى ئالپنى بىر ئاش پىشىم ساقلاتقاندىن كېيىن قەسرىنىڭ مېھمانخانىسىدا كۆرۈشتى.

— ئەجەب كەم دىدار بولۇپ كەتتىلىغۇ ئەمىرزادەم؟ — دېدى شاھزادە سەييىدئەلى ئالپ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن.

ئۇلار بىر ھەپتىدىن بېرى كۆرۈشمىگەنىدى. سەييىدئەلى ئالپ شاھزادە ئۇۋەيسخانىنىڭ ئۇيقۇسىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىر قارىۋېتىپ جاۋاب بەردى.

— بىزنىڭغۇ كۇندە كېلىپ كۆرۈشكىمىز بار، بىراق ئالىيلىرىنىڭ شېرىن دەملىرىگە ھالاقىت يەتكۈزمەيلى دېدۇق.

سەييىدئەلى ئالپنىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن شاھزادە خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— ئەيىب ئارتىشقا ئۇستا ـ دە ئۆزلە. كېچە بىلەن كۇندۈزنىڭ پەرقىنى ئايرىغۇچىلىكىمىز بار بىزنىڭ.

— راست شۇنداقكەن، بىر ئاش پىشىمدا ئاران ئويغاندىلا، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ باياتىن بېرى ساقلىغىنىنى شاھزادىنىڭ يۈزىگە سېلىپ.

— رەنجىمىسىلە، ئۆزلەنىڭمۇ ئۇخلاپ قالغان چاغلىرى بولغانغۇ ئەمىرزادەم؟

سەييىدئەلى ئالپ توغراقلىقتا مەلىكە ئۈزسۇلتان خېنىم بىلەن يېڭى توي قىلغان كۇنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى ـ دە، خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— تۇرپانغا ئەۋەتكەن چاپارمەن قايتىپ كەلدى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ ئۆزىنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىپ ۋە قويىنىدىن ئالچىنبەگ ئېلىپ كەلگەن خەتنى ئېلىپ تەڭلىدى.

— قاچان قايتىپ كەلدى؟ — دېدى شاھزادە بىردىنلا دىققىتىنى يىغىپ.

ـــ ھېلىراقتا، كۆرۈشۈپلا دەرگاھلىرىغا يۈگۈردۈم.
شاھزادە مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*
*سەلتەنەت بۇرجىنىڭ نۇرانە يۇلتۇزى بولمىش شاھزا-*
*دە ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىغا بىھېساب سالاملار يوللاش بىلەن*
*مۇبارەك ئالتۇن بويلىرىغا ساقلىق تىلەيمەن. ساداقەتمەن*
*نۆكىرىمىز ئالچىنبەگدىن ئالىيلىرىنىڭ تۈركىستانغا قە-*
*دەم كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا بولغانلىق-*
*لىرىنى، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئول مەھ-*
*بۇبنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ*
*بىھېساب سۆيۈندۇق. ئالىيلىرىنىڭ چىن يۈرىكىدىن كۆڭۈل*
*بەرگەن مەھبۇب بىلەن نىكاھلىق بولۇشى ئەل - يۇرتنىڭ،*
*سەلتەنەتنىڭ بەختىدۇر. ئاللاھ ئىگەم بەندىسىنى بىر ھۆك-*
*مى بىلەن غەمگە دۇچار قىلسا، يەنە بىر ھىممىتى بىلەن*
*بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىكەن.*
*ئالىيلىرى خەۋەرسىز قالمىغايلاكى، ئۇشبۇ كۈنلەردە*
*سۇلتان شىر مۇھەممەدخان ئالىيلىرى ئېغىر كېسەلگە*
*مۇپتىلا بولۇپ قالدى. ئاشۇ نۇسرەتسىز تۈركىستان يۇرۇ-*
*شىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قال-*
*غانچە پەقەتلا ئۆرە بولالمىدى. كېسەل ئاسارىتىدىنمۇ ياكى*
*باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر تېخىمۇ گۇمانخور، تېخىمۇ خۇي-*
*لۇق، تېخىمۇ زالىم بولۇپ قالدى. بىزدەك ئۇلۇسبېگى تو-*
*گۇل، ئۆز ۋاقتىدا تەختكە ئولتۇرۇشىغا ھەمدەمدە بولغان*
*ئەڭ يېقىن ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. خۇدا*
*ئۇرغاننى خۇدابەندە قوشلاپ ئۇرۇپتۇ دېگەندەك، يېقىندىن*
*بېرى موڭغۇللار بارسكۆلنى بېسىۋېلىپ كۆزىنى قومۇلغا*
*تىكمەكتە. لەشكەر تارتىپ بېرىپ ياۋغا تاقابىل تۇرايلى دې-*
*سەك نەزەمبىللا يارلىق چۈشۈرمەي تۇرۇۋالدى. ئەل ـ يۇرت*
*ياۋنىڭ تەھلىكىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما ئىلاجسىزمىز. ئەل ـ*

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*رەئىيەتنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن، يۇرت ـ زېمىننى ياتلارنىڭ ئىستېلاسىدىن قۇتۇلدۇرماق ئىبادەتنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. ئول بائىستىن ئۆلتۈرغان بولسىلا قوپقايلا، قوپقان بولسىلا ماڭغايلا، ماڭغان بولسىلا يۈگۈرگەيلا. بۇنى ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ، ئەدلى ـ ئادالەتكە ھامىي بولغۇچى پاسىبانغا تەشنا ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئەرزى دەپ بىلگەيلا.*

*ھازىر سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالىغۇدەك ماجالى يوقتۇر، بۇ ئۆزلە ئۇچۇن ياخشى پۇرسەتتۇر. تېزدىن ئاستانىگە كەلسىلە. خان ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقاندا، سەلتەنەت ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاندا، قايتىدىن تەخت ساھىبى بەلگىلەپ خان ئالماشتۇرۇش ئابائى ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان سەلتەنەت يوسۇندۇر. ھازىرقى ئەھۋالدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ خانلىق تەختكە ئۆزلەنى ئولتۇرغۇزۇش تامامەن يوللۇق ئىش. بەلكىم بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەر مۇخالىپەت سېپىدە تۇرۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئېغىر كېسەلدە ياتقان سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئۇلارغا ھامىي بولالىغۇچىلىكى يوق. ئۆزلە پەقەت ئازغىنە لەشكەر بىلەنلا ئاستانىگە كېلىپ سۇر ـ ھەيۋە كۆرسىتىپ قويسىلا كۇپايە، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم بىر ياقلىق قىلىمەن.*

*مۇبارەك ئاياغلىرىدىن توزىغان چاڭلارنى كۆزىمىزگە سۈرتۈشكە تەشنا بولۇپ تۇرغۇچى ئۇلۇسبېگى خۇدايادتىن دەپ بىلۇرلا.»*

شاھزادە ئۇۋەيسخان خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، بىردىنلا خىيالغا پاتتى. تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغىنىدىن نېمە ئۈچۈندۇر ئانچە خۇشال بولالمىدى.

«ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىنمۇ چىقالماي ياتقان بىر ئادەمگە قارشى لەشكەر تارتىپ بارسام قانداق بولۇر؟ جاھان سۇلتانلىرى مېنى

نامەردلىكتە ئەيىبلىمەسمۇ؟ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى راست ئېيتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ تەخت ـ سەلتەنەتنى سويۇپ ئېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يۇرستى، لېكىن رەقىب بولغۇچىنىڭ ماڭا قارشى قىلىچ يالىڭاچلىغۇدەك ماجالىمۇ بولمىسا، بۇنداق پەيتتە ئاستانىگە مەيلى كۆپ، مەيلى ئاز لەشكەر بىلەن باراي نامەردلىك بولىدۇ. جاھاندىكى باھادىر ـ ئەزىمەتلەر مېنى مازاق قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، تەخت ـ سەلتەنەتنى قولۇمغا ئالغۇم بار. لېكىن خان تاغامنى باتۇرلۇقۇم بىلەن يېڭىپ، قايىل قىلىپ ئاندىن ئالغۇم بار. ھازىر خان تاغام ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايۋاتقان، ھەتتا يۈزىگە قونغان چىۋىننىمۇ قورۇشقا ماجالى يەتمەيۋاتقان ۋاقىتتا، يەنە كېلىپ موڭغۇللار بارسكۆلنى بېسىۋېلىپ، قومۇلغا تەھدىت سېلىۋاتقان چاغدا تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرۇشقا ئالدىرىسام ئەل ـ رەئىيەت نېمىدەپ قالۇر؟ خان تاغامنىڭمۇ ساداقەتمەن سەركەردىلىرى بار، ئۇلارمۇ بىر چەتتە قاراپ تۇرماس. ئۇلار بىلەن ياغى قىلسام چوقۇمكى قان تۆكۈلمەي قالمايدۇ. سەلتەنەتىمىزگە تەئەررۇز قىلغان ياۋ بىلەن كارىمىز بولماي، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشساق، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قالغاننى ئاز دەپ، مۇناپىق دېگەن بەتنامغا قالىمەدىمەن...»

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىدىلا ئالىيلىرى؟ — سورىدى سەييىدئەلى شاھزادىنىڭ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

شاھزادە ئاستا بېشىنى كۆتۈردى.

— ئول مەكتۇپنى ئۆزلەمۇ ئوقۇپ باقسىلا ئەمىرزادەم.

سەييىدئەلى ئالپ مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ تېزلا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— ئۆزلەنىڭ ئويلىرىنى بىلىپ باققۇم بار، — دېدى شاھزادە سالماقلىق بىلەن.



www.uyghurkitap.com

— تاجۇتەختنى قوللىرىغا ئالىدىغان پۇرسەت ئاخىرى پىشىپ يېتىلىپتۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، — ئەمدى ئاستانىگە زىيادە كۆپ لەشكەر توپلاپ بېرىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى قالماپتۇ. ئالدىراپ قالساق قېيىنئاتىلىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىدىن بىرەر ـ ئىككى مىڭ لەشكەر سورارمىز.

— مېنىڭ قېيىنئاتامنىڭ سايىسىدا، تۈركىستان لەشكەرلىرىگە تايىنىپ تاجۇتەختنى ئالغۇم يوق، — دېدى شاھزادە گەپنى چورتلا كېسىپ.

— ئۇنداق بولسا، ئاستانىگە بارغۇچە ئاز ـ تولا لەشكەر توپلايلى. پەمىمچە تۆت ـ بەش مىڭ لەشكەرنى كۈچىمەيلا جۇغلىيالايمىز.

شاھزادە ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالىپنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئۆزلەچە ھازىر تاجۇتەخت شۇنچە زۆرۈرمىدۇ ئەمىرزادەم؟

سەييىدئەلى ئالىپ تەئەججۇپلەندى:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ئالىيلىرى ؟

— مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەر تاپتىلا، ئول ھەمەتسىز خان تاغامنىڭ شول تاپتا ئېغىر كېسەل ئاسارىتىدە چىدىۋىن قورىغۇدەكمۇ ماجالى يوق ئىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ بىزگە قانداقمۇ رەقىب بولالىسۇن؟ رەقىب دېگەن گەرچە ئاجىز بولسىمۇ ساق، بەردەم بولغىنى تۈزۈكتۇر. مۇشۇنداق ئەھۋالدىكى ئادەمگە تىغ تەڭلەپ بېرىش نامەردلىك بولماسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغى دېگەن ئۆلۈم ـ يېتىمگە سەۋەب بولىدۇ. ئويلاپ باقسام ئەمىرزادەم، مەن تۈركىستان لەشكەرلىرىنى مەيلى جىق، مەيلى ئاز باشلاپ باراي، بەربىر ئۆز ئېلىمگە ياتلارنى باشلاپ بارغان ئاتاقتا قالىمەن. ئول چاغدا ئوردىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرلا ئەمەس، ئادەتتىكى ئاۋام ـ رەئىيەتمۇ مېنى مۇناپىقلىقتا، تۈزكورلۇقتا ئەيىبلەيدۇ. ھەقىقىي باھادىر دېگەن ئۆزىگە، ئۆز قوۋمىغا تايىنىشى

كېرەك. مەن تۈركىستان سۇلتانىنىڭ كۈيۈ ئوغلى بولسامۇ، لې-
كىن ئۆز پەرزەنتى ئەمەسمەن. مەيلى مەن نەدىلا بولماي، ئۆزۈمنى
بۈيۈك ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پەرزەنتى دەپ ھېسابلايمەن. شۇڭا ھەر-
قانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئانا ۋەتىنىمگە يات ئەلنىڭ سەر-
كەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ بارالمايمەن. ئۇنداق قىلسام باھا-
دىرلىق، ئوغلانلىق شەۋكىتىمگە داغ تەگكۈزۈۋالىمەن. ئول چاغدا
ئەل ـ رەئىيەتمۇ مېنى پاسىبان بولۇش لاياقىتى يوق دەپ ھىمايە
قىلمايدۇ. بابا ئەل ـ يۇرتتىن تۆت ـ بەش مىڭ لەشكەر توپلىماق
ئانچە تەس ئەمەس دېدىلە. راست، بۇ مۇمكىن، لېكىن مەن بۇ
لەشكەرلەر بىلەن ئاشۇ نىمجان تاغامغا قارشى ياغى قىلسام ئۆز-
لەچە بولۇرمۇ؟ مەيلى ئوردىدىكى خان لەشكەرلىرى بولسۇن، مەيلى
بىز توپلىغان لەشكەرلەر بولسۇن، ھەممىسى ۋەتەنداشقۇ؟ ئۇلار
بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكسە، بېشىنى كەسسە توغرا بولۇرمۇ؟
ۋاقتى كەلگەندە بىز بارسكۆلگە بېسىپ كىرگەن موڭغۇللار بى-
لەن، قەشقەرنى بېسىپ ياتقان سەمەرقەنت لەشكەرلىرى بىلەن
كىمگە تايىنىپ ياغى قىلىمىز؟

سەييىدئەلى ئالپ تېڭىرقىدى، ۋۇجۇدى بىر قېتىم سىل-
كىندى.

ــ ئەمىسە قانداق قىلساق بولۇر ئالىيلىرى؟ سۇلتان شىر-
مۇھەممەدخانىنىڭ نىمجان ئەھۋالىنى دەپ تەخت ـ سەلتەنەتتىن
ۋاز كەچسىلىمۇ بولماس، بابائى بۇزرۇكىنىڭ خېتىدە قەيت قىلى-
نىشىچە، شىرمۇھەممەدخان سەركەردىلەرنىڭ موڭغۇللارنىڭ تە-
ئەررۇزىغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشىغا پەرمان بەرگىلى ئۇنى-
ماپتۇ. ئاشۇنداق تۇرۇۋېرىدىغان بولسا موڭغۇللار قومۇلنىمۇ بې-
سىۋالىدۇ.

ــ ئەينى مۇددىئا، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان چوڭقۇر
خىيالغا پاتقان ھالدا، ــ مېنىڭچە، ئۆز ھاجىتىدىن چىقالمىغۇدەك
ئەھۋالدا ياتقان خان تاغام ھازىرچە بىزگە رەقىب بولالماس. شۇڭا

ھازىرچە تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنى موڭغۇل تەئەررۇزىغا تاقابىل تۇرۇشقا دەۋەت قىلايلى. بېسىپ ئۆتكەنكى يۇرتلاردىن قانچىلىك لەشكەر توپلىساق، شۇنچىلىكنى ئېلىپ تۇرپانغا ئەمەس، ئۇدۇل قومۇلغا بارايلى. قومۇل ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزا مەردۇ مەردانە، ساداقەتمەن كىشى، ئۇ چوقۇم تەئەررۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بىز بىلەن كۆمەكلىشىدۇ. تەسەررۇپىمىزدىن باسقۇنچىلارنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئاندىن باشقا ئىشلارغا باش قاتۇرارمىز.

سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادىگە قايىللىق بىلەن نەزەر تاشلىدى.

— ئالىيلىرىنىڭ مۇلاھىزىسى كۆڭلۈمدىكى تۇمانلارنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. بايا تەخت ـ سەلتەنەتنى ئېلىش سەۋداسىدا تولىمۇ كالتە پەملەرچە ئويلاپتىمەن. ئۇنداقتا قاچانراق يولغا چىقساق بولۇر؟

— دەرھال ھازىرلىق كۆرەيلى، كېچىككەندىمۇ ئىككى كۈن ئىچىدە يولغا چىقايلى.

ۋۇجۇدى قايتىدىن ئۇمىد ـ ئىشەنچكە تولغان سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادە بىلەن خوشلاشتى.

※ ※ ※

تۈركىستان ھۆكۈمدارى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ تۇيۇقسىزلا يۇرتقا قايتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ كۈيئوغلىغا ئەۋەتكەن خېتىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇدى. كۈيئوغلىنىڭ ئۇدۇل تۇرپانغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ چۈشۈن قورۇشقىمۇ ماجالى يەتمەي ياتقان تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاندىن تاجۇتەختنى تارتىۋالماي، قومۇلغا بېرىپ موڭـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇللار بىلەن جەڭ قىلماقچى بولغانلىقىغا ئانچە قايىل بولمىدى.
«شاھزادىنىڭ نىمە قىلغىنى بۇ؟ ئۇلۇسبېگى گەپنى ئوچۇق قىلىپتىغۇ مانا. ئۇدۇل تۇرپانغا بېرىپ تاجۇتەختنى قولىغا ئالسا، ئۇلۇسبېگىدەك كۈچلۈك قوللىغۇچىسى بولغاندىكىن كىممۇ غىڭ قىلالايدۇ؟ كېسەل ياتقان شىرمۇھەممەدخاننىڭ قولىدىن نىمە كې-لەتتى...»
— ئاۋۋال تۇرپان تەختگاھىنى قوللىرىغا ئالغانلىرى ياخ-شىدى، — دېدى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن مەسلىھەت تەرىقىسىدە سۆزلەپ، — ناۋادا قومۇلغا بارغانلىقلىرى سۇلتان شىرمۇھەم-مەدخاننىڭ قۇلىقىغا يەتسە، ئارقىلىرىدىن لەشكەر ئەۋەتمەيدۇ دې-گىلى بولمايدۇ. ئۇل چاغدا موغۇللار بىلەن خان لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا قالماسلىمۇ؟ ئاۋۋال تاجۇتەختنى قوللىرىغا ئېلىۋېلىپ، ئاندىن موغۇللارغا جازا يۈرۈشى قىلسىلىمۇ كېچىككەن بولمايت-تىلە. ناۋادا تۇرپاندىكى سەركەردىلەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكىدىن ۋايىم يېسىلە، سىلى — پەرزەنتىمىز ئۇچۇن بىرەر تۈمەن لەش-كەرنى زىنھار ئايىمايمەن.
— ھىممەتلىرىگە رەھمەت ئالىيلىرى، — دېدى شاھزادە قېيىنئاتىسىغا تەۋازۇ بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — ئۆز ئې-لىنى ياتلارنىڭ تەئەررۇزىدىن قوغدىماي تاجۇتەخت غېمىدە بولۇش ھەقىقىي باھادىرلارنىڭ پەزىلىتى ئەمەس. غۇرۇرىنى پايخان قىلىش بەدىلىگە باشقا كىيگەن تاج ھۆكۈمدارغا ھارامدۇر. شۇڭا كېسەل ئازابىدا ئىگراپ ياتقان زەئىپ خاننىڭ بېشىدىكى تاجنى ئېلىش-تىن، زېمىنىمىزغا تەئەررۇز قىلىشقا پېتىنغان باسقۇنچىلارنىڭ قانلىق قىلىچىغا روبىرو كېلىشنى مۇناسىپ كۆردۈم. ئاگال ئانا ۋەتىنىمىز ياتلارنىڭ ناپاك ئايىغىدىن خالىي بولسۇن. تاجۇتەخت ئىشىنى ئاندىن ئويلىشارمەن. ئاللاھنىڭ ئىجازىتىسىز قىل تەۋ-رىمەس دەپتىكەن. تەقدىرنىڭ پېشانەمگە پۈتكىنى باردۇر. ئالىي-لىرى چەكسىز ھىممەتلىرى بىلەن ئېغىر كۈنلەردە بېشىمىزغا

چۈشكەن كۈلپەتلەرنى دەپئى قىلدىلا. يەنە تېخى بىزنى لاماكان، ساياق كۆرمەي ئۆزلىرىگە كۈيۈ ئوغۇل ـ پەرزەنت قىلىپ مېھىر ـ شەپقەتلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزدىلە. ئەمدىلىكتە بىر تۈمەن لەشكەر ئىلتىپات قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا، ھىممەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. لېكىن بۇنى قوبۇل قىلالمايمىز. چۈنكى، بىر تۈمەن تۈركىستان لەشكىرى موغۇلىستانغا قەدەم باسسا، موڭغۇللارنىڭ تەھلىكىسىدە تۇرغان ئەل ـ يۇرت يەنە بىر ياۋغا دۇچ كەلگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ ئېھتىيات قىلىدۇ، كۆڭلىدە ۋەھىمە پەيدا بولىدۇ، مېنى ۋەتىنىگە ياتلارنى باشلاپ كەلدى دەپ ئىزتىراپ چېكىدۇ، كۆڭلى سوۋۇيدۇ. ئۇل چاغدا مېنى ئەمەس، سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننى قوللايدۇ. شۇڭا ھەرنە كۆرسەم ئەل ـ ئۇلۇسۇم بىلەن كۆرەي، قايتىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا.

ئەمىر شەيخ نۇرىددىن شاھزادە ئۇۋەيسخانغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى.

ــ ئاغىچىلىرىنى قانداق قىلىلا؟

شاھزادە ئۇۋەيسخان قېيىنئاتىسىنىڭ كۆزىگە يالت ئېتىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ پەزىلەتلىك خاتۇن ئۆز كۈيۈسى بىلەن بىللە تېتىغان سىركىنى ھالگا[①] دەپ بىلىدۇ. مەلىكەم ئەنە ئاشۇنداق پەزىلەتلىك خاتۇنلار تائىپىسىدىندۇر. ئالىيلىرىنىڭ قۇياشتىن ھارارەتلىك ئاتىلىق مېھرىدە غەمسىز ئۆسكەن ئۇل نازۇك گۈلنىڭ كەمىنەلەرىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ سەپەر مۇشكۈلاتلىرىدا رىيازەت چېكىشى ئېنىق. لېكىن ئىمكانىمنىڭ يېتىشىچە ئۇنى رىيازەت تارتقۇزمايمەن، كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن. شۇڭا، ئالىيلەرىنىڭ مەلىكىنىڭمۇ مەن بىلەن بىللە كېتىشىگە ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن.

ــ بىز مەلىكىنى شاھزادە ئالىيلىرىغا ئۆز رازىلىقىمىز بى-

① ھالگا ــ ھالۋا (تۇرپان شېۋىسى).

لەن نىكاھلاپ بەرگەنمىز. گەرچە مەلىكە بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز بولسىمۇ، لېكىن ھازىر سىلىنىڭ ئەھلى ئاياللىرىدۇر. شۇڭا ئۇنى سىلىدىن ئايرىۋېلىشقا ھەققىمىز يوقتۇر. پەقەت ئۇنىڭ رىيازەت چېكىشىدىن ۋايىم يەيمىز. ناۋادا مەلىكىمىز شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن بىللە رىيازەت چېكىشنى ئىختىيار قىلسا، بىزمۇ رازى، ئاق يول تىلەشتىن ئۆزگە ئامالىمىز يوقتۇر.

شاھزادە ئۇۋەيسخان يېنىدا يەرگە قاراپ تۇرغان مەلىكە دۆ- لەتسۇلتان خېنىمغا يالت ئېتىپ قارىدى.

— مەن شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن ئىكەنمەن، شاھزادە ئۈچۈن چەككەن ھەرقانداق رىيازەت - مۇشكۇلاتنى راھەت دەپ بىلىمەن. خان ئاتامنىڭ رازى بولۇشىنى تىلەيمەن، — مەلىد- كە بىر چەتتە كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرغان ئانىسىغا قاراپ ئېگىل- دى، — سىلىمۇ رازى بولسىلا ئانا.

خانىش بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە تەتۈر قارىۋالدى.

— مەن رازى قىزىم، — دېدى يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرغان ئەمىر شەيخ نۇرىددىن بوغۇق ئاۋازدا، — كۈيۈلىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالسىلا، دىلىنى رەنجىتمىسىلە، — ئەمىر بىرنەچ- چە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن شاھزادىگە يۈزلەندى، — ھەر- قانداق مۇشكۇلاتقا دۇچار بولسىلا دەرھال خەۋەر ئىبەرسىلە، قو- لۇمدىن كېلىشىچە ھەمدەم بولىمەن. لەشكەر ئېلىۋېلىشنى خالى- مىسىلا، ھېچبولمىسا بىرەر يۈز نۆكەر بولسىمۇ ئېلىۋالسىلا، نۆ- كەرلىرىمنىڭ ئەڭ باھادىرلىرىنى دىلخاھلاپ بېرەي. ئۇلارنى ئۆز- لىرىگە ھەمدەمچى دەپ بىلمەي، مەلىكىنىڭ قورۇقچىلىرى دەپ بىلسىلە. ھېچبولمىسا سەپەر ئۈستىدە ئاياللار، بالىلارغا قورۇق- چىلىق قىلسۇن.

— ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان يۈز نەپەر قورۇقچى ئېلىۋېلىشقا ماقۇل بولۇپ.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە ئۇۋەيسخان قېيىنئاتىسى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

خوشلىشىپ تاڭ سەھەردە ئانا ۋەتىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

## 16

— قومۇل.

تېخى ئەمدىلا باشلانغان كۈز پەسلى بۇ مېھرى ئىسسىق قەدىمىي بوستانلىقنى خۇددى تولغان جۇۋانغا ئوخشاش ئاجايىپ جەلپكار، نازاكەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەندى. شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامال ئاللىقاياقلاردىن دۇر مەززىلىك قوغۇن ھىدىنى دىماغقا ئۇرۇپ، خۇددى نازىنىنىنىڭ راھەتلىك تىنىقىدەك جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئاق كۆڭۈل، بۇز مىجەز، تۇغما باھادىر قومۇل خەلقى شۇ كۈنلەردە بارسكۆلدىن قومۇلغا قاراپ كېلىۋاتقان موڭغۇللارنىڭ يولىنى توسۇپ جەڭ قىلىۋاتقان بولغاچقا، پىشىپ مەي باغلاپ، ساپىقىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن قوغۇنلار ئېتىزلىقلاردا يىغىقسىز قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن پۈتكۈل قومۇل ۋادىسىنى قوغۇن ھىدى قاپلاپ كەتكەنىدى.

قومۇل ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ لەشكىرىي ئىشلار كېڭەشخانىسىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىغانىدى. كېڭەشخانىنىڭ تۆر تەرىپىدە شاھزادە ئۇۋەيسخان، سەييىدئەلى ئالپ، سەركەردە بوران خوجا، پەگا تەرىپىدە قومۇلنىڭ نائىب ئەمىرى سۈپۈرگە مىرزا، ئەمىر لەشكەر راجى خوجىنىياز، ئىشكئاغا ئاخۇنبەگ، سەركەردە مەڭلىك ئاقنىيازلار ئورۇن ئېلىشقانىدى. شۇ تاپتا شاھزادە ئۇۋەيسخان ئەمىر سۈپۈرگە مىرزىدىن تەقەززالىق بىلەن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى.

ئەمىر سۈپۈرگە مىرزا ئولتۇرغان ئورنىدىن بىرئاز قىمىرلاپ قويۇپ گېلىنى قىردى. قىزغۇچ شالاڭ ساقال باسقان ئاق سېرىق چىرايىدىن ئاللىقانداق مۇھىم بىر ئىشتا بىر قارارغا كېلەلمەي

ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم گېلىنى قىرىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:
— ئوردىنىڭ شاھزادە ئالىيلىرىنى تۇتۇش پەرمانى چىقارغانلىقىغا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى. سەلتەنەت قانۇنى بويىچە شاھزادە ئالىيلىرىنى تۇتۇپ ئوردىغا ئەۋەتىپ بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما، شاھزادە ئالىيلىرى ھازىر دىيارى قومۇلغا بىر قاچقۇن تەرىقىسىدە ئەمەس، ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا كەلگەن ياغىغا ياغى بولۇش ئۈچۈن سەركەردە، سىپاھ تەرىقىسىدە قەدەم كەلتۈرۈپتۇ. خان ئالىيلىرىنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا خېلى ئايلار بولۇپ قالدى. موڭغۇللارنىڭ بارسكۆلنى بېسىۋېلىپ قومۇلغا تەھلىكە سېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئوردىغا ئۇزۇلدۇرمەي مەلۇمات يوللاپ تۇرۇۋاتىمىز. تا بۈگۈنگىچە ئوردىدىن ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمىدۇك. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەركەك زاتىنىڭ ھەممىسى قولىغا ياراغ ئېلىپ باسقۇنچىلارنىڭ يولىنى توسۇۋاتىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتتىن خەۋەر تېپىپ، يىراق تۈركىستاندىن يولغا چىقىپ، ئەتراپىغا يۇرت سۆيەر ئەزىمەتلەرنى يىغىپ، بىزلەرگە كۆمەكلىشىش ئۈچۈن كەلگىنىدىن راستتىنلا سۆيۈنۈپ كېتىۋاتىمىز. شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ بۇ باھادىرلىق جاسارىتى بىزلەرگىمۇ قومۇل رەئىيىتىنىڭ غەيرىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. گەرچە بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنىڭ پاسىبانى سۇلتان شىر مۇھەممەدخان ئالىيلىرى بىلەن شاھزادە ئالىيلىرى مۇخالىپلاردىن بولسىمۇ، ھازىرقى پەيتتە ئول باسقۇنچىلار ئول مۇخالىپلارنىڭ ئورتاق ئەغيارىدۇر. ئەل ـ يۇرتنى ياغىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەرنى توختىتىپ، كۆمەكلەشمەك ئەلۋەتتە پەرزدۇر. ئەمماكى، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرىنىڭ ئاداۋەتنى قايرىپ قويۇپ، باسقۇنچىلارغا قارشى تۇرغۇدەك رىغبىتى بارمۇ ـ يوق، بۇنىسى بىزگە قاراڭغۇدۇر. شاھزادە ئالىيلىرى تاجۇتەخت ئۈچۈن ئەمەس،

ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كەلگەنىكەن، خان يارلىقىغا خىلاپلىق قىلىش كاللا كېتىدىغان ئېغىر گۇناھ بولسىمۇ، يەنىلا يارلىققا خىلاپلىق قىلىشنى لايىق كۆردۈك. جانابى بەگلىرىم، ـــ دېدى ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا ئەتراپىدىكى بەگ، سەركەردىلىرىگە قاراپ، ـــ كەمىنە نائىب ئەمىرلىرىنىڭ كالتە پەمىمچە، ھازىر خان يارلىقىغا ئىتائەت قىلىپ شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن قارشىلاشقاندىن كۆرە، شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن بىر نىيەتتە ھەمدەم بولۇپ، باسقۇنچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەۋزەلدۇر. ئۇل سەۋەبتىن خان ئالىيلىرى قانچىلىك غەزەپ قىلسا بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز گەردىنىمگە ئالۇرمەن. مادامىكى، جانابى بەگلىرىم كەمىنەنىڭ بۇ تەكلىپىنى لايىق كۆرمىسە، ھازىرلا ئاستانىگە بېرىپ خان ئالىيلىرىغا ئەرز قىلسا بولىدۇ. قىلچىلىك رەنجىمەيمەن ھەم يولىنىمۇ توسمايمەن. ئىختىيار ئۆزلەردە. كەمىنە ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن بوستان ـ چىمەندە بولغاندىن كۆرە دوستلار بىلەن كىشەندە بولغىنىم مىڭ ئەۋزەل.

ئەمىر سۇپۇرگە مىرزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى ۋە كۆزىنى باشقا قومۇل بەگلىرىگە تىكتى.

ـــ جانابى ئەمىر شۇنداق نىيەتكە كەلگەنىكەن، بىز ئەلۋەتتە پەرمانبەردارلىقتىن باش تارتمايمىز، ـــ دېدى ئەمىرلەشكەر راجى خوجىنىياز.

ـــ جانابى ئەمىر كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدى، ـــ دېدى ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ، ـــ ئاگال باسقۇنچىلارنى تەسەررۇپىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلايلى. شاھزادە ئالىيلىرى بىلەن كۆمەكلەشكىنىمىز ئۈچۈن خان ئالىيلىرى غەزەپ قىلسا، بىر ئۆلۈش جازانى بىزمۇ گەردىنىمىزگە ئالۇرمىز.

ـــ ئۆزلە نېمە دېسلە بىز شۇ، ـــ دېدى سەركەردە مەڭلىك ئاقنىياز سۇپۇرگە مىرزىغا قاراپ، ـــ بىرنەچچە ئايدىن بېرى

ئوردىنىڭ ھېچقانداق لەشكىرىي ياردىمىنى كۆرمىدۇق. باسقۇن-
چىلار بىلەن بولغان بىرنەچچە قېتىملىق ياغىدا باھادىر لەشكەر-
لىرىمىزلا ئەمەس، ئاۋام ـ رەئىيەتمۇ ئاز تالاپەتكە ئۇچرىمىدى.
ھېلىمۇ ئاۋام يەيدىغىنىنى بىزگە ئەكىلىپ بېرىۋاتىدۇ. ۋاقىت
مۇشۇنداق سوزۇلۇۋەرسە بەرداشلىق بېرەلمەي قالاتتۇق. تەلىيى-
مىزگە شاھزادە ئالىيلىرى ئەل ـ يۇرتتىن مىڭلىغان شىر پەنجە-
لىك ئەزىمەتلەرنى يىغىپ كۆمەكلىشىشكە كەپتۇ، بۇ ئاللاھ تائالا-
نىڭ بىزگە قىلغان كاتتا ئىنايىتىدۇر.

ــ جانابى بەگلىرىمىنىڭ جاسارىتىگە تەسەننا، ــ دېدى ئە-
مىر سۇپۇرگە مىرزا مەمنۇن بولغان ھالدا، ــ ئەمدى ئاۋام ـ رە-
ئىيەتكىمۇ، ئەجدادلىرىمىزغىمۇ يۈز كېلەلەيدىغان بولدۇق.

ــ تۈركىستاندىكى چېغىمدىلا قومۇل دىيارىدىكى جانابى ئە-
مىر ـ بەگلەرنىڭ ساداقىتىدىن قىلچىلىك گۇمانلانمىغانىدىم، ــ
دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان رازىمەنلىك بىلەن، ــ خاتىرجەم بو-
لۇشىلىكى، ئول باسقۇنچىلارنى تۇپرىقىمىزدىن قوغلاپ چىقار-
غاندىن كېيىن ھەربىرلىرىنى قىلچىلىك تەڭقىسلىقتا قويماي
قومۇلدىن دەرھال كېتىمەن، ھەم شۇنىمۇ بىلىپ قېلىشىلىكى،
گەرچە جانابى خان تاغام بىلەن تاجۇتەخت سەۋەبىدىن ئاداۋەتلەش-
كەن، كېلىشتۈرگىسىز مۇخالىپلارغا ئايلانغان بولساقمۇ، ئېغىر
كېسەل ئازابىدا ئۆز ھاجىتىدىن چىقالماي ياتقان رەقىبتىن تاجۇ-
تەختنى تارتىۋېلىش نىيىتىدە بولمايمەن. چۈنكى، رەقىب ئاجىز،
زەئىپ ۋاقىتىدا جەڭگە ئۇندەش نامەردلىكتۇر. ئۇنىڭ تېزرەك شىپا
تېپىپ كەمىنە بىلەن روبىرو ياغى قىلالىشىنى كۈتۈمەن. شۇ
چاغدا جانابى بەگ ـ سەركەردىلەر خالىسا خان تاغامنى، خالىسا
كەمىنە ئۇۋەيسخاننى پاسىبانلىققا دىلخاھلىسىلا بولىدۇ.

ــ ئادىل، رەئىيەتپەرۋەر، شىر سۈپەتلىك پادىشاھلار ئاللاھ
تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى رەھمەت سايىسىدۇر. ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ ـ
ئۇششاق ئەل ـ ئۇلۇس پاناھلىنىپ بەھرىمەن بولىدۇ، ــ دېدى
ھاياجانلانغان سۇپۇرگە مىرزا، ــ گەرچە سۇلتان شىرمۇھەممەد-

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خان ئالىيلىرىنى رەھمەت سايىمىز بىلىپ كەلگەن بولساقمۇ، بېشىمىزغا كەلگەن موڭغۇللارنىڭ كۆلپىتى شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ جاسارىتى بىلەن دەپئى بولغىنىدۇر. شول تاپتا شاھزادە ئالىيلىرىغا كىچىككىنە تەكلىپىم بار، قوبۇل قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.

— خوش، قۇلىقىم ئۆزلەدە، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان.

— گەرچە ئوردىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئۆزلەنىڭ شاھزادىلىك مەرتىۋىلىرى باردۇر. بىز قومۇل ۋىلايىتىنىڭ نائىب ئەمىرى بولساقمۇ، مەرتىۋىمىز تەڭ ئەمەستۇر. شۇڭلاشقا شاھزادە ئالىيلىرى جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇنىمىزنىڭ ئەمىر لەشكىرى بولۇپ بەرسە، بىز ئاتقان ئوقلىرى بولۇپ سەركەردىلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلساق.

— ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ جانابى ئەمىر؟ — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي، — ئۆزلە دېگەن مەرھۇم جەننەتماكان بابائى بۇزرۇك سۇلتان مۇھەممەدخان ئالىيلىرى يارلىق چۈشۈرۈپ مەنسەپكە تەيىنلىگەن ئوردا ئەمىرى، گەرچە بىز نەسەب جەھەتتىن شاھزادە بولساقمۇ، خان تاغام مەنسىپىمىزنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن. شۇڭا قوشۇنغا يەنىلا ئۆزلە رەھنەما بولغانلىرى تۈزۈك.

— بىز ئاللىقاچان خان يارلىقىغا سەركەشلىك قىلىشقا پىتىندۇق. ئەمدى ئوردا يوسۇنى، سەلتەنەت قانۇنلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت قالمىدى. بولۇپمۇ ھازىرقى مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، — دېدى سوپۇرگە مىرزا، — بابا ئېيتقىنىمدەك، گەرچە مەنسەپ جەھەتتە بىز ئۈستۈن تۇرساقمۇ، نەسەب جەھەتتە يەنىلا ئۆزلە ئۈستۈن تۇرىدىلا. ئۆزلە رەھنەما بولسىلا پۈتكۈل قوشۇننى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقىلا ئەمەس، جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇشقىمۇ كۆپ پايدىسى بار. شۇڭا تەكلىپىمىزنى رەت قىلمىغايلا.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلمىغايلا ئالىيلىرى، — دېدى باشقا سەركەردىلەرمۇ.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرسىلە ئالىي-

لىرى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپمۇ ئېغىز ئېچىپ، ــ ئاۋام ـ رەئىيەت شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ياغى قىلـ ـ ماق ئۈچۈن كەلگىنىنى بىلسە روھى كۆتۈرۈلىدۇ، جاسارىتى ئۇر ـ غۇيدۇ.

ــ جانابى ئەمىرلەرنىڭ ئارزۇسى شۇ بولسا رەت قىلىشقا ئا ـ مالىم يوقتۇر، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان.

ــ ئۇنداق بولسا، تېزرەك پەرمان بەرسىلە ئالىيلىرى، ــ دېدى باياتىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان سەركەردە بوران خو ـ جا، ــ بۇ يەردە قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇۋەرمەي، ئول ياغىد ـ نىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتايلى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان بۇ قوپال، ئالدىراڭغۇ سەركەردىسىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئۇنداق بولسا جانابى سەركەردىلەر پەرمان قوبۇل قىلـ ـ غاي.

ھەممەيلەن شاھزادىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قەددىنى رۇسلاپ تىك ئولتۇرۇشتى.

ــ ئەمىر سۈپۈرگە مىرزا جانابلىرى پۈتكۈل قوشۇننىڭ يانداش ئەمىر لەشكىرى بولۇپ قەلب[1]دە تۇرغاي. ئەمىرزادە سەي ـ يىدئەلى ئالپ بەرانغار[2]، جەۋانغار[3] قوشۇننىڭ سەركەردىلىكىنى، سەركەردە راجى خوجىنىياز بەرانغار قوشۇننىڭ يانداش سەركەردى ـ لىكىنى، سەركەردە بوران خوجا جەۋانغار قوشۇننىڭ يانداش سەر ـ كەردىلىكىنى، ئىشىكئاغا ئاخۇن بەگ چاغداۋۇل[4] قوشۇننىڭ سەركەردىلىكىنى، سەركەردە مەڭلىك ئاقنىياز يەزەك[5] قوشۇننىڭ سەركەردىلىكىنى ئۈستىگە ئالغاي، لەشكىري ياساق قاتتىق

① قەلب ــ قوشۇننىڭ ئوتتۇرى، يۈرىكى.
② بەرانغار ــ سول قانات.
③ جەۋانغار ــ ئوڭ قانات.
④ چاغداۋۇل ــ ئارقا مۇھاپىزەت قوشۇنى.
⑤ يەزەك ــ ئالدىن يۈرۈپ چارلىغۇچى قوشۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەجرا قىلىنغاي، باشباشتاقلىقىقا زىنھار ئورۇن بېرىلمىگەي!

— پەرمانبەردارمىز! — دېيىشتى بارلىق سەركەردىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ.

— جاي ئالسۇنلار، — دېدى شاھزادە سەركەردىلەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ.

— قۇرۇق مۇلاقات قىلىپ ئولتۇرۇۋەرمەي ئالىيلىرى، — دېدى سەركەردە بوران خوجا، — ئەمدى ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان بەرگەيلا.

— ئالدىرىمىغايلا سەركەردە، — دېدى شاھزادە تەمكىنلىك بىلەن، — ئاگال پۇختىراق تەدبىر تۈزۈۋالايلى. بىزنىڭ ياۋنىڭ ئەھۋالاتىدىن تېخى تۈزۈك خەۋىرىمىز يوقتۇر. ئەمىر لەشكەر سۈپۈرگە مىرزا جانابلىرىنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ باقساق. ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەندە ئاندىن غەلىبە ـ نۇسرەتكە يۈزلەنگىلى بولۇر.

— ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سانى بىزنىڭكىدىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكمۇ ھەم تولۇقتۇر، — دېدى ئەمىر سۈپۈرگە مىرزا، — ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەرلىرىنىڭ پىيادىلىرى ئاز، ئاتلىقلىرى كۆپ، بىزنىڭكى بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. نەچچە ئايدىن بېرى ئوردىدىن ھېچقانداق ياردەم بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن زاپاس ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشىكىمىز تۈگەيلا دەپ قالدى. ئاۋام ـ رەئىيەتمۇ ياغىنىڭ تەھلىكىسى بىلەن بولۇپ، دېھقانچىلىقى ياخشى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋامنىڭ قولىدىمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈك كەمچىل. ئەگەر مۇشۇنداق تىركىشىپ تۇرۇۋېرىدىغان بولساق، لەشكەرلەر بىلەن ئاۋام ياغىدا قىرىلمىغان تەقدىردىمۇ، قارا قىشتا ئاچلىقتىن قىرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىمىز دەيدىكەنمىز، تېز جەڭ قىلىپ، تېز غەلىبە قىلغىنىمىز ئەۋزەل.

— پەمىمچە، ياۋ سەركەردىلىرى قومۇلنىڭ يەر شارائىتى بىلەن ئانچە تونۇش ئەمەسقۇ دەيمەن، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ

سۇپۇرگە مىرزىغا قاراپ.

ـــ راست دەيدىلا ئەمىرزادەم، ـــ دېدى سۇپۇرگە مىرزا، ـــ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز پەقەت ئەۋزەل يەر شارائىتىمىزدىن پايدىلىنىپلا ياۋنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ تۇرالىدۇق، شۇڭا قومۇل شەھىرى ھازىرغىچە ئامان قالدى.

ـــ ئۇنداق بولسا بىز مۇشۇ ئەۋزەل شارائىتىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنايلى، ـــ دېدى سەيىدئەلى ئالپ ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ، ـــ بىز ھازىرغىچە مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگىنىمىز ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم ھالىتىدە تۇرغان ياۋ لەشكەرلىرى بىرئاز بىخۇد بولسا كېرەك. مانا بۇ تەرىپى بىز ئۈچۈن پايدىلىق. ئەمدى بىز ياۋنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قىلايلى.

ـــ ھەببەللى، ماۋۇ گەپ جايىدا بولدى، ـــ دېدى سەركەردە بوران خوجا، ـــ شاھزادە ئالىيلىرى پەرمان بەرسە كەمىنە تۇرشاۋۇل[1] بولۇشنى خالايمەن.

ـــ مەنمۇ سەركەردە بوران خوجىغا ھەمدەم بولۇپ تۇرشاۋۇل[1] بولاي، ـــ دېدى سەركەردە مەڭلىك ئاقنىياز.

ـــ نەچچەن ۋاقىتتىن بېرى مۇداپىئەدە تۇرۇپ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتتى، ـــ دېدى سەركەردە راجى خوجىنىياز، ـــ بىزمۇ تۇرشاۋۇل بولۇشقا تەييارمىز، ئول باسقۇنچىلار بىز قومۇللۇقلارنى ئىنىغا كىرىۋېلىپ مۆكۈنۈۋېلىشتىن باشقىغا يارىمايدىغان چاشقان ئوخشايدۇ دەپ قالمىسۇن يەنە.

ـــ جانابى سەركەردىلەرنىڭ جاسارىتىگە تەسەننا، ـــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، ـــ بىراق، قارا كۈچكىلا تايانساق بولماس. بايا سۇپۇرگە مىرزا جانابلىرى ياۋنىڭ پىيادىلىرى ئاز، ئاتلىقلىرى كۆپ دەپ مەلۇمات بەردى. بىزنىڭ بولسا ئاتلىقلىرىمىز بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا، پىيادىلىرىمىز بىلەن ئاتلىق ياۋغا ھۇجۇم قىلساق تالاپەت كۆپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ياخشىراق بىر تەدبىر تۇ-

① تۇرشاۋۇل ـــ ئالدىن ھۇجۇم قىلغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

زەيلى. ياغىنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دەپتىكەن. رەڭ تەدبىرى ھەققىدە ئەقىل كۆرسەتكەيسىزلەر.

— ئاتلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئوق-يا، — دېدى ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ، — لەشكەرلىرىمىز ئارىسىدىن ئەڭ مەرگەنلىرىنى تاللاپ تۇرشاۋۇل قىلايلى.

— ئارى①، ئىشىكئاغا جانابلىرىنىڭ تەدبىرى مۇۋاپىق، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، — ئەمما، سەلدەك باستۇرۇپ كەلگەن ئاتلىقلارغا ئوقيا بىلەن ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ بولماس. كالتە پەمىمچە، ئاۋام بىلەن لەشكەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئەتە تاڭ يورۇغۇچە ھەم كەڭرى، ھەم چوڭقۇر قىلىپ خەندەك قازايلى. ئاندىن خەندەكنى لاي ـ پاتقاق بىلەن تولدۇرايلى. بىز خەندەكنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرۇپ ياۋ لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئۈندەيلى. ياۋ لەشكەرلىرى بىزنى قوغلاپ ئات سالغان ھامان بىز چېكىنەيلى. مانا بۇ چاغدا جان ـ جەھلى بىلەن بىزگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئاتلىق ياۋ لەشكەرلىرى ئاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خەندەككە موللاق ئاتىدۇ ـ دە، ساراسىمىگە چۈشۈپ سېپى بۇزۇلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە مەرگەنلىرىمىز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋنىڭ ئاتلىقلىرىنى مەجبۇرىي پىيادە قىلىمىز ـ دە، ئۇل چاغدا پىيادە تۇرشاۋۇللىرىمىزغا ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىلىدۇ، — سەييىدئەلى ئالىپ ھەمراھلىرىغا تەكشى بىر قارىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەۋانغار ۋە بەرانغار قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى تۈن كېچىسىدىن پايدىلىنىپ تۇيدۇرماي ياۋنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈۋالىدۇ. جەڭ باشلىنىپ ناغرا چېلىنغان ھامان ياۋغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندە قىلىدۇ.

— چەبدەس يىگىتلەر ياۋنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكىگە ئوت قويۇۋەتسۇن، — دېدى ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ، — ئوتنى كۆرسە ياۋ ئېخىمۇ پاراكەندە بولىدۇ.

① ئارى — شۇنداق، توغرا، دۇرۇس.

ــ ئۇنداق قىلىشقا زىنھار بولماس، ــ دېدى سۇيۇرگە مىرزا، ــ قومۇل دىياردا ھازىر ئوزۇق ـ تۈلۈك ئىنتايىن كەمچىل، ناۋادا ياۋنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى غەنىيمەت ئالالىساق، لەشكەرلىرىمىز بىلەن ئاۋامنىڭ قىشلىق ئوزۇق ـ تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالالايمىز.

ــ ئارى، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، ــ ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملەش ئىنتايىن مۇھىم.

ــ شۇنداق بولسۇن، ئەمىرزادەمنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى بويىچە تەييارلىق قىلايلى، ــ دېدى ئەمىر سۇيۇرگە مىرزا.

ــ پەرمان، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان قەددىنى رۇسلاپ، ــ ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ بىلەن سەركەردە مەڭلىك ئاقنىياز تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن كۆز باغلانغاندا يولغا چىقىپ تاڭ يورىغىچە ياۋنىڭ ئارقا تەرىپىگە يوشۇرۇنغاي. سەركەردە بوران خوجا بىلەن سەركەردە راجى خوجىنىياز ئىككى مىڭ ئوقياچى، ئۈچ مىڭ قىلىچۋاز لەشكەرنى دىلخاھلاپ تۇرشاۋۇل بولغاي. بۇلار قورساقنى ياخشى توقلاپ، تاڭ ئاتقۇچە ئوبدان ئارام ئالغاي، قالغان لەشكەرلەر بىلەن ئاۋامغا ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالىپ باش بولۇپ تاڭ يورۇغۇچە لاي ـ پاتقاق خەندىكى ياسىغاي، جەڭگە ئەمىر سۇيۇرگە مىرزا جانابلىرى باشچىلىق قىلغاي.

ــ باش ئۈستىگە.

مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

※ ※ ※

تاڭ سەھەردە موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگە ئۈندەپ چالغان ناغرا ساداسى تېخى ئەمدىلا ئېرىنچەكلىك بىلەن ناشتا قىلىپ ئولتۇرغان موڭغۇل سەركەردىلىرىنى چۆچۈتۈۋەتتى. كېيىندىن بىرى شارابىازلىق قىلىپ تېخىچە ئۇخلاۋاتقان بۇيۇك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



سەركەردە ئىسان تايشى چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇنىڭغىچە باشقا سەركەردىلەرمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئالتۇن رەڭ تۇغ قادالغان شاھ چېدىرىغا كىرىشكە باشلىدى.

ــ ياۋ جەڭگە ئۇندەۋاتىدۇ، بۈيۈك خان ئالىيلىرى، ــ دەپ مەلۇمات بېرىشتى يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىپ.

ــ ئۇلار بىر كېچىدە يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى يەۋالمىغاندۇ؟ ــ دېدى ئىسان تايشى ئۇيقۇغا قانماي قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن، ــ مەن تېخى ئۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلىرىمىزنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ، مۇداپىئەدىلا تۇرىدىغان ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن.

ــ ئۇلارغا ھەمدەمگە لەشكەر كەلگەن بولسا، جەڭ قىلىشنى خالاپ قالدىمىكىن دەيمەن، ــ دېدى تولىمۇ بەستلىك كەلگەن بىر سەركەردە ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ــ ھەرھالدا جەڭگە چىقىشقا ئالدىرىماي، ياۋنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ باقايلىمىكىن.

ــ بىزگە ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق پۈتكۈل لەشكەرلىرى بىلەن جەڭگە چىقىشىنى كۈتۈپ ياتقىلى ئۇزۇن بولدى، ــ دېدى بىر كۆزى قويۇلۇپ كەتكەن يەنە بىر يەكچەشمە سەركەردە چوڭچىلىق بىلەن، ــ ئۇلارغا ھەمدەمگە لەشكەر كەلگەن تەقدىردىمۇ يېڭىلمەس چەۋەندازلىرىمىزغا تەڭ كېلەلىشى مۇمكىنمۇ؟ يارلىق چۈشۈرگەيلا بۈيۈك خان، دەرھال جەڭگە ئاتلىنايلى.

ــ شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى يەنە بىر ياش سەركەردە ئىسان تايشىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرۇپ، ــ لەشكەرلىرىمىز ئۇزۇندىن بېرى پۇخادىن چىققۇدەك جەڭ قىلماي زېرىكىپ كەتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇدۇل قومۇل شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرەيلى. قومۇلنىڭ قىز ـ چوكانلىرىنى بەكمۇ چىرايلىق دېيىشىدۇ. لەشكەرلەر قانغۇچە بىر كۆڭۈل ئېچىۋالسۇن.

ياش موڭغۇل سەركەردىسىنىڭ گېپى بىلەن تەڭ باشقا سەركەردىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن شەھۋەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى. قومۇلغا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئالە-

ـدىغان غەنىيمەتلەر كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى.

ــ ئۇيغۇرلار ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولغىنى بىلەن قىـ-ـلىچۋازلىقتا بىزگە يەتمەيدۇ، ــ دېدى يەكچەشمە سەركەردە، ــ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مۇستەھكەم سىپىل ۋە ئوقياسىغا تايىـ-ـنىپلا ئالدىمىزنى توسۇپ قويدى. مانا ئەمدى ئۆزلىرى جەڭگە ئۇنـ-ـدەۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئاساسەن پىيادە، ئاتلىقلىرى بەكمۇ ئاز، قىلىچىمىزنى ئىشلەتمىسەكمۇ ئاتلىرىمىزلا ئۇلارنى پېتىقلاپ جەھەننەمگە ئۇزىتىدۇ.

ئىسان تايشىمۇ مۇشۇنداق بىر كەڭ دائىرىدە جەڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، بارسكۆلنى ئاسانلا ئىشغال قىلغىنى بىلەن قومۇلنى ھە دېگەندە ئالالمايۋاتاتتى. بىرنەچچە قېتىملىق شىددەتـ-ـلىك ھۇجۇمنى قومۇل لەشكەرلىرى ئوقيا، مەنچاناقلىرى بىلەن چېكىندۈرگەنىدى. شۇڭلاشقا قومۇل لەشكەرلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ يېتىشقا مەجبۇر بولغان، لېكىن بۇنداق كۈتۈشلەردىن زېرىكىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ دەرھال قومۇلـ-ـنى ئېلىپ قىش كىرگىچە تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى بار ئىـ-ـدى.

ــ پەرمان، ــ دېدى ئىسان تايشى قەددىنى رۇسلاپ، ــ پۈتكۈل قوشۇن دەرھال جەڭگە ئاتلانسۇن. بۈگۈن قومۇلنى ئالمىـ-ـساق ھېساب ئەمەس. شەھەرگە ئەڭ ئاۋۋال كىرگەن سەركەردە ـ لەشكەرلەر خەزىنىدىكى بارلىق مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولىدۇ.

ئەزەلدىن جەڭ غەنىيمەتلىرىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە خاننىڭ پەرمانى ياغدەك ياقتى. تېخى قولىغا كىرگۈزمىگەن ئولجىلارنى بىر ـ بىـ-ـرىدىن قىزغىنىشىپ خان چېدىرىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىشـ-ـتى. بىردەمدىلا موڭغۇل قارارگاھىدا ئاتلارنىڭ چاپچىپ دۈپۈر - لەشلىرى، كىشنەشلىرى پەلەككە يەتتى.

※ ※ ※

سەركەردە بوران خوجا بىلەن راجى خوجىنىياز مەرگەنلىرىنى لاي خەندىكىنىڭ ئەتراپىدا بۆكتۇرمىدە قويۇپ ئۈچ مىڭ پىيادە قىلىچۋاز لەشكەر بىلەن موغۇل قارارگاھىغا قىستاپ كەلگەنىدى.

— ئەسلىرىدە بولسۇن سەركەردە، — دېدى راجى خوجىنىياز بوران خوجىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — ياۋ لەشكەرلىرى قارارگاھىدىن ھۇجۇم قىلىپ چىقىشى ھامان لەشكەرلەرنى تېزدىن چېكىندۇرەيلى. ئۇلار لاي خەندەككە پاتقاندىن كېيىن ئاندىن قىلىچ يالىڭاچلايمىز.

— بولدى ـ بولدى. بۇ گەپنى ئەتىگەندىن بېرى شاھزادە ئالىيلىرى، سۇپۇرگە مىرزا، يەنە تېخى ئەمىرزادە سەييىدئەلى ئالپ تولا جېكىلەپ قۇلىقىمنى پاك قىلىۋەتتى. ئەمدى ئۆزلە جېكىلەپ يۈرمىسىلىمۇ بولۇر، — دېدى بوران خوجا تېرىكىپ.

— شاھزادە ئالىيلىرى بۇ گەپنى ئۆزلەگە مۇشۇنداق توختىماي جېكىلەپ تۇرۇشۇمغا پەرمان بەرگەن، — دېدى سەركەردە راجى خوجىنىياز كۈلۈپ، — ئۇلار ئۆزلەنىڭ ھەم قارام، ھەم ئالدىراقسان مىجەزلىرىنى ئوبدان بىلىدىغان چېغى.

سەركەردە بوران خوجىمۇ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— ياۋ لەشكەرلىرى ئاتلىق چىقسا ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلايمەن، ناۋادا پىيادە چىقىپ قالسا مەندىن رەنجىمىسىلە.

— ئول چاغدا مەنمۇ ئۆزلەنى ئاگاھلاندۇرۇپ يۈرمەيمەن، — دېدى راجى خوجىنىياز.

ئۇلارنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگمەيلا ياۋ قارارگاھى تەرەپتىن ئاۋۋال ئاسمان ـ پەلەك چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى، ئاندىن تۇمەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى زېمىننى تىترەتتى. دەقىقە ئۆتمەي بۇلۇتتەك كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار ئارىسىدىن سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان موغۇل چەۋەندازلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— ھېلىقى ئاگاھلاندۇرۇشنى يەنە بىر تەكرارلايمەنمۇ سەركەردە؟ — دېدى راجى خوجىنىياز سەركەردە بوران خوجىغا قاراپ.

— ھاجەتسىز، — دېدى سەركەردە بوران خوجا قولىنى سىلكىپ، — لەشكەرلەر تېزدىن چېكىنسۇن، بولمىسا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز!

— تېزدىن چېكىنىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى راجى خوجىنىياز لەشكەرلەرگە قاراپ.

لەشكەرلەر قەستەن قورققان، ساراسىمىگە چۈشكەندەك بولۇپ قوللىرىدىكى تۇغ ـ ئەلەم، ناغرا ـ دۇمباقلىرىنى تاشلاپ ئارقىسىغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. قومۇل شەھىرىگە ئەڭ ئاۋۋال باستۇرۇپ كىرىپ خەزىنىنى ئولجا ئېلىش ۋەسۋەسىسىگە چۈشكەن موڭغۇل چەۋەندازلىرى ياۋنى قورقۇپ قاچتى، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاتلىرىنى جان ـ جەھلى بىلەن قامچىلاشقا باشلىدى.

تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ خۇددى سەلدەك باستۇرۇپ كەلگەن موڭغۇل چەۋەندازلىرىنىڭ ئاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن لاي خەندىكىگە موللاق ئاتتى. ھەئە، لاي خەندىكى ھېيلىسى كارامىتىنى كۆرسەتكەنىدى. ئاچچىق قامچا زەربىسىدە ئوقتەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلار خۇددى ئارقىسىدىن غايەت زور بىر كۈچ ئىتتەرگەندەك بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى يىقىلاتتى. قومۇلدىكى تۇمەنلىگەن لەشكەر ۋە خەلقنىڭ بىر كېچە ئۇخلىماي ياسىغان لاي خەندىكى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇپ، موڭغۇل ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك يۇتۇۋالغانىدى. قالغان ئاتلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئارقىغا تارتىشقا ئۈلگۈرگەندە تامامەن كېچىككەنىدى. ئىككى مىڭ مەرگەننىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئاسماندىن يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— قېنى يىگىتلەر، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى، — دەپ ۋارقىرىدى قىلىچىنى يالىڭاچلىغان سەركەردە بوران خوجا ياۋ

لەشكەرلىرىنىڭ پاتىپاراق بولغىنىنى كۆرۈپ.

شۇ ئەسنادا ياغاچتىن ياسالغان 10 ـ 15 گەز ئېگىزلىكتىكى كۆزىتىش مۇنارىدا جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان سوپۇرگە مىرزا كېچىدىن موغۇل قارارگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ بىلەن سەركەردە مەڭلىك ئاقنىيازغا ناغرا چالدۇرۇپ بەلگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ سەييىدئەلى ئالپ قالدى ـ قاتتى لەشكەرلەرنى باشلاپ تۇرشاۋۇل قوشۇنىنىڭ كەينىدىن جەڭگە ئاتلاندى. پۈتكۈل زېمىننى قىر ـ چاپ سادالىرى قاپلىدى. تۇرشاۋۇل قوشۇندىكى بىر قىسىم لەشكەرلەر ئىگىسىز قالغان موغۇل ئاتلىرىنى مىنىپ ئۆلگۈرگەنىدى. ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچرىغان ياۋ لەشكەرلىرى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. مۇستەھكەم جەڭ سەپلىرى بۇزۇلدى، ئۆلۈم ۋەسۋەسىسىدە ھەرقايسىسى ئۆز جانلىرىنى ئېلىپ قېچىش ھەلەكچىلىكىدە قالغانىدى.

ئۆز قارارگاھىدىكى كۆزىتىش مۇنارىدا تۇرۇپ جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىۋاتقان ئىسان تايشى ئالدى سەپنىڭ قالايمىقانلاشقانلىقىنى، ئارقا تەرىپىنىڭمۇ خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالاقزەدىلىك ئىچىدە ئالدىراپ ـ تېنەپ پەسكە چۈشتى ـ دە، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە جاڭ چالدۇرۇپ چېكىنىش پەرمانى بەردى. ئۇ بۇنداق تېز مەغلۇپ بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، پەقەت ئاز بىر قىسىم لەشكەرلىرىلا قېچىپ قۇتۇلدى. موغۇلىستان لەشكەرلىرى پىيادە بولغاچقا قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئامالسىز قالدى.

پاتقاقتا پېتىپ قالغان نەچچە مىڭلىغان ئاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلگەنىدى. ئۆلمىگەنلىرىنىمۇ دەماللىققا مىنگىلى بولمايتتى. بىرەر مىڭچە موغۇل ئېتىنى غەنىيمەت ئالغان سەركەردە بوران خوجا بىلەن مەڭلىك ئاقنىيازنىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنى ياۋنى

جان ـ جەھلى بىلەن قوغلاشقا كىرىشكەندى. لېكىن سەييىدئەلى ئالىپ ئۇلارنىڭ ئامان قالغان نەچچە مىڭلىغان موغۇل لەشكەرلىد-رىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ تاۋاچى بەگنى[1] دەرھال ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قوغلاشتىن توسۇۋالدى. جەڭ غەلىبە بىلەن ئا-خىرلاشتى. موغۇللارنىڭ چېدىر ـ بارگاھلىرى، ئوزۇق ـ تۆ-لۈك، يەم ـ خەشەكلىرى تولۇق غەنىيمەت ئېلىنغانىدى.

※ ※ ※

— غەلىبە قىلغان تۇرۇقلۇقمۇ جەڭنى ئاگال توختاتقان نەدە بار ئالىيلىرى؟ — دېدى چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتكەن سەر-كەردە بوران خوجا تېرىكىپ، — ئەمدى بىر خۇماردىن چىقاي دەپ تۇرغاندا...

— يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەندەك ئىش بولدى ـ دە بۇ، — دېدى سەركەردە راجى خوجىنىياز بوران خوجىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ.

— ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشسىلا، ھېلىمۇ ئوبدانلا خۇماردىن چىقىۋېلىشتىلا، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ كۈلۈپ، — ئول قاچ-قۇن ياۋنىڭ سانى ئۆزلەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سانىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ. ناۋادا ئۇلار ئارقىسىدىن ئازلا لەشكەرنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى كەينىگە بۇرايدۇ. ئول چاغدا پىيادىلىرىمىز ھەمدەمدە بولۇشقا ئۇلگۈرەلمەيدۇ.

سەركەردە بوران خوجا گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللىۋىدى، شاھزادە ئۇۋەيسخان ئۇنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

— ئىككى سەركەردە ھېلىمۇ كۆپ باھادىرلىق كۆرسىتىش-تىلە، — شاھزادە ئۇۋەيسخان گېپىدىن توختاپ پۇتۇكچىسىگە قا-رىدى، — بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ بىرىنچى ئەجىر تۆھپىسى ئە-

---

① تاۋاچى بەگ — جەڭ مەزگىلىدە بۇيرۇق يەتكۈزگۈچى بەگ.

مىرزادە سەييىدئەلى ئالپ، سەركەردە بوران خوجا، سەركەردە راجى خوجىنىيازلارغا يېزىلسۇن. غەنىيمەت ئېلىنغان بارلىق جەڭ ئاتلىرى ئۇل ئۈچ سەركەردىگە تارتۇق قىلىنسۇن.

ئۈچ سەركەردە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا.

— قانچىلىك ئات غەنىيمەت ئېلىنىپتۇ؟ ئېدىتلاپ چىقىلدىمۇ؟ — سورىدى سۇپۇرگە مىرزا ياراغبەردار بەگ[1]كە قاراپ.

— مەلۇم بولغاي، دەماللىققا مىنگىلى بولىدىغىنى ئۈچ مىڭ تۇياقتىن ئاشىدۇ، — دېدى ياراغبەردار بەگ، — لاي خەندەككە پېتىپ قالغان ئاتلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ئۆلۈپتۇ، بىر قىسمىلىرى ناكار بوپتۇ، كارغا كەلگۈدەكلىرى بەش يۈزگە يېتەر دەيمەن. ياخشى ئەملىسەك بىرەر ـ ئىككى ئايدا كارغا كېلۇرمىكىن.

— ئۇنداق بولسا ئاشۇ ئۈچ مىڭ ئاتنى ھەربىر سەركەردە مىڭدىن ئۈلۈشكەي. ئەملەيدىغان ئاتلارنىڭ ئىشىنى كېيىن بىر تەرەپ قىلۇرمىز، — دېدى ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا.

— ھەي ئىسىت، بىرمۇنچە ئېسىل ئاتلار لاي خەندەكتە ھالاك بولدى ـ دە، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان.

— ئۇنداق بولسا خەندەك ھىيلىسىنى ئويلاپ تېپىپ شۇنچىۋالا ئاتلارنىڭ ئۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان ئەمىرزادەمگە تارتۇق قىلىنغان ئاتلارنى سەركەردە راجى خوجىنىياز جانابلىرى بىلەن ئىككىمىز تەڭ ئۈلىشەيلى، — دېدى سەركەردە بوران خوجا چاقچاق قىلىپ.

— مەيلى، ئات ئۆزلەدىن ئايلانسۇن سەركەردە، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ كۈلۈپ.

— ئۆلگەن ئاتلارنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ ئاشۇ خەندەككىلا كۆمۈۋېتەيلى. ئەملىسەكمۇ كارغا كەلمەيدىغان ئاتلارنىمۇ بو-

① ياراغبەردار — قورال ـ ياراغ باشقۇرغۇچى.

غۇزلاپ تېرىسىنى سويۇۋالايلى. گۆشىنى ئاۋامغا ئۈلەشتۈرۈپ بېـ-
رەيلى، ــ دېدى سۇپۇرگە مىـرزا، ــ بولۇپمۇ ئاتلارنىڭ تاپىنـى
بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلارغا تېزرەك تۇتۇش قىلايلى، بـولمىسا
تېرىسى زايا بولۇپ كېتىدۇ.

ــ ئۆلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ تېرىسىنىمۇ شىـلىۋالامـدۇق
قانداق؟ ــ دەپ چاقچاق قىلدى سەركەردە مەڭلىك ئاقنىياز.

ــ ئىختـىيارلـىرى، ــ دېدى سۇپۇرگـە مىرزا كـۈلـۈپ، ــ
لېكىن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلـۈكىنى كـۆمۈشكە ئـۆزلە مەسئـۇل
بولسىلا.

ــ ئاغزىمدىن بالاغا قالدىممۇ نېمە؟ ــ دېدى مـەڭلىك ئـاق-
نىياز، ــ ئۆلتۈرمىسە تېخى بولمىسا، كۆممىسە تېخى بولمىسا.

ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخـان، ــ
ھەرقايسى سەركەردىلەر ئىشلارنى ئىلدام پۈتكۈزۈپ، قوشۇننى تەر-
تىپكە سېلىۋالغاي. ئىككى كۈندىن كېيىن بارسكۆلگە قاراپ يولغا
چىقىمىز.

ــ باش ئۈستىگە، ــ دېدى سەركەردىلەر ئورۇنلىرىدىن دەس
تۇرۇشۇپ.

## 17

كۈز كىرىشى بىلەن تۇرپان شەھىرى خېلىلا سالقىنداپ قال-
غان بولسىمۇ، موغۇلىستاننىڭ باشقا يەرلىرىگە سېلىشتۇرغانـدا
خېلىلا ئىسسىق ئىدى. كۈزلۈك يەل ـ يېمىشلەر كوچا ـ رەستى-
لەردە تۆكمە بولغان بولسىمۇ، خېرىدارسىز باققاللار چىۋىن قـو-
رۇيتتى. ياز پەسلىدە كـۈندۈزى ئادەمسـىز كۆرۈنىدىغان كوچا ـ

www.uyghurkitap.com

رەستىلەردە ھازىر ئادەم مىغىلدايتتى. خەنزۇ، پەرەڭ، ھىندى سو-
دىگەرلىرى ماڭدامدا بىر ئۇچرايتتى. سۇپسۇزۇك كارىز سۇلىرى
ئېرىقلاردا شىرىلداپ ئاقاتتى. قەلەندەرلەر، يالقاۋلار تام تۈۋىلىرى-
دە ئاپتاپ سىنىشاتتى. ئوردا سېپىلىنىڭ ئۈستىدە ئۇياقتىن ـ
بۇياققا ئېرىنچەكلىك بىلەن مېڭىپ يۈرگەن قاراۋۇللار ئوردىنى
تېخىمۇ سىرلىق ھەم سۈرلۈك تۇسكە كىرگۈزگەندى. ئوردا ئى-
چىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى قاپلىغان بولۇپ، ئەمىرلەردىن تار-
تىپ ئاددىي خىزمەتكارلارغىچە ھەممىنىڭ چىرايىدا ئاللىقانداق
چۈشىنىكسىز ھاياجان ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇلارنىڭ تەشۋىشلىك
كۆزلىرىدىن ئىچكى تۈيغۇلىرىنى ئاشكارىلاش تەقەززالىقى بال-
قىيتتى، ئەمما ھېچكىم كۆڭلىدىكى تەشۋىش، گۇمان، قىياسلى-
رىنى بىر ـ بىرىگە بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ھەئە،
ھەپتىدىن بېرى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان زۇۋاندىن قالغانىدى.
خاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان بارلىق ئوردا ئەھلى ئۇنىڭ
ئۇزاق ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئاللىقاچان جەزملەشتۈرۈپ بولغان-
دى. شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ لەشكەر تارتىپ قومۇلغا بارغانلىقى،
قومۇل ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزا بىلەن بىرلىشىپ، قومۇل شەھى-
رىنىڭ بوسۇغىسىغا باستۇرۇپ كەلگەن موڭغۇللارنى تەلتۆكۈس
تارمار قىلىپ چېكىندۈرگەنلىكى، ھازىر موڭغۇللار بىلەن بارس-
كۆلدە جەڭ قىلىۋاتقانلىقى ئۇلارغا سىر ئەمەس ئىدى. شاھزادە
ئۇۋەيسخانغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل ئەپقاچتى خەۋەرلەر تۇرپان
شەھىرىدە ئېقىپ يۈرگىنىگە بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇنداق
پاراڭلار بېسىلىش تۈگۈل كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋۇپ قالغانىدى.

ــ شاھزادە ئۇۋەيسخان قومۇلغا لەشكەر تارتىپتۇدەك.

ــ قاچانقى گەپ بۇ؟

ــ ئەسلىدە تۇرپانغا لەشكەر تارتماقچىكەنمىش.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ قاپتۇدەك.

ــ ياق، ئەسلىدە ئۇدۇل ئاستانىگە لەشكەر تارتىپ كەلمەك-
چىكەندۇق، خان ئالىيلىرى ئېغىر كېسەل بولغاچقا پەيلىدىن يې-

نىپتۇدەك.

ـــ شاھزادىنىڭ لەشكەرلىرى ھەرقانچە جىق بولسىمۇ خان لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ـــ خاتالىشىۋاتىدىلا تەقسىر، شۇنچىۋالا كۈچلۈك موڭغۇللارنى تىرىپىرەن قىلغان يەردە خان لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەسما؟

ـــ ئاگال ياتلارنىڭ ئەدىپىنى بىرەي دېگەن گەپ.

ـــ كېسەل ياتقان خان بىلەن جەڭ قىلسا باھادىرلىق شەۋكىتىگە نۇقسان يېتىشىدىن ئەنسىرىگەن گەپ.

ـــ ۋالىدەسى سۇلتان خاتۇن شاھزادىنى تۇرپانغا لەشكەر تارتىشتىن توسۇپ قاپتۇدەك.

ـــ ئاگال موڭغۇللارنى تەسەررۇپىمىزدىن قوغلاپ چىقارماي تۇرۇپ ئاستانىگە قەدەم باسساڭ بەرگەن سۈتۈمگە رازى ئەمەسمەن دەپتۇدەك.

ـــ شاھزادىنىڭ لەشكەرلىرى ئاجايىپ پەھلىۋان يىگىتلەرمىش.

ـــ يۇرت - يۇرتلارنىڭ ئەڭ نوچى يىگىتلىرى شاھزادىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانمىش.

ـــ سانى تۈمەندىن ئاشارمىش.

ـــ ئول لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا قەشقەر، يەركەنتلىك نوچىلار جىقمىش.

ـــ خوتەنلىكلەرمۇ بارمىش.

ـــ ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچ، چالىشلىقلارمۇ بارمىش.

ـــ چەرچەن، لوپ، كۆنچىلىكلەرمۇ ھەم بارمىش.

ـــ ئىلى، بېشبالىق، ئالمالىقتىنمۇ خېلى كۆپ يىگىتلەر كېلىپ قوشۇلغانمىش.

ـــ يېقىندىن بىرى تۇرپاندىن قومۇلغا قاراپ ماڭغانلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ.

ـــ شۇنداق قىلىپ شاھزادە تەختنى تارتىۋالارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ــ تۈزۈك گەپ قىلسۇنا، شاھزادىنىڭ تەختنى تارتىۋالغۇسى بولسا ئاباياملا تارتىۋالماسمىدى قومۇلغا لەشكەر تارتىپ يۈرمەي.

ــ شاھزادىنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگىلى بولمىدىغۇ ـ تاڭ.

ــ قول ئاستىدىكى يىگىتلەر ئاجايىپ باھادىرلارمىش.

ــ ھەربىرى بىردىن ياۋ لەشكىرىنى ئات ـ پاتلىرى بىلەن قوشۇپ لايغا پاتۇرۇپ چۆكتۈرۈۋەتكەنمىش.

ــ لاپ ئۇرمىسۇنا.

ــ راست دەيمەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەردىن ئاڭلىدىم. ياۋ ئاتلىرىنىڭ ئۆلۈكى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنمىش.

ــ يا پەرۋەردىگار.

ــ ئۇلار ئاشۇنداق باھادىر يىگىتلەر بولمىسا، سەلدەك باستۇرۇپ كەلگەن ئاتلىق موڭغۇللارغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟!

ــ ئامان قالغان موڭغۇللار ئۇدۇل بارسكۆلگە قاراپ قېچىپتىمىش.

ــ ھازىر شاھزادە موڭغۇللار بىلەن بارسكۆلدە جەڭ قىلىۋېتىپتىمىش.

ــ جەڭ قىلغىنى نەۋاقتىكى گەپ، بارسكۆلنىمۇ تارتىۋېلىپ ئۇلارنى ئۆز دەرگاھلىرىغا قوغلىۋېتىپتۇدەك.

ــ موڭغۇللارنى ئىككىنچىلەپ بۇ تەرەپلەرگە قارىيالمىغۇدەك قىلىۋېتىپتۇدەك.

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەسكەن، شاھزادە بارسكۆلدە موڭغۇللاردىن يېڭىلىپ قاپتۇدەك.

ــ بارسكۆلنى موڭغۇللارغا تاشلاپ بېرىپ، قومۇلغا قېچىپ كەپتۇدەك.

ــ بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس جۇمۇ.

ــ مەنمۇ ئىشەنمەيمەن.

ــ ئۇ دېگەن ئەمىركەبىر شىرئەلى ئوغلانىنىڭ ئوغلى تۇرسا.

ــ ئاڭلىشىمچە، شاھزادە ھازىر ئاستانىگە قاراپ كېلىۋېـ

تېپىتىمىش.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، شاھزادە خان ئالىيلىرى كېسەلدىن ساقىيىپ قوپمىغۇچە ئاستانىگە ھەرگىز بارمايمەن، دەپ ئانت ئىچىپتىكەنمىش.

— ئىشقىلىپ ياراتقان تەڭرى ئەل - يۇرتقا ئاسايىشلىق بېرەر.

— تەختنى ئۇلار تالىشىپ جەڭ قىلغىنى بىلەن، جاپاسىنى بىز تارتىمىز.

— خان ئالىيلىرى كېسەل بولغاندىكىن، تاجۇتەختنى شاھزادىگە ئۆتۈنۈپ بەرسىمۇ بولاتتى.

— ھاي، پەسرەك گەپ قىلسىلا. بۇ گەپنى ئوردىنىڭ پايلاقچىلىرى ئاڭلاپ قالسا ئىشلىرى چاتاق.

— تىللىرىنى كېسىۋېتىدۇ.

— خۇدايىم ساقلا.

— خۇدايىمغۇ ساقلايدۇ، لېكىن تىلىمىزنى يىغمىساقمۇ بولمايدۇ. بىرنەچچە ئاي ئاگال جاكارچىلارنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرى ھەققىدە خالىغانچە گەپ قىلماسلىقنى جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمۇ ئۆزلە؟

— تىلىمىزلا ئەمەس، كاللىمىزمۇ كېتىدۇ.

— ئەمدى دەيمىنا، خان ئالىيلىرى ئېغىر كېسەل ياتسا.

— ۋوي، نېمانچە شۆپۈك ئېغىز ئۆزلە. ئوردىنىڭ خان ئالىيلىرىنىڭ كېسىلىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەمدىلا؟

— ئۇنىڭغۇ بىلىمەن.

— بىلگەن بولسىلا بولدى، ئاغزىلىرىدىن چىقارماي ئىچىلىرىدە بىلسىلە.

— شۇ كۈنلەردە ئوردا تىنچ ئەمەسمىش.

— ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىكەن.

— خان ئالىيلىرى زۇۋاندىن قاپتۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ.

— خۇدا بىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ــ ئۇلۇسبېگى ئوردا ئىشلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇۋاتقۇدەك.
ــ ئۇلۇسبېگىنى خاندىن رەنجىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلىغۇدىمغۇ؟
ــ ئۇ قاي زاماندىكى گەپ.
ــ خان شۇ ئەھۋالدا ياتسا، ئۇلۇسبېگى باتناپ يۈرۈۋەرسە بولماس.
ــ ئىشقىلىپ بىر ئادەم جوڭقۇرۇپ تۇرمىسا، ئوردىدا نىزا كېلىپ چىقىدۇ.
ــ ئۇلۇسبېگىدىن خان ئالىيلىرىمۇ خېلى تەپ تارتامىشكەن.
ــ باشقا ئەمىرلەرمۇ ئۇلۇسبېگىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلارمىش.
ــ ئۇلۇسبېگىنى پەقەتلا كۆلمەيدىكەن دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟
ــ قاپىقى يامان بولغىنى بىلەن دىلى يۇمشاق ئادەممىش.
ــ ئۇلۇسبېگى شاھزادە ئالىيلىرىنى قوللارمۇ؟
ــ بىر نېمىدەپ بولمايدۇ.
ــ مېنىڭچە خان ئالىيلىرىنى قوللايدۇ. ئوزا يىلى خان ئالىيلىرى شاھزادىنى ئاستانىدىن قوغلىۋەتكەندە ئۇلۇسبېگى ھېچنېمە دېمەپتىكەنمىش.
ــ شاھزادىنى ئاستانىدىن قوغلىۋېتىشكە خان ئالىيلىرىنى ئۇلۇسبېگى كۈشكۈرتۈپتىكەنمىش.
ــ بىراق، ئۇلۇسبېگىنىڭ چوڭ نەۋرىسى سەييىدئەلى ئالپ ھازىر شاھزادىنىڭ سەركەردىسىكەنغۇ؟
ــ ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ.
ــ ئىشەنمەيۋاتىدىلا ـ ھە. شاھزادىنىڭ چوڭ سىڭلىسى ئۇزسۇلتان مەلىكە ھازىر ئاشۇ ئەمىرزادىنىڭ ئاغىچىسىمىش.
ــ ئەمىرزادىنى سەمەرقەنتتە زىنداندىكەن دەپ ئاڭلىغۇدىم.
ــ ھەي، ئول ئىشلارنىڭ راست ـ يالغىنىنى كىم بىلىدۇ.
ــ ئەمىرزادىنى شاھزادىنىڭ يېنىدا كۆرگەنلەر بار ئىكەن.
ــ ئۇلۇسبېگىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوقمىدۇ؟

— ئوردىدىكى ئەمىرلەر كۆڭلىدىكىنى ھېچكىمگە دېمەيدۇ.

— كاللىسىدىن ئەنسىرەيدۇ.

— شۇنداق، پۇت يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا ئەمەسمۇ.

— ۋاللاھۇ ئالەم، بىر ياخشىلىق بولۇپ قالۇر ئىلاھىم.

— تەختكە كىم ئولتۇرسا مەيلى، ئەل ـ يۇرت ئامان بولسىلا بولدى.

— ...

ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى كوچىدا ئېقىپ يۈرگەن بۇ پاراڭلاردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. لېكىن ئوردا ئىچىدە بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر پەقەتلا تىلغا ئېلىنمايتتى. ئۇلار ھەم گاس، ھەم گاچا بولۇۋېلىشقانىدى. خېلىدىن بېرى تەمىناتسىز، مائاشسىز قالغان خۇپىيە ـ پايلاقچىلار كوچىدا ئېقىپ يۈرگەن بۇ گەپلەرگە پەرۋاسىز بولۇپ قالغانىدى، يەتكۈزسىمۇ ئوردىدا ئاڭلايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئەمىرلەر بىر ـ بىرىدىن ئېھتىيات قىلىشاتتى، ھەممىسىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئۆزلىرىگە چۇشلۇق سوققان چوتلىرى بار ئىدى. ئۇلار خاننىڭ پات يېقىندا قازا قىلىدىغانلىقىغىمۇ، شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ پات يېقىندا تۇرپانغا كېلىپ تەختتە ئولتۇرىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى. ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن بولۇۋېلىپ، بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋالغىنى بىلەن ئوردىدا پات يېقىندا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشنى ئۆزلىرىچە مۆلچەرلىشەتتى، دەڭسەيتتى. ئوردىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تەخت ئىگىسى ئالماشسا، ھازىرقى مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ـ قالالماسلىقىنى مۇلاھىزە قىلىشاتتى. شاھزادە ئۇۋەيسخانغا كىمنىڭ يېقىنلىقىنى، كىمنىڭ شاھزادە بىلەن ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالماقچى بولۇشاتتى. بۇرۇنراق ئەقلىنى جورۇپ شاھزادىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ، ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ قويمىغىنىغا پۇشايمان قىلىشاتتى. ھەئە، شەھەرنىڭ ئۈچ كۆۋرۈك مەھەللىسىگە جايلاشقان ئەمىركەبىر قەسىرىگە يوشۇرۇنچە بېرىپ مەلىكە سۇل-

www.uyghurkitap.com



تان خاتۇنغا سالام بېرىشكە ئۇرۇنغانلارمۇ بولدى. لېكىن مەلىكە
سۇلتان خاتۇن ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدى. ئەۋەتكەن سوۋغا ـ
سالاملارنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ
ئىككى ئوغلىدىن بىرىنى نائىب خان قىلىپ كۆتۈرۈشنى پىلانلى-
غانلارمۇ بار ئىدى. بۇلار ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان
تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ خانلىق تەختتە ئولتۇرۇشغا ئالاھىدە كۈچ
چىقارغان، كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ئە-
مىرلەر ئىدى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سۇلتان
شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئوغۇللىرىنى ۋەلىئەھدلىككە تەيىنلىگەن
ۋەسىيەت يوق ئىدى. ئۇلار مۇددىئاسىنى خانىشقا بىلدۇردى، لې-
كىن خانىش بۇنداق ۋەسىيەتنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. شۇ تاپتا
سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ھەرىكەتسىز، زۇۋانسىز ئىدى، شۇڭا
ۋەسىيەت يازدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. سۇلتان شىرمۇ-
ھەممەدخان مەڭگۇ ئۆلمەيدىغاندەك ۋەلىئەھد بەلگىلىمىگەن، ۋە-
سىيەتمۇ قالدۇرمىغانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاش-
مىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قۇرۇلتاي چاقىرىش ئارقىلىق نا-
ئىب خان بەلگىلەشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. لېكىن نېمە ئۈ-
چۈندۇر ئۇلۇسبېگى خۇدايداد قۇرۇلتاي چاقىرىشنىڭ، نائىب خان
بەلگىلەشنىڭ ھاجىتى يوقتەك بەخىرامان يۈرەتتى. مۇشۇنداق
قاتمال ۋەزىيەتتە ئۇلۇسبېگىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئەمىرنىڭ
قۇرۇلتاي چاقىرىشقا پەرمان بېرىش ھوقۇقى يوق ئىدى. بىراق
ئۇلار ئالدىراپ قالغانىدى، ئالدىرىمىسىمۇ بولمايتتى. شاھزادى-
لەردىن بىرەرىنى دەرھال نائىب خان قىلىپ تىكلىۋالمىسا، كې-
يىن شاھزادە ئۇۋەيسخان تەخت دەۋاسى قىلىپ ئاستانىگە كەلسە،
ئۇلارنىڭ ھەرقانداق گېپى ئاقمايتتى. ناۋادا شاھزادە ئۇۋەيسخان
تەختتە ئولتۇرۇپ قالسا، مەنسەپلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۇياقتا
تۇرسۇن، كاللىلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئاخىرى
ئەتىگەنلىك قوبۇلدا ئېغىز ئاچتى.

ــ جانابى قىبلىگاھىمىز ئۆزۈندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يې-

تىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تاجۇتەخت پاسىبانسىز قېلىۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە سەلتەنەت ئىشلىرىغا دەخلى يېتىپ قالىدۇ. خانىش ئايىم قۇرۇلتاي چاقىرىپ شاھزادىلەردىن بىرەرىنى نائىب خانلىققا كۆتۈرسەك دەيدۇ.

— ئۆزلەچە قانداق قىلساق بولۇر جانابى ئەمىرلەر؟ — سورىدى ئۇلۇسبېگى ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

— بىزمۇ خانىش ئايىمنىڭ تەكلىپىنى لايىق كۆردۇق، — دېيىشتى ئەمىرلەر تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، — جانابى ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك تېنىنىڭ قاچان شىپا تېپىشىنى بىلمەيمىز. شۇڭلاشقا شاھزادىلەردىن بىرەرىنى نائىب خانلىققا كۆتۈرسەك، ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش قىلغان بولىمىز ھەم بۇ سەلتەنەتىمىزنىڭ ئاسايىشلىقىغا پايدىلىق.

ئۇلۇسبېگى خۇدايىداد رەنجىگەن قىياپەتتە ئۇلارغا قاپىقىنى تۈرۈپ تىكىلدى.

— جانابى ئەمىرلەرگە ھېلىتىن خان ئالىيلىرىنىڭ كېرىكى قالماپتۇ ـ دە!

— يوقسۇ، يوقسۇ، بىزنىڭ مۇددىئايىمىز ھەرگىز ئۇنداق ئەمەستۇر ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى، — دېيىشتى قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئەمىرلەر تىللىرىنى چايناپ، — ئالىيلىرى ھەرىكەتسىز، زۇۋانسىز بولۇپ قالغاچقا...

— بىز قىبلىگاھىمىزنىڭ مۇبارەك تېنىنىڭ شىپالىق تېپىپ، كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشىدىن چەكسىز ئۈمىدۋارمىز، — دېدى ئۇلۇسبېگى تەمكىنلىك بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — گەرچە خان ئالىيلىرى زۇۋاندىن قالغان بولسىمۇ، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقىنى يوق، زېھنىي قۇۋۋىتى جايىدىدۇر. ئويلاپ باقسۇنلار جانابى ئەمىرلەر، مۇشۇنداق چاغدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ نائىب خان بەلگىلىسەك، ئالىيلىرىنىڭ دىلى ئازار يېمەسمۇ؟ ئاۋام ـ رەئىيەت ئارىسىدا ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق پىتنە ـ پاسات پەيدا بولماسمۇ؟ سەلتەنەتىمىزنىڭ ئەغيارلىرى بۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

پايدىلىنىپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنى سەلتەنەتكە قارشى ئىش كۆرۈشكە قۇتراتماسمۇ؟ هازىر قومۇل، بارسكۆل دىيارى موڭغۇللارنىڭ تەھلىكىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئوردىدا بۇنداق ئىشلار يۈز بەرسە، ياۋ بىلەن ياغى قىلىشىۋاتقان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتمەسمۇ؟

ئەمىرلەر ئۇلۇسبېگىگە گەپ تېپىپ بېرەلمەي لاسىدە بولۇپ قېلىشتى.

— بۇنداق بىمەنە خىياللارنى ئاز قىلىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ كېسەل ئازابىدىن تېزرەك ساقىيىپ كېتىشىنى تىلىسۇنلار. كىمىكى ئاغزىغا كەلگەنچە جۆيلۈپ، ئوردىدىكى ئىشلارنى سىرتقا يايسا، ئەل ـ يۇرتتا پىتنە ـ پاسات پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولسا، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلسا، خانغا ئاسىيلىق قىلغانلار قاتارىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئۇلار قۇرۇلتاي چاقىرىپ نائىب خان بەلگىلەش تەكلىپىنى بەرسەك، ئوردىدىكى كۆپ سانلىق ئەمىرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىمىز، دەپ ئويلاشقانىدى. بىراق، ھېچكىم ئۇلارنى قوللاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇلۇسبېگىنىڭ سۆزلىرىنى چۆچۈپ تۇرۇپ ئاڭلاشتى ۋە ئالمان ـ تالمان قوللاپ ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

— بەرھەق، ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى ھەق ئېيتىدۇ.

— جانابى ئالىيھەزرىتىمىنىڭ مۇبارەك تېنىنىڭ تېزرەك شىپالىق تېپىشىنى تىلەيمىز.

— قىبلىگاھىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز.

— هازىر قۇرۇلتاي چاقىرىدىغان پەيت ئەمەس.

— ئەل ـ يۇرتنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ھەممىدىن مۇھىم.

※ ※ ※

خىلىدىن بېرى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاندىن رەنجىپ يۈرگەن ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بارلىق ئۈمىدىنى شاھزادە ئۇۋەيسخانغا

باغلاپ، ئوردا ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلاشماي يۈرگەنىدى. بىراق كۈتكەن قەرەلدە شاھزادە ئۈۋەيسخاندىن خەۋەر بولمىدى. بۇ ئىش ئۇنى خېلىلا ئەندىشىگە سېلىپ قويغانىدى. شاھزادە ئۈۋەيسخان قومۇلغا رەسمىي يۈرۈش قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئالچىنبەگنى ئۇلۇسبېگىگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئۇ ساداقەتمەن نۆكىرى ئالچىنبەگ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىگە تايىنىپ خانىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ ئالغان ئەمىرلەرنى بىر ـ بىرلەپ خاندىن يىراقلاشتۇردى. كېسەل ئازابىدا قىينىلىپ، غېرىبسىنىپ قالغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخانمۇ ئۇلۇسبېگىگە ئىلگىرىكىدەك سوغۇق مۇئامىلە قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلۇسبېگى ئوردىدىكى نوپۇزىنى قايتىدىن تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. شۇ ئارىلىقتا شاھزادە ئۈۋەيسخانىنىڭ قومۇلغا كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ھەرقانداق ئەمىرنىڭ سىرتىكى ئىشلارنى خانغا مەلۇم قىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن ئۇلۇسبېگى بۇ خەۋەرنى خانغا ئۆز ئاغزى بىلەن يەتكۈزدى. بۇ خەۋەردىن سۇلتان شىرمۇھەممەدخان خۇددى بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك چۆچۈدى، چىرايى كۆكىرىپ، بىر ھازا گەپ قىلالماي قالدى.

— دەرھال يارلىق چۈشۈرۈلسۇن، — دېدى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئاران ـ ئاران سۆزلەپ، — قومۇل ئەمىرى سۈپۈرگە مىرزا ئول تۈزكور شاھزادىنى دەرھال تۇتۇپ ئوردىغا ئەۋەتسۇن، كاللىسىنى ئەۋەتسىمۇ مەيلى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئۇلۇسبېگى سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا شاھزادە ئۈۋەيسخان بىلەن سۈپۈرگە مىرزىنىڭ بىرلىشىپ قوشۇن تەشكىللەپ، موغۇللارغا قارشى جەڭ قىلماقچى بولغانلىقىدىن مەلۇمات بەردى، بۇ قېتىم خان تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلەندى:

— پەرمانىمغا خىلاپلىق قىلغان ئول تۈزكور سۈپۈرگە مىرزىنىڭمۇ كاللىسى ئېلىنسۇن، دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن! — دېدى

جالاقلاپ تىترەپ.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئۇلۇسبېگى سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن سۇپۇرگە مىرزىنىڭ موغۇللارنى تارمار قىلىپ، كەينىدىن بارسكۆلگە قوغلاپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

بۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ سۇلتان شىرمۇھەممەدخان نەپەس يېتىشمەي ئۇستىگە ئۆرىدەپ تىنىپ خارقىرىدى، كۆزىنىڭ قارىقى تارتىلىپ قالدى، چىشلىرى كىرىشىپ ئاغزىدىن كۆپۈك كەلدى، تېۋىپلار ئاران تەستە ئۇنى تىنچلاندۇردى. ئەپسۇسكى، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان زۇۋاندىن قالغانىدى. مانا ھەپتىدىن بېرى زۇۋانسىز ياتاتتى، گەپ قىلىش ئۇچۇن ئاغزىنى ئۆمەللەيتتى ـ يۇ، لېكىن ئاۋازى سىرتقا چىقمايتتى. مەڭ تەستە تاۋۇش چىقىراتتى، لېكىن نېمە دېمەكچىلىكىنى ھېچكىم ئاڭقىرالمايتتى.

ــ ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا بۇندىن كېيىن تېۋىپتىن باشقا ھېچكىم خالىغانچە كىرمىسۇن، ــ دېدى ئۇلۇسبېگى پەرمان جاكارلاپ، ــ چۈنكى، خان ئالىيلىرى ھازىر زۇۋاندىن قالدى. قېشىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرسەڭلار سىلەر بىلەن مۇڭداشقۇسى كېلىدۇ، گەپ قىلاي دېسە تىلى زۇۋانغا كەلمىگەندىكىن تېخىمۇ بەك بىئارام بولىدۇ، بۇ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلىنىڭ تېزرەك شىپا تېپىشىغا پايدىسىزدۇر.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بىلەن باشقىلارنىڭ ئالاقە قىلىشىنى چەكلىگەن ۋە ئوردا ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي قولىغا ئالغانىدى. ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي خېلىلا تېتىك يۈرىدىغان، ئالدىراپ قاپىقى ئېچىلمايدىغان بۇ قېرى ئەمىردىن ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن ھېيىقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ پەرمانىغا ھېچكىم غىڭ ـ پىڭ قىلالمىدى. ھېلىقى ئەمىرلەرنىڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ نائىب خان بەلگىلىمەكچى بولۇشىنىڭ سەۋەبمۇ ئۇ-

لۇسىبېگنىڭ كۆچىيىپ كەتكەن ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنى چەكلەش ئىدى. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشىنى ئۇلۇسبېگى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا يوق قىلىۋەتتى. ھەئە، ئۆز غېمى بىلەن قالغان باشقا ئەمىرلەرمۇ مۇشۇنداق ئىنچىكە ۋەزىيەتتە ئۇلۇسبېگنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشنى خالىمايتتى، شۇڭلاشقا ئۇلۇسبېگنى قوللاپ ساداقەت بىلدۈرۈشكە باشلىغانىدى.

※ ※ ※

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد كۆڭلىدىكىنى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي تولىمۇ خاتىرجەم يۈرگەندەك قىلغىنىنى بىلەن ئالدىراپ قالغانىدى. چۈنكى، سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىمادىس تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتسە، قۇرۇلتاي چاقىرىپ ئىككى خانزادىدىن بىرىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ چاغدا ئۇلۇسبېگى ھەرقانچە قىلىپمۇ سەلتەنەتنىڭ بۇ مۇھىم ئىشىنى كەينىگە سۈرۈشكە سەۋەب تاپالمايتتى. يېڭى خان تىكلىنىپلا قالسا شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ تەختنى تارتىۋېلىش ئىشىغا ھەمدەمدە بولۇشقا ئىلاجى قالمايتتى. يېڭى خانغا ھەمدەم بولۇپ تەختنى قوغداشقا، شاھزادىگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى، ئەزەلدىن داۋاملاشقان ئۇدۇم بويىچە، ئۇلۇسبېگى مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشتىن قەتئىينەزەر، خانغا چەكسىز سادىق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق قىلمىسا ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىگە، شان ـ شۆھرىتىگە يۈز كېلەلمەيتتى، ئەل ـ ئۇلۇسنىڭ لەنىتىگە قالاتتى. قېرىپ ئىككى پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا خانغا ئاسىيلىق قىلدى دېگەن ھاقارەتنى كۆتۈرەلمەيتتى. شۇڭا، دەسلەپتىلا شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ تەختنى تارتىۋېلىش ئىشىغا مۆتىدىل پوزىتسىيە تۇتقان، سۇلتان شىر مۇھەممەدخانغا بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ قالغانىدى. مانا ئەمدى پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەنىدى، مۇشۇ پەيت-

تە شاھزادە ئۇۋەيسخان ئاستانىگە يېتىپ كەلسە، خانىڭ ئېغىر كېسەللىكىنى، ئىككى خانزادىنىڭ گۆدەكلىكىنى سەۋەب قىلىپ، ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىغا، سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىشىغا يول ئېچىپ بېرەلەيتتى ـ دە، ھېلىقىدەك ھاقارەتلەردىن، توقا ـ لەنەتلەردىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئەڭ ياخشى ئامال مۇشۇ ئىدى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، شاھزادە ئۇۋەيسخان تەخت ـ سەلتەنەتتىن مەردلىك، باھادىرلىقنى ئۇستۇن بىلىپ، بىچارە ئۇلۇسبېگىنى كاللىنى ئۆگزىگە ئاچىقىپ شاپاق يېگۈزۈشكە مەجبۇرلاۋاتاتتى[1].

زىددىيەتلىك خىياللاردىن باش ئالالمىغان ئۇلۇسبېگى چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى.

«ھېچبولمىسا شاھزادە ئالىيلىرى تۇرپان تەرەپكە كەلگەچ تۇرسا بولاتتى. بارسكۆلدىكى موڭغۇللار بىلەن قىلغان جېڭى قانداق نەتىجىلەنگەندۇ؟ غەلىبە ـ نۇسرەتكە يۈزلەنگەنمىدۇ؟ سۆيۈملۈك نەۋرەم سەييىدئەلى ئالپ قانداقراق تۇرغاندۇ؟ خويمۇ سېغىندىم. ئۇلار ئاستانىگە تېزرەك كەلسە، شاھزادە ئالىيلىرى تەخت ـ سەلتەنەتنى قولىغا ئالسا، مەنمۇ ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋەمنى ئول نەۋرەمگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، مەككە ـ مۇكەررەمنى تاۋاپ قىلىشقا مېڭىۋالسام بولاتتى. ياشىنىپ قالدىم، پۇت ـ قولۇمدا ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق ماغدۇر، قۇۋۋەت يوق. ھېچبولمىسا ساداقەتمەن چاپارمەنىم ئالچىنبەگ بىر خەۋەر ئېلىپ كەلسە

[1] بىر يۇرتتا ياشىنىپ قالغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇلار كۈزدە ئاپتاپقا سالغان قوغۇنىدىن بىرنى ئۆگزىدىلا يېچىپ يەپتۇ ـ دە، قوغۇنىنىڭ شاپىقىنى سىغىن ئىنىكىگە بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ. كەچكۈز مەزگىلى بولغىنىغا قارىماي ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق بولۇپ، ئاپتاپ بەكمۇ راھەتلىك ئىكەن. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ سىغىن ئىنىكىنىڭ سوغۇق ئېغىلدا شاپاق يېگىنىدىن كۆرە ئۆزلىرى بىلەن ئۆگزىدە ئاپتاپ سىنغاچ شاپاق يېيىشىنى ئەۋزەل كۆرۈپتۇ ـ دە، كالىنى ئۆگزىگە ئاچىقىپ شاپاق يېگۈزمەكچى بولۇشۇپتۇ.

بولاتتى. ئەمدى شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ رايىغا باقسام بولمايدۇ، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ ئاستانىگە تېزرەك كېلىشكە مەجبۇرلاي. ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ مۇددىئاسىدىن خەۋەرلەندۇرسەممىكىن ــ يا؟ شۇنداق قىلاي. نەۋرەم سەييىدئەلى ئالپقا كۆڭلۈمدىكىنى تەپ-سىلىي بايان قىلىپ مەكتۇپ يوللاي، شاھزادە ئالىيلىرىنى ئاستا-نىگە ئەكېلىشنىڭ ئامالىنى شۇ قىلسۇن. بولدىلا، ئالچىنبەگنى ساقلاپ نېمە قىلىمەن؟ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ نەدىلىكى ماڭا ئاي-دىڭغۇ؟ قومۇلدا بولمىسا بارسكۆلدە، ئىشقىلىپ ئىككىسىنىڭ بىرىدە بار. كىمنى ماڭغۇزسام بولۇر، ئوغلۇم مىرمۇھەممەدشاھنى ئەۋەتەيمۇ ـ يا؟ ياق، ئۇنداق قىلسام بولمىغۇدەك، بۇ دېگەن بىر ـ ئىككى كۈنلۈك سەپەر ئەمەس. مىرمۇھەممەدشاھ ئوردىدا بولمىسا ئۇلار گۇمانلىنىپ قالىدۇ. ئەجەبا قەسىرىمدە ئالچىنبەگدەك سادا-قەتمەن نۆكەردىن يەنە بىرى يوقمىدۇ؟ ئادەم قېرىغاندا گۇمانخور، بىراۋغا ئىشەنمەس بولۇپ قالامدۇ ـ نېمە؟ مېنى تۇزكور خوجا شەرىپ مۇشۇنداق گۇمانخور قىلىۋەتكەن ئوخشايدۇ...»

ئۇلۇسبېگنىڭ ئېسىگە خوجا شەرىپ كېلىشى ھامان خوجا شەرىپنىڭ ساتقىنلىقى سەۋەبىدىن ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئوغ-لى سەييىد ئەھمەد مىرزا كۆز ئالدىغا كېلىپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، ۋۇجۇدى پەرزەنت ئوتىدا ئۆرتەندى، كۆزىگە غىللىدە ياش كەلدى. ئۇلۇسبېگكە پەرزەنتلىرى ئارىسىدا تىلى كەمتۇك ھەم گاس ئاشۇ ئوغلىنى باشقىچە ياخشى كۆرەتتى. بەلكىم مېيىپ پەر-زەنتىنى باشقا پەرزەنتىدىن بەكرەك ئەتىۋارلاش، بەكرەك كۆيۈنۈش ھەممە ئاتا ـ ئانىلارغا ئورتاق ئۇدۇم بولسا كېرەك. شۇ سەۋەبتىن-مۇ ئۇلۇسبېگ خوجا شەرىپنى مەڭگۈ كەچۈرمەيتتى، قولىدىن كەلسە ئۇنى ھازىرلا بۇردا ـ بۇردا قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى.

باشقا ساراي ئۆيلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ئانچە چوڭ بولمى-سىمۇ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن، ئويۇقچىلىرىغا «قۇرئان كەرىم»،

www.uyghurkitap.com

«ھەدىس شېرىپ» قاتارلىق دىنىي كىتابلار تىزىلغان، تاملىرىغا قىلىچ، ئوقيا قاتارلىق جەڭ قوراللىرى ئېسىلغان ئېتىكاپخانىغا پەم بىلەن كىرىپ كەلگەن مەھرەم يىگىت ئۇلۇسبېگىنىڭ تەگسىز خىياللىرىغا بەرھەم بەردى. يىگىتنىڭ قولىدا بىر پىيالە چاي بار ئىدى.

— ئۇسسۇلۇق ئىچىۋالسىلا ھەزرىتىم، — دېدى يىگىت چاي پىيالىسى قويۇلغان پەتنۇسنى ئېھتىرام بىلەن تەڭلەپ.

چايغا قولىنى ئۇزاتقان ئۇلۇسبېگىنىڭ كۆزى يىگىتكە چۈشۈشى بىلەن كۆڭلى بىردىنلا ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

«باياتىن بېرى ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن نۆكەر ئىزدەپ باش قاتۇرۇپ كېتىپتىمىنا، كۆز ئالدىمدىكىسىنى كۆرمەي...»

ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىكلا قالغان مەھرەم يىگىتنى ئۇلۇسبېگى بالىچىلاپ بېقىۋالغانىدى، ئۇنى نەۋرىلىرى بىلەن بىللە خانلىق مەدرىسەسىدە ئوقۇتتى، بالا بەكمۇ چېچەن چوڭ بولدى. مەيلى قەلەم، مەيلى ئەلەم ماھارىتىدە بولسۇن، تەڭتۇشلىرىدىن خېلى ئۈستۈن تۇراتتى. ئەمما قىزلارغا ئوخشاش يۈزى تۆۋەن ئىدى، تەڭتۇشلىرىدەك ئورۇنسىز شوخلۇق قىلمايتتى، ئۇلۇسبېگىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. تىك بېقىپ قارىمايتتى، ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلۇسبېگى ئۇنى ئۆزىگە خاس مەھرەم قىلىۋالغانىدى. يىگىت ياشىنىپ قالغان بوۋاينىڭ قولى، پۇتى ئىدى. قەسىردە ئۇلۇسبېگى ئۇنىڭسىز ھېچ ئىشنى قىلالمايتتى. شۇ تۈپەيلى يىگىتنى ئەركىلىتىپ «قاناتبەگ» دەپ چاقىراتتى. كېيىنچە قەسىردىكىلەرمۇ ئۇنى قاناتبەگ دەپ چاقىرىدىغان بولدى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ئۇنتۇپ كېتىشتى.

— ئولتۇرسىلا، — دېدى ئۇلۇسبېگى يىگىتكە يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ.

يىگىت يا ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي، يا ئۇلۇسبېگىنىڭ بۇيرۇ-

قىدىن چىقالماي تەڭقىس ھالەتتە تۇرۇپ قالدى.

ــ كەلسىلە ئوغلۇم، يېنىمدا ئولتۇرسىلا، ــ دېدى ئۇلۇس-بېگى يىگىتكە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ.

يىگىت قورۇنۇپقىنا سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى.

ــ قومۇل، بارسكۆل تەرەپلەرگە يالغۇز بارالارلىمۇ ؟

قاناتبەگ دەس ئورنىدىن تۇردى:

ــ كەمىنەلىرى ھەزرىتىمنىڭ ئاتقان ئوقىدۇرمەن.

ئۇلۇسبېگى مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ بۇنى بىلىمەن ئوغلۇم. بىراق ئۆزلە مۇشۇ ياشقا كەلگىچە ئول تەرەپلەرگە بېرىپ باقمىدىلا، مەن بىلەن بىللە سەپەر قىلغان-لىرى باشقا. بۇ دورەم ئۆزلىرى يالغۇز، يەنە كېلىپ يوللىرى ناتو-نۇش بىر يۇرتقا بارىدىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېز بېرىپ، تېز يانمى-سىلا بولمايدۇ.

ــ ھەزرىتىمنىڭ پەرمانىنى جان ـ دىلىم بىلەن ئورۇنلاشقا تەييارمەن!

ئۇلۇسبېگى يىگىتنىڭ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن يەنە ئار-تۇقچە گەپ سوراپ يۈرمىدى.

ــ ئۇنداق بولسا ماڭا قەغەز ـ قەلەم تەييارلاپ بېرىپ ئوبدان ئارام ئېلىۋالسۇنلار. ئەتە بامداتتىن يېنىپ يولغا چىقىدىلا.

يىگىت بۇلۇڭدىكى چاققانغىنا شىرەنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇ-لۇسبېگىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن قەغەز ـ قەلەم ئەكىلىپ، سىياھداننى ئازراق نەمدەپ سىياھ ئېزىشكە كىرىشتى.

قاناتبەگنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ ئول-تۇرغان ئۇلۇسبېگى ئەتە ئەتىگەن ئۇنىڭغا قومۇل يولىنى تەپسى-لىي چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## 18

گۈزەل بارسكۆل يايلىقى تۈمەنلىگەن لەشكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان قومۇلدىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ بولغۇچە ئىسان تايشى موڭغۇل دالىسىدىكى ھەرقايسى ئىتتىپاقداش قەبىلىلەردىن ياردەم سوراپ چاپارمەن ماڭغۇزغان ۋە لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، قارارگاھلىرىنى مۇستەھكەملەپ ئۈلگۈرگەنىدى. شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن ئەمىر سۈپۈرگە مىرزىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ياۋ قارارگاھى بىلەن بىر پەرسەخ ئارىلىق قالدۇرۇپ قارارگاھ قۇردى ۋە كېچە ـ كۈندۈز پىيادە يول يۈرگەن لەشكەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ياۋغا ھۇجۇم قوزغىمىدى، ھەمدە موڭغۇللارنىڭ كېچىدە قارارگاھقا باسقىن قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاتتىق ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆردى. قومۇلدا قاتتىق زەربە يېگەن ئىسان تايشىمۇ ھەمدەمگە كېلىدىغان قوشۇننى كۈتۈپ، قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇ تاپتا ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىنى قاتتىق كۆزىتىۋاتاتتى. شاھزادە ئۇۋەيسخان ئىسان تايشىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم جەڭگە ئۈندەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن جەڭگە چىقماي قويدى.

ـــ يەنە نېمىگە ساقلايمىز ئالىيلىرى، ـــ دېدى بارگاھى ئالىيغا ئۇسۇپلا كىرگەن سەركەردە بوران خوجا، ـــ ئەسلىدە بارسكۆلگە كەلگەن كۈنىمىزنىڭ ئەتىسىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئول مەلئۇنلارنى سۈر ـ توقاي قىلساق ياخشى بولاتتى، مانا ئەمدى ئۇلارغا ھەمدەمچى قوشۇن كەلگىلى تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئۆۋەيسخان ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا، سەييىدئەلى ئالپ قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە بىر قارىۋېتىپ بوران خوجىغا يۈزلەندى:

— بۇ مەلۇمات ئىشەنچلىكمۇ سەركەردە، ياۋغا راستتىنلا ھەمدەمچى قوشۇن كەپتىمۇ؟

— راست بولماي ئەمىسە، — دېدى سەركەردە بوران خوجا تېرىكىپ، — چارلىغۇچىلىرىمىز ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ كۈلۈپ.

بوران خوجا تەئەججۈپلىنىپ سەييىدئەلى ئالپقا تىكىلدى:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ئەمىرزادەم؟

— ئاگال ئولتۇرسىلا سەركەردە، — دېدى ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا سەييىدئەلى ئالپنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، — ياۋنىڭ قارارگاھى تولىمۇ پۇختا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئالدىراپ ھۇجۇم قىلساق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزگە زىيادە تالاپەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدۇق. ئۆزلەگىمۇ ئايان، بىرنەچچە قېتىم جەڭگە ئۇندەپ باققان بولساقمۇ ئۇلار قارارگاھىنىڭ سىرتىغا چىقماي قويدى، لەشكەرلىرىمىزگە يا ئوقى بىلەن زەربە بېرىشكە ھازىرلاندى. ئۆزلەمۇ كۆردىلە، ياۋ قارارگاھىنىڭ ئىچىدە ئەپلىك، دالدا جايلاردا تۇرۇپ ئوق ئاتىدۇ. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز بولسا ئوچۇقچىلىقتا، بۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ كاماندازلىرىمىزنىڭ ئاتقان ئوقلىرى زايا كېتىدىشى، ياۋ كاماندازلىرىنىڭ ئاتقان ئوقى تالاپەت يەتكۈزۈشى ئېنىق. شۇل بائىستىن ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىمىغانىدۇق. مانا ئەمدى ئۇلارغا ھەمدەمچى لەشكەر كەلگەن بولسا، لەشكەرلىرىمىزنىڭ تامامى دېگۈدەك پىيادە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ جەڭ قىلىشقا ئالدىرايدۇ...

— ئەمدى قومۇلدىكىدەك لاي خەندىكى ھېيلىسى ئاقماسمىكىن جانابلىرى، — دېدى سەركەردە بوران خوجا، — تۆت ئەترا-

پىمىز تۈپتۈز يايلاق، ياۋنى ئالدىراپ خەندەككە سەكرەتمەك تەس.

ــ راست ئېيتىدىلا سەركەردە، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ سۆز ئېلىپ، ــ ياغاچ قازاندىمۇ بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ، خەر① جېنىدا بىر قېتىم پۇتى سېپىلغان تۆشۈككە ئىككىنچىلەپ قەدەم باسمايدۇ. شۇڭا ئەمدى لاي خەندىكى ھىيلىسىنى ئىشلەتمەيمىز.

ــ ياۋنى ئاتلىق دەپ ئۆزىمىزنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرمايلى، گەرچە بىزنىڭ ئاتلىقلىرىمىز ئاز بولسىمۇ بىرى ئونغا تېتىيدۇ، ــ دېدى بوران خوجا شاھزادە ئۇۋەيسخانغا قاراپ.

ــ ئەتە ئالىيلىرى پەرمان بەرسە سەركەردە راجى خوجەندىياز بىلەن بىللە ئاتلىق يىگىتلىرىمىزنى باشلاپ تۇرشاۋۇل بولاي. غەلىبە ـ نۇسرەت دېگەن لەشكەر ـ سەرەمجانلارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، جاسارىتىگە قاراپ يۈز ئاچىدۇ.

ــ ئەلۋەتتە تەدبىرمۇ بار، ــ دېدى سۇپۇرگە مىرزا كۈلۈپ، ــ چۈنكى، باتۇرلۇق ئوقىنى تەدبىر ياسىدا ئاتسا دەل تېگىدۇ ئەمەسمۇ.

ــ راست ئېيتىدىلا ئەمىر جانابلىرى، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، ــ ياۋغا كۆمەك كەلگەن بولسا، ئەمدى قارارگاھىنى ساقلاپ يېتىۋەرمەس. يۈرىكىدىكى مەغلۇبىيەت تەشۋىشلىرى تارقاپ، دىماقلىرى غالىبلىق خورەكلىرى بىلەن ئۈستۈن بولۇر، نۇسرەت تەمەسى كۆڭلىنى پۈتۈن قىلۇر. ئەمماكى، ياردەم غالىبلىقنىڭ بىردىنبىر سەۋەبكارى بولالماس. تەدبىر ـ ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرگەندىلا، ئاندىن غالىبلىق تۇغىنى ئەبەدىي لەپىلدەتكىلى بولۇر. شۇنى جەزم قىلغىلى بولىدۇكى، ئەتە بىز جەڭگە ئۈندىمىسەكمۇ ئول ياغى بىزنى جەڭگە ئۈندەر. قومۇلدا ئۇلارنى يېڭىپ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى ھەسسىلەپ ئاشتى، بۇ جەڭدە تەدبىرىمىز غالىبلىقىمىزغا ئاساس بولدى. لېكىن ھازىر ياۋ بىلەن ئوتتۇرىمىز ئۇ چېتىگە تۇخۇم قويسا، بۇ چېتى كۆرۈنگۈدەك تەپتەكشى يايلاقتۇر، بۇ ھال ياۋنىڭ ئاتلىقلىرى ئۈچۈن

① خەر ــ ئېشەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تولىمۇ پايدىلىقتۇر. ئەتىكى جەڭدە سەل ـ پەللا كەتكۈزۈپ قويىدىغان بولساق، جان ساقلىمىقىمىز بەسى مۇشكۇلدۇر.

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەركەردە بوران خوجا جىمىپ قالدى. «ھە، تەدبىرىڭ بولسا كۆرسەتمەمسەن» دېگەننى قىلىپ سەييىدئەلى ئالپقا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

ــ قارارگاھىمىزنى بۈگۈن كېچە يېرىم پەرسەخ كەينىگە چېكىندۈرەيلى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ــ ئەتە ئاتلىقلىرىمىز تۇرشاۋۇل بولمىغاي.

سەركەردە بوران خوجا سەييىدئەلى ئالپنىڭ كۆزىگە يالت ئېتىپ قاراپ، گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەپ توختاپ قالدى.

ــ بۇنىڭ بائىسى نېمىكىن؟ ــ سورىدى سۇپۇرگە مىرزا.

ــ بۇ نۆۋەت پىيادىلەرنى تۇرشاۋۇل قىلايلى. سەركەردە بوران خوجا بىلەن سەركەردە راجى خوجىنىيازنىڭ ئاتلىق يىگىتلىرى ئىككى تەرەپتە بۆكتۈرمىدە تۇرغاي، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ چۈشەندۈرۈپ، ــ بۇنداق قىلساق ياغى قارارگاھىمىزنى چېكىندۈرگەنلىكىمىزنى ھەمدە پىيادىلەرنى تۇرشاۋۇل قىلغىنىمىزنى كۆرۈپ، يۈرىكى تېخىمۇ يوغىنايدۇ ـ دە، بىخۇدلىشىدۇ. غەلىبە تەمەسىدە ھېچنېمىگە قارىماي ھۇجۇمنى تېزلىتىدۇ.

ــ ئول چاغدا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن ئاتلىقلارغا تاقابىل تۇرماق تەسكە توختارمىكىن، ــ دېدى سەركەردە راجى خوجىنىياز.

ــ تاقابىل تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، پىيادىلىرىمىز ياۋنىڭ ئات تۇياقلىرىدا دەسسىلىپ كېتىدۇ، ــ دېدى ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ.

ــ ئاتلىقلارنى ئاتلىقلىرىمىز توسۇپ بەرسە، پىيادىلىرىمىزنىڭ تاقابىل تۇرمىقى ئاسانغا چۈشەتتى، ــ دېدى سەركەردە مەڭلىك ئاقنىياز.

شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا نېمە دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىكەن دەپ سەييىدئەلى ئالپقا تەڭلا قارىدى.

— ھازىر كۆز پەسلى بولغاچقا، يايلاقنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى بەكمۇ بولۇق. مەن خېلى ئوبدان كۆزەتتىم، ئەڭ پاكار ئوت ـ چۆپلەرمۇ ئادەمنىڭ قاق پاقالچىكىگە كېلىدىكەن. ئېگىز ئۆسكەنلىرى تىزدىن ئاشىدىكەن. ئاشۇ ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا قوزۇق قېقىپ تانا تارتايلى، قۇيۇندەك چېپىپ باستۇرۇپ كەلگەن ئاتلارنىڭ ئاشۇ قوزۇق، تانىلارغا پۇتلاشمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي.

شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن ئەمىر سوپۇرگە مىرزىنىڭ چىرايىغا ۋىللىدە كۇلكە يۈگۈردى.

— پىيادىلىرىمىز يالغاندىن ھۇجۇم قىلىپ راستتىن قاچىدىكەن ـ دە، — دېدى سەركەردە مەڭلىك ئاقنىياز.

— دۇرۇس ئېيتتىلا سەركەردە، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ.

— ئول تانا ـ قوزۇقلارغا تۇمەنلىگەن ئاتلارنىڭ پۇتلىشىشى ناتايىن، — دېدى سەركەردە بوران خوجا تازا قايىل بولماي، — پۇتلاشماي باستۇرۇپ كەلگەنلىرىنىچۇ؟

— ئۇلارنى بادرا قوزۇق[①] بىلەن توسۇيمىز، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ئىشەنچ بىلەن، — يەردىن ئىككى ـ ئۈچ گەز ئېگىزلىكتە چوقچىيىپ چىققان بادرا قوزۇقلار قۇيۇندەك چېپىپ كەلگەن ئاتلارنىڭ دەل كۆكرىكىگە سانجىلىدۇ.

— ئەينى مۇددىئا، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۇلۇپ، — مانا مۇشۇ چاغدا پىيادىلىرىمىز ئالدىدىن، بۆكتۈرمىدە تۇرغان ئاتلىقلىرىمىز ئىككى ياندىن شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان بولسا ياۋنىڭ ئاتلىرى قۇدرىتىنى يوقىتىدۇ.

— تەمتىرەپ، سېپى بۇزۇلغان ئاتلىقلار پىيادىلىرىمىزنىڭ ئالدىدا ئىلاجسىز قالىدۇ، — دېدى ئەمىر سوپۇرگە مىرزا.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان بۇ تەدبىرنى قوبۇل كۆرگەنلىكىنى جاكارلاپ، — جانابى سەركەردىلەر

① بادرا قوزۇق — ئىككى ـ ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بادرىنىڭ ئۇچىنى ئۇچلاپ ياسىغان قوزۇق.

ھازىردىن باشلاپ ئۇل تەدبىر بويىچە ھازىرلىق كۆرسۇنلار.

— پەرمانبەردارمىز!

سەركەردىلەر ئېگىلىپ سالام بېرىشىپ بارگاھ ئالىيدىن يېنىپ چىقىشتى.

※ ※ ※

بۈگۈن بارسكۆل ئاسمىنىدا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. قۇياش ئاتەشلىك نۇرلىرىنى بۇ يايلاققا سېخىيلىق بىلەن چاچاتتى، خۇددى بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جەڭنى باشلاش ئالدىدا تۇرغان تۇمەنلىگەن رەقىبلەرنىڭ قەلبىدىكى دۈشمەنلىك مۇزلىرىنى ئېرىتىشۋەتمەكچى بولغاندەك. بىپايان يايلاقتىكى پايانداز سالغاندەك تەكشى ئۆسكەن ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلار كەچكۈزنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلىدا يېنىك تەۋرىنەتتى، خۇددى تۇمەنلىگەن ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ، چەيلىنىشتىن ۋايىم يېگەندەك. ھەئە، بارسكۆل دالىسى جەڭ دۈمبىقىنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى، لەشكەرلەرنىڭ نەرە ساداسىدا لەرزىگە كەلگەنىدى.

قومۇلدىكى مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇش ئىشەنچىگە تولغان موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرى رەقىبلىرى ئۈستىگە ھازىرلا باستۇرۇپ بارىدىغان ئەلپازدا چۇقان سالاتتى، ئاستىدىكى شاش ئارغىماقلار بىر ئىزىدا چاپچىپ تۇرالمايتتى.

تەسەررۇپ زېمىنىدىن ياتلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى ۋىجدانەن بۇرچى دەپ بىلگەن موغۇلىستان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى تەسۋىرلىگۈسىز بىر غۇرۇرنىڭ تۈرتكىسىدە قىلىچلىرىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ـ جاسارىتىنى ياۋغا بىلدۇرۇپ قويماقچى بولغاندەك جان ـ جەھلى بىلەن نەرە تارتاتتى.

ھەر ئىككى قوشۇننىڭ جەڭ سېپى خۇددى تۇغاننى بۇزۇپ تاشلاش ئالدىدا تۇرغان كەلكۈندەك تەۋرەيتتى.

ئېسىل تورۇق ئارغىماققا مىنىۋالغان موڭغۇل سەركەردىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com

ئىسان تايشى ئەتراپىنى يۇلتۇزدەك ئورىۋالغان سىپاھ، سەركەردى-لىرىنىڭ ئارىسىدا غەيۇر ئىستىپلاچىلارغا خاس جاسارەت بىلەن تەمكىن تۇراتتى. قومۇلدىكى مەغلۇبىيەتتىن چۆچۈپ قالغان بۇ سەركەردە تەكەببۇر، كۆرەڭلىكىنى پۈتۈنلەي تاشلىغان بولۇپ، چىرايىدىن ئېھتىياتچانلىق ئىپادىسى بالقىيتتى. رەقىبلىرىنىڭ تامامى دېگۇدەك پىيادە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، جەڭ قىلىشقا ئال-دىراپ قالغان سەركەردىلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش تەلەپلىرىگە سو-غۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. چاندۇرماي تۇرغىنى بىلەن ۋۇجۇدى زىددىيەتلىك خىياللارغا تولغانىدى. بۇ قېتىم يېڭىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۆزىگە تەۋەلىك بىلدۈرگەن قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۇنى كۆزىگە ئىلمايلا قالماستىن، بۈيۈك موڭغۇل دالاسىدىكى شا-نۇ شەۋكىتىگە داغ چۈشەتتى. رەقىبىنىڭ قارارگاھىنى بىر كې-چىدىلا يېرىم پەرسەخ چېكىندۈرگەنلىكى كۆڭلىگە گۇمان پەيدا قىلىپ قويغانىدى. ئەمما سەركەردىلىرى بۇنى رەقىبلىرىنىڭ قورققانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەنگەنىدى. چۈنكى، تۈنۈگۈندىن بېرى تولۇق كېلىپ ئۆلگۈرگەن ھەمدەمچى قوشۇن ئۇلارنىڭ يۈ-رىكىنى توم، ئۆزلىرىنى كۆرەڭ قىلىپ قويغانىدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان موڭغۇل خانىنىڭ بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى قارارگاھتىن چىقارغان بولسىمۇ، جەڭ سېپىنى مۇستەھكەم تۇزۇپ، ئالدىغا بىر قەدەم چامدىماي تۇرغىنىنى كۆ-رۈپ بىر ئاز تەئەججۈپلەندى.

ــ ئۇلار قوزۇق ـ تاناب ھېيلىمىزنى بىلىپ قالدىمۇ نېمە، ئەجەب ھۇجۇمغا ئۆتەي دېمەيدىغۇ؟ ــ دېدى كۆڭلىدىكى گۇماننى يوشۇرماي.

ــ ھېيلىمىزنى بىلىپ قېلىشى ناتايىن، ئېھتىيات قىلىۋا-تامدىكىن، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئىشەنچ بىلەن.

ــ مېنىڭچە تۇرشاۋۇللىرىمىز ھۇجۇمغا ئۆتكەي، ــ دېدى ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا، ــ بۇنداق تۇرۇۋەرسەك ياۋنىڭ گۇمانىنى كۈچەيتىپ قويىمىز.

ـــ شۇنداق قىلايلى، ـــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ ۋە ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ بىلەن سەركەردە مەڭلىك ئاقنىيازغا قارىدى، ـــ جانابى سەركەردىلەر تۇرشاۋۇللارنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەي، لېكىن ياۋغا بەك يېقىنلىشىپ كەتمىگەي. بولۇپمۇ قوزۇق ـ تاناب قېقىلغان دائىرىگە كىرىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغاي. ياۋ ھۇجۇم باشلىشى بىلەنلا قورققان بولۇپ بەدەر قاچقاي.

ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا ناغرىچىلارنى ناغرا چېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىگنالى بېرىشكە پەرمان بەردى. نەچچە ئونلىغان ناغىرىچىلار ناغرا ـ دۇمباقلىرىنى ھۇجۇم پەدىسىگە چېلىشقا باشلىدى. شۇ ھامان ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ بىلەن سەركەردە مەڭلىك ئاقنىيازنىڭ باشچىلىقىدا تۇرشاۋۇل قوشۇن چۇقان ـ سۈرەن سالغىنىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

رەقىبلىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكىنىنى كۆرۈپ موڭغۇل سەركەردىلىرى تۇرالماي قالدى، ئەمدى يەنە قاراپ تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايتتى، قاراپ تۇرۇۋەرسە لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتى سۇناتتى.

ـــ پەرمان بەرسىلە بۇيۇك خان. دۈشمەنلىرىمىزنى خۇددى چۆپ ئورۇغاندەك ئورۇپ، ئاتلىرىمىزغا پېتىقلىتىۋېتەيلى.

ـــ پەرمان بەرسىلە ئالىيلىرى.

ئىسان تايشىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەر بىردىنلا غايىب بولدى. ۋۇجۇدىدا جاسارەت قانلىرى كۆۋەجەپ، كۆزىگە قىزىللىق تېقىلدى ۋە قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

ـــ قېنى باھادىرلىرىم، ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بىرىمۇ تىرىك قالمىسۇن!

پەرمان بىلەن تەڭ مىڭلىغان موڭغۇل ئاتلىرى ئاچچىق قامچا زەربىسىدىن خۇددى يار ئالغان كەلكۈندەك ئېتىلىپ چىقتى. ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن پۈتكۈل بارسكۆل دالاسى لەرزىگە كەلدى.

موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كەلگىنىنى كۆرگەن شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ تۇرشاۋۇل قوشۇنى يا ئوقى بىلەن ھۇجۇمنى توسۇماقچى بولغاندەك قىياپەتتە تەرتىپلىك

ھالدا بىرنەچچە قېتىم ئوق ئۈزدى، ئەمما قويۇندەك چېپىپ كې-لىۋاتقان ئاتلىقلارغا ھېچقانچە تالاپەت يەتكۈزەلمىدى. ئۇلار ئوق ئېتىشنى توختىتىپ، قورققان قىياپەتتە سەپلىرىنى قالايمىقان قىلىپ كەينىگە قاراپ قېچىشتى. بۇ ھىيلە ئوبدانلا ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى، موغۇلىستان لەشكەرلىرىنى قورقۇپ قاچتى دەپ ئويلاپ قالغان موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئاتلىرىغا تېخى-مۇ كۈچەپ قامچا سالدى. ھايال ئۆتمەي ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا قېقىلغان قوزۇقلار، تارتىلغان تانىلار كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئوقتەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلار قوزۇق ـ تانىلارغا پۇتلىشىپ ئۈستىدىكى چەۋەندازلار بىلەن تەڭلا تىك موللاق چۈ-شەتتى. بار ئەس ـ يادى قېچىپ كېتىۋاتقان رەقىبلىرىنى قىلىچ-تىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قارارگاھىنى تىرىپىرەن قىلىشتا قال-غان موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى قوزۇق ـ تانىلارنى كۆرۈشكە ھەپسىلىسى يوق ئىدى. پۇتلىشىپ، مۈدۈرۈپ كەتمىگەنلىرى ئاتلىرىغا جان ـ جەھلى بى-لەن قامچا سالاتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ جەڭ سەپلىرى قالايمىقان-لىشىپ كەتكەن، ئون ئاتنىڭ ئىككى ـ ئۈچى سەپتىن چۈشۈپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھۇجۇمنى توختاتمىغانىدى. چاپقاز-سىرى قىزىپ كەتكەن ئاتلارغا ئەمدى قامچىنىڭ كېرىكى قالمىغا-نىدى. ئاتلار ياۋ قارارگاھىغا قاراپ قويۇندەك چاپاتتى. موڭغۇل چەۋەندازلىرىنىڭ ئالدىنقى 10 ـ 15 قەدەم قالغاندا، غاز قانىتى-دەك سەپ تۈزۈپ ئىزىدا مىدىرلىماي سۈرەن سېلىۋاتقان موغۇ-لىستان لەشكەرلىرى چاققانلىق بىلەن كەينىگە چېكىنىشتى. شۇ ھامان ئۇلارنىڭ كەينىدىكى بىر ئۈچى يەرگە كۆمۈلۈپ، ئۇچلانغان ئۈچى يانتۇ ھالەتتە تىكلەپ قويۇلغان ئىككى ـ ئۈچ گەز ئېگىز-لىكتىكى سانجاق ـ سانجاق بادرا قوزۇقلار جان ـ جەھلى بىلەن چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلاندى. موڭغۇللار ئەمدى ئاتلىرىنى توختىتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. بىلەكتەك، پا-قالچەكتەك توملۇقتىكى قوزۇقلار ئاتلارنىڭ كۆكرىكىگە زەرب بى-

لەن سانجىلاتتى. كەينىدىكى ئاتلار قوزۇققا زىخلىنىپ قالغان ئاتلارغا كېلىپ سوقۇلاتتى ۋە ئۈستىدىكى لەشكەرلەرنى يەرگە ئا- تاتتى. موڭغۇللارنىڭ جەڭ سېپى پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەت- تى. ئاتلار ئاتلارغا سوقۇلاتتى، يىقىلىپ چۈشكەن لەشكەرلەرنى پېتىقلايتتى. كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار ئالدى تەرىپىدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، ئاتلىرىنىڭ تىز- گىنىنى تارتىشقىنىچە يا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشنى، يا چې- كىنىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىشقانىدى. شۇ ئەسنادا موغۇ- لىستان ئېلىنىڭ پىيادە لەشكەرلىرى ئالدى تەرەپتىن، سەركەردە بوران خوجا بىلەن راجى خوجىنىياز باشچىلىقىدىكى ئاتلىق لەش- كەرلەر ئوڭ ـ سول تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتتۇشتى.

لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىنىڭ سۈسلاپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىسان تايشى قىلىچ يالىڭاچلاپ جەڭگە كىردى. قىر - چاپ سادالىرى، تىغ زەربىسىدە بېشىدىن، پۇت ـ قوللىرىدىن ئايرىلغان لەشكەرلەرنىڭ ئېچىنىشلىق نالىلىرى پەلەككە يەتكەنىدى. ئىسان تايشىنىڭ جەڭگە كىرگەنلىكىنى كۆرگەن موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ جاسارىتى قايتىدىن ئۇرغۇدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان، ئەمىر سۈپۈرگە مىرزا بىلەن بىللە جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان سەيىدئەلى ئالىپ موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئىسان تايشىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇ- شۇپ، ئاستا ـ ئاستا جەڭ سېپى تۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەگەر موڭغۇللار قالايمىقانلاشقان جەڭ سېپىنى قايتىدىن تۈزۈۋا- لىدىغان بولسا، تەڭ كەلمەك تەسكە چۈشەتتى ـ دە، لەشكەر چې- كىندۈرمەكتىن باشقا چارە قالمايتتى. سەركەردە بوران خوجا بىلەن راجى خوجىنىيازنىڭ ئاتلىقلىرى جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىپ، موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ سەپ تۈزۈۋېلىشىنى توسۇۋاتاتتى.

«ياۋغا جەڭ سېپىنى قايتا تۈزۈۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك...»

سەيىدئەلى ئالىپ تاۋاچى بەگكە ناغرىچىلارنى ھۇجۇم ناغرى-

ىسىنى تېخىمۇ قاتتىق چالدۇرۇشقا پەرمان بېرىپ، ئۆزى ئەترابـ-
ىدىكى يۈز نەپەر ئاتلىق نۆكىرىنى باشلاپ ئۇدۇل ئىسان تايشىغا
قاراپ ئات سالدى. ئىسان تايشىنىڭ ئەترابىغا جۇغلاشقان موغۇل
چەۋەندازلىرى سەركەردىسىنى قوغدىغاچ جەڭ قىلىشۋاتاتتى. ئۇلار-
نىڭ سېپى بەكلا تەرتىپلىك ئىدى. ئالدىغا دۈچ كەلگەن رەقىبلىـ-
رىگە چاقماقتەك سوقۇپ زەربە بېرەتتى. سەييىدئەلى ئالپنىڭ نۆ-
كەرلىرى خۇددى تۆگۈلگەن مۇشتتەك تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ
ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىردى. تۇيۇقسىزلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ئات-
لىقلارغا دۈچ كەلگەن ئىسان تايشىنىڭ نۆكەرلىرى ئەمدى جەڭ-
گىۋارلىقىنى خېلىلا يوقاتقانىدى. ھەئە، سەييىدئەلى ئالپ بىلەن
ئىسان تايشى روبىرو كېلىپ قالغانىدى. ئات ئۈستىدە ئولتۇرسى-
مۇ خۇددى ئۆرە تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان زىيادە بەستلىك سەييىد-
ئەلى ئالپنى كۆرۈپ، ئىسان تايشى بىرنەچچە دەقىقە تەمتىرىدى ـ
دە، ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋالدى. ئېتىنىڭ بېشىنى رەقىبىگە
توغرىلاپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى. گەرچە ئىسان تايشى خې-
لىلا بوي ـ بەستلىك يىگىت بولسىمۇ، زىيادە بەستلىك سەييىد-
ئەلىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ۋىجىك كۆرۈنەتتى. ئەمما كىچىكى-
دىن تارتىپ موڭغۇل دالىسىدا ئات چاپتۇرۇپ چوڭ بولغان بۇ
سەركەردىنىڭ چەۋەندازلىق ماھارىتى ئاجايىپ يۇقىرى ئىدى. ئۇ-
نىڭغا سېلىشتۇرغاندا سەييىدئەلى ئالپنىڭ ھەرىكىتى كالانپايراق
كۆرۈنەتتى. ئىسان تايشىنىڭ ئۆتكۈر نەزەرى بۇنى ئاسانلا پەم-
لىدى ـ دە، چاققانلىقىغا تايىنىپ بۇ دىۋە سۈپەت رەقىبىنى تەم-
تىرەتمەكچى، ئات ئۈستىدىن غۇلىتىپ تاشلاپ، بېشىنى تېنىدىن
جۇدا قىلماقچى بولدى.

ئىسان تايشىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە قىلغان بىرنەچچە قې-
تىملىق ھۇجۇمى ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. سەييىدئەلى ئالپ ناھايى-
تى تېزلا مۇداپىئەگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مۇداپىئە قىلىپ
تۇرۇپ ئۇرغان قىلىچىدىن ئىسان تايشى ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن
قاچۇراتتى. بىر ـ بىرىدىن ئېھتىيات قىلىشقا باشلىغان ئىككى

رەقىب سەركەردە بىر ـ بىرىنىڭ ماھارىتىگە كۆڭلىدە قايىل بو-
لۇشۇپ قالغانىدى.

«يا ھەزرەت، نىمانداق مايمۇندەك چەپدەس باھادىر بۇ. ئات
ئۈستىدە خۇددى يەردە تۇرغاندەكلا بىمالال ھەرىكەت قىلىدىكىنا.
كۆزۈڭ ئۆتكۈر بولسۇن سەييىدئەلى، بولمىسا ئۇنىڭ قىلىچى بې-
شىڭنى خۇددى قوغۇن ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايدۇ...»

«ئۆزى دىۋىدەك بولغىنى بىلەن كۆزى بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆت-
كۈر يىگىتكەن، ئىنكاسىمۇ شۇنداق تېز. تازىمۇ بىر ماھارەتلىك
رەقىبكە دۇچ كەلدىمۇ نېمە؟ ئويلىماپتىمەن، ئۇيغۇرلاردىمۇ مۇ-
شۇنداق چەۋەندازلار بار ئىكەن. ئېھتىيات قىلاي...»

سەييىدئەلى ئالپىنىڭ پەملەپ تۇرۇپ زەرب بىلەن ئۇرغان
قىلىچىدىن چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى يانغا تاشلاپ قۇتۇلغان ئى-
سان تايشى ھۇجۇم نىشانىنى سەييىدئەلى ئالپتىن ئۇنىڭ ئاستى-
دىكى قارا ئارغىماققا قاراتتى ـ دە، رەقىبىگە قىلىچ چاپقاندەك
بىر پەنت ئىشلىتىپ، چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى ئېتىنىڭ يان تە-
رىپىگە تاشلىدى، ئاندىن قىلىچ بىلەن قارا ئارغىماقنىڭ ئالدى
پۇتىغا زەرب بىلەن چاپتى. ئېتىنىڭ تىغ زەربىسىگە ئۇچراپ مۇ-
دۇرۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن سەييىدئەلى ئالپ ئات يىقىلىشتىن بۇ-
رۇن بىر سەكرەپلا يەرگە چۈشۈۋالدى. بۇ چاغدا ئۇ ئىسان تايشى-
نىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قالغانىدى. سەييىدئەلى ئالپ بىر
ئېگىشىپلا تورۇق ئارغىماقنىڭ ئارقا پۇتىنى تۇتتى ـ دە، «يا
خۇدا!» دەپ توۋلىغىنىچە بارلىق كۈچى بىلەن تارتتى. بۇ كۈچلۈك
زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن تورۇق ئارغىماق يىقىلدى. سەي-
يىدئەلى چاچراپ بېرىپ ئات بىلەن تەڭ يىقىلغان ئىسان تايشى-
نىڭ بوغۇزىغا قىلىچ تەڭلىدى. ئۇنىڭغىچە سەييىدئەلى ئالپىنىڭ
نۆكەرلىرى ئىسان تايشىنى باغلاپ ئۈلگۈردى. موڭغۇل سەركەردى-
لىرى ئىسان تايشىنىڭ ياۋ سەركەردىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قال-
غىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خىلىلا پىداكارلىق
كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى. باش سەركەردىسى-

ـدىن ئايرىلىپ قالغان موغۇللارنىڭ ئەمدى جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا رەغدى قالمىغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە جەڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولدى، موغۇل لەشكەرلىرى پىتىراپ كەتتى.

※ ※ ※

بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت داۋاملاشقان ئۇرۇشتا ئامان قالغان موغۇل لەشكەرلىرى قارارگاھلىرىنى تاشلاپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. پۇتكۇل جەڭ مەيدانى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپتىن خېلى كۆپ لەشكەرلەر جېنىدىن ئايرىلغانىدى، يارىدار بولغانلارمۇ خېلى بار ئىدى.

— ئۇل جەننەتماكان شېھىتلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ مۇشۇ جەڭگاھقا دەپنە قىلايلى، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان.

لەشكەرلەر سەپداشلىرىنىڭ مېيىتىنى رەتلىك تىزىپ چىقتى، ئاندىن ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەر سەپ بولۇپ مېيىت نامىزى ئوقۇشتى. كۆز باغلانغۇچە مېيىتلار تولۇق يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولدى.

— ياۋنىڭ جەسەتلىرىنى قانداق قىلىمىز ئالىيلىرى؟ — سورىدى سۈپۈرگە مىرزا مېيىت نامىزىدىن كېيىن غەمكىن بولۇپ قالغان شاھزادە ئۇۋەيسخانغا قاراپ.

— ئۆزلىرىچە قانداق قىلساق بولۇر؟

— بۇ جەسەتلەرنى ئايدالادا مۇشۇنداق تاشلاپ قويساقمۇ بولماس، لەشكەرلەر ئۇلارنىمۇ كۆمۈۋەتسۇن.

— شۇنداق قىلايلى، كۆمۈۋېتەيلى، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، — بىراق ئۇلارنى كۆمگەن جاي مۇنۇ جەننەتماكان ئوغلانلىرىمىزنىڭ ياتقان تۇپرىقىدىن تۆۋەنرەك ھەم يىراقراق بولسۇن.

— ئۇل ياۋ خانى ئىسان تايشىنى قانداق قىلىمىز ئالىيلىد-

رى؟ ـــ سورىدى سەييىدئەلى ئالپ.

ـــ ئول مەلئۇننى پىقىرغا تاپشۇرۇپ بېرىشكەيلا، ئۆز قولۇم بىلەن يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالاي، ـــ دېدى ئۇلۇغ دولىسىغا موڭغۇل سەركەردىسىنىڭ قىلىچى تېگىپ ئۆلۈمدىن ئاران قۇتۇلۇپ قالغان ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ ئاغرىق ئازابىدا چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ تۇرۇپ.

ـــ جانابى سەركەردە يارىلانغان تۇرسىلا، ئول موڭغۇل خاننىڭ يۈرىكىنى قانداق سۇغۇرۇۋالالايدىلا؟ ـــ دېدى ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا كۈلۈپ.

ـــ ئاگال ئىجازەت بەرسىلە، ئۇلۇغ قولۇمنى مىدىرلىتالمىغىنىم بىلەن سول قولۇمنىڭ يۈرەك سۇغۇرغۇدەك ماغدۇرى بار.

سۇپۇرگە مىرزا «قانداق قىلىمىز؟» دېگەن مەنىدە شاھزادە ئۇۋەيسخانغا قارىدى.

ـــ سەركەردە جاراھىتىنى ئوبدان ئەملىتىپ ئارام ئالغاي، ـــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ـــ ئول موڭغۇل خاننىڭ ئىشىنى ئەتە ناشتىدىن كېيىن بىر تەرەپ قىلۇرمىز، ئۇنىڭ ھالىدىن ئەمىرزادەم ئۆزلە خەۋەر ئالغايلا.

ـــ مۇبارەك بولسۇن ئەمىرزادەم، موڭغۇل خانغا خىزمەت قىلىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولدىلا ئەمدى. رەنجىمىسىلە، ئۆزلە تاپقان بالا بۇ، ـــ دېدى سەركەردە بوران خوجا سەييىدئەلى ئالپ بىلەن چېقىشىپ.

ـــ ناۋادا ئول موڭغۇل خانى غىزا يېگىلى ئۇنىمىسا چايناپ يېگۈزۈپ قويغايلا، ـــ دېدى سەركەردە راجى خوجىنىياز.

بۇ چاقچاقنى ئاڭلاپ شاھزادە ئۇۋەيسخان پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ـــ ناۋادا ئەمىرزادەمنىڭ ئول موڭغۇل خاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇسى بولمىسا زورلىمايمىز، ـــ دېدى شاھزادە كۈلكىسىنى توختىتىپ.

ـــ يوقسۇ ئالىيلىرى، ـــ دېدى شاھزادىنىڭ مەقسىتىنى

چۈشەنگەن سەييىدئەلى ئالىپ، ــ گەرچە ئىسان تايشى ھازىر بىز-نىڭ تۇتقۇنىمىز بولسىمۇ، يەنىلا بىر ئەلنىڭ خانىدۇر. ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغۇچە ئىززەت كۆرسىتىپ خەۋەر ئېلىش يولىمىز ھەم باردۇر.

※ ※ ※

بۈگۈنكى ئەتىگەنلىك ناشتا كۈندىكىدىن سەل ۋاقچىراق قى-لىندى. بارلىق سەركەردىلەر قائىدە بويىچە ھەر كۈنى ئەتىگىنى شاھزادە ئۇۋەيسخانغا سالام بەرگەچ، ئۇنىڭ چېدىرىدىلا بىللە ناش-تا قىلاتتى. مانا مۇشۇ ناشتىدا ئەسىرگە چۈشكەن ئىسان تايشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە قىسقىغىنا تالاش ـ تارتىش بولدى.

ــ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تەسەررۇپىمىزغا تەئەررۇز قىلىشقا پې-تىنغانلارغا ئىبرەت قىلىشىمىز كېرەك، ــ دېدى سەركەردە بوران خوجا.

ــ شۇنداق قىلىش كېرەك، ــ دېدى ئىشىكئاغا ئاخۇنبەگ.

بۇ تەكلىپكە سەركەردە راجى خوجىنىيازمۇ قوشۇلدى. سۈپۈر-گە مىرزا بىلەن سەييىدئەلى ئالىپ ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ــ ئەلۋەتتە، ئول موغۇل خانىنى ئۆلتۈرۈشكە ھەققىمىز بار، ــ دېدى بىردەم ئويلىنىۋالغان شاھزادە ئۇۋەيسخان تەمكىن-لىك بىلەن، ــ بىراق ئۇنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا تەسەررۇپىمىزغا تەئەررۇز قىلىشقا پېتىنغانلارغا ئىبرەت قىلىپ كېتەلىشىمىز نا-تايىن. ناۋادا مۇددىئايىمىز كۈتكەن يېرىمىزدىن چىقماي قالسا، ئىش تەتۈرگە يېنىپ كېتىدۇ ـ دە، موغۇللار بىلەن ئوتتۇرى-مىزدا قىساسخورلۇق پەيدا بولىدۇ. ئەزەلدىن ئابا ـ ئەجدادلىرى-مىز ئىتائەت گەردىنىنى سۇنغان رەقىبلىرىگە زۇلۇم ۋە ئۆلۈمنى راۋا كۆرگەن ئەمەس.

ــ ئارى، ــ دېدى سۈپۈرگە مىرزا شاھزادە ئۇۋەيسخانىنى

قوللاپ، ــ ناۋادا ئول موغۇل خانى ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇپ، قىلمىشىغا پۇشايمان قىلسا، ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۆز دەرگاھىغا قايتۇرغىنىمىز ئەۋزەل. بۇ ئىشىمىزنىڭ ئىنايىتىدىن موغۇللار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئىناق ـ ئىتتىپاقلىق قۇت تېپىپ، ھۇدۇد-لۇقىمىزنىڭ ئاسايىشلىقى، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ خاتىرجەملىكى روياپقا چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ــ ناۋادا ئول خان ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇشنى راۋا كۆر-مىسچۇ؟ ــ سورىدى سەييىدئەلى ئالپ.

ــ ئول چاغدا ئۆز ۋابالى ئۆزىگە، ــ دېدى شاھزادە قولىنى گېلىغا سۈركەپ تۇرۇپ.

شۇ ئەسنادا چېدىرغا كىرىپ كەلگەن ياتىش بېگى شاھزادە ئۇۋەيسخانغا ئېگىلىپ سالام بەردى.

ــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، بارسكۆلنىڭ ئاقساقاللىرى سالام بېرىشكە كەپتۇ.

ــ باشلاپ كىرسۇنلار، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ئىجازەت بېرىپ.

ھايال ئۆتمەي چېدىرغا بارسكۆلنىڭ يۇرت ئاقساقاللىرى كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىر جۇپ يولۋاس تېرىسى، ھەر بىرى ئەل-لىك مىسقاللىقتىن ئون تال چوكا ئالتۇن، ئون توپ تاۋار ـ دۇر-دۇن، مىڭ قوي، بەش يۈز كالا ئېلىپ كېلىشكەنىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھزادە ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بول-غاي، ــ دېدى ئاقساقاللار قول باغلاشقىنىچە سالام بېرىپ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى شاھزادە سالامنى ئىلىك ئېلىپ ۋە تۆۋەن تەرەپتىكى ئورۇندىن جاي كۆرسەتتى، ــ قېنى جاي ئالسۇنلار.

ــ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقالالا.

ئاقساقاللار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن موغۇللار بارس-كۆلنى بېسىۋالغاندىن كېيىن يۇرتنى قانداق بۇلاڭ ـ تالاڭ قىل-غانلىقىنى، شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن ئەمىر سۈپۈرگە مىرزا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



لەشكەر باشلاپ كېلىپ موغۇللارنى قوغلاپ چىقارغانلىقىدىن بارسكۆل خەلقىنىڭ بىھېساب خۇشاللىقتا چۆمگەنلىكىنى بايان قىلىشتى.

— ئەل ـ يۇرتنى قوغداپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنى غەمدىن خالاس قىلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزدۇر، — دېدى شاھزادە ئاقساقاللارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — بارسكۆلدىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن ھازىرچە بىزنىڭ تولۇق خەۋەر ئېلىپ كېتەلىشىمىز ناتايىن. بولۇپمۇ ئوزۇق ـ تۇلۇك مەسىلىسىدە بىزنىڭمۇ غېمىمىز بار، شۇڭا جانابى يۇرت ئاقساقاللىرى ئاۋامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئاچ ـ ئورۇقلارنىڭ بېشىنى ئۆزلە سىلاشقايلا.

— ئوبدان، ئوبدان، — دېدى ئاقساقاللار.

— ھەرقايسىلىرىنىڭ بىساتلىرىدا ئاۋامنى قىشتىن چىقارغۇدەك ئوزۇق ـ تۇلۇكنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز، — دېدى ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا، — ئۇنى ئاۋامغا تولۇق ساخاۋەت قىلىشقايلا.

ئۆزلىرىدىن ئاشلىق، پۇل ـ پۇچەك تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئەندىشە قىلغان ئاقساقاللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرجەملىك بىلەن قول باغلىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، بېشىمىز بىلەن بەجا كەلتۈرىمىز.

— ئەڭ ياخشىسى ئۈچ يىلغىچە ئاۋامدىن ھېچقانداق باج ـ سېلىق ئېلىنمىسۇن، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان.

ئاقساقاللار قايتا ـ قايتا ۋەدە بېرىپ چىقىپ كېتىشتى.

※ ※ ※

ھاياتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەن ئىسان تايشى بارگاھى ئالىيدا شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ شاھانە داستىخان راسلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بارگاھى ئالىيغا: «موغۇلىستان سەركەردىسى ماڭا ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ، ھامىنى بىر ئۆلۈم. رە-

قىبىمگە ھەرگىز يېلىنمايمەن...» دەپ جەسۇر سەركەردىلەرگە خاس غۇرۇر بىلەن بېشىنى تىك تۇتۇپ كىرگەن ئىسان تايشى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىگە شۇنداقلا قاراپ تەمتىرىدى، ئىختىيارسىز شاھزادىگە سالام بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ــ قېنى ئولتۇرسۇنلار، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ئۇنىڭ سالامىنى ئولتۇرغان پېتى ئىلىك ئېلىپ.

ــ شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا، يەنىلا ئۆرە تۇرۇۋېرەي، ــ دېدى ئىسان تايشى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، ــ جەڭگاھقا قوزۇق قېقىپ، تانا تارتىپ قويغان يەردە، ئولتۇرۇشقا بۇيرۇغان جايغا يەنە نېمە قويۇپ قويدىلا، تەڭرىم بىلىدۇ.

ئىسان تايشىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، شاھزادىنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان سۇپۇرگە مىرزا بىلەن سەييىدئەلى ئالپ خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ جانابلىرى شۇبھىلەنمەي خاتىرجەم ئولتۇرسۇنلار، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، ــ ھازىر ئۆزلە جەڭگاھتا ئەمەس، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا تۇرۇۋاتىدىلا. شۇنى بىلىپ قالسۇنلاركى، دوستلۇقنى ئىختىيار ئەيلەپ داستىخان ئۇستىگە تۆز كەلتۈردۇق. تۆزنىڭ ھۆرمىتى بەكمۇ زىيادىدۇر، تۆزگە ھىيلە ـ مىكىر، سۇيىقەست ئارىلاشتۇرۇش بىزنىڭ پەزىلىتىمىزگە ياتتۇر.

ــ سۇتتە ئاغزى كۆيگەن ئادەم قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىدۇ، شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ تولىمۇ ئەپچىل ھىيلە ـ مىكرى بار ئىكەن. ئىككى نۆۋەت داملىرىغا چۈشۈپ قاتتىق يېڭىلدۇق، شول سەۋەبتىن شۇبھىلەنمەي ئىلاجىمىز يوقتۇر، ــ دېدى ئىسان تايشى جەڭدە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ مېنى يېڭىۋالدىڭ، دېگەننى قىلىپ.

ــ ھەرقانداق ياغىنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ بولىدىغانلىقىنى جانابلىرى ئوبدان بىلسە كېرەك، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ئىسان تايشىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، ــ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شۇڭا جەڭدە رەڭۋازلىق قىلدىڭ دەپ بىزدىن ئاغرىنىشلىرى بىھۇدىدۇر. يېڭىلگەنلىكلىرىنى تەن ئالسۇنلار.

ئىسان تايشى گەپ تېپىپ بېرەلمەي جىم بولدى.

— جاي ئالسۇنلار، — دېدى شاھزادە ئۇنى يەنە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ.

ئىسان تايشى ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىكاۋۇل بەگ ئۇنىڭغا چاي تۇتتى. ئىسان تايشىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، ۋۇجۇدىدىكى گۇمان، ئىزتىراپ تۇيغۇلىرى كۆزلىرىدىن بىلىنىپ قالغانىدى. ئۇ شاھزادە ئۇۋەيسخان، ئەمىر سۇيۇرگە مىرزا، سەييىدئەلى ئالپلارغا تەكشى قارىۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— بىز دېگەن يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشكەن رەقىبلىرىدۇرمىز. ھەرقانداق زۇلۇم بىلەن جازالاش ئىختىيارلىرىدىدۇر. ئەمما دەرگاھلىرىدا داستىخان ھازىرلاپ ھىممەت كۆرسىتىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈم بار.

— جانابلىرىنىڭ ھەقىقەتەن باھادىرلارغا خاس جاسارىتى بار ئىكەن، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان تەمكىنلىك بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — ئەلۋەتتە، ئۆزلە بىلەن بىز بىر داستىخاندا ئولتۇرغىنىمىز بىلەن دوست ئەمەسمىز. داستىخان ئۈستىدە يار ـ بۇرادەرچىلىكتىن لاپ ئۇرغان كىشىنى ھەم دوست سانىماسمىز. جانابلىرى تەسەررۇپىمىزغا باستۇرۇپ كېلىپ، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئاسايىشلىقىنى بۇزۇپ غۇرۇرىمىزنى پايخان قىلدىلا، ئەلۋەتتە بۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر. گەرچە ئۆزلە موغۇلنىڭ بۈيۈك خانى بولسىلىمۇ، لېكىن ھازىر بىزگە ئەسىر. ئەسىرنىڭ ئورنى دەرگاھىمىزدا ھەرقانداق مۇلازىمىدىنمۇ تۆۋەندۇر. دۈشمەنلىك نەزەرىمىزدىن ئېيتساق، ئۆزلەنى نۆكىرىمىز قاتارىدىمۇ ئىززەتلىگۈمىز ھەم يوقتۇر. بۇندىن سەككىز ـ ئون يىل مۇقەددەم ئاستانە تۇرپاندىكى ئوقۇل[1]دا ئۇستازلىرىمىزنىڭ: «تونجى گۇناھ ئۇقماسلىق-

① ئوقۇل — مەكتەپ.

تىن بولىدۇ. ئۆزرە ئېيتىپ قالسا ئۇنى ئەپۇ قىل، گۇناھىغا تۆۋە قىلسىلا كۇپايە» دېگەن تەلىمى ھېلىمۇ ئېسىمدە. شۇل تاپتا ئۆزلە بىزدىن جازانىڭ ئورنىغا ھىممەت دەسسەتكىنىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئوچۇق سورىغانلىقلىرى ئۈچۈن جاۋابىنى ئوچۇق بېرەي: بىز ئۇستازىمىزنىڭ ئۇشبۇ تەلىمىنى جانابلىرىنىڭ گۇناھىغا تەدبىق-لىماقچىمىز.

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئىسان تاي-شىنىڭ قارامتۇل چىرايىدا سۈس تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

— شىرغا خىرىس قىلىش ۋە قىلىچقا مۇشت ئېتىش ئا-قىللارنىڭ ئىشى ئەمەس، — دېدى ئىسان تايشى بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈتتىن كېيىن سۆز ئېلىپ، — ناۋادا شاھزادە ئالىيلىرى ئە-پۇ كەمىرىنى بېلىگە باغلىماقنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە تەشەككۇر بىلدۈرىمەن، مەنمۇ دوستلۇق كەمىرىنى بېلىمگە باغلاشقا تىرىشىمەن.

ئىسان تايشىنىڭ جاۋابىدا تۆۋە قىلىش، گۇناھىنى تىلەش ئەمەس، سۈلھى تەلەپ قىلىش پۇرىقى بار ئىدى. بۇنى سەزگەن سەييىدئەلى ئالپنىڭ چىرايى غۇژژىدە تۈرۈلدى. سۈپۈرگە مىرزا سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ چاندۇرماي ئولتۇردى.

— بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا يەر يۈزىنىڭ تەكەببۇرلىرى خا-رۇزار ۋە بىئېتىباردۇر، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان قاپىقىنى تۈرۈپ، — نادان ۋە تەكەببۇر ئادەملەرگە مەردلىك كۆرسىتىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. بىز جانابلىرىنى نادان ۋە تەكەببۇر سانىمى-غانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئىززەت كۆرسىتىپ ئۇشبۇ سۆھبەتكە داخىل قىلدۇق. موغۇل خانلىرى ئۇزۇندىن بېرى ئۆزلىرىنى بۈيۈك قا-غان چىڭگىزنىڭ قوۋمى ھېسابلاپ تەسەررۇپىمىزغا تەكرار - تەكرار تەئەررۇز قىلىپ كەلدى. گەرچە ئۇل بابائى بۇزرۇكىمىز موغۇلغا باش بولۇپ نۇرغۇن نۇسرەتلىك يۈرۈشلەرنى قىلىپ، ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە قاغان بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ-يۈك قاغان چىڭگىزنىڭ ھەقىقىي نەسلىدىندۇرمىز. شۇڭا موغ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غۇللارنىڭ ئۆزىنى چىڭگىز قوۋمى دەپ دەۋا قىلىشى، قوشنا ھۆدۇدلۇقلارغا تەئەررۇز قىلىشنى يوللۇق ھېسابلىشى بىھاجەتتۇر، ئەمدى ئۇنداق دەۋالارنى تاشلىغاي. گەرچە قەدىمدە شۇنداق بولغان بولسىمۇ، ھازىر ئۇل مەرتىۋىلەر قالماپتۇ، بولۇپمۇ بۈيۈك پەدەرۇ بۇزرۇكلىرىمىزدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرى بىلەن ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ئالىيلىرى ئىستىلاسىدىن كېيىن، سەلتەنەت بۇرجىدا موڭغۇللارنىڭ يۇلتۇزلىرى خىرەلىشىپ، تۈركىي قوۋملارنىڭ يۇلتۇزلىرى جۇلالاشقا باشلىدى. خارەزىم، ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە، تۈركىستان، ئىدىل ۋادىسى ۋە موغۇلىستان زېمىنلىرىغا تۈركىي قوۋملاردىن بولغان سۇلتانلار سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ پاسىبانلىق قىلماقتا. گەرچە ئۇل خان ـ سۇلتانلار ئوتتۇرىسىدا گاھى ـ گاھىدا زېمىن ـ تەسەررۇپ تۈپەيلى نىزا ـ ئاداۋەتلەر بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن نەسل ـ يىلتىزى بىردۇر. شول بائىستىن ئۇلار ئاغا ـ ئىنى، قېينىئاتا ـ كۈيئوغۇل بولۇشۇپ، تۇغقاندارچىلىق مېھرى بىلەن دەۋران سۈرۈشمەكتە. بىز شول تاپتا ئىسان تايشى جانابلىرىغا ئەسىر ئەمەس، موڭغۇل خانى تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىپ ئىززەت كۆرسىتىۋاتىمىز. مۇددىئايىمىز: جانابلىرى، ئىلگىرىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ يولىنى تۇتماي، ئۇرۇشقاقلىقنى تاشلىغاي، شۇنداقلا بېلىگە دوستلۇق كەمىرىنى باغلاشقا تىرىشقاي ئەمەس، بەلكى مەھكەم باغلىغاي. مەگەركى ئۇنداق قىلالمايدىكەن، يەنە بىر نۆۋەت ئەپۇغا ئورۇن قالمايدۇ.

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قىلچىلىك سۇلھى ـ سالاغا يول قويماي ئېيتقان سۆزلىرى ئىسان تايشىنى ئوبدانلا تەرلەتتى. سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن ئەمىر سۈپۈرگە مىرزا بولسا قاتتىق ھاياجانلاندى. ئادەتتە يۇمشاق مىجەزلىك كۆرۈنىدىغان شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى.

— شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەندىم، — دېدى ئىسان تايشى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئاگاھلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن. دوستلۇق كەمىرىنى بېلىمگە مەھكەم باغلاپ، ئۆز قوۋ-

مىمنى بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىگە تەئەررۇز قىلىشتىن قەتئىي
توسۇيمەن. ئەگەر خالىسىلا بىتىم تۈزۈپ مۇھۇرلىشەيلى.
— جەڭدە يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشكەن خاننىڭ بىتىم تۈ-
زۈش سالاھىيىتى يوقتۇر، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان قىلچە-
لىك يۈز - خاتىر قىلماي، — بىتىم دېگەن ھەر ئىككى تەرەپ
باراۋەر بولغاندا ئاندىن تۈزۈلىدۇ. بىزدە «لەۋز ھالال» دەيدىغان
بىر ھېكمەت بار. شۇڭا ئىسان تايشى جانابلىرىنىڭ لەۋز قىلغان
ۋەدىسىگە ئىشەندۇق، جانابلىرى خالىغان ۋاقىتتا ئۆز دەرگاھىغا
قايتسا بولىدۇ.
— شاھزادە ئالىيلىرىغا كۆپ رەھمەت! شاھزادە ئالىيلىرى
ئىجازەت بەرسە ھازىرلا يانسام دەيمەن، — دېدى ئىسان تايشى.
— يول بولسۇن، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ۋە نەزەرىنى
سەييىدئەلى ئالىپقا ئاغدۇردى، — ئەمىرزادەم، ئىسان تايشى جانابى-
لىرىنى دەرگاھىمىزغا ئۆزلە ئەكەلگەنىدىلە، ئەمدى يەنە ئۆزلە ئۇ-
زىتىپ قويسىلا. ئەسىرگە چۈشكەن موڭغۇل سەركەردە - لەشكەر-
لىرىمۇ خالىسا ئۆز پاسىبانى بىلەن بىللە كەتكەي. ئات - پاتلى-
رىنىمۇ قوشۇپ بەرگەيلا، پىيادە يولغا سېلىپ قويساق شەۋكىتى-
مىزگە ماس كەلمەس.
— ئىسان تايشى جانابلىرىنىڭ تورۇق ئارغىمىقى بىلەن ئال-
تۇن دەستىلىك قىلىچىنىڭ ئورنىغا باشقا ئات بىلەن قىلىچ تې-
گىشىپ بەرسەم بولۇرمۇ ئالىيلىرى؟ — سورىدى سەييىدئەلى ئالىپ
ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.
— قانداق دەيدىلا ئەمىرزادەم ؟
— چۈنكى، ئىسان تايشى جانابلىرىنىڭ ئاشۇ ئېسىل ئارغى-
مىقى بىلەن قىلىچىنى تۇتۇپ قالاي دەيمەن، ئۇل ئارغىماق بىلەن
قىلىچ دوستلۇقىمىزغا يادىكار بولسا ئەجەب ئەمەس.
سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئات بىلەن قىلىچنى ئەپقېلىش ئارقى-
لىق، ئىسان تايشىنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنى ھەرقاچان ئېسىگە سې-
لىپ قويماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن شاھزادە كۈلۈپ تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىجازەت بەردى:
ــ مېنىڭ باشقا گېپىم يوق. بىلمىدىم، ئىسان تايشى جاناب-
لىرى ئات بىلەن قىلىچنى يادىكار قىلىشنى خالامدىكىن؟
ــ ئەلۋەتتە خالايمەن، ــ دېدى ئىسان تايشى سەييىدئەلى-
ئالىپقا قاراپ، ــ ئات بىلەن قىلىچ باھادىر سەركەردىگە يادىكار
بولسۇن.

※ ※ ※

چېدىردا يالغۇز قالغان شاھزادە ئۇۋەيسخاننى بىردىنلا زىد-
دىيەتلىك خىياللار چىرمىۋالدى.
«مانا، موغۇللارنى بارسكۆلدىنمۇ ھەيدىۋەتتۇق، ئەمىر سۇ-
يۇرگە مىرزىغا موغۇللارنى تەسەررۇپىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان-
دىن كېيىن قومۇلدىن كېتىشكە ۋەدە بەرگەنىدىم، قانداق قىلسام
بولۇر؟ ئەمدى بارسكۆلدىمۇ، قومۇلدىمۇ تۇرۇشقا بولمايدۇ، بولمى-
سا بەرگەن ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلغان بولۇپ قالىمەن. ھېلىمۇ ما-
ڭا كۆپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ پەرمانىمغا ئىتائەت قىلدى. موغۇلىس-
تاندىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدەك ساداقەتمەن، ۋىجدانلىق
بولسا ئىدى... بەلكىم ئۇ بىر سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ مېنى قو-
مۇلدا قېپقېلىشقا ئۈندىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، قومۇل خەلقىنىڭ
تۈمەنلىگەن لەشكەرلەرنى ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ قىش-
تىن ئۆتكۈزۈشى تەسكە توختايدۇ. ھېلىمۇ يازدىن بېرى ياۋغا تاقا-
بىل تۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە دېھقانچىلىق قىلالمىدى، يىغقان ئاز ـ
تولا كۈزلۈك ھوسۇلى ئۆزلىرىنىڭ قىشتىن چىقىۋېلىشىغا يەتسە
چوڭ گەپ، ئۇردا بىزگە ھەرگىزمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈك بەرمەيدۇ. ئە-
مىر سۇيۇرگە مىرزىنى تەڭقىسلىقتا قويۇپ، قومۇل خەلقىنى
قىيناپ يۈرگىچە، بىر قىسىم لەشكەرلەرنى تارقىتىۋېتىپ كۆز-
چى، تارىم ۋادىسىغا كېتەيمىكىن. ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلى-
رىغۇ شۇ تاپتا ئاستانىگە لەشكەر تارتىشىمنى تۆت كۆزى بىلەن

كۇتۇپ تۇردۇ. تاغام شىر مۇھەممەدخان بىكۆيۇم، شەپقەتسىز ئا-دەم، ئۇنىڭ ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۈيۈك سەلتەنەتكە پاسىبان بولغۇدەك ئىستېداتىمۇ يوق. ئەگەر ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يې-تىپ قالمىغان بولسا، ئۇدۇللا ئاستانىگە لەشكەر تارتىپ بارغان بولسام بولاتتى. ئۇل چاغدا ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ غېمىنىمۇ قىل-مايتتىم. ئېغىر كېسەلدە ياتقان، قورال كۆتۈرۈش تۇگۇل، غىزا يېيىش ئۈچۈن قوشۇق كۆتۈرەلمەيدىغان ئادەمنى جەڭگە چاقىر-سام، خەلقنىڭ كۈلكىسىگە قالۇرمەن تايىنلىق. شۇنداق، ئالدى ـ ئارقامدىن: ‹قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەك ئىش قىلدى› دەپ گەپ تېپىشىدۇ. ئەجەب بىر ئىش بولدى ـ دە بۇ. سۆيۈملۈك خا-تۇنۇم مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم قومۇلدا قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ-كىن؟ ھېلىمۇ ئېغىر ئاياغ پېتى ماڭا ئەگىشىپ كۆپ رىيازەت چەكتى. ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتىدۇ، تىنچ ـ ئامان يەڭگىۋالغىچە ئىسسىق ئۆيدىن ئايرىمىسام، سەپەر مۇشەققىتىنى تارتقۇزمىسام بولاتتى...»

ياتىش بېگىنىڭ كىرىپ كېلىشى شاھزادىنىڭ خىيالىنى بۆ-لۈۋەتتى.

ــ مەلۇم بولغاي، ــ دېدى ئۇ ئېگىلىپ سالام بېرىپ، ــ ئاستانىدىن چاپارمەن كەلدى ئالىيلىرى.

ــ كىمكەن؟ ــ سورىدى شاھزادە ئېرىنچەكلىك بىلەن.

ــ ئىسمى قاناتبەگكەن. ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ خۇ-سۇسىي مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلدىم دەيدۇ.

شاھزادە ئۇۋۇەيسخان دەرھال دىققىتىنى يىغدى.

ــ چاپىسان باشلاپ كىرسۇنلار.

توختىماي يول يۈرۈپ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن قا-ناتبەگ خېلىلا جۇدەپ قالغان بولۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ رەتسىز ئىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھزادە ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي، ــ دېدى بارگاھى ئالىيغا كىرگەن قاناتبەگ ئېگىلىپ سالام بېرىپ.

www.uyghurkitap.com

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئۇلۇسبېگىنىڭ خاس مەھرىمىنى بىر قاراپلا تونۇدى.

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى تىنىچ ـ ئامانمىكىن؟

ـــ خۇداغا شۈكۈر، ـــ دېدى قاناتبەگ ۋە پاختىلىق تونىنىڭ قويۇن ئەستىرىدىن ئۇلۇسبېگىنىڭ يازغان مەكتۇپىنى سۇكۇپ ئېلىپ، ئېھتىرام بىلەن تەڭلىدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان خەتنى ئېلىپ تېزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتتى.

*«... تىل ـ زۇۋاندىن قالغان سۇلتان شىرمۇھەممەد ـ خاننىڭ ئەھۋالى شۇ كۈنلەردە تولىمۇ خەتەرلىك، قىشتىن ساق چىققىشىغا كۆزىمىز يەتمەيدۇ. بىر قىسىم ئەمىرلەر قۇرۇلتاي چاقىرىپ خاننىڭ ئىككى خانزادىسىدىن بىرىنى نائىب خانلىققا كۆتۈرۈش تەكلىپىنى بېرىپ يامان قىستاپ كەتتى. ھېلىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇلارنى توسۇپ تۇرۇۋاتىمەن. ئالىمادىس قازايى ـ قەدەر يېتىپ سۇلتان شىر مۇھەممەدخان باقىيغا سەپەر قىلسا، قۇرۇلتاي چاقىرىپ خان ئالىيلىرىنىڭ پۇشتى بولمىش ئىككى خانزادىدىن بىرىنى تەختتە ئولتۇرغۇزماي ئامالىمىز يوقتۇر. شۇ كۈنلەردە بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىمەن. ناۋادا بارسكۆلنى موڭغۇلنىڭ تەئەررۇزىدىن خالاس قىلغان بولسىلا، ئارتۇقچە ئوي ـ خىياللاردا بولماي دەرھال ئاستانىگە قاراپ يولغا چىققايلا. ھېلىمۇ باھادىرلىقنى، مەردلىكنى ئەلا بىلىپ، خان تاغىلىرىنىڭ قىلغان گۇپاسىزلىقنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئادەمگەرچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزدىلە. ئۆزلە قىلغان مەردلىكنى ئۆزگىلەر بىلمىسە بىز بىلىمىز، پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالسا ئىشلار مۇشكۈللىشىدۇ. ئىككى خانزادىدىن بىرىنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كې-*

*يىن، شاھزادە ئالىيلىرىغا ياردەم قولۇمنى سۇنمىقىم تەس بولىدۇ. چۈنكى، قېرىغان جېنىمدا «ئاسىي»، «تۇزكور» دېگەن بەتنامغا قېلىشنى زىنھار خالىمايمەن. ۋاقتىدا كېلىپ تەخت ـ سەلتەنەتنى قوللىرىغا ئالسىلا، ئوردىدىكى باشقا ئەمىرلەر قاتارىدا ئالىيلىرىغا ئىتائەت گەردىنىمنى سۇنسام، ئول بەتناملار قېشىمغا يېقىن يولىماس دەيمەن. سۇلتان شىرمۇھەممەدخان نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆز تاغىلىرىدۇر. جىيەنىنىڭ كېسەل ياتقان تاغىسىنى يوقلاش يولى باردۇر. تاغىلىرىنى يوقلاش باھانىسىدا ئاستانىگە كەلسىلە، ئۆزگىلەر ئالىيلىرىغا: «كېسەل ياتقان كىشىگە سەلتەنەت دەۋاسى قىلدى» دەپ يالا چاپلىيالماس. قۇدرەتلىك ئاللاھ ھەرقانداق خەيرلىك ئىشقا بىر باھانىنى سەۋەب قىلىپ بېرىدۇ. تاغىلىرىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش تەگرى بەرگەن ئەڭ ئورۇنلۇق سەۋەبتۇر. سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن تېزدىن ئاستانىگە قاراپ يول ئالغايلا. ئۆزلە كېلىپ بولغۇچە سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرى بەرداشلىق بېرەلەمدۇ ـ يوق؟ بۇنىسى قاراڭغۇ. تولىمۇ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن...»*

شاھزادە ئۇۋەيسخان يۇقىرىدىكى قۇرلارنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇدى.

— بۇگۈنچە غىزالىنىپ ئوبدان ئارام ئالسۇنلار، جاۋابىنى ئەتە بېرۈرمەن، — دېدى قاناتبەگكە قاراپ.

— قۇللۇق، — دېدى قاناتبەگ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ.

— قاناتبەگنى ئوبدان كۈتسۇنلار، — دېدى شاھزادە ياتىش بېگىگە قاراپ، — ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا بىلەن سەييىدئەلى ئالىپ دەرگاھىمغا كەلگەي.

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئەمىر سۇپۇرگە مىرزا، سەييىدئەلى ئالپلار بىلەن ئۇزاق مەسلىھەت قىلىشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— ئالىيلىرى ئەمدى ئارسالدى بولمىسىلا، — دېدى ئەمىر سۈپۈرگە مىرزا، — ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى ھەممە گەپنى مەكتۇپقا ئوچۇق يېزىپتۇ. خان ئالىيلىرىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش باھانىسى بىلەن ئاستانىگە بارسىلا، بۇ ئىشنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ.

— ناۋادا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان قازا قىلىپ كەتسە، ئوردىدىكىلەرنىڭ ئىككى خانزادىدىن بىرىنى تەختتە ئولتۇرغۇزماي ئامالى يوق. ئۇل چاغدا ئوردىدىكى ئالىيلىرىغا مايىللىقى بار ئەمىرلەرمۇ يېڭى خاننى ھىمايە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇل چاغدا تەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتسىلا، ئاستانىدا بىر مەيدان ياغى بولۇپ قان تۆكۈلىدۇ. گەپ تاپقۇسى كەلگەنلەر شۇ چاغدىمۇ گەپ تاپىدۇ، پىتنە ـ پاسات تارقىتىدۇ.

— مەن خان تاغامنى ئېغىر كېسەل دەپ ئاياپ، سۈكۈت قىلغان تۇرسام، يەنە گەپ تاپۇرمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى سەيىيدئەلى ئالىپ، — ئۆزلەنى خان تاغىسىنىڭ ئېغىر كېسەل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تاجۇتەختنى سويۇپ ئالدى، دەپ گەپ تاپماقچى بولغانلار نەۋرە ئىنىلىرىدىن تەختنى تارتىۋالسىلا، باھادىرلىق شەۋكىتى ئالەمگە مەشھۇر شاھزادە ئۇۋەيسخان بالىسى دېمەتلىك گۆدەك خاننى ئاني تېپىپ تەختنى سويۇپ ئالدى، دەپ پىتنە قىلىشىۋېرىدۇ. شۇنى ئۇنتۇمىسىلا ئالىيلىرى، ھېلىقى بىر قىسىم ئەمىرلەر قۇرۇلتاي چاقىرىپ تەختتە ئولتۇرغۇزماقچى بولغان ئۇل ئىككى خانزادە ئۆزلەدىن ئون نەچچە ياش كىچىك، بىر ھېسابتا پەرزەنتلىرى دېمەتلىكتۇر. بۇ بەتنام باشتىكى بەتنامدىن يامانراقتۇر.

— يا ھەزرەت، — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ھەيران بولغان ھالدا، — شۇنداق پىتنە ـ پاساتقىمۇ قالۇرمەنمۇ؟

— ھەركىم گۆدەك بىلەن تۇتۇشسا، گەرچە گۇناھ گۆدەكتە بولسىمۇ يەنىلا چوڭ ئادەم ئەيىبلىك سانىلۇر، — دېدى سۈپۈرگە مىرزا سەيىيدئەلى ئالىپنىڭ قارشىنى قۇۋۋەتلەپ.

شاھزادە ئۇۋەيسخان بىر قارارغا كېلەلمەي خىيالغا پېتىپ

ئۆلتۈرۈپ قالدى.

ـــ تېزرەك بىر قارارغا كەلسىلە ئالىيلىرى، ـــ دېدى سەيـ-يىدئەلى ئالپ ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغان شاھزادىنى ئالدىر-تىپ، ـــ مەنچە مۆھتەرەم بابائى بۇزرۇك كۆرسەتكەن كېسەل يوقلاش باھانىسى ئاقىلانە چارىدۇر. قومۇل لەشكەرلىرى بىر مەز-گىل بارسكۆلنى قورۇقداپ بۇ يەردە قېپقالغاي. بىز ئۆزىمىزنىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئاستانىگە بارايلى ـ دە، شەھەر سىرتىدا بارگاھ قۇرۇپ، ئاۋامغا خاننىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كەلگەنلىكلىـ-رىنى بىلدۈرەيلى. شۇنداق قىلساق ئوردىدىكى ئەمىرلەر قۇرۇلتاي چاقىرىپ نائىب خان بەلگىلەش نىيىتىدىن يانىدۇ. بابائى بۇزرۇك ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىمۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلىدۇ. ناۋادا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىرىغا ئەجەل يېتىپ قازا قىلسا، تەزىيە بىلدۈرۈش باھانىسى بىلەن بىمالال ئوردىغا كىرىپ تەختنى قول-لىرىغا ئالالايدىلا. ئول چاغدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈش، ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، ئاستانىنىڭ ئاسايىشلىقىمۇ بۇزۇلمايـ-دۇ. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەمىرلەرنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاستانىگە بېرىۋالساق، لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئو-زۇق ـ تۈلۈكىدىنمۇ غەم قىلمايمىز.

ـــ مەيلى، شۇنداق قىلايلى، ـــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان بىر قارارغا كېلىپ، ـــ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك مەـ-سىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ بولسا ئاستانىگە يېقىنراق بار-غىنىمىز تۈزۈك ئوخشايدۇ. ئەمما شۇنى دەپ قويايكى، خان تاغام قازا قىلماي تۇرۇپ مېنى ئوردىغا كىرىشكە تەۋسىيە قىلمىسۇنلار.

سەييىدئەلى ئالپ ئەتىسى ئەتىگەندە بوۋىسىغا ئالدىن خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن قاناتبەگنى دەرھال يولغا سالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن بىر قىسىم قومۇل لەشكەرلىرىگە سەركەردە مەڭلىك ئاق-نىياز بىلەن سەركەردە راجى خوجىنىيازنى باش قىلىپ بارسكۆل-نى بىر مەزگىل قوغداشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان لەشكەرلەرنى

ئېلىپ قومۇلغا قاراپ يولغا چىقتى. ھەئە، شاھزادە ئۇۋەيسخان
ئاي ـ كۈنى يېقىنلاپ قالغان ئايالى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنى
ئېلىپ ئاندىن تۇرپانغا بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

## 19

ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي ياغقان قار تۇرپان شەھىرد-
نى ئاپئاق لىباس بىلەن چۈمكىگەنىدى. قاردا دان تاپالمىغان
قۇشقاچلار كىشىلەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىغا، ئېغىللىرىغا، ئەخ-
لەت، قىغ دۆۋىلىرىگە گۇر ـ گۇر قونۇشاتتى. شوخ باللار ھويلا ـ
سەينالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كىگىز ئورنىدەك يەرنىڭ قارلىرىنى
سۈپۈرۈۋېتىپ، ئازغىنە كېپەك، بۇغدايلارنى چېچىپ قويۇپ، سې-
ۋەت، ئەلگەك، ئۆتكەملەردىن ياسىۋالغان باسماقلىرىدا قۇشقاچ
تۇتۇشاتتى. ئۇنىڭدىن زېرىكسە تەلپەك قويدى، ۋاللەي، چۈككال-
تەك، كالۋا... دېگەندەك ئويۇنلارنى ئوينىشاتتى. قارنىڭ سوغۇقىدا
توڭلاپ كەتكەن چوڭلار بولسا ئۆيلىرىدە تام مېشى، مورا ئوچاق،
سەندەل، ئاتەشدانلىرىنىڭ ئەتراپىغا تىقىلىۋېلىشقان بولۇپ، زۆ-
رۈرىيىتى بولمىسا سىرتقا كەمدىن ـ كەم چىقاتتى. شۇ كۈنلەردە
«شاھزادە ئۇۋەيسخان شەھەرگە ھۇجۇم قىلارمىش» دېگەن ۋەھىمى-
لىك خەۋەر ئۆيدىن ـ ئۆيگە كۆچۈپ يۈرەتتى. كىشىلەرنىڭ
چىرايلىرى تەشۋىشلىك ئىدى، پىچىرلىشىپ دېگۈدەك سۆزلىشەت-
تى. شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدە كۆزەتتە تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەر
يوغان جۇۋىلارغا قىمدالغىنىچە قوللىرىنى يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە
تىقىشىپ، پۇتلىرىدىكى يوغان پىيمىلارنى سۆرەپ ئېرەنسىزلىك
بىلەن ئۇيان ـ بۇيانغا مېڭىشاتتى. تۇرقىدىن شەھەرنى ياۋدىن
مۇداپىئە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار خۇددى تىنچ

ۋاقىتلاردىكىدەك تولىمۇ غەمسىز، پەرۋاسىز كۆرۈنەتتى.
شەھەردىن ئون نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان شاھزا-
دە ئۇۋەيسخان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى
تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قاردا خۇددى يو-
غان ـ يوغان قار دۆۋىسىدەك كۆرۈنىدىغان نەچچە يۈزلىگەن چې-
دىرلاردىكى لەشكەرلەر كىشىگە خۇددى قىشلىق ئۇيقۇغا كەتكەن-
دەك تۇيغۇ بېرەتتى. قارارگاھنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قورۇق-
چىلار قېلىن قار بىلەن چۈمكەلگەن چېدىرلارنىڭ ئارىسىدا ئاندا
ـ ساندا كۆزگە چېلىقاتتى. قىش ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا ياغقان
قارنىڭ سوغۇقى كىيىم ـ كېچەكلىرى خېلىلا يېلىڭ بۇ لەشكەر-
لەرنى ئىسسىق چېدىرلارغا بېكىنىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى.
ھەئە، شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قومۇلدىن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى-
نى باشلاپ كېلىپ بۇ يەردە قارارگاھ قورغىنىغا ئىككى ھەپتە
بولاي دەپ قالغانىدى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان قومۇلدىن يولغا چىقىپ تۇرپانغا يې-
قىنلاشقاندىن كېيىن، شەھەردىكى خەلقنى ئۇرۇش ۋەھىمىسىگە
سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، شەھەرگە ئانچە يېقىن بولمىغان جايغا
قارارگاھ قۇرغان ۋە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى قارارگاھتىن خا-
لىغانچە ئايرىلماسلىققا، شەھەرگە ۋە ئەتراپتىكى يېزا ـ
قىشلاقلارغا يېقىنلاشماسلىققا پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ئۇنىڭسىز-
مۇ كىيىم ـ كېچەكلىرى تولىمۇ يېلىڭ بۇ لەشكەرلەر سوغۇقتىن
دالدىلىنىش ئۈچۈن چېدىرلىرىدىن سىرتقا چىقمايتتى.

شاھزادە ئۇۋەيسخان قارارگاھنى جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كې-
يىن، سەييىدئەلى ئالپنىڭ قايتا ـ قايتا تەۋسىيە قىلىشى بىلەن
كېسەل ياتقان خان ئاغىسىنى يوقلاش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ
ئوردىغا مەكتۇپ يوللىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ئوردىدىن
جاۋاب كەلمىگەنىدى. شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ لەشكەر باشلاپ كەل-
گەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئەمىرلەر دەسلەپتە قاتتىق چۆچۈپ ۋە-
ھىمىدە قېلىشتى، شاھزادىنىڭ تاغىسىنىڭ كېسىلىنى يوقلاشتىن

www.uyghurkitap.com

باشقا مۇددىئاسى يوقلۇقى بايان قىلىنغان مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇرۇش ۋەھىمىسى يەڭگىللەپ، بىر ئاز خاتىرجەم بولۇشتى. شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ مۇددىئاسىمۇ ئاشۇ مەكتۇپ ئارقىلىق شەھەردىكى خەلقنى ۋە ئوردىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ئىدى، ئۇنىڭ تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ كېسىلىنى يوقلاش نىيىتى يوق ئىدى. تاغىسىنىڭ تېزرەك ئۆلۈشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. شاھزادىنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشەنگەن ئۇلۇسبېگى خۇدايداد يالغاندىن شاھزادىنىڭ تەلىپىنى چەكلىگەن بولۇۋېلىپ، جىم تۇرۇۋالغانىدى. بىراق قېرىشقاندەك گەپ ـ سۆزدىنلا ئەمەس، ئاش ـ تاماقتىنمۇ قالغان سۇلتان شىرمۇھەممەدخان تېخىچىلا ھايات ئىدى. كۆزىنىد پارقىراتقىنىچە جان تالىشىپ ياتاتتى. ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر يا شاھزادىگە قارشى لەشكەر تارتىشقا پېتىنالماي، ياكى شاھزادىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، كۈنلىرىنى ۋەھىمە، ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ھېچكىمگە چىراي ئاچماي، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم يۈرۈۋاتقان ئۇلۇسبېگىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولۇشاتتى. ئۇلۇسبېگى قاتتىق چەكلىگەن بولغاچقا، ھېچكىم خاننىڭ قېشىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. مەلىكە سۇلتان خاتۇن قىزى مەختۇمسۇلۇ خېنىمنى ئېلىپ ئوغلى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قارارگاھىغا بېرىپ كەلگەندىن بېرى ئوردىدىكىلەرنىڭمۇ، شەھەردىكى ئاددىي خەلقنىڭمۇ نەزەرى ئۈچ كۆۋرۈك مەھەللىسىدىكى ئەمىر كەبىر قەسرىگە مەركەزلەشكەنىدى. شۇ كۈنلەردە ئەمىر كەبىر قەسرى ئوردىدىن بەكرەك سۈرلۈك ھەم سىرلىق كۆرۈنەتتى. ئۇلۇسبېگى خۇدايداد كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمىر كەبىر قەسرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەخسۇس قورۇقچى ئاجراتقانىدى. كىشىلەر ئەمىر كەبىر قەسرىگە ئەيمىنىپ قارىشاتتى، ئالدىدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتەتتى. ئېسىل ئات قوشۇلۇپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن مەپىلەر كۈندە دېگۈدەك

ئەمىر كەبىر قەسرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەئە، بۇ مەپىلەردە ئوردىدىكى ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئاغىچىلىرى بار ئىدى.

ئوردىدىكى شاھنىشىنىنىڭ تەسكەي تەرىپىگە، لەشكىرىي دىۋاننىڭ يۇقىرىسىغا ئۇلۇسبېگى دىۋانى جايلاشقانىدى. سۇلتان شىر مۇھەممەدخان تىل ـ زۇۋاندىن قالغاندىن بېرى شاھنىشىن چۆلدەرەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلۇسبېگى دىۋانى ئاۋاتلىشىپ قالغانىدى. ئەمىر خۇدايداد ئوردا ئىشلىرىنى شاھنىشىندا ئەمەس، ئۇلۇسبېگى دىۋانىدا بېجىرىۋاتاتتى. ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغى سېلىنىدىغان تۆت دانە چويۈن ئاتەشدان شاھنىشىندىن خېلىلا كىچىك ئۇلۇسبېگى دىۋانىنى خۇددى باھاردەك ئىللىتىۋەتكەنىدى. سارايغا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاۋايلاپ كىرىپ كەلگەن ساراي ھۆدەيچىسى يەڭگىل يۆتىلىپ، سەندەلگە پۇتىنى تىقىپ ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئۇلۇسبېگىنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. ئۇلۇسبېگى بېشىنى كۆتۈرۈپ ھۆدەيچىگە قارىدى.

— مەلۇم بولغاي، ئابدۇلباسىت ھەكىم مەلۇم قىلىدىغان جىددىي ئىشىم بار، دەيدۇ.

ئابدۇلباسىت ھەكىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بىردىنلا جىددىيلەشتى. چۈنكى، ئوردا شىپاخانىسىنىڭ بۇ باش تېۋىپىغا سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ يېنىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئايرىلماسلىقنى، كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەرسە ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە مەلۇم قىلىشنى قاتتىق جېكىلىگەنىدى.

— دەرھال باشلاپ كىرسۇنلار.

دەقىقە ئۆتمەي يېشى ئۇلۇسبېگىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ھەكىم ھۆدەيچى بىلەن بىللە ئۇلۇسبېگىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئاپئاق ساقال باسقان مىس رەڭ چىرايى تولىمۇ قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ گەپ قىلىش ئۇچۇن ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا، ئۇلۇسبېگى ئۇنى «گەپ قىلماي تۇرسىلا» دېگەننى قىلىپ كۆز يۇمۇشلىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



— خوش، باشقا ئىش بولمىسا ئۆزلەگە ئىجازەت، — دېدى ئۇلۇسبېگى ھۆدەيچىگە قاراپ.

ھۆدەيچى ئۇلۇسبېگىگە چوڭقۇر بىر سالام بېرىۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

— ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، — دېدى ئابدۇلباستى ھەكىم يىغلامسىرىغان ھالدا، — جانابى قىبلىگاھىمىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە كەتتى.

ئۇلۇسبېگى ھەكىمنىڭ ئۆڭ ـ سولى ئۆچكەن چىرايىغا قاراپ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاچان مۆلچەرلەپ بولغانىدى.

ئۇلۇسبېگى قايغۇرغان قىياپەتتە: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن:

— سەۋر قىلغايلا ھەكىم ھەزرەتلىرى، ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچىش، تۇغۇم شەربىتىنى ئىچكەن ھەربىر بەندىنىڭ بېشىدا بار ئىش. جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ مۇسىبىتى كىچىك ئىش ئەمەس، شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئاستانە سىرتىدا قارارگاھ قۇرۇپ تۇرۇۋاتقىنىنى دېمىسەممۇ ئۆزلەگە چۈشىنىشلىك. ئوردىدا كۈتۈلمىگەن غوۋغانىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇشبۇ مۇسىبەت ۋاقتىنچە سىر تۇتۇلغاي.

— خوش؟ — دېدى ئۇلۇسبېگىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىگەن تېۋىپ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا.

— ئۆزلە ئول جەننەتماكان ئانىھەزرىتىمنىڭ مېيىتىگە ھەمراھ بولغايلا. ھەرقانداق كىشىنى كىرگۈزمىسۇنلار. ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىم ئىچىدە مەنمۇ يانلىرىغا ھازىر بولۇرمەن. شول چاغدا ئاندىن ئۇشبۇ مۇسىبەتنى ئاشكارا قىلغايمىز.

خاننىڭ كېسىلىگە ئامال قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلاۋاتقان بۇ بىچارە تېۋىپنىڭ شۇ تاپتا ئۇلۇسبېگى ۋە باشقا ئەمىرلەرنىڭ ئەيىبلەپ، گۇناھقا بۇيرۇپ قېلىشىدىن

① «قۇرئان كەرىم» سۈرە بەقەر، 156 ـ ئايەت.

باشقا غەم ـ ئەندىشىسى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلۇسبېگىنىڭ پەرما-
نىغا ياۋاشلىق بىلەن قۇللۇق بىلدۈردى.
ھەكىم چىقىپ كېتىشى ھامان ئۇلۇسبېگى ھۆدەيچى بەگنى
چاقىرتتى.
— پەرمانىمنى يەتكۈزسۇنلار، بارلىق ئەمىرلەر دەرھال ھۇ-
زۇرۇمغا جەم بولغاي!
بىر چۈگۈن چاي قاينىمچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئوردىدىكى
بارلىق ئەمىرلەر ئۇلۇسبېگى دىۋانىغا يىغىلدى. ئۇلار تۇيۇقسىز
جىددىي چاقىرتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي، بىر ـ بىرىگە گۇ-
مانسىراپ قارىشاتتى. ئۇلۇسبېگى بولسا تۆردىكى يولۋاس تېرىسى
سېلىنغان كۇرسىدا قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىسىنى تىنىمسىز
سىيرىغىنىچە كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئۈنسىز ئولتۇراتتى. ساراي-
نىڭ ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك تىمتاس ئىدى. ئۇلۇسبېگى
تۇيۇقسىز تەسۋى سىيرىشتىن توختاپ كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى ـ
دە، پەستە ئولتۇرغان ئەمىرلەرگە تەكشى نەزەر تاشلاپ چىقتى، ئاز-
دىن كالتە يۆتىلىپ گېلىنى قىرىۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:
— جانابى ئەمىرلەرنى جىددىي چاقىرتىشىمنىڭ ۋەجى شول-
كى، زامانىنىڭ قابىلىيەت ئىگىسى، ئىز باسارلىق مەرتىۋىسىنىڭ
ساھىبى بولمىش جانابى ئالەمپاناھ قىبلىگاھىمىز ئاغرىپ يېتىپ
قالغاندىن بېرى ھەربىرلىرىنىڭ بىر نىيەتتە ھەمدەمدە بولۇشلى-
رى بىلەن سەلتەنەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىپ كەلگەنىدۇك.
ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ جىيەنى
بولمىش شاھزادە ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى ئاستانىمىزنىڭ بوسۇغى-
سىغا كېلىپ، ئاتا يوللۇق تاغىسىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش، دىدارى-
غا قېنىشىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. جانابى
ئالەمپاناھ تىلدىن قالغان بولغاچقا، بىز شاھزادىنىڭ بۇ ئەرزىگە
ئۆز ئالدىمىزغا جاۋاب بېرەلمىدۇك. ئەلۋەتتە، قىبلىگاھىمىز بى-
لەن شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىزا ـ ئاداۋەتلەرنىڭ
بارلىقى ھەممىمىزگە ئايان. مەگەر شول تاپتا جانابى قىبلىگاھى-

مىزنىڭ كېسىلى شىپا تېپىپ، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى بايان قىلالىغان بولسا ئەردى، ئۇل چاغدا نىزا ـ ئاداۋەتنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاشنى مۇسۇلماندارچىلىق ئەھكاملىرىغا يات قىلمىش ھېسابلاپ، جىيەن پەرزەنتى بولمىش شاھزادىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ ئەپۇ قىلغان، قان ـ قېرىنداشلىق مېھرىنى كۆرسى-تىپ، دەرگاھىغا چاقىرتىپ كۆرۈشكەن، ئوردىدا ئالىي مەرتىۋى-لەرگە ئىگە قىلغان بولۇردى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، جانابى ئا-لەمپاناھ ھازىر مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى بىلدۈرۈشكە، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان بىز كەبى قابىلىيەتسىز ئەمىرلىرىگە ئەقىل كۆرسىتىپ، رەھنەمالىق قىلىشقا ئامالسىزدۇر. شاھزادە ئۇۋەيسخان بولسا قىبلىگاھىمىزغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى، ياشلىقتا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى تىلەش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئايدالادا قارا قىشنىڭ سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىجازىتىمىز-نى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. جان تەندە ئامانەتتۇر. ئاللاھ تائالا تۇغۇلماق ۋە ئۆلمەكنىڭ ۋاقتى ـ سائىتىنى بەندىسىگە بىلدۈرگەن ئەمەس. گەرچە بىز جانابى ئالەمپاناھىمىزنىڭ كېسىلىنىڭ شىپا تېپىشى-دىن چەكسىز ئۈمىدۋار بولساقمۇ، لېكىن ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، قېرىنداشلارنى نىزا ـ ئاداۋەت كىرلىرىنى يۇيۇپ دىدار ـ مۇلاقات بولۇشتىن توسۇپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن كەچۈرگۈسىز گۇناھقا مەھكۇم بولۇپ قالۇرمىزمىكىن، دەپ ئەن-سىرەيمەن.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد گېپىنى توختىتىۋېلىپ، ئەمىرلەرنىڭ چىرايىغا تەكشى نەزەر تاشلىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا گۇمان، تەش-ۋىش، ئىزتىراپ بار ئىدى. ھەممەيلەن ئۇلۇسبېگىنىڭ مۇددىئا-سىنى بىلىپ بېقىپراق ئاندىن ئىپادە بىلدۈرۈشنى كۆڭلىدە ھو-ناۋاتاتتى.

— ھەربىرلىرىگە مەلۇم، — دېدى ئۇلۇسبېگى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شاھزادە ئۇۋەيسخان سەلتەنەتىمىزگە بولغان



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساداقىتىنى، قىبلىگاھىمىزغا بولغان ھۆرمەت ـ ئىكرامىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇدۇل ئاستانىگە كەلمەي، ئاگال قومۇل، بارسكۆلگە بېرىپ، باسقۇنچى موڭغۇللارنى قوغلاپ چىقىرىپ، تەسەررۇپىمىزنى ياۋنىڭ تەھلىكىسىدىن قۇتۇلدۇردى. ھازىر مىڭلىغان باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن بوسۇغىمىز تۈۋىدە ساقلاپ يېتىپتۇ. ناۋادا قىبلىگاھىمىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ باقىيغا سەپەر قىلىپ قالسا، خان تاغىسى بىلەن دىدارلاشتۇرمىغىنىمىز ئۈچۈن بىزدىن قاتتىق رەنجىيدۇ. ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي ئاستانىگە باستۇرۇپ كىرىپ قالسا، شاھزادىنىڭ ھوجۇمىنى توسۇپ قالالىشىمىز بەسى مۇشكۇلدۇر. ئول چاغدا ئاستانىنى ساقلاپ قېلىشىمىز ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىسسىق جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىزمۇ تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا، جانابى ئەمىرلەرنىڭ بۇ ئىشقا كېڭەش بىلەن ئاقىل قارار چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەمىرلەر بىردەملىك پىچىر ـ پىچىردىن كېيىن، يەنە جىممىي قېلىشتى. ئۇلۇسبېگىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويغانىدى. ناۋادا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان قازا قىلىپ كەتسە، شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ ئاستانىگە ھوجۇم قىلىدىغانلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى. شاھزادىنىڭ تاغىسىنى يوقلاش تەلىپىنى ئالدىراپ قوللىسا، باشقىلار ساداقەتسىز دەپ ئەيىبلەيتتى، قوللىمىسا، شاھزادىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشى ئېنىق ئىدى. ئۇلۇسبېگى بۇ مۇھىم ھەم قىيىن مەسىلىنى ئۇلارنىڭ قارار قىلىشىغا قويۇپ بېرىپ، مەسئۇلىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى.

ئۇلۇسبېگىنىڭ چوڭ نەۋرىسى سەييىدئەلى ئالپنىڭ شاھزادە ئۇۋەيسخان بىلەن بىللە ئىكەنلىكىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان ھەمدە ئۇلۇسبېگىنىڭ ھازىرقى سۆزىنىڭ ئورامىدىن شاھزادىنىڭ ئوردىغا كىرىپ خاننى يوقلاش تەلىپىنى قوللايدىغانلىقىنى پەملىگەن ئوردا ئىشىكئاغىسى سۇلايمان مىرزا كالتە يۆتىلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئېغىز ئاچتى:

— گەرچە بىز جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ بىھېساب مېھىر ـ شەپقىتىگە نائىل بولۇپ، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا پەرمانبەردار بولۇپ كەلگەن بولساقمۇ، قان ـ قېرىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشالماسمىز. ئەزەل ـ ئەزەلدىن تاغا كېسەل بولسا، جىيەننىڭ يوقلاش يولى بار، بۇنى ھېچكىمنىڭ توسۇش ھەققى يوقتۇر. ھېلىمۇ شاھزادە ئالىيلىرىنى خېلى ئۇزاق ساقلاتتۇق، مېنىڭ تەكلىپىم شۇلكى، شاھزادە ئالىيلىرى پاسىبانىمىز بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولغاي.

باشقا ئەمىرلەرمۇ خۇددى مۇشۇنداق جاۋابنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئىشىكئاغىسىنىڭ تەكلىپىنى بەس ـ بەستە قوللاشتى. شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ ئوردىغا كىرىشىنى خالىمايدىغان ئەمىرلەرمۇ نائىلاج ماقۇللۇق بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

— جانابى ئەمىرلەر مۇشۇ قارارغا كەلگەن بولسا، مېنىڭمۇ باشقا سۆزۈم يوقتۇر، — دېدى ئۇلۇسبېگى گەپنى قىسقارتىپ، — ئۇنداق بولسا، شاھزادە ئالىيلىرىنى ئوردىغا چىللاپ ھازىرلا تەكلىپ ئەۋەتەيلى، تەكلىپنى يەتكۈزۈشكە جانابى ئىشىكئاغىسى سۇلايمان مىرزا مەسئۇل بولغاي. قالغان ئەمىرلەر شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشقا ھازىرلىق كۆرگەي.

— پەرمانبەردارمىز! — دېيىشتى ئەمىرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ.

※ ※ ※

شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قارارگاھى ئەتىگەندىن بېرىقى جىمجىتلىقىغا يات ھالدا ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتكەنىدى. قارارگاھتا قورۇقچىلىق قىلىۋاتقان نۆكەرلەردىن تارتىپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇ چېدىردىن ـ بۇ چېدىرغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان مۇلازىملارغىچە ھەممىسىنىڭ چىرايلىرىدا ئادەتتىن تاشقىرى بىر

جىددىيلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. شاھزادە ئۈۋەيسخان سەييىدئەلى ئالىپ، سەركەردە بوران خوجا قاتارلىق بىرقانچە سەركەردىلىرى بىلەن بارگاھى ئالىينىڭ يان تەرىپىدىكى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم ئۈچۈن تىكىلگەن ھەشەمەتلىك چېدىر ھەرەمنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە ئاللىقانداق تەقەززالىق، تەشۋىش ئىلكىدە جىمجىت تۇرۇشاتتى. ئىچكى ھاياجىنىنى يوشۇرالمىغان شاھزادە ئۈۋەيسخان تىت ـ تىتلىق ئىلكىدە ئۆتۈكى بىلەن يەردىكى قارنى توختىماي تېپەتتى، بارلىق سەزگۈلىرىنى جەملەپ، چېدىر ھەرەمنىڭ ئىچىدگە قۇلاق سالاتتى. ھەئە، شۇ دەقىقىدە ئاي ـ كۈنى توشقان مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىم قاتتىق تولغاق يەۋاتاتتى. ئاش ۋاقتىدىن باشلاپ تۇتقان تولغاق ھېلى كۈچىيىپ، ھېلى پەسىيىپ، ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغان مەلىكىنى قىيناۋاتاتتى. مەلىكە ئۇزسۇلتان خېنىم سەركەردە بوران خوجىنىڭ ئاغىچىسى قاتارلىق ئايال‌لار، ئەش ئانا[1] نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرخىل ئامالالارنى قىلىۋاتاتتى.

ـــ چىداشلىق بەرسىلە مەلىكەم، بەختىمىزگە بالا ئۈڭكەن. كۈچەپ ئىنجىقلىسىلا، ـــ دەيتتى ئەش ئانا مەلىكىدىن بەكرەك چىپ ـ چىپ تەرلىگەن ھالدا.

ـــ ئەنسىرەپ كەتمىسىلە ئالىيلىرى، خۇدايىم ئاق يوللۇق قىلار. تۇغۇتنىڭ ئاسىنى يوق دەپتىكەن، ـــ دەپ تەسەللى بېرەتتى سەييىدئەلى ئالىپ شاھزادىنىڭ تەشۋىشلىك چىرايىغا قاراپ.

ئەمما، شاھزادە ئۈۋەيسخانىنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئەس ـ يادى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بالىسىدا، تولغاق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان خوتۇنىدا قالغانىدى. ئايالىنىڭ تولغاققا بەرداشلىق بېرەلمەي پەرياد كۆتۈرگەن قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ئاللىقانداق بىر ۋەھىمىدىن ۋۇجۇدىنى ئاچچىق تىترەك باساتتى. بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان بالىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، تومۇر ـ تومۇرلىرىغا بىر شېرىن ھاياجان تارقايتتى.

پايپاسلاپ كەلگەن ياتىش بېگى شاھزادە ئۈۋەيسخانىنىڭ ئەب-

① ئەش ئانا ـــ تۇغۇت ئانىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

جەش تۈيغۇلىرىغا بەرھەم بەردى:

ــ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئىشىكئاغىسى سۇلايمان مىرزا ئوردىدىن مەكتۇپ ئېلىپ كەپتۇ.

بۇ خەۋەر ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

ــ ساقلاپ تۇرسۇن، ــ دېدى بىئارام بولۇپ تۇرغان شاھزادە بىئەپ ۋاقىتتا كەلگەن مېھماننى دەرھال قوبۇل قىلغۇسى كەلمەي.

ــ جىددىي ئىش بولمىسا ئىشىكئاغىسىنى ئەۋەتىپ يۇرمەستى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ نېمىنىدۇر خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ــ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرمەي كۆرۈشۈپ باقسىلا ئالىيلىرى.

ــ توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ دەپ، بۇ گاخ[1]تا ئوردىدىن خەۋەر كەلگىنىنى قارىمامدىغان، ــ غودۇردى سەركەردە بوران خوجا.

ــ بارگاھى ئالىيغا باشلاپ كىرسۇنلار، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالماي.

بارگاھى ئالىيغا كىرگەن سۇلايمان مىرزا شاھزادىگە سالام بېرىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ھۆرمەت ـ ئېھتىرام ئارىلاشقان خۇشامەت سۆزلىرىنى قىلىشقا باشلىۋېدى، ئۇنى شاھزادە سىلكىۋەتتى:

ــ بولدى، بۇ گەپلەرنى قويۇپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسىلە جانابى ئەمىر.

ــ خوش... خوش...

ئىشىكئاغىسى سۇلايمان مىرزا نەقىشلىك ئېسىل كۆن قاپچۇقىدىن ئوردىنىڭ تەكلىپنامىسىنى ئېلىپ شاھزادىگە ئېھتىرام بىلەن قوش قوللاپ تۇتتى:

ــ ئۇلۇسبېگى قاتارلىق بارلىق ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئەمىرلەر شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئوردىغا كىرىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىدۇ.

شاھزادە ئۇۋەيسخان تەكلىپنامىگە شۇنداقلا كۆز يۈگۈرتكەندـ

[1] گاخ ــ ۋاق.

دىن كېيىن ئىشىكئاغىسى سۇلايمان مىرزىغا قاراپ دېدى:
ــ جانابى ئەمىر ئارام ئالغاچ تۇرغاي، سەل تۇرۇپ چاقىرتىمەن.
ــ خوش.
ئىشىكئاغىسى سۇلايمان مىرزىنى ياتىش بېگى باشلاپ چىقىپ كەتتى.
ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا سۇلتان شىرمۇھەممەدخان قازا قىلغان ئوخشايدۇ، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ.
ــ ناتايىن، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، ــ قاراپ باقسىلا ئەمىرزادەم، تەكلىپنامىدە بۇنداق ئىبارە يېزىلماپتۇ.
ــ ئۇلۇسبېگى بۇ خەۋەرنى ئوردىدىكى ئەمىرلەردىن سىر تۇتقان بولۇشى مۇمكىن، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالىپ ئۆز قارىشىنى شەرھلەپ، ــ تەكلىپنامىدە: «شاھزادە ئالىيلىرى تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تەخىرسىز ئوردىغا قەدەم كەلتۈرگەي» دەپ يېزىلغىنىغا قارىغاندا، ئالدىراپ قالغاندەك قىلىدۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئالىيلىرى دەرھال جابدۇنغايلا. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قارا سوغۇقتا ساقلاپ پۇرسەت كۈتتۇق، ئەمدى بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمايلى.
ــ مەلىكە تولغاق ئازابىدا قىينىلىۋاتسا، مەن قانداقمۇ بۇ يەردىن ئايرىلالايمەن؟ ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ئىككى تايىن بولغان ھالدا.
ــ ۋاقتى ـ سائىتى يەتسە ئالىيلىرى بولمىسىلىمۇ مەلىكىنىڭ كۆزى يورۇۋېرىدۇ، ــ دېدى سەركەردە بوران خوجىمۇ ئالدىراپ، ــ لېكىن ئوردىغا كىرىدىغان ئىشنى ئەمدى كېچىكتۈرگىلى بولماس.
شاھزادە ئۇۋەيسخان راستىنىلا تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تولغاق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان ئايالىغا ھەمراھ بولغۇسىمۇ، شۇنداقلا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا نەچچە يىلدىن بېرى تەقەززا بولغان ئوردىغا كىرگۈسىمۇ بار ئىدى، ئۇ ئاخىر ئوردىغا كىرىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نى قارار قىلدى.

ــ سەييىدئەلى ئالپ مەن بىلەن بىللە ئوردىغا كىرگەي. سەركەردە بوران خوجا قارارگاھقا پاسىبانلىق قىلغاي، قىلچىلىك بىخۇدلۇقتا يول قويۇلمىغاي، ــ دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن.

ــ ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ سۆز ئېلىپ، ــ لەشكەرلەرنىڭ يېرىمى قارارگاھنى قورۇقداپ، قالغان يېرىمى ئاستانە قوۋۇقىغا يېقىنراق بېرىپ ئېھتىياتتا تۇرغاي. ئۇندىن باشقا ئالپىلىرىنىڭ خاس نۆكىرىدىن بەش يۈز يىگىتنى ھەمراھ قىلىۋالايلى.

ــ شۇنداق قىلىشىلا، ــ دېدى سەركەردە بوران خوجا، ــ گەرچە ئوردا ئىشلىرىنى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى جوڭقۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لەشكىرىي دىۋاندا سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا ساداقەتـ ـمەن سەركەردىلەر ھەم باردۇر. ئۇلارنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا بىر نېمىدەپ بولمايدۇ.

ــ مەيلى، شۇنداق قىلايلى، ــ دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان، ــ ئاستانە قوۋۇقىغا يېقىنلىشىدىغان ئېھتىيات قوشۇنىغا ئۆزلە باش بولسىلا. بىرەر شەپىنى سەزگەن ھامان قىلچىلىك ئىككىلەنمەي شەھەرگە باستۇرۇپ كىرسىلە.

ــ باش ئۈستىگە، ــ دېدى سەركەردە بوران خوجا.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەستارپىچ شاھزادىنى كۆڭۈل قويۇپ كىيىندۈردى.

شاھزادە كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىكئاغىسى سۇلايمان مىرزىنىڭ يول باشلىشى بىلەن بەش يۈز نەپەر خاس نۆكەرنىڭ قورۇقچىلىقىدا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىشتى.

※ ※ ※

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئىشىكئاغىسى سۇلايمان مىرزىنى شاھزادە ئۇۋەيسخاننىڭ قارارگاھىغا ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن،

شەھەر خەلقىنى شاھزادە ئۈۋەيسخاننى قارشى ئېلىشقا ھەرىكەت-لەندۈرمەك ئۈچۈن جاكارچى چىقارتقانىدى. شۇ سەۋەبتىن لەپىلە-دەپ قار يېغىۋاتقىنىغا قارىماي شەھەر خەلقى ئىسسىق ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ، قامىل قوۋۇقىدىن ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغىچە تىزىلىپ بولغانىدى. شاھزادە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، بىرىنەچ-چە قېتىم ئېتىنى توختىتىپ خەلققە سالام بەردى. شۇ تاپتا خەلق شاھزادىنى قارشى ئېلىشتىن كۆرە، ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قۇتۇل-غىنىغا بەكرەك تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

شاھزادە ئۈۋەيسخان ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇلۇسبېگى خۇدايداد قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ئىس-تىقبالىغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئاتتىن چۈشتى. ئۇلۇس-بېگى بىلەن قۇچاقلىشىپ، باشقا ئەمىرلەر بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشتى، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى. ئوردا دەرۋازىسىدىن شاھنىشىنغا قەدەر پاياندار سېلىنغانىدى. ئۇلۇسبېگى بۇ كۈتۈۋې-لىش مۇراسىمىنى خۇددى خان ـ سۇلتانلارنى كۈتۈۋالغاندەك كات-تا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

— ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلغايلا ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ-لۇسبېگى.

شاھزادە ئۈۋەيسخانغا ئەگىشىپ ماڭغان ئۇلۇسبېگى كىمىنە-دۇر كۈتكەندەك پات ـ پات ئەتراپىغا قاراپ قوياتتى. ئۇلار شاھ-نىشىننىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كەلگەندە، ئوردا شىپاخانىسىنىڭ باش تېۋىپى ئابدۇلباسىت ھەكىم يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئاۋۋال شاھزادىگە، ئاندىن ئۇلۇسبېگىگە سالام بەردى. ھەئە، ئۇلۇسبېگى بۇ ئىشلارنىمۇ ئالايىتەن كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

— مەلۇم بولغاي، — دېدى ھەكىم يىغلامسىرىغان ھالدا، — ئالەمپاناھ سۇلتان ئالىيلىرى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە كەتتى.

شاھزادە ئۈۋەيسخاننىڭ تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان بىلەن قانداق يوسۇندا كۆرۈشۈشنى قىياس قىلىشىپ تۇرغان ئە-مىرلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈشتى، ئاللىقانداق بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تۇيغۇدا شاھزادىگە يالت ئېتىپ قاراشتى.

— خان ئالىيلىرى قاچان قازا قىلدى؟ — سورىدى ئۇلۇس-بېگى چۆچۈگەن قىياپەتتە.

— شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، — دېدى ھەكىم، — ئانھەزرىتىمنىڭ مۇبارەك تىنىقى توختىشى ھامان بۇ يەرگە چېپىشىم.

ئارىنى بىرنەچچە دەقىقە ئېغىر سۈكۈنات باستى. ئەمىرلەر بۇتتەك قېتىپ قېلىشقانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچكى تۇيغۇسىنى قىياس قىلماق تولىمۇ قىيىن ئىدى.

— ۋادەرىخا! — دېدى شاھزادە ئۇۋەيسخان ھەم قايغۇرغان، ھەم ئەپسۇسلانغان ھالدا، — ئەزرائىل بىرنەچچە دەقىقە تەخىر قىلغان بولسا، تاغام بۇزرۇك خان ئالىيلىرى بىلەن دىدار-مۇلا-قاتتا بولۇۋالماسىدىم، ئاھ، كاج پەلەك.

— سەۋر قىلسىلا ئالىيلىرى، — دېدى ئۇلۇسبېگى تەسەللى بېرىپ، — بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچىشتىن ھېچكىم قۇتۇلالىغان ئەمەس.

— مېنى دەرھال ئول جەننەتماكانىنىڭ قېشىغا باشلاپ بار-سۇنلار، — دېدى ئۇۋەيسخان.

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا ئالىيلىرى، — دېدى ئۇلۇسبېگى تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ، — پازىللار: «ئون ئۆلۈكتىن بىر شېھىت ئەلا، ئون شېھىتتىن بىر تىرىك ئەلا» دېگەنىكەن، شۇڭا ئاگال شاھىنشىنىغا قەدەم كەلتۈرگەيلا.

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئۇلۇسبېگىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ قەستەنگە سورىدى:

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى؟

— بۇ تەكلىپىمنىڭ بائىسى شولكى، — دېدى ئۇلۇسبېگى تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ، — سەلتەنەت تىرىكلەر بىلەن ئاباد بولۇر. ئۇشبۇ دەملەردە سەلتەنەتىمىز پاسىبانسىز، باشپاناھسىز قالدى. دېمەك، پۈتكۈل موغۇلىستان تەسەررۇپىدىكى لەك مىڭلى-

غان رەئىيەتنىڭ بېشىغا غەم تاغلىرى يىقىلدى. گەرچە جەننەتماكان مەرھۇم پاسىبانىمىزنىڭ ئىككى خانزادىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تېخى گۆدەكتۇر، سەلتەنەت ئىشلىرىغا پاسىبانلىق قىلىپ، رەئىيەتنىڭ غېمىنى يېنىكلەتكۇدەك قابىلىيەتتە ئەمەستۇر. ئۆزلە بولسىلا مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرىغا جىيەن ھەمدە سەلتەنەتىمىزنىڭ قانۇنىي تەخت ۋارىسلىرىدىندۇر. شۇڭا بىز كەبى قايغۇ ـ مۇسىبەتتىن ھوش ـ كاللىمىزنى يوقاتقان ناباب ئەمىرلەرگە رەھنەما بولۇپ، جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا رىياسەتچىلىك قىلغايلا.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد چاندۇرماي تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇۋاتاتتى. شاھزادە ئۇۋەيسخان مەرھۇم سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ جىيەنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش مەجبۇرىيىتى، سالاھىيىتى بار ئىدى. بۇنىڭغا ھېچكىم پالان ـ پۇستان دېيەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى يالغاندىن تەڭقىسلىقتا قالغان قىياپەتتە كۆرسەتمەكچى بولاتتى.

— گەرچە بىز بابائى بۇزرۇك تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىنىڭ پۇشتى، مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ جىيەنى بولساقمۇ، ئوردىدا ھېچقانداق مەرتىۋىمىز يوقتۇر، ئول بائىستىن مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا يەنىلا ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ باش بولغىنى ئەۋزەل.

— زىنھار ئۇنداق دېمىسۇنلار ئالىيلىرى، — دېدى ئۇلۇسبېگى ئەتراپتىكى ئەمىرلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ، — ناۋادا خان ئالىيلىرى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە كەتمىگەن بولسا، تەخت ـ سەلتەنەتنى ئۆزلەدەك جاسارەتلىك، ئىستېداتلىق، باھادىر جىيەنىگە تاپشۇرۇشنى جايىز كۆرگەن بولۇر ئىدى. ئەپسۇس، جەننەتماكان ئالەمپاناھىمىز ئۆزۈندىن بىرى كېسەل ئاسارىتىدە تىل ـ زۇۋاندىن قالغان بولغاچقا، تەخت ۋارىسى بەلگىلەشكە، ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا ئىمكانىسىز قالدى. ئائىلە بىر مەزگىل ئىگىسىز قالسا بولىۋېرىدۇ، ئەمماكى، سەلتەنەت دەقىقە باشپاناھسىز قالسا زىند-

ھار بولماس. شۇ بائىستىن ئۆزلە بىزگە باشپاناھ بولۇشقا ئەڭ
مۇۋاپىق كېلىدىلا. ئالىيلىرى سەلتەنەتكە پاسىبان بولسىلا، جانا-
بى ئەمىرلەرمۇ غەيرىي پىكىرلەردە بولماس دەپ ئويلايمەن.

ئۇلۇسبېگى گېپىنى توگىتىپ ئەتراپتىكى ئەمىرلەرگە ئۆت-
كۈر نەزەرىنى تىكتى. شاھزادىنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى ئۇلۇس-
بېگى شەخسەن ئۆزى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەۋسىيە قىلىۋاتاتقاچقا،
ئۇنىڭ ئۇستىگە سەييىدئەلى ئالپ بەش يۈز نوكەر بىلەن ئەتراپىنى
قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغاچقا، ھېچكىم بۇ تەۋسىيەگە
قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى.

— ئارى، ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ تەكلىپى ئورۇنلۇق، —
دېدى ئەمىرلەردىن بىرى ئاۋۋال سۆز ئېلىپ. شۇنىڭ بىلەن باشقا ئە-
مىرلەرمۇ ئۇلۇسبېگىنىڭ تەكلىپىنى قوللاشتىن باش تارتالمىدى.

— ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ،
تەخت ـ سەلتەنەتنى قوللىرىغا ئالسىلا ئالىيلىرى.

— سەلتەنەتىمىز پاسىبانسىز قالمىغاي.

— ئەل ـ يۇرتنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغايلا.

— ...

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئەمىرلەرگە تەكشى قارىۋەتكەندىن كې-
يىن تەمكىنلىك بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈن ئوردىغا قەدەم كەلتۈرۈشۈمدە، جەننەتماكان خان
ئالىيلىرىنىڭ دىدارىغا قېنىۋېلىشتىن ئۆزگە مۇددىئايىم يوق ئى-
دى، ئەمما شۇم ئەجەل بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى. ئەمدىلىكتە
مۇھتەرەم جانابى ئەمىرلەر پېقىرنى تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قويۇ-
شۇۋاتىدىلا.

— ئۆزلىرىنى زىنھار تەڭقىس ھېس قىلمىسۇنلار ئالىيلى-
رى، — دېدى ئۇلۇسبېگى، — سەلتەنەتكە چوڭنىڭ ۋارىسلىق
قىلىشى ئاتائى ئەجدادلاردىن قالغان ئۇدۇمدۇر. شۇل بائىستىن
سەلتەنەت تەختىدە بەر قارار بولۇشقا ئالىيلىرى ئەڭ لايىق كېلى-
دىلا. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوردىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئەمىرلەرنىڭ

ھەممىسى ئۆزلەنى پاسىبانلىققا تەۋسىيە قىلىشۋاتىدۇ، جانابى ئەمىرلەرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويىسلىمۇ بولماس، ـــ ئۇلۇسبېگى ئىشىكئاغىسىغا قاراپ دېدى:

ـــ سۇلايمان مىرزا چاقىقان بولسىلا، ئالىيلىرىنى دەرھال ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزايلى.

سۇلايمان مىرزا دەرھال مۇلازىملارنى بۇيرۇپ بىر پارچە ئاق كىگىز ئەكەلدۇردى. خان ـ سۇلتانلارنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ تەختكە چىقىرىش تۈركىي قوۋملەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى ئىدى.

ـــ قېنى ئالىيلىرى، كىگىزگە مەرھەمەت قىلغايلا، ـــ دېدى ئۇلۇسبېگى.

ـــ ئالىيلىرى، تەلەپ ـ ئىستەكلىرىمىزنى يەردە قويمىغايلا، ـــ دېدى باشقا ئەمىرلەرمۇ.

شاھزادە ئۇۋەيسخان: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگىنىچە ئاق كىگىزگە چىقىپ ئولتۇردى. ئەمىرلەر ئۇلۇسبېگىنىڭ باشچىلىقىدا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. دۇئادىن كېيىن گۇررىدە كېلىشىپ كىگىزنى قولمۇ قول كۆتۈرۈشكىنىچە شاھىنىشىنغا ئەكىرىپ ئالتۇن تەختكە ئاۋايلاپ قويدى ـ دە، قول باغلاشقىنىچە مۇبارەكلەشتى.

ـــ خان ئالىيلىرىغا مۇبارەك بولغاي.

ـــ دۆلەتپاناھىمىزنىڭ سەلتەنەتى روناق تاپقاي.

ـــ ئانىھەزرىتىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي.

ـــ ...

شاھزادە ئۇۋەيسخان ئەمىرلەرنىڭ تەبرىك ـ مۇبارەكلىرىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. شۇ دەقىقىدە ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خۇشاللىق، ھاياجان چىرمىۋالغان بولسىمۇ، بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىۋاتاتتى. ئۇ ئەمىرلەرگە قاراپ گېلىنى قىردى:

ـــ گەرچە بۈگۈن جانابى ئەمىرلەرنىڭ تەكلىپى ۋە ساداقەت كۆرسىتىشى بىلەن ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەختتە ئولتۇرغان بولسامىمۇ، لېكىن جەننەتماكان تاغام سۇلتان شىر مۇھەممەدخان ئالىيلىرى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە كەتكەنلىكى ئۈچۈن مەرىكە ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇقلانمىغاي. دەرھال ئەلگە مۇسىبەت جاكارلىنىپ، مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغاي. مېيىت نامىزى ئەتە پېشىن ۋاقتى بىلەن چۈشۈرۈلگەي!

— مۆھۈردار بېگىم، — دېدى ئۇلۇسبېگى ئوردا مۆھۈردارىغا قاراپ، — ئادالەتپاناھ سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ قاشتېشى مۆھۈرىنى دەرھال تەييار قىلسۇنلار. ئەتە ئەتىگەن ھۇدۇدلۇقىمىز تەۋەسىدىكى ۋىلايەت ـ ئايماقلارنىڭ ئەمىرلىرىگە پەرمان يوللىغايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قوشنا ئەللەرنىڭ خان ـ سۇلتانلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەرگەيمىز. ھازىرلا مۆھتەرەم سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتكە بەرقارار بولغانلىقى ھەققىدە ئاستانىگە جاكارچى چىقىرىلغاي، مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ مۇسىبىتىمۇ ھەم جاكارلانغاي.

ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا تەختتە ئولتۇرۇش مۇددىئاسىغا يەتكەن ئۇۋەيسخاننىڭ شۇ تاپتا بارلىق ئوي ـ خىيالى ئەتىگەندىن بېرى تولغاق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان ئايالى مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشتە قالغانىدى.

«ساق ـ سالامەت يەڭگىيەلىگەنمىدۇ؟ پەرزەنتىم ئوغۇلمىدۇر ـ قىزمىدۇر؟ خۇداغا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر. ئابائى ئەجدادلىرىمدىن مىراس قالغان سەلتەنەت تىزگىنىنى ئاخىر قولۇمغا ئېلىپ تەختتە ئولتۇردۇم، بۇ ئىشلار كۆتكىنىمدىنمۇ خەيرلىك بولدى. ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت. ساداقىتىنى ئاخىرى ۋايىغا يەتكۈزدى. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ قۇتلۇق كۈننى ساداقەتمەن سەركەردىلەردىن ئەمىر ئاقتېمۇر، ئەمىر ئاقبۇغا، ئەمىر سەبۇرغە، ئەمىر مۇسالارغا كۆرۈش نېسىپ بولماي قالدى. ئەتىلىككە ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ كېلەي، خاتۇن ـ باللىرىنى تاپتۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالاي. ئەمدى ياراتقان

ئەگەم بەخت ـ ئامىتىمنى قوشلاپ بېرىپ، مەلىكەمنىڭ تۇغۇتىنى ئاسان قىلسا، ئۇنى تىنچ ـ ئامان يەڭگىشكە نېسىپ قىلسا، پەر ـ زەنت كۆرۈش خۇشاللىقى بىلەن تاج كىيىش خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىلەنسەم، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ زىيادە بەختىيارلىق بولۇرمۇ بەندە ئۈچۈن! ئەتە ھۆرمەتلىك قېيىنئاتام ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىغا ئەڭ ئاگال مەكتۇپ ماڭغۇزاي. ھەراست، سۆيۈملۈك ۋالىدەم شول تاپتا خۇش خەۋىرىمنى كۈتۈپ بىتاقەت بولۇپ كەت- كەندۇ، ھېچبولمىسا ۋالىدەمگىمۇ بولسا خەۋەر بېرىۋەتكەچ تۇراي- مىكىن؟ سەل تەخىر قىلاي. خاتۇنۇمنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن خۇش خەۋەرنى بىراقلا يەتكۈزەي...»

— مەلۇم بولغاي، — دېدى ھۆدەيچى بەگ سۇلتان ئۇۋەيس- خاننىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — سەركەردە بوران خوجىدىن چاپارمەن كەپتۇ، خان ئالىيلىرىغا يەتكۈزىدىغان مۇھىم مەلۇمات بار ئىكەن.

سۇلتان ئۇۋەيسخان بىردىنلا جىددىيلەشتى. چاپارمەننىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرىنى بىلىشكە ئالدىراپ يۈرىكى سېلىپ كەت- تى، لېكىن ئىچكى تۈيغۇسىنى چاندۇرمىدى.

— ئىجازەت، باشلاپ كىرسۇنلار.

شۇ ھامان بارلىق ئەمىرلەرنىڭ كۆزى شاھىنشىنىنىڭ نە- قىشلىرىگە ئالتۇن سۈيىدە ھەل بېرىلگەن قوش قاناتلىق ئىشى- كىگە تىكىلدى. دەقىقە ئۆتمەي ھۆدەيچى ئالچىنبەگنى باشلاپ كىردى. ئالچىنبەگ ئۇلۇسبېگى بىلەن ئۇۋەيسخاننىڭ ئوتتۇرى- سىدا مەخپىي مەكتۇپ يەتكۈزۈپ يۈرۈپ، ھازىر شاھزادە ئۇۋەيس- خاننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سەركەردىسىگە ئايلانغانىدى. ئالچىنبەگ- نىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك، خۇشاللىقنى كۆرۈپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ كۆڭلى خېلىلا خاتىرجەم بولدى.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ئالچىنبەگ تەختكە يېقىنراق كېلىپ قول باغلاپ تۇرۇپ، — مەلىكە ئايىم كۆزەيدى①، ئانا ـ بالا ھەر ئىككىسى ساق ـ سالامەت.

سۇلتان ئۇۋەيسخان يەڭگىل نەپەس ئالدى، ۋۇجۇدىنى تەس-

① كۆزەيدى — كۆزى يورۇدى، يەڭگىدى، تۇغدى.

www.uyghurkitap.com

ۋىرلىگۇسىز بىر خۇشاللىق چىرمىۋالدى. ھەئە، بۇ خۇشاللىق بايا تەختتە ئولتۇرغان چاغدىكى خۇشاللىقنى بېسىپ چۈشەتتى، لېكىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئەمما چېھرىگە تېپىپ چىققان خۇشاللىقنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

ــ ئول پەرزەنت بۆرىمۇ، تۈلكىمۇ؟ ــ سورىدى ئۇلۇسبېگى.

ــ ئاللاھ بۆرە ئاتا قىلدى ھەزرىتىم، ــ دېدى ئالچىنبەگ.

ــ مۇبارەك بولسۇن ئالىيلىرى، ــ دېدى ئۇلۇسبېگى سۇلتان ئۇۋەيسخانغا قاراپ، ــ ياراتقان ئىگەمنىڭ ئىنايىتى ئەنە ئاشۇنداق چەكسىزدۇر. قۇت - خۇشاللىق قوش بولدى مانا. بۈيۈك تەسەررۇپىمىزنىڭ سەلتەنەت ۋارىسلىرى ئۈزۈلۈپ قالمىغاي.

ــ ئانھەزرىتىمگە قۇتلۇق بولسۇن.

ــ شاھزادىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن.

ــ خانزادىگە بەخت تىلەيمىز.

ــ خانىش ئايىمغا سالامەتلىك يار بولغاي.

ــ ئانھەزرىتىمنىڭ دۆلىتى زىيادە بولغاي.

ــ ...

شۇ تاپتا سۇلتان ئۇۋەيسخاننى بەس - بەستە قۇتلۇقلاۋاتقان ئەمىرلەر سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئۆلۈمىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىك چىرايلىرىدا مۇسىبەتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.



بۈگۈن سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىغا يەتتە كۈن بولغانىدى. تۇرپان شەھىرىنىڭ ھەرقايسى رەستە، مەھەللىلىرىدە، مەسچىتلەرنىڭ ئالدىلىرىدا يوغان داشقازانلار ئېسىلىپ،

تاغار ـ تاغارلاپ گۆرۈچلەردە پولۇ دۈملىنىپ، سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ يەتتە نەزرى بېرىلىۋاتاتتى.

— نەزىر ئېشىنى كەڭرى قىلىڭلار، ئاستانىدىكى بارلىق رەئىيەت داخىل بولسۇن. ئاندىن تۇل خاتۇن، يېتىم ئوغۇللارغا بۇ يىل ئورمىغا ئۇلىشىۋالغۇدەك ئاشلىق تارقىتىپ بېرىڭلار. دېھقان، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ئېلىنىدىغان بىر يىللىق باج ـ سېلىق كەچۈرۈم قىلىنسۇن، — دەپ پەرمان چۈشۈرگەندى سۇلتان ئۇۋەيسخان.

ھەئە، ئۇۋەيسخان ئوردا ئىشلىرىنى بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتۈنلەي تەرتىپكە سېلىۋالدى. ئۇ ئىلگىرى ئوردىدىن قوغلىنىپ، قاچقۇنلۇقتا ئۆتكەن كۈنلەردە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەلتەنەت تىزگىنىنى قولۇمغا ئېلىپ تەختتە ئولتۇرۇپ قالسام، ئۇستۇمدىن پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئەمىرلەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي قويمايمەن، دەپ قەسەم قىلغانىدى. لېكىن تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇ قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. تەختتە ئولتۇرۇش بىلەنلا خۇددى مۈشۈكنىڭ شەپىسىنى سەزگەن چاشقاندەك دىر ـ دىر تىترىشىپ، كىرىپدەك تۈگۈلۈپ كەتكەن ئاشۇ خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋەھىمە، ئىزتىراپ، يېلىنىش تۇيغۇلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى ـ دە، بۇ نىيىتىدىن ياندى.

«ئۇلارنىڭ خۇشامەتچىلىكتىن باشقا ھېچقانداق گۇناھى يوق. ئۇلار پەقەت خاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىش، مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلغان. ئۇياندىن تەختكە چىقىپ بولغىچە بۇياندىن ئۇلارنىڭ مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلىسام، ئوردىدىن قوغلىسام ياخشى بولماس. ئاشۇ چاغلاردا ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرى جېنىدا خانغا ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلالمىغان يەردە، ئۇلار بۇيۇك سەلتەنەت ئىگىسى بولغان خان تاغام سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا خۇشامەت قىلماي قانداق قىلاتتى؟ ئازماس ئاللاھ دەپتىكەن، ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندىلەرمىز. ئىن-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سان دېگەن شۆھرەت، مەنسەپ، مال ـ دۇنيا، مەرتىۋىنىڭ قۇلى ـ دۇر. ھەقىقەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغانلار بەكمۇ ئاز. لېكىن، ناھەقچىلىققا چىدىماي ھەقىقەت دەۋاسى قىلغانلارنىڭ ھېچبىرى ئۆلۈمدىن قۇتۇلالىغان ئەمەس. ئاشۇ چاغدا سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا خۇشامەت قىلىپ ياشاشنى ئار بىلىپ، ئادالەت تەلەپ قىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئەمىر ئاقتىمۇر، ئەمىر ئاقبۇغا، ئەمىر سەبۇرغە، ئەمىر مۇسا...قاتارلىق باھادىر سەركەردىلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى ئەمەسمۇ؟ ۋادەرىخا! ئاجايىپ شىر يۈرەك ئوغلانلار ئىدى ئۇلار. گەرچە سەلتەنەت تىزگىنىنى ئوچۇقشلۇق قولۇمغا ئالغان بولساممۇ، ئەل ـ رەئىيەتنىڭ كۆڭلى تېخى خاتىرجەم ئەمەس. ھە دېگەندە ئۇ خۇشامەتچىلەرنى جازالاپ، مەنسەپ ـ كۇلاسىنى ئېلىپ تاشلىسام ئەل ـ يۇرتتا پىتنە ـ پاسات پەيدا بولۇشى، ئوردىدىكى ئەمىرلەرلا ئەمەس، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلاردىكى ئەمىرلەرمۇ دەككە ـ دۈككىدە قېلىشى، قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇشى چوقۇم. ئەڭ ياخشىسى كۆكسى ـ قارنىمنى كەڭ تۇتاي، ئۇلار رىياكارلىقنى تاشلاپ ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلسا، ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمىگىنىم تۈزۈك. ناۋادا خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، ئاندىن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلارمەن. ئول چاغدا مەندىن ھېچكىم يامانلاپ يۈرمەيدۇ...»

سۇلتان ئۇۋەيسخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، يېنىدا جىمجىت ئولتۇرغان سەييىدئەلى ئالپقا قارىدى:

— قانداق، دېرىكىنى قىلالىدىلىمۇ؟

— ئەمىر مۇسانىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ دېرىكىنى قىلالىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى سەييىدئەلى ئالپ، — باشقا ئۈچ ئەمىرنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

— ئۇلارنى چوقۇم ئىزدەپ تاپسۇن، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان ھەسرەتلىك تىنىپ، — ئۇلارنى تېپىپ ھالىدىن خەۋەر ئالمىساق، ئۇ ئالەمگە بارغاندا قارا يۈز بولۇپ قالۇرمىز.

— خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى، چوقۇم ئىزدەپ تاپىمىز.

— ئەمىر مۇسانىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى تاھىربەگقۇ دەيمەن؟

— شۇنداق ئالىيلىرى، ئۇنتۇپ قالماپتىلا، ئۇ يىگىتنىڭ ئەلەم ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى.

— ھازىر نەدە؟

— ئەسلىدە ئۇدۇللا ھۇزۇرلىرىغا باشلاپ كىرەي دېگەن، قارىسام ئەتىگەندىن بېرى خېلىلا ھارغىن كۆرۈندىلە. تايىنلىق ئەتە ئەتىگەن كۆرۈشتۈرەي دەپ ئوردا تەكيىخانىسى[1]غا جايلاشتۇرۇپ قويدۇم.

— ئۇبدان قىپتىلا، تاھىربەگكە لەشكىري دىۋاندىن مەنسەپ بەرسەك قانداق دەيدىلا؟

— تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ، — تاھىربەگنىڭ كاماندازلىق ماھارىتى بەكمۇ ئۈستۈن. لەشكىري دىۋانىنىڭ مەشقاۋۇل بېگىلىك مەرتىۋىسىنى بەرسەك بولۇرمىكىن.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى ئۇۋەيسخان.

— بۈگۈن ھەرەمگە بۇرۇنراق قايتايمىكىن دەيمەن.

— خانزادىنى سېغىنىپ قاپلا ـ ھە ئالىيلىرى؟

— سېغىنىمامدىغان، — دېدى ئۇۋەيسخان كۈلۈپ، — پەرزەنت ئىشقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزلەمۇ پەرزەنتلىك بولغاندا بىلىدىلا.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ سەييىدئەلى ئالپنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى، چىرايىغا سۇس قىزىللىق يۈگۈردى. چۈنكى، خوتۇنى ئۇزسۇلتان خېنىم تېخىچە قورساق كۆتۈرمىگەنىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئويلىمايلا سەييىدئەلى ئالپنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويغانىدى.

— خانزادە تېخىچە ئىسمىسىز، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلماي، — نەچچە كۈندىن بېرى بۇ ئىشقا مېنىڭمۇ ۋاقتىم چىقمىدى.

① ئوردا تەكيىخانىسى — ئوردا مېھمانخانىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— بوۋاققا يەتتە كۈنگىچە ئىسىم قويمىسا پەرىشتىلەر رەنجىپ قالارمىش، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، — بۇ بەكمۇ مۇھىم ئىشكەن. بىلمىدىم، خانزادىگە قايسى ئىسىمنى لايىق كۆردىلىكىن؟

— بۈزرۈكۋار بابام ئىسان بۇغاخاننىڭ ئىسمىنى يادىكار قىلايمىكىن دەيمەن.

— ئۇبدان ئويلاپتىلا، بۈگۈن شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى ئىسىمنى چىللاپ قويسۇن. ئات تويىنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قىلۇرمىز.

— مەنچە ئات تويىنى قىلمايمىكىن دەيمەن، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان ئويچانلىق بىلەن، — ئەل - يۇرتقا مۇسىبەت جاكارلىغىنىمىزغا تېخى يەتتە كۈن بولدى، پەرماننى ئۆزىمىز بۇزساق ياخشى بولماس. خانزادىنىڭ ئات تويىنى بۆشۈك تويى بىلەن قوشۇپ قىلۇرمىز.

— بۇ ئويلىغانلىرىمۇ توغرا.

— ئەمىسە ئەتە كۆرۈشكىچە ئامان بولسىلا.

※ ※ ※

خانزادىگە ئىسىم قويۇش ئىشىدا سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم خېلىلا تالىشىپ قالدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بۇ تۇنجى پەرزەنتىگە ئۇلۇغ بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دادىسى ئىسان بۇغاخاننىڭ ئىسمىنى قويغۇسى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا مەرھۇم دادىسى شىرئەلى ئوغلان ۋە مەرھۇم بوۋىسى سۇلتان مۇھەممەدخانلاردىن ئىسان بۇغاخانغا ئائىت نۇرغۇن قەھرىمانلىق ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بوۋىلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇغلۇق تۆمۈرخاندىنمۇ بەك ئىسان بۇغاخانغا چوقۇناتتى. ئۇنى

تەڭداشسىز بىر قەھرىمان، باھادىر سىياقىدا قىياس قىلاتتى. تۇنجى ئوغلىغا ئىسان بۇغاخان دەپ ئىسىم قويسا، كەلگۈسىدە نەۋرىلىرىنىمۇ خۇددى بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئوخشاش شانۇ شەۋكەتكە ئىگە بولىدۇ دەپ پەرەز قىلاتتى. ئەمما خانىش دۆلەت-سۇلتان خېنىم تۇنجى ئوغلىغا ئۆزىنىڭ دادا تەرەپ بوۋىسى يۇ-نۇسخانىنىڭ ئىسمىنى قويۇشتا چىڭ تۇرۇۋالدى.

— خانزادىنىڭ ئىسمى يۇنۇسخان بولسۇن ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۇرۇش-لىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىنمۇ جاھىللىق قىلىپ، — بۇ قې-تىم مەندەك بىچارە زەئىپەلىرىگە يول قويسىلا. كېيىنكى پەرزەن-تىمىزنىڭ ئىسمى ئىسان بۇغاخان بولسۇن. سىلى بىلمەيدىلا، مەن تۇغۇلۇپلا ئۇل جەننەتماكان بابامنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغانىكەن-مەن، ئاتام سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن بىر يىلنىڭ 8 ـ 10 ئېيىدا سىرتتا بولاتتى، ئانامنۇ ئاتام بىلەن كېتەتتى. رەھمەتلىك بابام ئىنىكئانامنىڭ مېنى ئوبدان بېقىشىغا ئىشەنمەي، ھالىمدىن ئۆزى خەۋەر ئالاتتى. ئەقلىمنى بىلسەم ئاتا ـ ئانامنىڭ قۇچىقىدا ئە-مەس، بابامنىڭ قۇچىقىدا كۇمۇشتەك ئاپئاق ساقاللىرىنى ئوينىاپ ئولتۇرۇپ چۆچەك ئاڭلايدىكەنمەن. ساۋاتىمنىمۇ بەش ياش ۋاقتىمدا ئاشۇ بابام چىقارغان. رەھمەتلىك مېنى بىر كۈن ئە-مەس، بىر ئاش پىشىم كۆرمىسىمۇ چىدىمايتتى. ئۆز قولى بىلەن چاچلىرىمنى تاراپ، يىلىم سۇركەپ ئۆرۈپ قوياتتى. شۇ سەۋەب-تىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئاتام مېنى رەنجىتىشكە پېتىنالمايتتى، رايىمغا باقاتتى، ھەرقانداق تەلەپ ـ ئارزۇلىرىمنى شەرتسىز ئورۇنلايتتى. قىزىمنىڭ دىلى رەنجىسە ئاتامنىڭ روھى قورۇنىدۇ، دەيتتى. بابام رەھمەتلىكنىڭ پات ـ پاتلا: «تېزرەك چوڭ بولۇپ ياتلىق بولسىلا قىزىم، نەۋرەمنى بىر قېتىم بولسىمۇ باغرىمغا بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم قالمايتتى» دەيدىغان گېپى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئەپسۇس، ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالدى. سىلى بىلەن تونۇشقان ۋاقىتلاردا بابامنىڭ قازا قىلىپ كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولۇپ قالغا-

نىدى. ناۋادا مەرھۇم بابام ھېلىغىچە ھايات بولغان بولسا، سىلىمۇ
ياقتۇرۇپ قالاتتىلە. پەرزەنتىمىزنىڭ بەخت ـ پېشانىسى ئوڭ ئىد-
كەن، ئۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەن تەڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئە-
مەلگە ئېشىپ، ئاللاھ تائالا سىلىنى تەختتە ئولتۇرۇشقا نېسىپ
قىلدى. ئىكاھلىرىغا ئۆتكىنىمدىن بېرى سىلىگە ھېچقانداق تەلەپ
قويۇپ باقمىدىم. بىر يىلدىن بېرى مېنى خۇددى جەننەتماكان با-
بامغا ئوخشاش ئاسرىدىلا، مېھىرلىرىنى بەردىلە، بۇنىڭدىن مەن
ئىنتايىن رازى. ئەمدى مۇشۇ تەلىپىمنى قوبۇل كۆرگەيلا، گەرچە
مەن ئۇل جەننەتماكان بابامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغان بول-
ساممۇ، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان بۇ پەرزەنتىمىنى ئاشۇ بۇز-
رۇكۋار بابامدەك كۆرۈپ باغرىمغا باساي، بۇ ئىشىمدىن بابامنىڭ
روھى خۇش بولسا ئەجەب ئەمەس.

خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم گېپىنى تۈگىتىپ ئۆكسۈپ
يىغلىۋەتتى. ئەرلەر ئۇچۇن ئاياللارنىڭ يىغىسىدىنمۇ قورقۇنچلۇق
نەرسە بولمىسا كېرەك، خانىشنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ سۇلتان
ئۆۋەيسخاننىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى.

ــ سەۋر قىلسىلا مەلىكەم، تۇغۇت ئىچىدە يېتىپ يىغلى-
سىلا سالامەتلىكلىرىگە زەرەر يېتىدۇ، ــ دېدى ئۇ خانىشىغا تە-
سەللى بېرىپ، ــ مەيلى، خانزادىنىڭ ئىسمىنى ئۆزلەرىنىڭ ئارزۇ-
لىرى بويىچە يۇنۇسخان قويايلى. گەرچە مەرھۇم بابائى بۇزرۇكلى-
رىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىسىمۇ، قەلبلىرىدە
شۇنچىلىك كاتتا ئورۇن تۇتقانىكەن، ئوخشاشلا ماڭىمۇ بابائى
بۇزرۇكتۇر.

ــ رەھمەت ئالىيلىرى، ــ دېدى خانىش دۆلەتسۇلتان خې-
نىم چىرايىغا خۇش تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، ــ ئاللاھ خالىسا ئىك-
كىنچى پەرزەنتىمىزگە ئۇل جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكلىرىنىڭ
مۇبارەك ئىسىم ـ شەرىپىنى قويارمىز.

ئايالىنىڭ كۆلگىنىنى كۆرۈپ سۇلتان ئۆۋەيسخاننىڭ چاق-
چاق قىلغۇسى كېلىپ قالدى.

ــ ناۋادا ئىككىنچى پەرزەنتىمىز ئوغۇل تۇغۇلماي قالسىچۇ؟

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى، مېنىڭ قورسىقىمدا بىر ئەمەس، مىڭ ئوغۇل بار.

ــ خاتالاشتىلا، مىڭ ئوغۇل ئۆزلىنىڭ قورساقلىرىدا ئەمەس، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمىدىدۇر، مۇبارەك قورساقلىرى ئاشۇ مىڭ ئوغۇل پەرزەنتىمنىڭ ئارامگاھىدۇر خالاس. بىلمىدىم، ئول پەرزەنتلەر قورساقلىرىغا پاتارمىكىن؟

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ زىنھار ئەندىشە قىلمىغايلا ئالىيلىرى، ئانا قورسىقى پەرزەنت ئۈچۈن دەريادۇر.

سۇلتان ئۇۋەيسخان خانىشنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە ھاياجان بىلەن تىكىلدى.

ــ ئېدەرلىرى[1] تېزرەك تۇشسا، ئول ئارامگاھقا يەنە بىر پەرزەنتىمىزنى جايلاشتۇرسام دەيمەن.

خانىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن خانىش ۋىللىدە قىزاردى، ئانار رەڭگىگە كىرگەن چېھرىدە ئالەمچە بەختىيارلىق جىلۋە قىلدى.

ــ ئىززا تارتسىلا ئالىيلىرى، ــ دېدى نازلىق كۈلۈپ.

ــ ئاللاھ ئىگەم مىڭ پەرزەنت بەرمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا مىڭغا تاۋاپ يۈز پەرزەنت يۈزى كۆرسەم دەيمەن. لېكىن ئۆزلە يىلدا ئاران بىرنى يەڭگىلى تۇرسىلا، ئول ئارزۇيىمىز قاچان ئەمەلگە ئاشاركىن ـ تاڭ؟

خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم كۈلكىسىنى توختىتىپ يالت ئېتىپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ كۆزىگە قارىدى، كېيىك كۆزلىرىدە ئاللىقانداق بىر ۋەھىمە ئەلەڭگىدى.

ــ راست دەيدىلا ئالىيلىرى، يۈز پەرزەنت تۇغۇشقا مېنىڭ بۇ ئۆمرۈم يار بەرمەيدۇ. ئەمما ئالىيلىرىنىڭ ئارزۇسى ئاشۇ بول-

---

[1] ئېدەر ــ تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ قىرقى.

www.uyghurkitap.com

سا، ئامالى تېپىلىدۇ، بىر ئەرگە تۆت خاتۇن راۋا دېيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ، سىلىدەك بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىسىگە تۆت ئەمەس، قىرىق خاتۇنمۇ راۋا كېلىدۇ. لېكىن ئېدەرىم توشۇپ بولغۇچە ھەرەمگە كۈندەش ئەكىرمىگەيلا.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئويلىمايلا چاقچاق قىلىپ خوتۇنىنىڭ دىلىنى چىگىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەئە، ئۇ خانىشنىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

ــ كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئۆزلەدىن كۆرگەن ھەربىر پەرزەنتىمنى مىڭغا تاۋاپ قىلىمەن.

خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم ئۈندىمىدى، شۇ تاپتا يۈرىكىدە تۈيۈقسىز قوزغالغان رەشك گۈلخانلىرى لاۋۇلداۋاتاتتى. ئۇ چىن يۈرىكىدىن سۆيگەن بۇ يىگىتكە بىر ئۆمۈر ئۆزى يالغۇز ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. قايسىبىر خان ــ سۇلتانلارنىڭ ھەرىمى خانىش، بانۇ، ئايىم، غۇنچىچە[1]لىرى بىلەن تولمىغان؟!

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئايالىنىڭ خىيالىنى چالغىتىش ئۈچۈن تەتىللا يۆگەكتە ھېچنېمىدىن بىخەۋەر پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى.

ــ خانزادىنىڭ ئىسمىنى بۈگۈندىن قالدۇرماي چىللىتىۋېتەيلى، شەيخۇلئىسلام قاتارلىق ئوردا ئۆلىمالىرى ئىسىم قويۇش ئۈچۈن ساقلىشىپ قالغان.

ــ قايسىڭلار بار؟ ــ تۇۋلىدى خانىش ئىشىك تەرەپكە قاراپ.

ــ لەببەي خانىش ئايىم.

ــ خانزادىگە ئىسىم قويىدىكەن، ھەرەمدىن ئاچقىپ بېرىڭلار.

ئىنىكئانا ئىلدام كېلىپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ قولىدىن بوۋاقنى ئاۋايلاپ ئالدى.

---

① غۇنچىچە ــ توقال.

※ ※ ※

ھەپتىدىن بىرى خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم سۇلتان ئۇ-
ۋەيسخانغا چىراي ئاچمايۋاتاتتى. خۇددى سۇلتان ئۇۋەيسخان ھا-
زىرلا ھەرەمگە بىرمۇنچە توقاللارنى ئېلىپ كىرىدىغاندەك تۇيۇلۇپ
بىئارام بولاتتى. مەيلى ھازىر، مەيلى كېيىن بولسۇن، ھامىنى يۈز
بېرىدىغان بۇ رېئاللىقتا ئۆزىنى ھەرقانچە زورلاپمۇ يۈزلىنەلمەيۋا-
تاتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ئۈچۈن ھە-
رەمگە كۈنگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىرەتتى، قىزىق ـ قىزىق
گەپلەرنى قىلىپ كۈلدۈرۈشكە تىرىشاتتى، ئوغلىنى ئەركىلەتكەن
بولۇپ يۈرەك سۆزلىرىنى دەۋالاتتى.

— كۆزلىرىنى ئاچسىلا خانزادەم، ۋالىدەلىرىگە گەپ قىل-
سىلا، جېنىم ئانا، چىرايلىق قاپاقلىرىنى تۈرۈۋالمىسىلا. ئۆزلە
رەنجىسىلە ئاتامنىڭ يۈرىكى ئاغرىيدۇ، ئاتامنى يۈرەك ئاغرىقى
قىلىپ قويمىسىلا، ئاتامنىڭ تۈركىستاندا ئوغرىلىۋېلىپ ئازابلى-
غان يۈرىكىنى تۇرپاندا سەدپارە قىلاي دەمدىلا دېسىلە ئوغلۇم.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن بوۋاق ئى-
ڭەلەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئەكەلسىلە. بالىنىمۇ چۆچۈتۈۋەتتىلە مانا، — دېدى خا-
نىش چىرايىنى ئاچماي.

سۇلتان ئۇۋەيسخان بالىنى ئۇزىتىۋېتىپ چاقچاق قىلدى:

— چۆچۈتۈۋەتمىدىم، ئوغلۇم ئاتىسىنىڭ نالىسىگە چىدىماي
يىغلاۋاتىدۇ، باغرىنىڭ يۇمشاقلىقى مېنى تارتقان ئوخشايدۇ.

— ئەمىسە مېنىڭ باغرىم قاتتىقكەن ـ دە؟

— ئوبدان بىلىۋالسىلا مەلىكەم، ئىشق زۇلۇملىرىدا مېنىڭ
يۈرىكىم بەئەينى تالقاندۇر.

خانىش پىخىلداپ كۈلگىنىچە چىرايلىق لەۋلىرىنى نازلىق
ئۈشلىدى:

www.uyghurkitap.com

— ئۇششۇق.

سۇلتان ئۇۋەيسخانمۇ خانىشقا ئەگىشىپ پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى.

شۇ ئەسنادا ھۇجرىغا شەپە چىقارماي كىرىپ كەلگەن خانىشنىڭ خاس كېنىزىكى قول باغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— مەلۇم بولغاي، خان ئايىم كەلدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئانىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەس ئورنىدىن تۇردى، پەرياستۇققا يۆلىنىپ ياتقان خانىشمۇ قەددىنى رۇسلىدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەرقانچە يالۋۇرۇپمۇ ئانىسىنى ھەرەمگە كېلىپ تۇرۇشقا كۆندۈرەلمىگەنىدى.

— ھارمىغايلا بۇزرۇكۋارىم، ئالتۇن بويلىرى ئىسەنمىكىن؟ — دېگىنىچە سالام بەردى خان بىلەن خانىش.

— دۆلەتزادە![1] — دېدى سۇلتان خاتۇن سالامنى ئىلىك ئېلىپ ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەن خانىشقا يۈزلەندى، — قوزغالمىسىلا خانىش ئايىم، يۆلىنىۋەرسىلە.

سۇلتان خاتۇن تۆرگە چىقىپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى، ئەمما خانىشتىن ئىسەنلىك سورىمىدى.

— ھەرەمگە كېلىپ تۇرغان بولسىلىغۇ بۇنداق يول مېڭىپ ھەرەج تارتىپ يۈرمەيتتىلە. نەۋرىلىرىنىمۇ كۈندە كۆرۈپ تۇرالايتتىلە، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان.

— مەن كەلسەم ھەرەم تېخىمۇ تارلىشىپ قالارمىكىن ئوغلۇم، — دېدى سۇلتان خاتۇن رەنجىگەن قىياپەتتە.

ئانىسىنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئۇۋەيسخان بىردىنلا تەئەججۇپلەندى:

— ھەرەم شۇنچە كەڭ تۇرسا، قانداقسىگە تارلىشىپ قالغۇدەك؟

سۇلتان خاتۇن ئوغلىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

① دۆلەتزادە ـــ دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن.

— ھەرەمنى كەڭ تاشا دەيلا ـ يۇ، ئەجەب گۆھەرنىگار خا-
نىشنى قوغلىماقچى بوپتىلا. ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويمىسىلا،
گۆھەرنىگار ئايىم نېمىلا بولمىسۇن مەرھۇم خان تاغىلىرىنىڭ
خانىشىدۇر، ئۆزلەگە ھەم ھامىدۇر.

سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ھەيرانلىقتا
ئالماشتى.

— يوچۇنلا گەپ قىلدىلىغۇ بۇزرۇكۋارىم؟

— ئۆزلەنىڭ پەرمانىسىز كىممۇ گۆھەرنىگار خانىشنى ھە-
رەمدىن قوغلاشقا پېتىنالىسۇن، — سۇلتان خاتۇن كېلىنىگە سو-
غۇقلا نەزەر تاشلىدى، — بەلكىم بۇ ئىشتىن خان ئالىيلىرىنىڭ
خەۋىرى بولمىسا، خانىش ئايىمنىڭ خەۋىرى باردۇر؟

كۇتۇلمىگەن بۇ جاۋابتىن خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم تەم-
تىرەپ قالدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئايالىغا يالت ئېتىپ قارىدى،
كۆزلىرىدىن روشەن نارازىلىق ئالامەتلىرى بالقىدى.

— خان ئانامغا مەلۇم بولغاي، — دېدى خانىش تەستە زۇۋان-
غا كېلىپ، — بۇ ئىشتىن مېنىڭمۇ زىنھار خەۋىرىم يوقتۇر.

دېمىسىمۇ بۇ ئىشتىن سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭمۇ، خانىشنىڭمۇ
خەۋىرى يوق ئىدى. دۆلەتسۇلتان خېنىم ئۇۋال بولغان قىياپەتتە
ئۇۋەيسخانغا قارىدى، كۆزىگە غىلىلىدە ياش كېلىپ قالغانىدى.

— بۇزرۇكۋارىم بۇ گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىكىن ؟

— ئەتىگەن گۆھەرنىگار خانىش ئۆزى ئەرز قىلىپ كەلدى.
ھەرەمئاغىسى شۇنداق پەرمان يەتكۈزۈپتۇ، — دېدى سۇلتان خاتۇن
تەرىنى تۈرۈپ، — مەرھۇم خان تاغىلىرى قىلغان يامانلىقنى تې-
خى تەختتە ئولتۇرغىلى ئىككى ھەپتە بولا ـ بولمايلا خاتۇن ـ با-
لىلىرىغا ياندۇرۇپ بەرسىلە بولماس. بۇ گەپ ئەل ـ يۇرتقا تاراپ
كەتسە تۇل خاتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى ئانىي تېپىپتۇ، ھەرەمدىن
قوغلاپ چىقىرىپتۇ دەپ پىتنە قىلىشىدۇ، سۇلتانلىق شەۋكەتلى-
رىگە تەسىر يېتىدۇ. پادىشاھ دېگەن كەڭ قورساق، ئالىيجاناب بو-
لۇشى لازىم. بابائى بۇزرۇكلەرنىڭ تۈزۈكلىرىدە شۇنداق ئېيتىل-

غاندۇركى: «سەلتەنەتنىڭ سۇرىگە تايىنىپ كۈچ ـ قۇدرىتىڭنى ئاجىزلارغا كۆز ـ كۆز قىلما ھەمدە ئۇلارنىڭ پەنجىسىنى يانچىشنى راۋا كۆرمە. يامانلىققا يامانلىق قىلىش باھادىرلارنىڭ پەزىلىتى ئەمەس. پادىشاھنىڭ شەۋكىتى ئەدلى بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلمى بىلەن بۇزۇلۇر».

سۇلتان ئۇۋەيسخان قول باغلىغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ـــ بۇزرۇكۋارىمنىڭ ئۇگۇتلىرىنى ئېسىمدە مەھكەم تۇتـ- مەن، خاتىرجەم بولسىلا، ھازىرلا ھەرەمئاغىسىنى چاقىرتىپ سۇ- رۇشتۇرەي.

ـــ شۇنداق قىلسۇنلار، ـــ دېدى سۇلتان خاتۇن ئوغلىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ـــ گۆھەرنىگار خانىشنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ قويسىلا. ئاتىسىدىن يېتىم قالغان ئۇل ئىككى خانزادە ئۆزلىگە ئىنى قېرىنداشتۇر. ئۇلارنى ئاسرىماق، تەربىيە- لىرىگە ئالماق مەجبۇرىيەتلىرى ھەم باردۇر. ئۇلارنى كىچىك كۆرمەي، ئوردىغا ئەكىرىپ ئەمىرلەر قاتارىدا ئىززەت قىلسۇنلار.

ـــ خوش، ـــ دېدى ئۇۋەيسخان. شۇ تاپتا ئۇ، بۇ ئىشنى سۇ- رۇشتە قىلىشقا ئالدىراپ قالغانىدى، ـــ بۇزرۇكۋارىم ئارام ئالغاچ تۇرسىلا، مەن ئوردىغا چىقاي.

ـــ چىقىۋەرسىلە، ـــ دېدى سۇلتان خاتۇن، ـــ پادىشاھ دې- گەن كۈندۈزى ئوردىنى تەرك ئەتمىگىنى تۈزۈك. ھەرەم پادىشاھ- نىڭ كېچىلىك ئارامگاھىدۇر.

سۇلتان ئۇۋەيسخان گەدىنىگىچە قىزاردى. ئانىسىنىڭ «ھە- دېسىلا ھەرەمگە كېلىۋېلىپ خوتۇنۇڭنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇر- ماي، ئوردىغا چىقىپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا كۆز ـ قۇلاق بول» دې- گەن مەنىدىكى گېپى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان، خىجىللىق- تىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغانىدى.

مەرھۇم خان سۇلتان شىرمۇھەممەدخاننىڭ خوتۇن ـ بالى- لىرىنى ھەرەمدىن قوغلاپ چىقىرىش ھەرەمئاغىسىنىڭ ئويلاپ تاپ- قان ھىيلىسى ئىدى. تېخى 10 ـ 12 ياش ۋاقتىدىلا مەرھۇم سۇل-

تان خىزىر خوجاخان تەرىپىدىن ئاختا قىلىنىپ ھەرەمنىڭ خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغان، مەرھۇم سۇلتان شىرمۇھەممەدخان زامانىدا ھەرەمئاغىلىقتا كۆتۈرۈلگەن بۇ ئاغۋات ھەرەمدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن سۈيىقەستلەرنىڭ شاھىدى ئىدى، ھەرەمنى ئۆزىنىڭ شەخسىي قەسرىدەك ھېسابلايتتى. مېھىر ـ شەپقەت دېگەن نەرسىنى ئەسلا بىلمەيتتى. ھەرەمدە ئۇنىڭدىن خانىشتىن باشقا ھەممە ئادەم قورقاتتى. ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەرەمدىن سۇلتان شىر مۇھەممەدخانىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇنى قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلماي ئۆلۈمگە بۇيرىدى. گۆھەرنىگار خانىشقا ئىلگىرى قانداق تەمىنات بېرىلگەن بولسا، ھازىرمۇ ئاشۇ يوسۇندا تەمىنات بېرىش، ئىككى خانزادىگە ئوردىدا ئېچكىيلەر[1] قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش، سۇلتان شىرمۇھەممەدخانىنىڭ ياش غۇنچىچەلىرىگە خەزىنىدىن مۇۋاپىق خىراجەت بېرىپ يۇرتىغا، ئائىلىسىگە قايتۇرۇش، قايتا نىكاھلىق بولۇشنى خالىسا رۇخسەت قىلىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈردى.

## 21

بۈگۈن ئۆلۈسبېگى قەسرى خۇددى ھېيت بولغاندەك قىزىپ كەتكەنىدى. گەرچە سۇلتان ئۇۋەيسخان تەرىپىدىن جاكارلانغان قىرىق كۈنلۈك مۇسىبەت ئاخىرلاشقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھېچكىم مەشرەپ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى تۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانىدى. شۇ كۈنلەردە قىش ئاخىرلىشىپ

① ئېچكىيلەر ـــ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆكلەمنىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىغانىدى. ئىلگىرى بۇنداق ۋاقىتلاردا پايتەخت ئاھالىسى نورۇزنىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلاتتى. كوچا، رەستە، مەھەللىلەردە، باي ـ زەردارلارنىڭ هويلا ـ قەسىرلىرىدە كۆك مەشرىپى باشلىنىپ كېتەتتى. ئەمما ھازىر ئوردىدىن مۇسىبەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدە شەپە بولمىغاچقا، ئاۋام تېخىچە قارىلىق كىيىملىرىنى تاشلىمىغانىدى.

ھەئە، بۈگۈن ئۇلۇسبېگى خۇدايداد پۈتكۈل ئاستانىگە مەرھۇم سۇلتان شىرمۇھەممەدخانغا تۇتۇلغان مۇسىبەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىماقچى بولغانىدەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ كاتتا، ھەشەمەتلىك سارىيىغا سۇلتان ئۆۋەيسخاندىن تارتىپ ئوردىدىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر تولۇق جەم بولغانىدى. ئاستانىدىكى داڭلىق سازەندىلەر مۇقام ئورۇنلاۋاتاتتى، داستىخانغا تىزىلغان نېمەتلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. تۇجۇپىلەپ ئېچىتىلغان ئۈزۈم شارابلىرى ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى جاملارغا بېلىقكۆزى قىلىپ قۇيۇلغانىدى.

ـــ شاھلارنىڭ شاھى، باھادىرلارنىڭ باھادىرى، بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنىڭ پاسىبانى جانابى دۆلەتپاناھ سۇلتان ئالىيلىرىغا بىزلەركىم ساداقەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلىغان مۇلازىملىرىدىن ھەددى ـ ھېسابسىز مەدھىيە ۋە مىننەتدارلىقلار بولسۇن، ـــ دەپ قەدەھ سۆزى باشلىدى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد تۆردە ئولتۇرغان سۇلتان ئۆۋەيسخانغا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، ـــ گەرچە جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ سەلتەنەت تەختىگە بەرقارار بولغىنىغا خېلى ۋاق بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەرھۇم خانىنىڭ ۋاپاتى سەۋەبلىك ئەل ـ يۇرتقا مۇسىبەت جاكارلانغانلىقى ئۈچۈن ئول خاسىيەتلىك كۈننى قۇتلۇقلاپ، تەنتەنە قىلىشقا مۇمكىن بولماي كەلگەن ئەردى. ئويلاپ باقسام ھالا بۈگۈنگىچە ئەل ـ ئاۋام تېخىچە مۇسىبەت لىباسلىرىنى يەشمەپتۇ. ئۆلۈم ئەزەلدۇر، ئۇ ياراتقان ئىگىسىنىڭ ھۆكمىدۇر. ئەمما كۆڭۈلنى خۇشال تۇتماقمۇ، ئاسايىشلىق كۈنلەردە ئېچىلىپ يايرىماقمۇ ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە

قىلغان چەكسىز ئىنايىتىدۇر. ئۇل بائىستىن ئابا ـ ئەجدادلىرىـ مىز ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دېگەنىكەن. كەتمەنلەنگەنلەرنىڭ كەينىدىن كەتكىلى، بىر ئۆمۈر قايغۇ بۆشۈكىگە بۆلىنىپ ياشىغىـ لى بولماس. مەشرەپ، نەغمە ـ ناۋا، باراۋەت.. تىرىكلەرنىڭ تېـ تىشىغا، ھۇزۇر پەيزىنى سۈرۈشكە بۇيرۇلغان كاتتا مەئىشەتتۇر. ھېلىمۇ شۇنچە كۈنلەردىن بېرى مۇسىبەت لىباسلىرىمىز بىلەن ياشاپ، جەننەتماكان مەرھۇم سۇلتان شىرمۇھەممەدخان ئالىيلىـ رىغا بولغان قايغۇ ـ ھەسرىتىمىزنى ھەقدادىغا يەتكۈزدۈك. ئەمدى بولسا مۇسىبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نورمال تۇرمۇش تەرزىمىزنى ئىزىغا سېلىش زامانى كەلدى دەپ ئويلايمەن. شۇنداق بولغىنىكەن، جانابى خان ئالىيلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرى بولمىش بىزلەر بەزمە ـ باراۋەتلىرىمىز بىلەن ئانهەزرىتىمنىڭ سەلتەنەتكە پاسىبان بولـ غانلىقىنى قۇتلۇقلىساق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالىيلىرىنىڭ مۇـ بارەك پۇشتى بولمىش بەختىيار خانزادىنىڭ بۇ دۇنياغا ساق ـ سالامەت كۆز ئاچقانلىقىنى مۇبارەكلىسەك، دېگەن نىيەتتە ئۇشبۇ بەزمىنى هازىرلاشقا جۈرئەت قىلدۇق. خان ئالىيلىرىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئۇنتۇپ، خۇشاللىقتا يۈزلىنىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن.

ئۇلۇسبېگىنىڭ سۆزى تۈگىشى ھامان بارلىق ئەمىرلەر دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سۇلتان ئۇۋەيسخانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى:

— ئالىيلىرى قايغۇ ـ ھەسرەتنى ئۇنتۇغايلا، شادلىق ھۇزۇـ رىنى سۈرگەيلا.

شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئۇۋەيسخانىڭمۇ ماتەمنى ئاخىرلاشـ تۇرغىسى بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئەمىرلەرنىڭ پىتنە قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ سۈكۈت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلۇسبېگىنىڭ مەسـ لىھەت سالمايلا بۇ سورۇننى هازىرلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولغانىدى.

— جانابى ئۇلۇسبېگى، مۆھتەرەم ئەمىرلەرگە تەسەننا، قېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاي ئالسۇنلار، ـــ دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ـــ گەرچە جەننەتماكان تاغائى بۇزرۇك خان ئالىيلىرىنىڭ مۇسىبەت تەزىيىسىنى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتۇرۇش، قارىلىق بىلەن ياشاش نىيىتىمىز بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭمۇ كۆڭۈل شادلىقىدىن مۇستەسنا ھالەتتە مۇسىبەتتە يۈرۈشىنى خالىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن مۇسىبەت لىباسلىرىمىزنى سېلىپ تاشلىماقتىن ئۆزگە ئىلاجىمىز يوقتۇر. بىزنىڭ سەلتەنەت سايىمىزدا ئەل ـ يۇرت قايغۇ ـ مۇسىبەتتە ئەمەس، مەشرەپ ـ باراۋەتتە ياشىمىقى جايىزدۇر. بۈگۈن ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرى بۇ كۆڭۈللۈك بەزمىنى ھازىرلاپ، خەستە دىلىمىزدا قايتا شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى يېلىنجاتماقتا تەرەددۇت ئەيلەپتۇ. ھەربىرلىرى ئازادە ئولتۇرۇپ خۇشال ـ خۇرام يەپ ـ ئىچسۇنلار، بەزمە ـ مەشرەپ مەئىشەتىدىن تەڭ ھۇزۇر ئالغايمىز.

سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن تۇنجى قېتىم شارابىبازلىق قىلىشىۋاتقان ئەمىرلەر دەسلەپ بىرئاز تارتىنىپ قېلىشقان بولسىمۇ، كېيىن شارابنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇشتى. كىملەردۇر قىزىقچىلىق قىلىپ لەتىپە سۆزلەيتتى، لەتىپە ئاخىرلاشقاندا سارايدىن گۈرۈلدە كۈلكە كۆتۈرۈلەتتى. ئوبدانلا شىر كەيپ بولغان سۇلتان ئۇۋەيسخانمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قايسىبىر ئەمىرنىڭ لەقىمىگە يوشۇرۇن ئىشارە قىلىپ چاقچاق قىلاتتى، ئەمىرلەرنى شاراب ئىچىشكە زورلايتتى. ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن نەچچە يىللاردىن بېرى شارابقا يېقىن يولىمىغان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادمۇ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ زورلىشى بىلەن بىرنەچچە قەدەھ ئىچىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ تاپتا ئۇلار ھېلىلا ماتەمدار ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىشقانىدى.

ـــ جانابى ئالەمپاناھقا كىچىككىنە بىر ئەرزىم بار ئىدى، ـــ دېدى خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان مىرمۇھەممەدشاھ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ـــ بايان ئەيلەشكە ئىجازەتمىكىن ؟

ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ بۇ ئىككىنچى ئەمىرزادىسى ئوردىدا

نوپۇزلۇق ئەمىرلەردىن ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاشقا قىزىققان سورۇن ئەھلى بىر پەس جىممىشتى.

— قېنى خوش، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان مىرمۇھەممەدشاھنى سۆزلەشكە دەۋەت قىلىپ.

مىرمۇھەممەدشاھ ئاتىسىغا لايىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن كالتە يۆتىلىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— جانابى قىبلىگاھىمىز سەلتەنەت تەختىگە بەرقارار بولغاندىن بېرى ئۇمىدسىزلىك ۋادىسىدا سەرسان بولغانلارنىڭ يۈزىگە ھىممەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، ئەل ـ يۇرت ئاسايىشلىققا يۈزلەندى. بىز بۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى چەكسىز بەختىيار ھېس قىلىمىز. گەرچە ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتىنى قۇتلۇقلاشنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ كەلگەن بولساقمۇ، ۋاقتى ـ سائىتىنى تاپالماي كەلگەن ئىدۇق، مانا بۈگۈن مۇرادىمىز ھاسىل بولدى. كەمىنە ئىستېداتسىز مۇلازىملىرى جانابى ئالىيلىرىنىڭ شانۇ شەۋكىتىگە لايىق كەلمىسىمۇ، ھايات بېغىمدا ئەتىۋارلاپ پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن بىر چىمەننى خىزمەتلىرىگە تارتۇق قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ناۋادا قىبلىگاھىمىز ئول نازۇك چىمەننىنى خىزمىتىگە سېلىشنى لايىق كۆرسە، ئۆزۈمنى ئىككى ئالەمدە بەختىيار ھەم شەرەپلىك ھېسابلىغان بولۇر ئەردىم. بىلمىدىم، خان ئالىيلىرى ئول چىمەننىنى پاياندار قىلىشنى خالامدىكىن؟

كۈتۈلمىگەن بۇ تەكلىپكە سۇلتان ئۇۋەيسخان نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. ئۇ تۇركىستاندا مەلىكە دۆلەتسۇلتان خېنىمغا ئاشىق بولۇپ نىكاھىغا ئالغاندىن بېرى يەنە بىر ئايال زاتىغا كۆڭۈل بېرىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا مىرمۇھەممەدشاھ قىزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتاتتى. ھەئە، نەۋرە قىزىنى سۇلتان ئۇۋەيسخانغا نىكاھلاپ بېرىش ئۇلۇسبېگىنىڭ بۈگۈنكى سورۇن ئۈچۈن خېلىدىن بېرى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان يەنە بىر سوۋغىسى ئىدى، بارلىق ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنى خانغا بىلدۈرۈشنىمۇ ئوغلى مىرمۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەممەدشاھقا ئۇلۇسبېگى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. ئەمىرلەرنىڭ
ئالدىدا بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويسا، سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ رەت
قىلالمايدىغانلىقىنى ئۇلۇسبېگى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەنىدى.
چۈنكى، ناۋادا سۇلتان ئۇۋەيسخان بۇ تەلەپنى رەت قىلىۋەتسە، ئۇ-
لۇسبېگىنىڭ يۈزى چۈشەتتى، دىلى رەنجىيتتى. سۇلتان ئۇۋەيس-
خان ئوردىسىدىكى بۇ ئەڭ مۆتىۋەر ئەمىرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈش-
نى، دىلىنى رەنجىتىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. بۇ نازۇك مەسىلى-
نىڭ يەنە بىر تەرىپىدە موغۇلىستان سەلتەنەتىنى قولىغا ئېلىپ
تەختتە ئولتۇرۇشى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسەتكەن سەييىدئەلى
ئالپمۇ بار ئىدى. شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ كۆز ئالدى-
دىن ئۇلۇسبېگى خۇدايداد، سەييىدئەلى ئالپ، سىڭلىسى ئۇزسۇل-
تان مەلىكە، تاجۇتەخت لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئەمىرلەرنىڭ ھەممى-
سى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قېلىشقان، باياتىن
بېرى قوماچ قورۇغاندەك قىزىپ كەتكەن ساراي چىۋىن ئۇچسا
ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى.
— ئەمىر ھەزرەتلىرىنىڭ ھايات بېغىدا ئۆسكەن قۇتلۇق
سوۋغىسى بولمىش ئول نازۇك چىمەننى پاياندار قىلىش ئەمەس،
شاھلىق تاجىمىزغا گۈل قىلىپ قىسقايمىز. بىزنى قەدىرلىگەنلىكلىرىگە تەسەننا، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان تىمتاسلىقنى
بۇزۇپ.
— ئانھەزرىتىمگە مۇبارەك بولسۇن، — دېيىشتى ئەمىرلەر
خاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇشمۇتۇشتىن قۇتلۇقلاپ.
— قىبلىگاھىمىزنىڭ نالايىق سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلغىنىغا كۆپ رەھمەت، — دېدى مىرمۇھەممەدشاھ.
ئەمىرلەر مىرمۇھەممەدشاھنىمۇ خانغا قېيىنئاتا بولغانلىقى
ئۈچۈن قۇتلۇقلاشتى.
— ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ئول جەننەتماكان سەل-
تەنەت پاسىبانلىرىدىن چەكسىز مېھىر ـ شەپقەت كۆرۈپ كەل-
دۇك، — دېدى ئۇلۇسبېگى ھاياجانلانغان ھالدا، — ئۇزا يىلى پا-

سىبانىمىز نەۋرەم سەييىدئەلى ئالپىنىڭ بىشىنى سىلاپ، ھەمشىرىسى مەلىكە ئۇزسۇلتان خېنىمنى نىكاھلاپ بەرگىنىنى ئاڭلىغىنىمدا خۇشاللىقىمدىن كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاققان ئەردى. مانا بۈگۈن نەۋرە قىزىمنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپ بېشىمىزنى كۆككە يەتكۈزدى. ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە مىڭ مەرتە تەسەننا، ئاللاھ خالىسا ئۇل غۇنچىچەلىرىنى ئەتلىككە ئۆزۈم ھەرەمگە يەتكۈزۈپ قويىمەن.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد چاندۇرماي ئۇستاتلىق قىلىۋاتاتتى. نەۋرە قىزىنى سۇلتان ئۇۋەيسخانغا ئۆزى سايە قىلغانلىقى ئۈچۈن توي شەرتى قويالمايتتى ھەم نەۋرە قىزى ئۈچۈن خانىشلىق ئاتاق - مەرتىۋىسىنىمۇ تەلەپ قىلالمايتتى، شۇڭا نەۋرە قىزىنى ئەتەي «غۇنچىچە» دەپ ئاتىغانىدى.

— يېڭىلىشتىلا ھەزرىتىم، ئۇلۇسبېگى جەمەتىدىن زىنھار غۇنچىچە چىقماس. ھايات گۈلشەنلىرىدە ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن ئۇل نازۇك چىمەننى بىزلەركىم سەلتەنەت ساھىبىغا تارتۇق قىلغانلىقلىرىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇر. ھەرەمگە ئۆز قوللىرى بىلەن ئاپىرىپ بېرىشلىرى ھەم بىھاجەتتۇر، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇلۇسبېگىنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپ، — ئىنشائاللاھ، ئەتە ئابا - ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان يوسۇن بويىچە دەرگاھلىرىغا ۋالىدەمنى ئەبەرگەيمەن. پۈتكۈل ئەل - يۇرتقا توي نەغمىسى قىلىپ بېرىپ، غۇنچىچە ئەمەس، خانىش ئاتىقى بىلەن ھەرەمگە يۆتكەپ كەلگەيمەن.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد خاندىن كۈتكەن جاۋابقا تولۇق ئېرىشكەنىدى. بايىتىن بېرى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن بوۋىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرغان سەييىدئەلى ئالپ دەس ئورنىدىن تۇردى، گەرچە ئۇ شارابنى خېلىلا ئىچكەن بولسىمۇ، ئەس - ھوشى جايىدا ئىدى:

— ئۇلۇسبېگى جەمەتى شەۋكەتلىك تۇغلۇق تۆمۈر جەمەتىدىن ھەرقانچە ئىززەت كۆرگەن بولسىمۇ، بۇ قەدەر كۆرمىگەن بولغىيتتى. خان ئالىيلىرى ئىززەتنى قىيامىغا يەتكۈزدىلە، بىز -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇ ھەم ساداقىتىمىزنى قېرىنداشلىق مېھرىمىز بىلەن يۇغۇرۇۋەتكەيمىز.

※ ※ ※

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ نەۋرە قىزى كۇنتۇرا خېنىمنى پۇتكۇل ئاستانە خەلقىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپ نىكاھىغا ئالدى ۋە خانىشلىق مەرتىۋىسى بەردى. رەشك ئوتىدا پۇچۇلانغان خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم بولسا بارلىق دەرد ـ ھەسرىتىنى كۆز يېشىدىن ئالدى، شۇنداق قىلمايمۇ ئامالى يوق ئىدى. بىر ئەلنىڭ سۇلتانى ئەمەس، ئادەتتىكى ئەمىر، تۆرە، زەردارنىڭمۇ ئىككى ـ ئۈچتىن خوتۇنى بارلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇ يىلى كۈزگىچە سۇلتان ئۇۋەيسخان يەنە ئىككى قېتىم نىكاھلاندى. بۇ نىكاھلارمۇ ئوردىدىكى ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئۇنى قۇتلۇقلاپ قىزلىرىنى تارتۇق قىلىشى سەۋەبىدىن ۋۇجۇدقا چىققانىدى. بىراق سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇلارغا خانىشلىق مەرتىۋىسى بەرمىدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ھەر قېتىم نىكاھلانغاندا خانىش دۆلەتسۇلتان خېنىم كۆڭلى يېرىم بولغان، رەشك ئوتىدا ئازابلانغان بولسىمۇ، چوڭ خانىشلىق مەرتىۋىسىنى ئېسىگە ئېلىپ ئازراق تەسەللى تاپاتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخانمۇ پات ـ پات ئۇنىڭ قەسرىدە قونۇپ، دەردلىك كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇشقا تىرىشاتتى. يادۇرقى يىلى نورۇزدا دۆلەت سۇلتان خانىش بىلەن كۇنتۇرا خانىش بەسلەشكەندەك تەڭلا يەڭگىدى. بىراق دۆلەتسۇلتان خانىشنىڭ بالىسى قىز، كۇنتۇرا خانىشنىڭ بالىسى ئوغۇل ئىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان بۇ ئىككىنچى خانزادىسىگە ئىسان بۇغاخان دەپ ئىسىم قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. مەيلى خانىش، مەيلى غۇنچىچەلىرى بولسۇن ساپلا قىز يەڭگىگەنىدى.

«ئاللاھ ئىگەم ماڭا شۇنچە جىق خاتۇن، شۇنچە جىق پەرزەنت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاران ئىككى ئوغۇل نېسىپ قىلىپتۇ. بۇنىڭغىمۇ يۈز مىڭ شۈكۈر. ئېھ ئاللاھ، يەنە ئىنايىتىڭ باردۇر...» دەيتتى پات ـ پات ھەسرەتلىنىپ.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن سەلتەنەت نىسبەتەن تىنچ بولدى. قەشقەر مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل موغۇلىستان تەسەررۇپى چوڭ دەرىجىدە تاشقى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىدى. موڭغۇللار ئىلى تەرەپكە پات ـ پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، زېمىننى بېسىۋېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەنىدى. لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىر كەبىرلىك مەنسىپىنى تۇتۇۋاتقان سەييىدئەلى ئالپ ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ بېرىپ موڭغۇللارغا جازا يۈرۈشى قىلدى. ھىيلىگەر ئىسان تايشى سەييىدئەلى ئالپ لەشكەر تارتىپ كېلىپ بولغىچە ئاللىقاچان لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ بولاتتى. ئەمىرلەر پات ـ پات قوشنا ئەللەرگە لەشكىرىي يۈرۈش قىلىش تەلىپىنى بېرەتتى، ئەلۋەتتە سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭمۇ لەشكەر تارتىپ بېرىپ قوشنا ئەللەرنى ئىستېلا قىلغۇسى، بۈيۈك بوۋىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ شەۋكىتىنى، سەلتەنەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈسى بار ئىدى، ئەمما تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخان سەلتەنەت سۈرگەن مەزگىللەردە ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ھەمدە ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا ئۈچۈن خەزىنىنى قۇرۇقداپ قويغانىدى. ئۇ يىللاردا خوتەندىن تارتىپ قومۇلغىچە، لوپ ـ كۆنچى ۋادىسىدىن تارتىپ ئىلى، ئالمالىق ۋادىسىغىچە بولغان ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى ئوردىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج ـ سېلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغان، سۇلتان شىرمۇھەممەدخانمۇ ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىگەن، ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەنىدى. ئوردىدىكى ئەمىرلەرنىڭ سۇلتان ئۇۋەيسخاننى قوشنا ئەللەرگە لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلىشىدىكى مۇد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



دىئاسى كۆپلەپ مال ـ دۇنيا جۇغلاشتىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى،
بۇنداق لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ تەمىناتىنى ئوردا ئۈستىگە ئالغىنى
بىلەن، جەڭدە قولغا چۈشكەن ئولجا ـ غەنىيمەتلەر ئەمىرلەرگە
تەئەللۇق بولاتتى. بۇ چىڭگىزخان دەۋرىدىن قالغان ئۇدۇم ئىدى.
ئەمىرلەرنىڭ مەئىشەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن كۆپلەپ مال ـ دۇنيا
لازىم بولاتتى. لېكىن ئۇلار تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆزىنى قامداشنى
ھار ئالاتتى، شۇ سەۋەبلىك خەزىنە قۇرۇقدىلىپلا قالماستىن،
ئاشلىق ئامبارلىرىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان
خەزىنە، ئاشلىق ئامبارلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى ۋىلا-
يەتلەرگە باج ـ سېلىق مۇپەتتىشى ئەۋەتتى. ئەمىرلەرنى چىرىك-
لىك، خىيانەتچىلىكنى تۈگىتىشكە، ئاددىي ـ ساددا ياشاشقا دەۋەت
قىلدى. خىيانەتچىلىكى چېكىگە يەتكەن بىرقانچە ئەمىرنى جازالاپ
باشقىلارغا ئىبرەت قىلغانمۇ بولدى، لېكىن بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈ-
نۈمى ھە دېگەندە كۆرۈلمەيۋاتاتتى. چىرىكلىككە، ئەيش ـ ئىشرەت-
كە، مەئىشەتلىك تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ئەمىرلەر خاننىڭ پەر-
مانىغا ياۋاشلىق بىلەن ھە دەپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىلگەن سەنەمگە
دەسسەيتتى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئاخىرى ئۆزى باش بولۇپ يەر تېرىش
قارارىغا كەلدى. تۇرپاندا ئەزەلدىن سۇ كەمچىل بولغاچقا، دېھقان-
چىلىقتا سۇ يېتىشمەيتتى. ئۇۋەيسخان دېھقانچىلىق قىلىش قارا-
رىغا كەلگەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ مەسىلىنى چۈشىنىپ يەتتى.
تېرىغان زىرائەتلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن دېھقانلاردىن سۇ تالاش-
مىدى، دېھقانلارنىڭ كارىزدىكى سۈيىنى ئۆز ئېتىزىغا باشلىۋال-
مىدى، بەلكى سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇستا كا-
رىزچىلارنى تەشكىللەپ، نەچچە يۈزلىگەن كارىزلارنى قازدى. يې-
ڭىدىن قازغان بۇ كارىزلارنىڭ ئۈنۈمى تېزلا كۆرۈلدى، سۇ ما-
جىرالىرى پەسەيدى، تاشلىۋېتىلگەن نۇرغۇن يەرلەر قايتىدىن تې-
رىلىپ، ئېكىنزارغا ئايلاندى. خاننىڭ ئۆزى باشلامچى بولۇپ دېھ-
قانچىلىق قىلغىنىنى، كارىز قازغىنىنى كۆرگەن ئەمىرلەرمۇ

دېچقانچىلىق قىلىشقا، كارىز قېزىشقا مەجبۇر بولدى. سۇلتان
ئۇۋەيسخان تەختتە ئولتۇرغان بەش ـ ئالتە يىل ئىچىدە تۇرپاندى-
كى كارىزلارنىڭ سانى بەش يۈزدىن ئاشقان، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ
كۆلىمىمۇ نەچچە ھەسسە كېڭەيگەنىدى. بۇ بەش ـ ئالتە يىل ئى-
چىدە موغۇلىستاننىڭ قەشقەردىن باشقا ۋىلايەتلىرىدە ئېرىق ـ
ئۆستەڭ چېپىش، سۇ ئامبارلىرىنى ياساشتىن ئىبارەت سۇ ئىن-
شائات قۇرۇلۇشلىرىنى قىلىش، بىنەم ئېچىپ تېرىلغۇ يەرلەرنى
كېڭەيتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ پۈتكۈل
موغۇلىستاننى ئارىلاپ، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەمىرلەرنىڭ
قىلغان ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. سۇسلۇق قىلغان، ساختى-
لىق قىلغانلارنى جازالىدى، مەنسەپتىن قالدۇردى، ئەرز ـ شىكا-
يەتلەرنى تەھقىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردىغا كېلىدىغان باج ـ
سېلىقلار كۆپىيىپ، خەزىنە، ئاشلىق ئامبارلىرىنى قايتىدىن تول-
دۇردى.

— بىنەم ئېچىش، قەسەبە[1] قۇرۇشنى چىڭ تۇتۇڭلار. ئاۋام ـ
رەئىيەت چېچىلىپ كەتمەي توپلىشىپ ياشاپ، بىر يۇرتنى مۇقىم،
ئاۋات قىلسۇن. مۇشۇنداق قىلساق، يۇرت ـ ماكانلىرىمىز چۆل-
لىشىپ كەتمەيدۇ. باغ بىنا قىلغانلارنىڭ سېلىقىنى كېمەيتىڭلار، —
دەيتتى بارغانلا يەردە ئەمىرلەرگە جېكىلەپ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە ئېكىنزارلار،
بازار ـ مەھەللىلەر كۆپىيىپ، موغۇلىستان قايتىدىن ئاۋاتلاشتى.
خېلى كۆپ خەلق كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇقىم
ئولتۇراقلاشتى.

— ئاگال ئاۋام ـ رەئىيەت بېيىپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم بول-
سۇن. ئوردا خەزىنىسى، ئاشلىق ئامبارلىرى ئاۋامغا يەتسۇن، ئان-
دىن ئىستېلاغا كۆڭۈل يۈگۈرتەيلى. ئورۇنسىز ياغى ئاۋامنىڭ كۆ-
نىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، خەزىنىنى قۇرۇتىدۇ. بۇ سەلتەنەتنىڭ ئا-

① قەسەبە — كىچىك شەھەر، بازار.

www.uyghurkitap.com

سايىشلىقىغا پايدىسىز. ھازىرچە قوشنا ئەللەر بىلەن ئىناق ئۆتكىنىمىز تۈزۈك، ـــ دەيتتى ئۇرۇش قىلىش تەلىپىنى قويغان ئەمىرلەرگە نەسىھەت قىلىپ.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئۇۋەيسخان تەختتە سەككىز ـ ئون يىل تىنچ ئولتۇردى. بارلىق ئەس ـ يادىنى مەملىكەتنى گۈللەندۇرۇشكە، سەلتەنەتنى روناق تاپقۇزۇشقا قاراتتى، ئەمىرلەرمۇ ئاخىرى ئۇنىڭ سەلتەنەت سىياسىتىگە كۆندى.

ـــ جانابى قىبلىگاھىمىز سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا ئالغان سەككىز ـ ئون يىلدىن بېرى ئەل ـ يۇرتتا تىنچلىق بولۇپ، ئاۋام ـ رەئىيەت ئاسايىشلىقتا يۈزلەندى، ـــ دېدى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد بىر كۈنى ئەتىگەنلىك قوبۇلدا تەۋازۇ بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ، ـــ بۇنداق قويىنىڭ دۇمبىسىدە تورغاي ئۇۋىلىغۇدەك مىسلى كۆرۈلمىگەن باياشاتلىق ئەزەل ـ ئەزەلدىن ھېچقانداق بىر خان ـ سۇلتانلارنىڭ تەسەررۇپىدا كۆرۈلگەن ئەمەس. ئالىيلىرىدىنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل ـ پاراستى ۋە جاسارىتىدىن سەلتەنەتىمىز قۇدرەت تاپتى، بىزلەركىم ئۇلۇسبېگىمۇ بۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن ھەم خاتىرجەم بولدۇق. ئۇزۇندىن بېرى بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ ھەج ـ تاۋاپ قىلىش ئارزۇيىمىز بولسىمۇ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ياردىمىمىز تېگىپ قالۇر دەپ، ئول مۇددىئايىمىزنى ئاشكارىلىماي كەلگەنىدۇك. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ جانابى رەسۇلىللا ئەكرەمنىڭ مۇبارەك تېنىنى قويىنىغا ئالغان مۇقەددەس كەبىنىڭ چاڭلىرىنى كۆزىمىزگە سۈرتسەك، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا مۇسۇلماندارچىلىق پەرزىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ ئاندىن كەتسەك دەيدىغان ئارزۇيىمىز باردۇر. ئول مۇرادىمىزنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ھەج سەپىرىنى ئىختىيار قىلدۇق، ئالىيلىرىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىجازەت سورايمەن.

بۇ ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ھەج سەپىرى قىلىش ئۈچۈن سۇلتان ئۇۋەيسخاندىن تۇنجى قېتىم ئىجازەت سورىشى ئەمەس ئى-

دى. ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرى بۇ تەلىپىنى تەكرارلاۋاتاتتى، ئەمما ئۆۋەيسخان ئۇلۇسبېگىنىڭ بەك ياشنىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىجازەت بەرمىگەنىدى. بوۋىسىنىڭ ھەج سەپىرى قىلىشىنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان سەييىدئەلى ئالپمۇ سۇلتان ئۆۋەيسخاندىن بوۋىسىغا ئىجازەت بەرمەسلىكنى ئۆتۈنگەنىدى.

— رامىزان ئايلىرى كېلەي دەپ قالدى، — دېدى سۇلتان ئۆۋەيسخان سەۋەب كۆرسىتىپ، — ھەزرەتلىرى بۇ چاغ بولغاندا ھىجرەت قىلىسىلا قۇربان ھېيتقا ئۇلگۇرۇپ مەككە مۇكەررەمگە يېتىپ بارالمايدىلا. ماقۇل دېسىلە، بۇ يىل ئىككى ھېيتنى بىللە ئۆتكۈزەيلى. ئاللاھ خالىسا قۇربان ھېيتتىن كېيىنلا ئۇزىتىپ قوياي، يەنە بىر مەزگىل تەخىر قىلسۇنلار.

ئۇلۇسبېگى خۇدايداد لام ـ جىم دېمىدى. ئەمما ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى گۇنسىز كۆزلىرى نارازىلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

ھەپتە ئۆتكەندە سۇلتان ئۆۋەيسخان ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ساداقەتمەن نۆكىرى قاناتبەگ بىلەن بىرنەچچە مۇلازىملىرىنى ئېلىپ شىكارغا چىقىش باھانىسى بىلەن ھەج قىلغىلى ماڭغانلىقىنى بىلدى.

— قانداق قىلىمىز ئەمىر كەبىر؟ — دېدى ئۆۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپقا قاراپ، — مېنىڭچە ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە چاپارمەن ئەۋەتىپ ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىنى كەينىگە ياندۇرساق دىلىمنى ئاغرىتىپ قويارمىزمىكىن.

— چاپارمەن ئەۋەتسەكمۇ بابائى بۇزرۇكنىڭ كەينىگە يېنىشى بىر گەپ دېسىلە ئالىيلىرى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ خىيالچانلىق بىلەن، — ئەمدى توسۇمايلى، ياراتقان ئىگىسى بەيتۇل مۇقەددەسكە ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىشقا نېسىپ قىلار.

— ئارىلىق بەكلا يىراق، سەپەرنىڭ مۇشەققىتى ھەلەم بار، — دېدى ئۆۋەيسخان، — مۇنداق قىلايلى، ئۆزلە ئىشەنچلىك، ساداقەتمەن نۆكەردىن يۈزنى دىلخاھلاپ ئوزۇق ـ تۈلۈك، پۇل ـ پۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چەك بىلەن يولغا سالسىلا، ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە يېتىشىۋېلىپ يول بويى قورۇقداپ مېڭىپ، مەككە ـ مۇكەررەمگە ئاپىرىپ، ئەكەلسۇن. ھەتتىگىنەي، ئاۋۇ كۈنى ئۇلۇسبېگى ھەزرەتلىرىگە ئىجازەت بېرىدىغان ئىشكەندۇق.

— ئادەم قېرىغاندا ئاشۇنداق جاھىل، تەرسا بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ كۈلۈپ، — مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى قورۇقچى ئەۋەتمەيلى. ئالىمادىس رەسمىي خەتەرگە يولۇقۇپ قالسا، ئول يۈز نۆكەر ھېچنېمىگە دالدا بولالمايدۇ. بابائى بۇزرۇكنىڭ بىرنەچچە مۇلازىمىنى ھەمراھ قىلىپ مېڭىشىدىمۇ ئويلىغىنى بولۇشى مۇمكىن. قورۇقچى ئېلىۋالغۇسى بولسا نەچچە يۈز خاس نۆكىرى بار ئىدى ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سەپەردە ھەمراھىنىڭ كۆپ بولمىغىنى ياخشى، بولمىسا بېسىپ ئۆتىدىغان ئەللەرنىڭ سۇلتان ـ ئەمىرلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويىدۇ، قورۇقچىلار بابائى بۇزرۇككە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشى مۇمكىن.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ ئورۇنلۇق، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ھەزرىتىم ھەج سەپىرىدىن يانغىچە ئۇلۇسبېگىلىك مەنسىپىنى ئۆزلە زىممىلىرىگە ئالغاچ تۇرسىلا قانداق بولۇر؟

سەييىدئەلى ئالىپ بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— ئالىيلىرىنىڭ ئېسىدە بارمىكىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلۇغ بابام بولاجى ھەزرەتلىرى قازا قىلغاندا جەننەتماكان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرى ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىنى بابائى بۇزرۇك خۇدايداد ھەزرەتلىرىگە بەرگەنىكەن. ئول سەۋەبتىن ئۇلۇغ بابام بولاجى ھەزرەتلىرىنىڭ ئىنىسى ئەمىر قەمەرىددىن: «ئاغامنىڭ مەرتىۋىسىنى ماڭا بەرمەي، گۆدەك ئوغلىغا بەردى» دەپ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالىيلىرىدىن رەنجىگەن ۋە بۇ ئىش دەھشەتلىك قىرغىنغا، ئىسيانغا سەۋەب بولغانىكەن. گەرچە تاغام مىرمۇھەممەد-

شاھ ھەزرەتلىرى پەزىلەت، ساداقەت ۋە گويا ئەھلى بولسىمۇ، بىز دەك جىيەندىن ئۇلۇسبېگلىك مەرتىۋىسىنى تالىشىپ دەۋا قىلمىسىمۇ، يەنىلا بۇ مەرتىۋىنىڭ ئۇل تاغىئى بۇزرۇككە بېرىلگەنى خوپراقتۇر.

ــ كەڭ قورساق، باھادىر، مەرد ئوغلان ئىكەنلىكلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپات قىلدىلا ئەمىرزادەم، ــ دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان قايىل بولغان ھالدا، ــ مەيلى دېگەنلىرىدەك بولسۇن. ئۆزلە ئۇلۇسبېگى بولمىسىلىمۇ يەنىلا لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىر كەبىرى، مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ يېقىن مەھرىمىم بولۇپ قېلىۋېرىدىلا. مەن باشتىلا بۇ مەرتىۋىگە مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرىنى تەۋسىيە قىلاي دېگەنىدىم، بىراق ئۆزلەنىڭ خان ئالىيلىرى قېيىنئاتىسىغا يان باستى دەپ قېلىشلىرىدىن ئەنسىرىگەنىدىم.

ــ بۇنداق ئويلىسىلا كۆڭلۇمگە كېلىدۇ. گەپ مەنسەپ ـ مەرتىۋىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىدە ئەمەس، ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچىسىدە. يەنە كېلىپ سىڭىللىرىنىڭ كۈيۈسى ئىكەنلىكىمنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويمىسىلا، ــ دېدى سەييىدئەلى ئالپ كۈلۈپ.

سەييىدئەلى ئالپقا ئەگىشىپ سۇلتان ئۇۋەيسخانمۇ كۈلدى.

ــ ئاللاھقا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈركى، يېنىمدا ئۆزلەدەك ساداقەتمەن، شىر پەنجىلىك ئەزىمەت بولغانلىقى ئۈچۈن سەلتەنەت ئىشلىرىدا غېمىم ئازدۇر. ھە راست، قەشقەرگە قىلىدىغان لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ ھازىرلىقى پۈتەي دەپ قالدىمۇ؟

ــ لەشكىرىي ھازىرلىققۇ پۈتەي دەپ قالغان، بىراق يەنە كىچىككىنە چاتاق چىقتى ئالىيلىرى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان جىددىيلەشكەن ھالدا يالت ئېتىپ سەييىدئەلى ئالپقا قارىدى.

ــ لەشكىرىي يۈرۈشكە توسقۇن بولغۇدەك قانداق چاتاقكەن ئۇ؟



— كەمىنەلىرىمۇ بايىلا مەلۇمات تاپشۇرۇپ ئالدىم. بابائى بۇزرۇكنىڭ ئىشى بىلەن بىسەرەمجان بولۇپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ چۈشەندۈرۈپ، — يەنە ھېلىقى موڭغۇل خانى ئىسان تايشىنىڭ سالغان پاراكەندىچىلىكى بولمامدۇ.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ چىرايى تۈرۈلدى.

— بۇ نۆۋەت تەسەررۇپىمىزنىڭ قايسى تەرىپىگە تېگىش قىپتۇ؟

— ئىلى ۋادىسىغا، ئالمالىقنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ. بىراق ئىسان تايشىنىڭ ھازىر ئۇنچە زور لەشكىرىي كۈچى يوق. ئىككى سەركەردە بىلەن بىرەر تۈمەن لەشكەر ئەۋەتسەك ياۋنى ئالمالىقتىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە قىلىدىغان جازا يۈرۈشىنى توختاتمىساقمۇ بولىۋېرىدۇ.

— مېنىڭچە قەشقەرگە قىلىدىغان لەشكىرىي يۈرۈشنى توختىتىپ تۇرايلى، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان گەپنى چورتلا كېسىپ، — بىز سەلتەنەتنى قولىمىزغا ئالغان بۇ ئون يىلدىن بېرى ئۇل موڭغۇل خانى تەسەررۇپىمىزغا پاراكەندىچىلىك سېلىشنى پەقەتلا توختاتمىدى. ئۇنىڭ بىلەن قومۇل، بارسكۆلدە قىلغان جەڭنى ھېسابلىغاندا ھازىرغىچە چوڭ ـ كىچىك بولۇپ ئاتمىش قېتىمغا يېقىن جەڭ قىلىپ كەپتىمىز. لېكىن ئويلاپ باقسام بۇ جەڭنىڭ ھەممىسى خۇددى چىۋىن قورۇغانچىلىكلا ئىش بولۇپتۇ. ئىسان تايشىنى تەسەررۇپىمىزدىن قوغلىۋېتىپلا بولدى قىپتىمىز، شۇڭا ئۇلار بىزگە ئارامچىلىق بەرمىدى. نەچچە يىلدىن بېرى يىلىكى قۇرۇغان ئاۋام ئەتلىنىۋالسۇن دەپ ئىمكان بار ياغىدىن ئۆزىمىزنى تارتىپ كەلدۇق. بەلكىم ئۇلار بۇ سەۋەبنى چۈشەنمەي، بىزنى قورقتى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى. بۇ نۆۋەت ئۇلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، ئىككىنچىلەپ تەسەررۇپىمىزغا قارىيالمىغۇدەك قىلىۋەتمىسەك كۆڭلىمىز ئارام تاپمىغۇدەك.

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ، —

ئۇنداق بولسا مەن ئەتىلا ئىلى ۋادىسىغا يۈرۈش قىلاي.
— ئالدىرىمىسىلا ئەمىر كەبىر، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيس-
خان، — بارسكۆلدىكى جەڭدە مەسلىھەتلىرىگە كۆنمەي ئۇل ئىسان
تايشىنى مەن قويۇۋەتكەن، شۇڭا بۇ نۆۋەت لەشكىرىي يۈرۈشكە
مەنمۇ چىقاي.
— بۇ يۈرۈشكە ئالىيلىرى رەھنەما بولىدىغان بولسىلا سەر-
كەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.
— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا
چىقايلى.
مەسلىھەت پىشقاندىن كېيىن سۇلتان ئۇۋەيسخان يارلىق
چۈشۈرۈپ، قېيىنئاتىسى مىرمۇھەممەدشاھقا ئۇلۇسبېگىلىك مەر-
تىۋىسىنى بەردى، ئاندىن ئۇنى ئۆزى لەشكىرىي يۈرۈشتىن قايتىپ
كەلگۈچە ئاستانىدا قېلىپ ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا
بەلگىلىدى.

## 22

گۈزەل ئىلى ۋادىسى، تالقان تۆكتى بولغان چاغ.
سۇلتان ئۇۋەيسخان دەريا بويىدا يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئول-
تۇراتتى. خاس نۆكەرلىرى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۇ-
چۈن ئازراق ئارىلىق تاشلاپ ئەتراپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزد-
تىۋاتاتتى. يىللاردىكىدىن زىيادە كەلكۈن كەلگەن ئىلى دەرياسى
خۇددى غەزەپلەنگەندەك، ھەممە نەرسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك
ئەلپازدا نەرە تارتىپ ئاقاتتى. ئابرال تېغىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر
شامال جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. تەڭرى سېخىيلىق بىلەن بەخ-
شەندە قىلغان گۈزەللىكنى نامايىش قىلغاندەك، ئىلى ۋادىسىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كى تاغۇ دەريالار، يايلاق ــ ئېكىنزارلىقلار توزدەك ياسانغانىدى. ئۆزۈندىن بېرى ياكى سۈيى، ياكى ئوت ــ چۆپىنىڭ تايىنى يوق، ئاشقىنىڭ تىنىقىدەك ئوت ــ ئاتەش پۈركۈپ تۇرغان تۇرپان دىيارىدا ياشاپ كەلگەن سۇلتان ئۇۋەيسخان مەرھۇم بۇزرۇك بوۋىسى سۇلتان خىزىر خوجاخاننىڭ نېمە سەۋەبتىن پايتەختىنى مۇشۇنداق جەننەتتەك ساپ ھاۋالىق ئىلى ۋادىسىدىن تۇرپانغا كۆچۈرۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. گەرچە شۇ تاپتا ئىلى ۋادىسىغا مەپتۇن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا تۇرپانغا تارتىشاتتى. ھەئە، ئۇنىڭ تۇرپانغا مېھرى چوڭقۇر ئىدى. ئىلى ۋادىسىنىڭ گۈزەللىكىنى ئاتا ــ ئەجدادلىرى مۇقەددەس ئاستانە قىلىپ ياشىغان تۇرپاننىڭ شەۋكىتى بېسىپ كېتەتتى.

«ئىلى ۋادىسى بىلەن تۇرپاننىڭ ئارىلىقى يېقىنراق بولغان بولسا ئوردىنى تۇرپاندا، ھەرەم ــ چارباغنى ئىلى ۋادىسىدا قىلىپ ياشىغان بولسام ... نەچارە، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق، ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ ... بۇندىن كېيىن ياز ئايلىرىدا كېلىپ بىرەر ــ ئىككى ئاي تۇرۇپ كېتەرمەن بولمىسا ...»

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ خىيالىنى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئۈزۈپ قويدى. سەييىدئەلى ئالپ ياۋ قارارگاھىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەنىدى.

ــ ياۋنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ــ سورىدى سۇلتان ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپقا شۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن كۆزىنى يەنە دەريا سۈيىگە تىكىپ.

ــ قارارگاھىنىڭ مۇھاپىزىتى خېلىلا پۇختا ئىكەن، ئەمما ياۋ لەشكەرلىرى چېدىر ــ بارگاھلىرىنى چۇۋۇۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ــ بىز بىلەن جەڭ قىلىشقا رايى بارماي، چېكىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندۇ تايىنلىق.

ــ بىرنېمە دېمەك تەس ئالىيلىرى، ھەرھالدا ياۋنى سەل چاغلىمايلى.

ــ ئۆزىمىزنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرساقمۇ بولماس، ــ دې-
دى سۇلتان ئۇۋەيسخان مەغرۇر قىياپەتتە، ــ ئىككى ـ ئۈچ كۈن-
دىن بېرى شۇنچە ئۇندىسەكمۇ جەڭگە چىققىلى ئۇنىماي، مەزلۇم
كىشىدەك قارارگاھىغا سولىنىپ يېتىۋالغان تۇرسا، يەنە ئېھتىيات
قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ مانا ئەمدى چېدىر ـ بارگاھلىرىنى چۇ-
ۋۇشقا چۈشكەن بولسا، تەھقىقكى كېچىدە شەپە چىقارماي قېچىش-
نىڭ كويىغا چۈشكەن گەپ. سەركەردىلەرگە پەرمانىمىنى يەتكۈز-
سىلە، ياخشى ئارام ئېلىپ پۇختا تەييارلىق كۆرگەي، بۈگۈن كې-
چە ئەلياتقۇدا ياۋ قارارگاھىغا شەبخۇن ئۇرىمىز.

گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللىگەن سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان
ئۇۋەيسخاننىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ جىم
بولدى، ئۇ خاننى نىيىتىدىن ياندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس
قىلغانىدى. دېمىسىمۇ لەشكەر تارتىپ ئېلى ۋادىسىغا كەلگەندىن
بېرى موڭغۇللار بىلەن ئۈچ رەتىپ باقمىدى. ئۇلار قارارگاھىغا
مەھكەم بېكىنىۋېلىپ جەڭگە چىقماي قويغانىدى. شۇ سەۋەبتىن
قاتتىق ئىچى پۇشقان سۇلتان ئۇۋەيسخان جەڭ قىلىشقا ئالدىراپ
قالغانىدى. شۇ تاپتا سەييىدئەلى ئالپنىڭ ياۋ قارارگاھىغا قىلى-
دىغان كېچىلىك ھۇجۇمنى توسۇشقا كۆرسەتكۇدەك سەۋەبىمۇ يوق
ئىدى. ئەمما ياۋنىڭ كۆپكۈندۈزدە چېدىر ـ بارگاھلىرىنى چۇۋۇ-
شى ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىنورماللىقتەك بىلىنگەنىدى.

«ئەسلىدە ياۋنى قارارگاھىنى يالغاندىن چۇۋۇپ قاچماقچى
بولغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كېچىدە بىزنىڭ قارارگاھىمىزغا
شەبخۇن ئۇرارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم. ئويلىمىغان يەردىن
خان ئالىيلىرى بىز شەبخۇن ئۇرايلى دەۋاتىدۇ. بىر ھېسابتا بۇمۇ
بولغۇدەك، بىز ئۇلاردىن بۇرۇن ھەرىكەتكە كەلسەك، كۈتمىگەن نە-
تىجىگە ئېرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن...»

سەييىدئەلى ئالپ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ سۇلتان ئۇۋەيس-
خانغا قارىدى:

ــ ئۇنداقتا ياۋ قارارگاھىغا شەبخۇننى مەن ئۇراي. ئالىيلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رى قارارگاھتا قېلىپ ھەمدەمدە بولسىلا.

ــ ياق، بۇ نۆۋەت شەبخۇننى مەن ئۇرىمەن، ئۆزلە قارارگاھتا قېلىپ ھەمدەمدە بولسىلا.

موغۇللارنى بىر قېتىملىق جەڭ بىلەنلا ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلىشقا ئالدىراپ قالغان سۇلتان ئۇۋەيسخان كېچىلىك ھۇجۇمغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىش نىيىتىگە كەلگەندى.

ــ ئۇنداقتا شەبخۇنغا ئالىيلىرى بىلەن بىللە چىقاي، قارارگاھقا سەركەردە بوران خوجا قارانچۇق بولسۇن.

ــ ھاجەتسىز، ــ دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان قولىنى سىلكىپ، ــ قارارگاھمۇ مۇھىم، ئۆزلە قېپقالسىلا.

«كۈتمىگەن يەردىن ياۋنىڭ بىر بۆلۈك لەشكەرلىرى ئالدىن قول سېلىپ قارارگاھقا شەبخۇن ئۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. قارارگاھتا خانىش ئايىمدىن تارتىپ بىرمۇنچە ئاياللار، باللار بار. قارارگاھنى مۇھاپىزەت قىلىشمۇ مۇھىم، خان ئالىيلىرى بەلكىم مۇشۇنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن..»

سەييىدئەلى ئالپ خان بىلەن ئارتۇقچە تالىشىشقا ئورۇن قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

※ ※ ※

كەچلىك غىزادىن كېيىن سۇلتان ئۇۋەيسخان بارگاھى ئالدىدا سەركەردىلەرگە ۋەزىپە تاپشۇردى.

ــ ئېھتىمال خان ئالىيلىرى پېقىرنى قېرىپ قالدى، شەبخۇن ئۇرۇشقا يارىمايدۇ، دەپ قارارگاھنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، ــ دېدى سەركەردە بوران خوجا كۆكرىكىگە چۈشكەن ئاپئاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ، ــ گەرچە ياشتا قېرىپ قالغان بولساقمۇ، غەيرەتتە يىگىتلەردىن قېلىشمايمىز، ئالىيلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى شەبخۇنغا پېقىرنىمۇ ئېلىۋېلىشىنى

ئىلتىماس قىلىمەن.

— سەركەردە جانابلىرى ھە دېسىلا يىگىتلىك دەۋاسى قىلىدىلا ـ يۇ، ئۆيلەپ قويايلى دېسەك ئۇنىمايدىلا، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان سەركەردە بوران خوجا بىلەن چېقىشىپ، — ياشانغانلىقلىرىغا تەن بەرسىلە ئەمدى.

— جانابى سەركەردە مەزلۇم كىشىگە شەبخۇن ئۇرالمايدىغان بولۇپ قالغىلى خېلى بولدى ئالىيلىرى، — دەپ چاقچاق قىلدى سەركەردە پولات باھادىر.

— راست دەيدىلا سەركەردە، — دەپ چاقچاقنى ئۇلغايتتى سەركەردە قالقانبەگ كۆكۆلداش، — جانابى سەركەردىنىڭ باشقا يېرىنىڭ ماغدۇرى قالمىغىنى بىلەن قولىنىڭ ماغدۇرى بار.

بارگاھ ئالدىدا گۇررىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— مەزلۇم كىشىگە شەبخۇن ئۇرۇشتا ھەرقايسىلىرى پېقىرنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدىلا، — دېدى سەركەردە بوران خوجا قاقاھلاپ كۈلگىنىچە، — ئەمما ياۋ قارارگاھىغا شەبخۇن ئۇرۇش ئۇل ئىشقا زىنھار ئوخشىماس. پېقىر ئۆلۈك ـ تىرىكمىنى جانابى قىبلىگاھىمغا ئاتىۋەتكەنمەن. شۇڭا ئۇل موغۇل بىلەن ياغى قىلغاندا ئالىيلىرىنىڭ يېنىدا بولۇشنى خالايمەن.

پۇتكۈل ھاياتىنى ئۆزىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن بېغىشلىغان بۇ پېشقەدەم سەركەردىنى سۇلتان ئۇۋەيسخان بەكلا ھۆرمەتلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن پەرمانغا قارشى چىقىپ قىلغان تاراڭ ـ تۇرۇڭ سۆزلىرىنى، قوپاللىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتەتتى. باشقا سەركەردىلىرىگىمۇ بوران خوجىنىڭ ساداقەتمەن، جەسۇرلۇقىنى ئۈلگە قىلاتتى.

ھەئە، سەركەردە بوران خوجىنىڭ خوتۇنى بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى قازا قىلىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئادەتتە قوپال، باغرى قاتتىق، رەھىمسىز كۆرۈنىدىغان بوران خوجا ئۇن قويۇپ يىغلاپ ھازا ئېچىپ، بارلىق ھازىدارلارنى ھەيران قالدۇرۇۋەتكەنىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان سەركەردە بوران خوجىنىڭ بىر ئۆمۈر ئاشۇ ئايال بىلەنلا ياشىغانلىقىنى، باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى دوراپ

توقال ئېلىپ ئايالىنى كۈندەشلىك ئازابىغا دۇچار قىلمىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ نەزەرىدە سەركەردە بوران خوجا سۆيگۈگە ساداقەتمەن چىن ئاشىقلارنىڭمۇ تىمسالى ئىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ئۆيلىنىۋېلىش تەكلىپىنى سەركەردە بوران خوجا سىلىقلا رەت قىلىۋەتكەنىدى.

ــ شەپقەتلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئالىيلىرى. ئەمدى قانچىلىك ئۆمرۈم قالدى بىلمەيمەن، كېيىنكى ئۆمرۈمنى ئاشۇ رەھمەتلىك مەزلۇمىمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇرۇت ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزىمەن. ئەمدى مىڭ قېتىم ئۆيلەنسەممۇ ئۇل جەننەتماكان مەزلۇمغا زىنھار ئوخشىماس، ــ دېگەنىدى بوران خوجا كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ.

سۇلتان ئۇۋەيسخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ سەركەردە بوران خوجىغا قارىدى. پېشقەدەم سەركەردىنىڭ كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخان جەڭ قىلسا كۆڭلى يايراپ كېتىدىغان بۇ سەركەردىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى.

ــ بولىدۇ، سەركەردە بوران خوجا مەن بىلەن بىللە قەلبتە تۇرسۇن.

ــ خان ئالىيلىرى ئىجازەت بەرسە، بەگ ئەتكە[1]مىز سەركەردە بوران خوجا ھەزرەتلىرىگە بىزمۇ تۇرشاۋۇل بولساق.

سۇلتان ئۇۋەيسخان قول باغلاپ تۇرغان ياش ئىككى سەركەردىگە مەمنۇنلۇق بىلەن قارىدى. يىگىتلىك قۇرامىغا ئەمدىلا يەتكەن ھەسەن سۇلتان بىلەن لوقمان سۇلتان مەرھۇم تاغىسى سۇلتان شىر مۇھەممەدخاننىڭ خانزادىلىرى ئىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئانىسى سۇلتان خاتۇننىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئۇلارغا ئەمىرلىك مەرتىۋىسى بېرىپ، لەشكىري دىۋاننىڭ ئورۇنباسار سەركەردىلىكىگە تەيىنلىگەن ۋە سەركەردە بوران خوجىنى ئۇلارغا ئەتكە قىلىپ بەرگەنىدى. ئون يىلدىن بىرى ئۇلار

① بەگ ئەتكە ــ ھەربىي ئۇستاز.

سەركەردە بوران خوجىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى بىلەن لەشكىرىي ماھارەتنى پۇختا ئىگىلەپ، يارامىلىق سەركەردىلەردىن بولۇپ قالغانىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇلارنى ئۆز ئىنىلىرىدەك كۆرۈپ، ئىززەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشتە ئۇلار قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

«كىچىلىك جەڭنىڭ خىيىم ـ خەتىرى تولا. بۇلار جەڭبازلىق ماھارىتىدە خېلىلا يېتىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى رەسـمىي جەڭ كۆرۈپ باقمىدى. كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ياخشى...»

ــ شاھزادىلەرنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن، ــ دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇلارغا مېھرى بىلەن قاراپ، ــ ھەممەيلەن شەبخۇن ئۇرۇشقا كەتسەك قارارگاھ قوروقچىسىز قالىدۇ. قارارگاھىمىزنى قوغداشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە قارارگاھتا مەزلۇمـلىرىمىزدىن باشقا ئۇششاق باللارمۇ بار. ئىككىلىرى يەنىلا قارارگاھتا قېلىپ خانىش بىلەن ئاغىچا ـ ئايىملارنىڭ، باللار ـ نىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولۇشسىلا.

سۇلتان ئۇۋەيسخان گەپنى چورتلا كېسىۋەتكەچكە، ھەسەن سۇلتان بىلەن لوقمان سۇلتان يەنە گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، ئەتكەسى سەركەردە بوران خوجىغا قارىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن بوران خوجىمۇ ئۇلارغا تەتۈر قارىۋېلىپ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئەلىياتقۇدا ھۇجۇمنى باشلاي ـ مىز، ــ دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان كېچەشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۇرۇپ.

※ ※ ※

موغۇلىستان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە ھەمدەم بولماقچى بولغاندەك ھاۋا تۇتۇق، كېچە ئاسمىنىدا بىر تالمۇ يۇلتۇز يوق ئى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دى. ئەتراپ خۇددى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ بولۇپ، ئۇن قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. شەپە چىقارماي ياۋ قارارگاھىغا يېقىنلاشقان لەشكەرلەر ياۋ قارارگاھىدا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بىرئاز تېڭىرقىدى. قارارگاھنىڭ ئىچىدىكى چېدىر ـ بارگاھلارنىڭ يېرىمى دېگۇدەك يوق ئىدى. نە ئادەمنىڭ ئاۋازى، نە ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلانمايتتى.

«ئىسان تايشى راستىنلا قارارگاھنى تاشلاپ قاچتىمۇ نېمە؟ ـــ دەپ ئويلىدى سۇلتان ئۇۋەيسخان ياۋ قارارگاھىغا سىنچىلاپ قاراپ، ـــ راستىنلا قاچقان بولسا، نېمىشقا قارارگاھتا ئازغىنە چېدىر ـ بارگاھ قالدۇرۇپ قويىدۇ؟ ئۆزىنىڭ قاچقىنىنى يوشۇرۇپ، كەينىدىن قوغلىشىمىزدىن ئەنسىرەپ، كۆزىمىزنى باغلىماقچىمىدۇ ـ يا؟»

سۇلتان ئۇۋەيسخان دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

ـــ قارارگاھ بوش تۇرىدىغۇ ئالىيلىرى؟ ـــ سورىدى پولات باھادىر، ـــ ياۋ سەركەردىسى قارارگاھنى بوش قالدۇرۇش پەنتىنى ئىشلىتىۋاتامدۇ ـ يا؟

ـــ ناتايىن، ـــ دېدى سەركەردە بوران خوجا، ـــ كۈچ ئېلىشالمايدىغانلىقىنى پەملەپ تىكىۋەتكەن گەپ.

ئەمدى يەنە مۇلاھىزە قىلىپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان سەركەردىلىرىگە قارىدى:

ـــ مەيلى پەنت ئىشلەتسۇن ياكى تىكىۋەتسۇن، بۈگۈن كېچە ئۇلار بەربىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئادەم بولسۇن ـ بولمىسۇن ئاگال قارارگاھنى ئىگىلەيلى، تۇرشاۋۇللار قارارگاھنى باسقىن قىلغاي.

بۇيرۇق بىلەن تەڭلا تۇرشاۋۇل قوشۇننىڭ سەركەردىسى قالقانبەگ كۆكۆلداش لەشكەرلىرىنى باشلاپ قارارگاھقا باستۇرۇپ كىردى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ يېنىدا قاراپ تۇرغۇسى كەلمىگەن

سەركەردە بوران خوجىمۇ تۇرشاۋۇل قوشۇنغا ئەگەشتى، لېكىن قارارگاھتىن بىرمۇ ياۋ لەشكىرىنى تاپالمىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇلغان چېدىرلارمۇ قۇپقۇرۇق ئىدى، ئەمما چېدىرنىڭ ئىچىگە جىنچىراغ يېقىپ قويغانىدى.

ــ موڭغۇللار راستتىنلا قېچىپتۇ، ــ دېدى جەڭ قىلىدىغان لەشكەر تاپالماي خۇمارى تۇتقان بەڭگىدەك بولۇپ قالغان سەركەردە بوران خوجا يېنىدىكى چاپارمەنگە قاراپ، ــ دەرھال ئالىيلىرىغا مەلۇمات يەتكۈزسۇنلار.

سۇلتان ئۇۋەيسخان مەلۇماتنى ئاڭلاپ، ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ قارارگاھقا كىرىپ كەلدى.

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا بىز ئالدانغان ئوخشايمىز، ــ دېدى ياۋ قارارگاھىنىڭ نورمالسىزلىقىنى ھېس قىلغان سەركەردە قالانبەگ كۆكۆلداش جىددىيلەشكەن ھالدا سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ــ لەشكەرلەرنى دەرھال قارارگاھتىن چېكىندۇرەيلى ئالىيلىرى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىككى سەركەردىسىدىن قايسىنىڭ گېپىگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا قارارگاھنىڭ ئەتراپىنى كۈچلۈك داقا ـ دۇمباق، سۇرەن ـ چۇقان سادالىرى قاپلىدى. بۆكتۇرمىدە تۇرغان ياۋ لەشكەرلىرى موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھقا تولۇق كىرىپ بولغىنىنى كۆرۈپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇلۇپ ئېتىلغان مىڭلىغان يا ئوقلىرى قارارگاھقا قاراپ خۇددى يۇلتۇزدەك ئۇچاتتى. قارارگاھتىكى ماڭدامدا بىر دۆۋىلەپ ماي چېچىپ قويۇلغان ئوتۇن، شاخ ـ شۇمبىلار يا ئوقى چۈشۈشى ھامان لاپپىدە ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلىدى. ھوشيارلىقىنى يوقاتقان موغۇلىستان لەشكەرلىرى بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن قاتتىق چۆچۈپ پىتىراشقا باشلىدى. پۈتكۈل قارارگاھنى موڭغۇل لەشكەرلىرى قاتمۇقات قورشىۋالغان بولۇپ، سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى كۈچلۈك پىستىرمىغا چۈشۈپ قالغانىدى. گۇرۇلدەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى ئادرېسى

كۆيۈۋاتقان ئوت دۆۋىلىرىدىن ئۈركۈگەن ئاتلار تىزگىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستىدىكى چەۋەندازلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايتتى.

— ھودۇقماڭلار، سەپنى بۇزماڭلار، ياسال بېگى① سەپكە مەھكەم بول!

سۇلتان ئۇۋەيسخان ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىيالمىدى. مىڭلىغان ئوت ئاتار يا ئوقلىرى لەشكەرلەرنىڭ بېشىغا خۇددى يامغۇردەك چۈشەتتى. ئوق تەگكەن لەشكەرلەر بەدىنىگە تۇتاشقان ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن داد ـ پەرياد كۆتۈرگىنىچە يەردە دومىلايتتى. جان قايغۇسىدا قالغان لەشكەرلەر قالقانلىرىنى بېشىدا سايىۋەن قىلىپ كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىشقانىدى. ھەئە، موغۇلىستان لەشكەرلىرى جەڭگىۋارلىقىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ياۋ لەشكەرلىرىنى ساراسىمىگە سېلىش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەن موڭغۇل لەشكەرلىرى ئەمدى قارارگاھقا باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى.

— پەرمان، سەركەردە ـ لەشكەرلەر دەرھال چېكىنسۇن! — دېدى ھالاكەتتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇلتان ئۇۋەيسخان تاۋاچى بەگكە قاراپ.

چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى پۈتكۈل قارارگاھنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن، پىستىرمىغا چۈشۈپ قالغان موغۇلىستان لەشكەرلىرى ئوت يورۇقىدا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا، يوشۇرۇنۇشقا ئامالسىز قالغانىدى. تۈن قاراڭغۇسى قارارگاھنىڭ سىرتىدىكى موڭغۇل لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي يوشۇرۇپ قالغان بولۇپ، موغۇلىستان لەشكەرلىرى ئوق ئېتىپ زەربە بېرەي دېسىمۇ نىشاننى پەرق ئېتەلمەيتتى. قارارگاھنىڭ سىرتىدىن يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان يا ئوقلىرى ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا موڭغۇل لەشكەرلىرى قارارگاھقا باستۇرۇپ كىرىشكە باشلى-

① ياسال بەگ — سەپ بېگى.

غان بولۇپ، موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ھەربىر قەدەم چېكىنىشى ئېغىر بەدەلگە توختاۋاتاتتى.

ـــ سەركەردە بوران خوجىغا ئوق تەگدى!

بۇ مۇدھىش ئاۋازدىن سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى. جانپىدالىق بىلەن قىلىچلىشىۋاتقان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئارىسىدىن سەركەردە بوران خوجىنى تاپالمىدى. يەنە قاراپ تۇرۇشقا پۇرسەت يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىنىمۇ بىر توپ موڭغۇل لەشكەرلىرى ئورىۋالغان بولۇپ، نۆكەرلىرى جان پىدالىق بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى قوغداۋاتاتتى.

ئوڭ كۆكرىكىگە ئوق تەگكەن سەركەردە بوران خوجا ئوقنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئارىغا ئېلىۋالغان ئۈچ ياۋ لەشكىرى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. ئەنە، بوران خوجا ئۇدۇلدىكى لەشكەرنىڭ بوينىغا قىلىچ چاپتى، ئەمما ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم كۆتۈرگەن قولىنى يان تەرىپىدىكى لەشكەرنىڭ زەرب بىلەن ئۇرغان قىلىچى جەينىكىدىنلا ئۈزۈپ تاشلىدى. بوران خوجا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى، ئۇنىڭغىچە يەنە بىر لەشكەر ئۇنىڭ بوينىغا گاچچىدە قىلىچ چاپتى.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ نۆكەرلىرى بىر ـ بىرلەپ قىرىلىپ كېتىۋاتاتتى. موڭغۇل سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانىنى سۇلتان ئۇۋەيسخانغا قاراتقاندەك قىلاتتى، بىر موڭغۇل سەركەردىسى خاننىڭ ئېتىنىڭ بېشىغا سالما تاشلىدى، سۇلتان ئۇۋەيسخان چاققانلىق بىلەن سالمىنى كېسىۋەتتى. ئەمما ئېتىنىڭ پۇتىغا تاشلىغان سالمىنى كۆرمەي قالغانىدى. موڭغۇل سەركەردىسى كۈچەپ بىر تارتىپلا ئاتنى موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن سۇلتان ئۇۋەيسخان قانداق يىقىلىپ چۈشكىنىنىمۇ بىلەلمەيلا قالدى، يوپۇرۇلۇپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇنى باغلاپ ئۈلگۈردى.

پىستىرمىدىن ئازغىنە موغۇلىستان لەشكەرلىرى قېچىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قۇتۇلغانىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخاندىن خاتىرجەم بولالماي لەشكەر باشلاپ كەلگەن سەييىدئەلى ئالپ ئۇلار بىلەن تەڭ يولدا دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— خان ئالىيلىرى قېنى؟ — سورىدى سەييىدئەلى ئالپ جىددىيلەشكەن هالدا.

— ئەمىر كەبىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، — جاۋاب بەردى ئوق تېگىپ يارىلانغان سەركەردە پولات باهادىر خىجىللىقتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي.

— سەركەردە بوران خوجىچۇ ؟

— قازا قىلدى.

— سەركەردە قادىر ئوغلان بىلەن سەركەردە مەنسۇر پالۋاننىڭ ئەهۋالىمۇ نائېنىق، — دېدى سەركەردە قالقانبەگ كۆكۆلداش گۇناهكارلاردەك بېشىنى ئېگىپ.

— سەركەردە ئالچىنبەگ بىلەن سەركەردە تاهىربەگمۇ قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى، — دېدى يەنە بىر سەرۋاز.

سەييىدئەلى ئالپ جەڭدە يېڭىلگەن سەركەردە - لەشكەرلەرگە ئەيىبلەش نەزەرى بىلەن بىر قاراپ قويۇپ ئېتىغا قامچا سالدى. سەركەردە پولات باهادىر بىلەن سەركەردە قالقانبەگ كۆكۆلداش ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار يېتىپ كەلگەندە موغۇل لەشكەرلىرى قارارگاهنى تۈزەشتۈرۈپ، ئېهتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قارارگاهقا هۇجۇم قىلدى، ئەمما ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك يا ئوقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىدى. ياۋ لەشكەرلىرى قارارگاهنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ئوق ئېتىشىۋاتاتتى.

«قاراملىق قىلىۋەرمەي، باياتىنقى جەڭدە ئامان قالغان لەشكەرلەرنى ئەمدى مەن ياۋنىڭ ئوقىغا تۇتۇپ بەرمەي. خان ئالىيلىرىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، ئەتە ياخشىراق بىر ئامال تاپاي...»

ياۋ قارارگاھىغا باستۇرۇپ كىرىشكە ئامال قىلالمىغان سەي-يىدئەلى ئالپ ئىلاجسىز سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى چېكىندۇ-رۇشكە مەجبۇر بولدى.

«ئاھ تەڭرىم، نېمە ئىش بۇ! خان ئالىيلىرىنىڭ لەشكەر تار-تىپ بېرىشىغا يول قويمىسام بوپتىكەن. ھېچبولمىغاندا بىللە كەلسەمچۇ كاشكى، غەپلەت بېسىپتۇ مېنى. ئېھ شەپقەتلىك ئاللاھ، پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلايدىغان قۇدرىتىڭ باردۇر. خان ئالىيلىرىنى ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...»

## 23

موڭغۇللارنىڭ قارارگاھى، قوزا چۈش.

بارگاھى ئالىيدىكى يولۋاس تېرىسى سېلىنغان كۇرسىدا ئولتۇرغان ئىسان تايشى ئۇيقۇسىغا قانمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ يەنىلا روھلۇق ئىدى. ئىككى قاتار بولۇپ چارا قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان سەركەردىلىرى تولىمۇ مەغرۇر ئىدى. ھەربىر سەركەردىنىڭ ئال-دىغا بىردىن پاكار، چاقىقانغىنە شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستى-پىشۇرۇلغان قوي، كالا، بۇغا گۆشلىرى، بوغۇرساق، ئىرىمچىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىلگەنىدى، مۇلازىملار يوغان ئاپقۇرلاردا قىمىز قۇيۇۋاتاتتى. ئىسان تايشى ئاخشامقى غەلىبىسىنى ھازىر تەبرىك-لەۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ ئەسنادا ئىككى نەپەر نۆكەر سۇلتان ئۇ-ۋەيسخاننى بارگاھى ئالىيغا باشلاپ كىردى. سۇلتان ئۇۋەيسخان بىر كېچىدە خېلىلا جۇدەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ ۋۇجۇدىدىكى بىردەملىك قوزغالغان ۋەسۋەسىلەرنى بېسىپ، تۆردە ئولتۇرغان ئىسان تايشىغا تىكىلىپ قارىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان-نىڭ پۈتىدىن بېشىغىچە تېزلا نەزەر تاشلاپ ئۆلگۈرگەن ئىسان

تايشىنىڭ خىياللىرى تولىمۇ زىددىيەتلىك ئىدى.
«ئۇ ئايغىمغا يىقىلىپ، باش ئۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپ، ئىلـ-
گىرى مېنى بىر قېتىم قويۇۋەتكىنىنى پەش قىلىپ بىر قوشۇق
قېنىنى تىلەرمۇ؟ ئەينى يىلى مېنى بارسكۆلدە ئەسىر ئالغاندا ئۇ-
زىنى چىڭگىزخاننىڭ نەسلىدىن دەۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ ھەقىقىي بۇ-
يۈك قاغاننىڭ نەسلىدىن بولسا، ئەلۋەتتە ماڭا ئىززەت قىلمايدۇ
ۋە مېنى ئۆز نۆكىرى قاتارىدا كۆرىدۇ.»
ھەئە، شۇ دەقىقىدە غالىب خان بىلەن مەغلۇپ خاننىڭ كۆز-
لىرى توقۇنۇشتى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ چىرايىدا ئۆلۈم ۋەھـ-
مىسىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئىككى تەرەپتە ئۆزىگە ھېجىيىپ
قاراپ تۇرغان موڭغۇل سەركەردىلىرىگە نەزەر كۆزىنى سىلىپمۇ
قويماي، تۆردە مەغرۇر قىياپەتتە ئولتۇرغان ئېسان تايشىغا نەش-
تەردەك تىكىلگەنىدى. ئېسان تايشى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بۇ
قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن
تۇرۇپ كەتتى.
ـــ كېچىدىن قانداقراق ئۇخلاپتىلا ئالىيلىرى؟ سەركەردى-
لىرىم رەنجىتىپ قويمىغاندۇ ـ ھە؟ ـــ ئۇ يېنىدىكى بوش ئورۇن-
نى كۆرسەتتى، ـــ كەلسىلە، بۇياققا ئۆتۈپ ئولتۇرسىلا.
«ئۇ ماڭا نېمىشقا غەزەپ قىلمايدۇ؟ ماڭا تەزىم قىلمىدىڭ،
ھۆرمەت كۆرسەتمىدىڭ، دەپ ئەيىبلىمەيدۇ؟ كۆزۈمگىمۇ ئۇدۇل
قارىيالمايدىغۇ؟ ھە، ئۇ مەندىن ئەيمىنىدىكەن، يۈرىكىدە ۋەھىمە
بار ئىكەن. لېكىن مەندەك بىر تۇتقۇنغا بۇنچىۋالا ئىززەت قىلىش-
نىڭ ئورنى يوق ئىدىغۇ؟ ياكى مېنى مەسخىرە قىلماقچىمىدۇ؟
بەلكىم ئاگال تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ، ئاندىن جاللاتلىرىغا
كاللامنى ئېلىشنى بۇيرۇپ تازا بىر پۇخادىن چىقماقچىمىدۇ؟
توختا، ئۇنىڭ يالغان ئېھتىرامىغا ئالدانماي. ھازىر دېگەن شېھىت
بولىدىغان چاغ، ئۇنىڭ ساختا ھۆسلىسىگە ئالدىنىپ سالامىنى
ئىلىك ئالماي. ئۆلسەممۇ غۇرۇرۇمنى ساقلاپ ئۆلەي..»
ـــ رەھمەت، مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرەي، ـــ دېدى ئۇۋەيسخان

تەمكىنلىك بىلەن، ــ بىز سىلىگە ئەسىرگە چۈشكەنمىز. ئا-سامىلا، چاپامىلا ئىختىيارلىرى. يالغاندىن بۇنچىۋالا ئىززەت كۆر-سىتىشلىرىنىڭ ئورنى يوق.

ئىسان تايشى خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

ــ ئالىيلىرى زىنھار بەتگۇمان بولمىغايلا. جەڭدە يېڭىش، يېڭىلىش دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ، خىجىل بولمىسىلا.

ــ خىجىل بولمىدىم، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ داملىرىغا چۈشۈپ كەتكىنىمگە ئۆكۈنۈۋاتىمەن.

ــ جەڭدە ھىيلە ئىشلىتىشنى پەقەت بىزلا بىلىمىز دەپ قالغانمىدىلە؟ ــ ئىسان تايشى سۇلتان ئۇۋەيسخانغا بىر دەقىقە تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ــ سىلى بىلگەن جەڭ تەدبىرلىرىنى بىزمۇ بىلىمىز. ئېسىمدە قېلىشىچە، ياغىنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ دېگەن گەپنى ئۆزلىرى قىل-غانغۇ دەيمەن. كۆك تەڭرىگە شۈكۈر. ئالىيلىرىنى ئەسىر ھالەتتە دەرگاھىمدا مېھمان قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن. كەلسىلە، ئاۋۋال بىرەر لوقمىدىن غىزاغا ئېغىز تې-گەيلى.

«ئۇ مېنى نېمە قىلماقچىدۇ؟ گېپىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا ئۆلتۈرۈش مەقسىتى يوقمۇ ـ نېمە؟»

ــ بىز پەقەت كۆڭلىمىزدە ھالاللىقىغا شەك كەلتۈرمىگەن لوقمىلىلا ئېغىز تېگىمىز. ئۆزلەنىڭ داستىخانلىرىدا ھالال نې-مەتلەر يوقتۇر. مۇسۇلمانلارغا ھارام نېمەت تىزىلغان داستىخاندا ئولتۇرۇش جايىز ئەمەستۇر، ــ دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان قىلچە-لىك يۈز ـ خاتىر قىلماي، ــ ئەڭ ياخشىسى مۇددىئالىرىنى ئو-چۇق بايان قىلسۇنلار.

ئىسان تايشى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

«ئۇ ھەقىقەتەن بۈيۈك قاغان چىڭگىزخاننىڭ نەسلىدىنكەن. مېنى ئۆز نۆكىرىچىلىكمۇ كۆرمەيۋاتىدۇ. ئۇنى شۇ تاپتا ئۆلۈمگە بۇيرۇسام، ماڭا بىلدۇرگەن ھۆرمەتسىزلىكىنى، ھاكاۋۇرلۇقىنى

بۇرنىدىن چىقارسام بولىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلسام نامەردلىك قىلغان بولىمەن، باھادىرلىق شەۋكىتىمگە داغ چۈشۈرۈۋالىمەن...»

— ئالپىلىرىنى ھۇزۇرىمىزغا چاقىرىشىمىزدا پەقەت ئۆز ۋاقتىدا ئالپىلىرىدىن كۆرگەن ھۆرمەت قەرزىمىزنى ئادا قىلمىۋېلىشتىن ئۆزگە مۇددىئا يوقتۇر، — دېدى ئىسان تايشى تەمكىن قىياپەتتە سۆزلەپ، — مەردلىك، كەڭ قورساقلىق بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىمۇ ھەم باردۇر. ئالپىلىرى قىلچىلىك ئىزتىراپتا بولمىسىلا، قارارگاھلىرىغا ئەلچى ماڭغۇزدۇق. پەمىمچە، سەركەردىلىرى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئولتۇرسىلا، ئۇنىڭغىچە بىرنەچچە ئېغىز ھال - مۇڭ بولايلى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىسان تايشى كۆرسەتكەن ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، لېكىن داستىخاندىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگمىدى.

شۇ ئەسنادا ھۆدەيچى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

— سەركەردىنى باشلاپ كىرىڭلار، — دېدى ئىسان تايشى.

چىرايىدىن ئاللىقانداق غەم - غۇسسە، تەشۋىش، جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننى كۆرۈپ يەڭگىل تىن ئالدى. ئاۋۋال ئۇۋەيسخانغا، ئاندىن ئەدەپ يۈزىسىدىن ئىسان تايشىغا سالام بەردى.

ئىسان تايشىنىڭ سۇلتان ئۇۋەيسخاننى يولغا سېلىپ قويماي، ئالايىتەن ئەلچى ئەۋەتىپ سەييىدئەلى ئالپنى چاقىرتىپ كېلىشىدە، بارسكۆلدىكى جەڭدە ئۆزى يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بۇ سەركەردىگە ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى باھادىرلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ئويى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ سەييىدئەلى ئالپقا مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ قويدى.

— ئالپىلىرى ئەمدى يانسىلا بولىدۇ، — دېدى ئىسان تايشى سۇلتان ئۇۋەيسخانغا قاراپ، — بايا دېگىنىمىزدەك، ھۆرمەت قەر-

www.uyghurkitap.com

زىمىزنى ئادا قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن سۆلھى ـ سالا قىلىشمايمىز. ناۋادا ئالىيلىرىنىڭ ياغىغا رەغدى بولسا بىز ھەم تەييارمىز.

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا مەيدان جېڭى[1] قىلايلى، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— ئورنى، ۋاقتىنى سىلى بېكىتسىلە، خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن، — دېدى ئىسان تايشى.

ئۇلار بارگاھى ئالىيدىن چىقىشتى.

— ئالىيلىرىغا تەييارلىغان ئاتنى ئەكېلىڭلار، — دېدى ئىسان تايشى.

شۇ ھامان نۆكەرلەر ئېگەر، نوختا، يۈگەن، ئۈزەڭگىلىرىگە كۈمۈش جاۋاھىراتلاردىن بېزەك قويۇلغان ئېسىل موڭغۇل ئارغىمىقىنى يېتىلەپ كەلدى. ئىسان تايشى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى سۇلتان ئۇۋەيسخانغا ئۆز قولى بىلەن تۇتقۇزدى.

— ئاق يول بولسۇن ئالىيلىرى، — ئىسان تايشى سەييىدئەلى ئالىپقا قاراپ دېدى، — جانابى سەركەردە قارارگاھىمىزغا مىنىپ كەلگەن ئېتىنى قويۇپ كەتكەي، ئورنىغا باشقا ئات يەڭگۈشلەپ بەرگەيمىز.

سەييىدئەلى ئالىپ لام ـ جىم دېمىدى. ئىسان تايشى ئەينى يىلى بارسكۆلدە سەييىدئەلى ئالىپنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىنى تارتىۋالغانلىقىنىڭ ئۆچىنى ئېلىۋالغانىدى.

※ ※ ※

ئۆز قارارگاھىغا قايتىپ كەلگەن سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالدىغا چىققان سەركەردىلەر بىلەن سالقىنلا سالاملاشتى. سەركەردىلەر ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا بارگاھى ئالىيغا كىردى ـ دە، مەرتىۋىسى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى. تۆت سەركەردىسىنىڭ ئورنىنىڭ بوش

① مەيدان جېڭى — ھەر ئىككى تەرەپ ۋاقتىنى، ئورۇننى بېكىتىشىپ قىلىدىغان قىر ـ چاپ.

تۇرغانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلدى.

ــ سەركەردە بوران خوجا، پولات باھادىر، قادىر ئوغلان، مەنسۇر پالۋانلار قېنى؟

قارارگاھقا قايتىپ كەلگىچە سۇلتان ئۇۋەيسخانغا شۇم خەۋەر يەتكۈزۈشكە تىلى بارمىغان سەييىدئەلى ئالىپ ئەمدى راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

ــ سەركەردە بوران خوجا، قادىر ئوغلان، مەنسۇر پالۋانلار شېھىت بولدى ئالىيلىرى، پولات باھادىرنىڭ يارىسى خېلىلا ئېغىر.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى، كۆز يېشىنى سەركەردىلىرىگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن تەتۈر قارىۋالدى. تاپىنىدىن كىرگەن بىر ئاغرىق مېڭىسىدە توختىدى، يۈرىكى بىگىز سانجىغاندەك ئېچىشتى. شاھزادە ھەسەن سۇلتان بىلەن لوقمان سۇلتان ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

«نېمىشقىمۇ مەن ئۆلۈپ كەتمىگەندىمەن. ئۇلارنى مەن ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىم...»

ــ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ئالىيلىرى. ئۇلار سەلتەنەتىمىزگە بولغان ساداقىتىنى ۋايىغا يەتكۈزدى، ــ دەپ تەسەللى بەردى سەييىدئەلى ئالىپ، ــ جەڭدە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئول جەننەتماكان سەركەردىلەرنىڭ بۇ ئالەمدىكى رىزقى ـ نېسىۋىسى شۇنچىلىك بولغىيدى. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ جېنىنى بىر سەۋەبكە باغلىق قىلىپ ئالۇر، دەپتىكەن. ئۆلۈم ھەرقاچان باردۇر، زىيادە پىغان چېكىپ مۇبارەك تەنلىرىنى قىينىمىغايلا. ئول سەركەردىلەرنىڭ قېنى ھەرگىز بىكارغا تۆكۈلمەيدۇ، ــ سەييىدئەلى ئالىپ تېخىچە ئۆپكىدەۋاتقان ئىككى شاھزادىگە يۈزلەندى، ــ ئۆزلەرمۇ سەۋر قىلىشسىلا.

ــ ئالىيلىرى پەرمان بەرسىلە، ياۋدىن قان قىساسىمىزنى ئالايلى، ــ دېدى باشقا سەركەردىلەرمۇ.



www.uyghurkitap.com

ــ مېنى بىردەم يالغۇز قالدۇرۇڭلار، ــ دېدى ئۇۋەيسخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

سەركەردىلەر سالام بېرىپ چىقىپ كېتىشتى.

بارگاھى ئالىيدا يالغۇز قالغان سۇلتان ئۇۋەيسخان بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ھەئە، ئۇ ئاشۇ قاچقۇنلۇق، سەرگەردانلىق ھاياتىدا يېنىدىن بىر قەدەم نېرى بولماي ساداقەتمەنلىك ھەم جان پىدالىق بىلەن خىزمىتىنى قىلغان سەركەردە بوران خوجىدىن ئايرىلىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. ئاتىسىدىن كىچىك قالغان، ئاتا مېھرىگە قانماي چوڭ بولغان سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ بۇ پېشقەدەم سەركەردىسىگە خۇددى ئۆز ئاتىسىدەك مېھرى بار ئىدى.

※ ※ ※

ئۈچ كۈن تىپتىنچ ئۆتۈپ كەتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىسان تايشىغا مەيدان جېڭى قىلىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتتى. شۇ تاپتا ھەر ئىككى تەرەپ قارارگاھلىرىدىن ئىلى دەرياسى بويىدىكى تۈزلەڭلىكتە ئىككى چاقىرىم ئارىلىق قالدۇرۇپ جەڭ سېپى تۈزۈشكەنىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ جاسارىتى بىر ــ بىرىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار بىر ھازا داقا ـ دۇمباق چېلىپ، چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ، نەرە تارتىشىپ ھەيۋە كۆرسىتىشتى. سۇلتان ئۇۋەيسخانمۇ، ئىسان تايشىمۇ سەپنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ھەر ئىككىسى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئالدىرىمىغاندەك، قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى دەڭسەۋاتقاندەك قىلاتتى. كۈتۈۋېرىپ تاقىتى ـ تاق بولغان سۇلتان ئۇۋەيسخان ھۇجۇمغا ئۆتۈش پەرمانى بەردى. شۇ ھامان ئۇنىڭ يېنىدىكى تۇغ بېشى[1] ھۇجۇمغا ئۆتۈش بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ، جەڭ سىگنالى چېلىشقا بەلگە بەردى. بەلگىنى

① تۇغ بېشى ــ خانىنىڭ تۇغ ـ ئەلەمنى كۆتۈرىدىغان لەشكەرلەرنىڭ باشلىقى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆرگەن نەچچە ئونلىغان ناغرىچىلار ناغرىلىرىنى ھۇجۇمغا ئۆتۈش پەدىسىگە چېلىشقا باشلىدى. ناغرا ساداسى بىلەن تەڭلا سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن سەيىدئەلى ئالىپ ئاتلىرىغا قامچا سالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەر نەرە تارتقىنىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

رەقىبىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكىنىنى كۆرگەن ئىسان تايشىمۇ قولىدىكى ئەگرى قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پەرمان بەردى ـ دە، ئېتىنى زەرب بىلەن ئېقىندىدى. دەقىقە ئىچىدە كۆتۈرۈلگەن قىر ـ چاپ سادالىرى پۈتكۈل ئىلى ۋادىسىنى لەرزىگە كەلتۈردى. قىلىچلار قۇياش نۇرىدا ۋاللىدايتتى، بىر ـ بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن ئۇچقۇن چاچرايتتى. ئاتلار كىشنەيتتى، لەشكەرلەر تىغ زەربىسىدىن ئىڭرايتتى، بىردەمدىلا پۈتكۈل يايلاق قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى. لېكىن ھېچقايسى تەرەپ چېكىنەي دېمەيتتى، سۇلتان ئۇۋەيسخانمۇ، ئىسان تايشىمۇ قارشى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىنى رەھىمسىزلەرچە چاپاتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ۋۇجۇدى قىساس ئوتى بىلەن يانغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قىر ـ چاپ بىلەنلا بولۇپ كەتكەنىدى. موڭغۇل سەركەردىلىرى سۇلتان ئۇۋەيسخاننى ھۇجۇم نىشانى قىلىۋالغان بولۇپ، ھە دېگەندە توپلىشىپ ھەملە قىلاتتى. جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەچ قىلىچ چېپىۋاتقان سەيىدئەلى ئالىپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ قورشاۋدا قالغىنىنى كۆرۈپ، خاننى ئارىغا ئېلىۋالغان موڭغۇل سەركەردىلىرىگە ئېتىلدى. سۇلتان ئۇۋەيسخانغا يېقىن يولىيالمىغان موڭغۇل سەركەردىلىرى ئەمدى يوشۇرۇن ئوق ئېتىشقا كىرىشكەنىدى. گەرچە سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۆزىنى ئوقتىن مۇداپىئە قىلىشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېتى يارىلاندى، بىر تال ئوق ئاتنىڭ سول كۆزىگە تەگكەنىدى. ئوق زەربىسىگە چىداشلىق بېرەلمىگەن ئات بىرنەچچىنى سەكرەپ يىقىلدى. ئات بىلەن تەڭ يىقىلغان سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بىر قولى سۇنغانىدى، سۇلتان

ئۇۋەيسخان پىيادە قالدى.

«ئاپلا! خان ئالىيلىرى بۇنداق قارامىلىق قىلمىسا بولاتتى. سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئۇنى ئات ئۈستىدە كۆرمىسە جاسارىتى سۇسلىشىدۇ. خان ئالىيلىرىنى بۇرۇنراق تونۇۋالسام بوپتىكەن. نۆكەرلىرىمۇ، تۇغچىلىرىمۇ چېچىلىپ كېتىپتۇ. خان ئالىيلىرىنى دەرھال ئاتقا مىندۇرۇش كېرەك...»

سەييىدئەلى ئالپ ئۇقتەك كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، سۇلتان ئۇۋەيسخاننى ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىندۇردى ۋە خانغا قىلىچ ئۇرۇشقا تەمشەلگەن موغۇل سەركەردىسىنى ئاتتىن يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ ئۆزىگە قالقان قىلىۋالدى، ياۋ لەشكەرلىرى ئوق ئېتىشتىن توختاشقا مەجبۇر بولدى.

ــ ئۆز سىپىمىزگە قايتىپ لەشكەرلەرگە مەدەت بېرەيلى ئالىيلىرى، بەك ئىچكىرىلەپ كېتىپتۇق.

سەييىدئەلى ئالپ بىر قولىدا موغۇل سەركەردىسىنى قالقان قىلىپ، بىر قولىدا سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئىمكان بار ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ توپىغا يېقىنلاشماقچى بولدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئاتتىن يىقىلغىنىنى كۆرگەن لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتى سۇسلاشقانىدى. ئۇلار خان بىلەن سەييىدئەلى ئالپنىڭ كەينىگە يانغىنىنى كۆرۈپ جەڭ قىلغاچ چېكىنىشكە باشلىدى.

«ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى مانا. لەشكەرلەر خان ئالىيلىرى بىلەن مېنى چوقۇم چېكىندى دەپ قالدى، قانداق قىلاي، خان ئالىيلىرىنى بۇ ئەھۋالدا تاشلاپ قويغىلى بولمىسا. سەركەردە قالقانبەگ كۆكۈلداش بىلەن تاھىر بەگلەر قېنىكىن...»

رەقىبلىرىنىڭ جەڭ قىلىشتىن رايى يېنىپ چېكىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەن موغۇل سەركەردىلىرى قايتىدىن جانلاندى ـ دە، ياي شەكلىدە سەپ تۈزۈپ، دەريا بويىغا قاپسىۋالدى. بىر تەرەپتە ۋەھشىي ياۋ، بىر تەرەپتە ھەيۋەتلىك دەريا. موغۇلىستان لەشكەرلىرى قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى.

«ئەمدى بۇزۇلغان جەڭ سېپىنى قايتىدىن تۈزۈپ، قىستاپ كەلگەن ياۋغا تاقابىل تۇرماق تەس، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ چېكىنىش كېرەك. بولمىسا تالاپەت تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ دالدىلانماقتىن باشقا چارە يوق...»

سەييىدئەلى ئالىپ قولىدىكى موڭغۇل سەركەردىسىنى بىر ئىرغىتىپلا دەرياغا تاشلىدى ـ دە، ئۆزىمۇ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سۇغا سەكرىدى. خان بىلەن سەييىدئەلى ئالىپنىڭ سۇغا كىرگىنىنى كۆرۈپ باشقا سەركەردە ـ لەشكەرلەرمۇ سۇغا سەكرەشكە باشلىدى. بۇ ئىلى دەرياسىدا تاشقىن بولغان مەزگىل بولۇپ، سۇ شىددەت بىلەن ئاقاتتى. سۇغا كىرگەن لەشكەرلەر بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئېقىشقا باشلىدى.

— ئالىيلىرى مەھكەم ئولتۇرسىلا.

سەييىدئەلى ئالىپ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ، قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان لەشكەرلىرىنى كۆزىتىۋاتقان سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ھەئە، ئۇ ئىككى غۇلاچ يىراقلىقتا ئېقىپ كېتىپ بارغان مەرھۇم تاغىسى سۇلتان شىرمۇھەممەدخانىنىڭ ئىككى خانزادىسىنى كۆرۈپ قالغانىدى. تورپاندەك قورغاق رايوندا چوڭ بولغان بۇ ئىككى خانزادە ئىلى دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك ئېقىنىدا قورقۇپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقانىدى.

— ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالسىلا ئەمىر كەبىرا!

سۇلتان ئۇۋەيسخان شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىنى سۇغا ئاتتى، سەييىدئەلى ئالىپمۇ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بېرىپ ئىككى خانزادىگە قاراپ ئېتىلدى. بىر قولى سۇنغان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىككى خانزادىنى قۇتقۇزۇش تۇگۇل، ھەيۋەتلىك سۇ دولقۇنىدا ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزالمايۋاتاتتى. سەييىدئەلى ئالىپ خانىنىڭ ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ دەرھال بېرىپ سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ھەيۋەتلىك قايىنام

ئىككى خانزادىنى يۇتۇۋەتتى.

ــ ھەسەن سۇلتان!

ــ لوقمان سۇلتان!

سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن سەييىدئەلى ئالپ كۆز ئالدىدىلا غايىب بولغان ئىككى خانزادىنىڭ ئىسمىنى ئەنسىز تونۇلدى، بىراق ئۇلار ئىككىنچى قېتىم سۇ يۈزىدە كۆرۈنمىدى.

ــ بولدى ئالىيلىرى، ئۇلارنى ئەمدى ئىزدىمەيلى.

سەييىدئەلى ئالپ شىددەتلىك قاينام بىلەن ئېلىشقاچ سۇلتان ئۇۋەيسخاننى سۇ دولقۇنلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ قارشى قىرغاقا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. خاننىڭ بىر قولى سۇنغان بولغاچقا پەقەتلا ھەرىكەتلىنەلمەيتتى. سۇ بەكمۇ شىددەتلىك ئاقاتتى، بىر ئادەمنى سۆرەپ ئەمەس، تەنھا ئۈزۈپ ماڭماقمۇ تەس ئىدى، سەييىدئەلى ئالپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئېگىلىپ ئاققان دەريا سۈيى ئۇلارنى قارشى قىرغاققا ئەمەس، ئەسلىدىكى قىرغاققا ئېقىتىپ كەتتى.

تۇرپان لەشكەرلىرى ئەزەلدىن سۇ ئۈزۈشكە ماھىر ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىلى دەرياسىغا غەرق بولدى. سۇ ئۈزەلەيدىغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى سۇ يەنە ئەسلىدىكى قىرغاققا ئېقىتىپ ئاپىرىپ قويغانىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ لەشكەرلەرنى موغۇل لەشكەرلىرى ئاسانلا ئەسىرگە ئالدى.

※ ※ ※

ئۈچ كۈندىن كېيىن ياۋنىڭ قارارگاھىدا ئەمەس، ئۆزىنىڭ قارارگاھىدا نەزەربەندتە تۇرۇش سۇلتان ئۇۋەيسخانغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە تولۇق نۇسرەت قازانغان ئىسان تايشى قارارگاھنى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ قارارگاھىغا يۆتكىگەنىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن پەقەتلا كۆرۈشمىدى، ئۇلار سۇلتان ئۇۋەيسخاننى ئايرىم قامىغانىدى. بۇ ئۈچ

www.uyghurkitap.com

كۈنلۈك قاماق سۇلتان ئۇۋەيسخانغا ئۈچ يىلدەك ئۇزاق تۇيۇلدى. بۇ ئۈچ كۈننى كىرپىك قاقماي، تۈزۈك غىزا يېمەي غەم ـ غۇسسە، تەگسىز تەشۋىشلىك خىياللار ئىلكىدە ئۆتكۈزدى. ھەئە، ئۇنىڭ ئەس ـ يادى خوتۇن ـ بالىلىرىدا قالغانىدى.

«ئى ياراتقان ئىگەم، ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن قايسى گۇناھىم ئۈچۈن بۇ قارا كۈنلەرنى راۋا كۆرگەنسەن؟ سۇلتان دۆلەت خانىش بىلەن كۈنتۇرا خانىش نەدىدۇ؟ ئىككى خانزادەم ئامانمىدۇ؟ سىڭىللىرىم ئۇزسۇلتان مەلىكە بىلەن مەختۇمسۇلۇ مەلىكە ئۇلار بىلەن بىللىمىدۇ؟ ئۇلار ئىسان تايشىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانمىدۇ ياكى قېچىپ قۇتۇلغانمىدۇ؟ ھەي ئىسىت، نېمىشقىمۇ ئۇلارنى ئاستانىدە قالدۇرۇپ قويماي بىللە ئېلىپ كەلگەن بولغىيدىم؟ ئۇلار نېمىشقىمۇ سەييىدئەلى ئالىپ بىلەن مېنى ئايرىم قامايدىغاندۇ؟ ۋادەرىخا! بۈيۈك موغۇلىستان ئېلىنىڭ سەلتەنەتى مېنىڭ قولۇمدا مۇشۇنداق ۋەيران بولۇپ كېتەرمۇ ئەمدى؟ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىم ياۋنىڭ قولىدا قىرىلىپ كېتەرمۇ؟ ئىسان تايشى نېمىشقا ھازىرغىچە مەن بىلەن كۆرۈشمەيدىغاندۇ؟ نېمە مۇددىئاسى باردۇر مېنى بۇنداق ئايرىم قاماپ...»

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىككى خانىشنى، ئىككى ئوغلىنى، ئىككى سىڭلىسىنى ئىلى ۋادىسىغا بىللە ئېلىپ كەلگىنىگە قاتتىق پۇشايمان يەۋاتاتتى.

«ئىلىنىڭ ھاۋاسى تۇرپانغا ئوخشىمايدۇ، مەنزىرىسىمۇ جەننەتتەك گۈزەل، بوپتۇ ئېلىۋالايلى، باراۋەت قىلىپ كەلگەنگە ھېساب بولۇر» دېگەندى سەييىدئەلى ئالىپ خانىش، مەلىكىلەرنىڭ خانغا ھەمراھ بولۇپ ئىلى ۋادىسىغا بىللە بېرىش تەلىپىنى قۇۋۋەتلەپ.

شۇ تاپتا سۇلتان ئۇۋەيسخان قايسى بارمىقىنى چىشلىسە ئاغرىيتتى، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالغانىدى.

«ئۇلارنى ئاستانىدە قالدۇرۇپ قويغان بولسام، گەرچە مەن موڭغۇلنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ، ساداقەتمەن ئەمىر ـ سەركەردىلىرىم خانزادىلىرىمنى نائىب خانلىققا كۆتۈرۈپ تەختىمدە

ئولتۇرغۇزاتتى. ئۇلار ئاتا ـ ئەجدادلىرىمدىن مىراس قالغان بۇ سەلتەنەتنى داۋاملاشتۇراتتى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن. غۇرۇر، شانۇ شەۋكەتنى قايرىپ قويۇپ ئىسان تايشىغا يېلىنسام ئىككى خانزادەمنى ئامان قويارمىكىن؟ ساق ـ سالامەت تۇرپانغا قايتىشىغا ئىجازەت بېرەرمىكىن؟ مەيلى، خالىسا ئۇنىڭغا زىممىي-لىك بىلدۈرۈپ① ئىتائەت گەردىنىمنى سۇنارمەن. بۇنىڭدىن ئۆز-گە ياخشىراق چارىمۇ يوق ئوخشايدۇ...»

قاماقخانىغا كىرىپ كەلگەن موڭغۇل سەركەردىسى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— بۈيۈك قاغان ئۆزلىرىنى ھۇزۇرىغا چىللايدۇ، — دېدى موڭغۇل سەركەردىسى ئېھتىرام بىلەن.

سۇلتان ئۇۋەيسخان تارتىنىشىپ تۇرمايلا ئورنىدىن تۇردى، يۈ-رىكىدىكى ئۆچەي ـ ئۆچەي دەپ تۇرغان ئۈمىد شامى ئاجىز پى-لىلدىدى، گەپ ـ سۆز قىلمايلا موڭغۇل سەركەردىسگە ئەگەشتى.

«ئى ياراتقان ئىگەم، يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن تۆگىنى يۈكى بىلەن ئۆتكۈزەلەيدىغان كارامىتىڭ باردۇر. مۈشكۈلۈمنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن، ياتلارغا خارۇزار قىلمىغايسەن...»

سۇلتان ئۇۋەيسخان بارگاھى ئالىينىڭ تۆرىدىكى يولۋاس تېرىسى سېلىنغان كۇرسىدا مەغرۇر قىياپەتتە ئولتۇرغان ئىسان تايشىغا كۆڭلىدىكى ۋەھىمىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ نە-زەر تاشلىدى، قاراشلىرى ئانچە ئۆتكۈر ئەمەس ئىدى. ۋۇجۇدىدىكى غەم ـ تەشۋىشلەر، زىددىيەتلىك تۇيغۇلار چىرايىغا تېپىپ چىققا-نىدى. ئۇ ئىسان تايشىغا سالام قىلىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ غۇ-رۇرى يول قويمىدى. تەختكە چىققاندىن بېرى سەلتەنەتنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان بۇ شاھانە كۇرسىدا ئىسان تايشىنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن گېدىيىپ ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۇ-

① زىممىيلىك بىلدۈرۈش — ئېتىقادىنى ساقلاپ بويسۇنۇش.

چۈرگۈنىدى. ھەئە، بۇ شاھانە كۈرس سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ نەزە-
رىدە خانىش بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىن يولىغان
ھەرقانداق ئادەم شۇ ھامان ئۆلۈمگە مەھكۇم بولاتتى. ئەرلىك غۇ-
رۇرى دەپسەندە بولغاندەك تۇيغۇغا كەلگەن سۇلتان ئۇۋەيسخان غە-
زەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش-
قا مەجبۇر بولدى. شۇ دەقىقىدە ئۆزىنىڭ تولىمۇ بىقۇۋۋەل ئىكەن-
لىكىنى ھېس قىلغانىدى.
سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزىتىپ ئول-
تۇرغان ئىسان تايشى بىرىنچى قەدەمدە غۇرۇرىنى، شاھانە كىبى-
رىنى سۇندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ھۇزۇر-
لىنىپ كۈلدى، ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەك-
لىپ قىلمىدى، كۈلكە يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۈچلۈك مەس-
خىرە، كىبىر ئۇچقۇنلىرى بالقىيتتى.
«ئۆزۈڭنى چىڭگىزنىڭ نەسلىمەن دەپ قىلغان ئاتىكارچىلى-
قىڭ قېنى ئۇۋەيسخان؟ قېنى، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ئاشۇ تە-
كەببۇرلۇقۇڭنى يەنە كۆرسەتمەمسەن؟ چاققان بول، ئايغىمغا باش
قويۇپ ماڭا يېلىن! ئاتتىن چۈشسەڭمۇ ئۇزەڭگىدىن پۇتۇڭنى
ئالالمايۋاتىسەن ـ ھە شۇ تاپتا. نېمىلا دېگەن بىلەن يىگىتلىكىڭ،
نوچىلىقىڭ بار ئىكەن. يۈرىكىڭدىكى تەشۋىشلەر كۆزلىرىڭدىن
چىقىپ تۇرسىمۇ، غۇرۇرۇڭنى ساقلاشقا تىرىشىۋاتىسەن، ساڭا
قول قويدۇم...»
ــ جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمىدېگەن ئاجايىپ ـ ھە ئالىيلى-
رى، ــ دېدى ئىسان تايشى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ــ يەنە كۆ-
رۈشۈپ قالدۇق مانا. غەلىبەمنى تەبرىكلىمەي قاراپ تۇرىلىغۇ؟ قا-
يىل بولمايۋاتاملا ـ يا؟
سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۆزىنى ھەرقانچە مەغرۇر تۇتۇشقا تى-
رىشسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ كېتىپ
باراتتى، گەدىنىگىچە قىزىرىپ، تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى. شۇنچە



www.uyghurkitap.com

يىلدىن بىرى ئۆزى سۆر كۆرسىتىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن تەختىنىڭ ئالدىدا بۇنچىۋالا بىچارە ھالەتتە تۇرۇپ قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ مىلىڭ تەستە زۇۋانغا كەلدى:

— مەغلۇپ بولغىنىمنى ئەلۋەتتە تەن ئالىمەن. شۇنى ئۇن-تۇمىسىلاكى، بەندە ئۇچۇن جاھاندا ئەبەدىي غالىبلىق مەۋجۇت ئەمەس. مانا، ھايال ئۆتمەي يەنە قوللىرىغا چۈشتۈك. ئەمدى ئۆزلىنىڭ بىزگە قايتۇرىدىغان ھۆرمەت قەرزلىرى ھەم يوقتۇر. ئاتاملا، چاپاملا، ئاساملا ئىختىيارلىرى. پەقەت ياراتقان ئاللاھ ئىگەمنىڭ ئىنايىتىگىلا تىۋىنىمەن، — سۇلتان ئۇۋەيسخان ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدى. ئىسان تايشىنىڭ كۆزىگە تىك قارىدى، — سەمىلىرىگە پەقەت بىر ئىشنىلا سىلىپ قويماقچىمەن: مېنىڭ ۋابالىم خاتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمغا تەگمىگەي. بىزنىڭ ئىلكى-مىزدىكى ئاياللار ۋە بالىلار گۇناھسىزدۇر. مەگەركى ئۆزلىرىنى يەنىلا مەرد، باھادىر ئەزىمەت ھېسابلىسىلا، خاتۇن ـ بالىلىرى-مىزغا زىنھار زەرەر يەتكۈزمىگەيلا.

«يارايسەن ئۇۋەيسخان، يىگىتتەك گەپ قىلدىڭ. خاتۇن ـ با-لىلىرىنى سۆيمىگەن، قەدىرلىمىگەن ئەرنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولسۇن؟ ئۆزۈڭنىڭ جېنىڭ بىلەن بولماي، ئاشۇ ئاجىزەلەرنىڭ غېمىنى يەۋاتىسەن. مانا بۇنى باھادىرلىق دەيمىز...»

ئىسان تايشى قاپىقىنى تۈردى.

— ماڭا شەرت قويۇۋاتامدىلا ئالىيلىرى؟

— يوقسۇ، ئالىيلىرىنىمۇ جاھاندىكى شىرمەت باھادىرلارنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىغىنىم ئۇچۇن ئۆتۈنۈۋاتىمەن.

ئىسان تايشىنىڭ چىرايى بىرئاز ئېچىلدى.

— ئەزەل ـ ئەزەلدىن مەغلۇپ خاننىڭ خاتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش غالىب خانلارنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ كەلگەن. بۇ يوسۇننى ئالىيلىرىمۇ ئوبدان بىلىدىغۇ دەيمەن؟ شۇڭا ئالىيلىرىنىڭ خانىشىنى ھەرىمىمىزگە ئەكىلىپ توقال قىلىشقا ھەققىمىز ئەلۋەتتە باردۇر.

www.uyghurkitap.com

سۇلتان ئۇۋەيسخان غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، ئىسان تايشىغا نەشتەردەك تىكىلدى، تىلى گەپكە كەلمىدى.

ــ ئاگاھ بولسىلاكى، شۇ تاپتا شەرتنى ئۆزلە ئەمەس، مەن قويسام يارىشىدۇ، ــ دېدى ئىسان تايشى مەغرۇرلۇق بىلەن، ــ بوپتۇ، گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا دەي: ئالىيلىرىنىڭ سىڭلىسى مەلىكە مەختۇمسۇلۇ جاھاندا تەڭدىشى يوق بىر گۈزەل ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى خالايمەن. شەرت شۇكى، ئۇمۇ بۇ نىكاھنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلىشى كېرەك. ناۋادا ئالىيلىرى ئول سىڭلىلىرىنى ماڭا بېرىشكە قوشۇلسىلا ھەمدە ئۇنى قايىل قىلسىلا، ئوتتۇرىمىزدىكى ئاداۋەت مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ. سىلىمۇ خانىش، شاھزادىلىرىنى ئېلىپ تۇرپانغا ئامان ـ ئېسەن قايتالايدىلا.

سۇلتان ئۇۋەيسخان بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ جاۋاب بەردى:

ــ ناۋادا قوشۇلمىسامچۇ ؟

ــ ئول چاغدا تۇرپانغا ئۆزلىرى يالغۇز قايتىدىلا.

كۆز ئالدىغا ئىككى خانىشى بىلەن ئىككى ئوغلىنى كەلتۈرگەن سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ۋۇجۇدىنى چىدىغۇسىز بىر ئازاب چۇلغىۋالدى، يۈرىكى بىگىز تىققاندەك ئېچىشتى. خوتۇن ـ بالىلىرىنى موڭغۇل سەركەردىسىگە تاشلاپ بېرىپ تۇرپانغا بارغىنىدىن مۇشۇ يەردىلا ئۆلگىنى ئەۋزەل ئەمەسمۇ!

ــ سەييىدئەلى ئالپ نەدە؟ ــ سورىدى ئۇۋەيسخان بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ.

ــ خاتىرجەم بولسىلا، ئول سەركەردە ئوبدان كۈتۈنۈۋاتىدۇ.

شۇ تاپتا سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بۇ ئىشنى سەييىدئەلى ئالپ بىلەن مەسلىھەتلەشكۈسى بار ئىدى. لېكىن، ئىسان تايشىغا بۇ خىيالىنى بىلدۈرگۈسى كەلمىدى.

«ئاھ تەڭرىم، ئەجەب بىر تەڭقىسلىقتا قالدىمغۇ ئەمدى. قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ چىرايلىق، ئوماق سىڭلىمنى ئاشۇ موڭغۇل

خانغا بېرەرمەنمۇ؟ بۇ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىسى يوقمىدۇر زادى...»

— ئۇنداق بولسا مەن سىڭلىم بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، — دېدى ئامالسىز قالغان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ.

ئىسان تايشى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن مەلىكە مەختۇمسۇلۇ خېنىمنى ئايرىم بىر چېدىردا كۆرۈشتۈردى.

ئاكىسىدىن ئىسان تايشىنىڭ شەرتىنى ئاڭلىغان مەختۇمسۇلۇ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخان سىڭلىسىنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بېشىنى سېلىپ ئولتۇراتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىمۇ ئىچ ـ ئىچىدىن بىر يەغا قاپسىۋالغانىدى. ئەمما سىڭلىسىنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى قىلىشنى لايىق كۆرمەي، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغانىدى.

— خالىمىسىلا ھەرگىز زورلىمايمەن، پەقەت ئامالىنىڭ يوقىدىن بۇ گەپنى دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مەن چىقىپ ئىسان تايشىغا جاۋابىنى بېرىۋېتەي، بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز.

— توختىسىلا، — دېدى مەلىكە مەختۇمسۇلۇ ئاكىسىنى توختىتىۋېلىپ، — ئول موغۇل خانىغا جاۋابىنى ئۆزۈم بېرەي.

سۇلتان ئۇۋەيسخان يالت ئېتىپ سىڭلىسىغا قارىدى. مەختۇمسۇلۇنىڭ كۆزلىرىدە بايامقى بىچارىلىك، سولغۇنلۇق، ۋەھمىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان گەپ قىلمايلا سىڭلىسىنى باشلاپ ماڭدى، ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرى تولىمۇ ئېغىر ئىدى، ۋۇجۇدى پۈتكۈل خەلقئالەمنىڭ مەسخىرىسىگە قالغاندەك ئازابلىق، ھەسرەتلىك ئىدى. «ياق» دەپ كەينىگە يانغۇسى كېلەتتى، ئەمما كۆز ئالدىغا ئىككى خانىش بىلەن ئىككى خانزادىسى كېلىۋېلىپ، دەقىقە ئىچىدە ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان قارشىلىق تۇيغۇلىرى بىتچىت بولاتتى. ئانىسى سۇلتان خاتۇن ھازىرلا ئال-

ـدىدا پەيدا بولۇپ ئەيىبلەيدىغاندەك ئەتراپىغا چۆچۈپ قارايتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىسان تايشىنىڭ ئالدىغا پۇتىدا ئەمەس، يۈزىدە دەس-سەپ كېتىپ باراتتى.

مەلىكە مەختۇمسۇلۇنى كۆرگەن ئىسان تايشى ھىجايغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. مەلىكە يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئىسان تايشىنىڭ چىرايىغا تىكتى:

— تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلدىم ئالىيلىرى. لېكىن شەرتىم شۇكى، بىرىنچىدىن، بارلىق ئەسىرلەرنى قورال ـ ياراغ، ئات ـ جابدۇقلىرى بىلەن قويۇۋېتىدىلا؛ ئىككىنچىدىن، مېنى ئېلىپ دەرھال ئېلى ۋادىسىدىن كېتىدىلا؛ ئۈچىنچىدىن، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدىلا؛ تۆتىنچىدىن، موغۇلىستان تەسەررۇپىغا ئىك-كىنچىلەپ تەئەررۇز قىلمايدىلا.

— بولىدۇ، مەلىكەمنىڭ ھەممە شەرتىنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى ئىسان تايشى گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا قەددىنى رۇسلاپ. ئاندىن سۇلتان ئۇۋەيسخانغا يۈزلەندى، — ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا. شۇ تاپتا موغۇلىستان سۇلتانلىرىنىڭ مە-لىكىسىگە ئۆيلىنەلىگىنىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ پەخىرلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، بۇ نىكاھتىن شەكىل-لەنگەن دوستلۇقىمىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تۇغقاندارچىلىقىغا سە-ۋەب بولغۇسى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان لام ـ جىم دېمىدى. كۆزلىرى سىڭلى-سىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

— ئەمىسە بۇ قارارگاھ ھازىردىن باشلاپ سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرىغا تەئەللۇق بولدى، — دېدى مەلىكە مەختۇمسۇلۇ ئىسان تايشىغا قاراپ، — قېنى، ئالىيلىرى بىز ماڭايلى.

ئىسان تايشى تەئەججۇپلىنىپ مەلىكىگە قارىدى:

— توي قىلمايلا مۇشۇنداق كېتەمدۇق مەلىكەم؟

— توينى ئۆزلەنىڭ تەسەررۇپلىرىغا بارغاندا قىلۇرمىز، —

دېدى مەختۇمسۇلۇ.

ئىسان تايشى سەركەردىلەرگە بارلىق لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش پەرمانى بەردى. ئاندىن مەلىكە مەختۇمسۇلۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئۆزىنىڭ قارارگاھىغا قاراپ ماڭدى. نېمە ئۈچۈندۇر مەلىكە ئاكىسى بىلەن خوشلاشمىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان سىڭلىسىنىڭ كەينىدىن قارىسى يېتكۈچە قاراپ تۇردى. ھەئە، كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياش خېلىلا ئۆسۈپ قالغان ساقاللىرى ئارىسىغا سىرغىپ باراتتى...

※ ※ ※

سۇلتان ئۇۋەيسخان ھەر دائىم يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا سۆيۈملۈك سىڭلىسى مەلىكە مەختۇمسۇلۇنى ئەسلەيتتى. خىيالىدا سىڭلىسى بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايتتى. مۇشۇ قېتىمقى خوشلىشىش سىڭلىسى بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئەپسۇس، مەختۇمسۇلۇ خېنىم ئىسان تايشى بىلەن شۇ كەتكەنچە موغۇلىستان زېمىنىغا ئىككىنچىلەپ قەدەم باسمىدى. ھەئە، موڭغۇللارمۇ بۇ زېمىنغا خېلى يىللارغىچە يېقىن يولىمىدى.

شۇنداق، سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىلى ۋادىسىدىن تۇرپانغا پۈتىدا ئەمەس، يۈزىدە مېڭىپ كەلگەندەك كۆتۈرۈپ قويىقۇسىز خىجىللىق، نومۇس تۇيغۇسىدا قايتىپ كەلدى. قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققان شەھەر خەلقىنىڭ ياڭراتقان ئالقىشلىرى گويا مەسخىرىدەك، تەنىدەك بىلىنىپ، بېشىنى تونىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراشقا، خەلقىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ سالام قايتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. كىملەرنىڭدۇر مەختۇمسۇلۇ مەلىكىنى سوراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ خۇدۇكسىرىدى، ئانىسى سۇلتان خاتۇنىنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرگەندە گەدىنىگىچە قىزىرىپ لام ـ جىم دېيەلمىدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئانىسىنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى.

مەلىكە ئۈزسۇلتان خېنىم ئىلى ۋادىسىدا دۇچ كەلگەن پېشـ كەللىكنى، جەڭدىكى مەغلۇبىيەتنى، سىڭلىسى مەختۇمسۇلۇنىڭ ئەھۋالىنى ئانىسىغا ئاللىقاچان ئېيتىپ بولغانىدى. شۇڭا سۇلتان خاتۇن ئوغلىنىڭ گۇناھكارلاردەك بىچارە تۇرقىغا، نومۇستىن قىـ زىرىپ، خىجىللىقتىن ئالاپاساق بولۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. قىزىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئازابى يۈرىكىنى ئۆرتەپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئوغلىغا تەسەللى بەردى:

ــ ھەممە ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەر تاپتىم، ــ دېدى ئوغلىغا مېھرى بىلەن قاراپ، ــ نەچارە، ياراتقان ئىگىمىزنىڭ پېشانـ مىزگە پۈتكىنى شۇ ئوخشايدۇ. بەندە تەقدىرنىڭ يازمىشىدىن قۇ- تۇلالىغان ئەمەس، قەددىلىرىنى رۇسلىسىلا. بۇ ھەرگىزمۇ سىلىـ نىڭ گۇناھلىرى ئەمەستۇر. مەن مەلىكە مەختۇمسۇلۇ خېنىمغا بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى. ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالـ غان بۈيۈك سەلتەنەتنى، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئۇلۇغ تۇپراقنى، ۋەتەننى ياۋلاردىن قوغدىماق ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرـ يىتىدۇر. سىڭلىلىرى مەختۇمسۇلۇ خېنىم بۇ مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدى. بۇ سەلتەنەت ئۈچۈن ئۆزلە بولمىسىلا بولمايـ دۇ. چۈنكى، ئۆزلە ئەل ـ يۇرتنىڭ پاسىبانى، پاسىباندىن ئايرىلـ غان يۇرت چوپاندىن ئايرىلغان پادىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنداق پاـ دىنى بۆرىمۇ تالايدۇ، ئوغرىمۇ بۇلايدۇ. ئەل ـ يۇرت ۋەيران، سەرـ سانچىلىققا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر شۇ يەردە مەن بولغان بولسامـمۇ تاجۇتەختتىن، ئەل ـ يۇرتنىڭ بەختى، ئاسايىشلىقى ئۈچۈن بىر مەختۇمسۇلۇ ئەمەس، ئون مەختۇمسۇلۇ بولسىمۇ مېھرىدىن كېـ چەتتىم. چۈنكى، ھەرقانداق بىر جامائە ـ قوۋمنىڭ بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، ئۇل قوۋمدىن ئۆز قوۋمى، سەلتەنەتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار مەرد ـ باھادىرلار چىقمىـ سا، ئۇنداق قوۋم، سەلتەنەت تېزلا ۋەيران بولىدۇ، چىرىپ تۈگەيـ دۇ. ھەممە ئاھالىسى ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشنى

ۋاجىپ دەپ بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىدىن ھېچ-قانداق بىر سەۋەب بىلەن باش تارتىشنى راۋا كۆرمەيدىغان بىر ھۆكۈمدارى بولمىغان مەملىكەتنىڭ ئەھۋالى چوقۇم قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالىدۇ، ۋەيرانچىلىققا، زوراۋانلىققا يۈز تۇتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلەنى يالغۇز ئوغۇل بولۇپ قالدى، دەپ بەكمۇ ئۆكۈنگەنىدىم، ئەسلىدە خاتالاشقانىكەنمەن. ئاشۇنداق ئەر ھىممەتلىك سىڭىللىرى بولغانلىقىدىن پەخىرلەنسىلە. ياراتقان ئىگەم بۇيرۇغان بولسا يەنە ئامان ـ ئېسەن دىدارلىششقا نېسىپ قىلۇر.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئانىسىنىڭ ئالدىدا ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇۋالدى. شۇ تاپتا ئانىسى ئۇنى دەھشەتلىك قىيناۋاتقان ئازابلىرىغا، ھەسرەتلىرىگە مەلھەم سۈرتۈپ قويۇۋاتاتتى.

ھەئە، سۇلتان ئۇۋەيسخان سىڭلىسىغا بىرنەچچە قېتىم ئېسىل سوۋغاتلار بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتتى، لېكىن سىڭلىسىدىن جاۋاب خەت ئالالمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر مەلىكە مەختۇمسۇلۇ خېنىم ئاكىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئاغزاكى سالام بىلەن قايتۇرۇۋەتكەنىدى...

## 24

مىلادىيە 1428 ـ يىلى، كۈز.

ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي ياغقان يامغۇردا يۇيۇنۇپ باشقىچە گۈزەللىشىپ كەتكەن ئىسسىقكۆل ۋادىسىغا ئەتىگەندىن بېرى شوخ قىزلاردەك ئاپئاق بۇلۇتلار بىلەن مۆكىمۆكىلەك ئويناۋاتقان قۇياشنىڭ جامالىدىن تۆكۈلگەن ئالتۇن نۇرلار يەنە باشقىچە جازىبە ئاتا قىلدى. ياۋا گۈللەرنىڭ نازۇك بەرگلىرىدىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۇمران يۇپۇرماقلاردىكى يامغۇر تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا خۇددى تۇمەنلىگەن ياقۇتلاردەك جۇلالايتتى. چۇچۇكبۇيا، شىۋاق، ياۋاكەندىر، ئارچا ۋە ئاللىقانداق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇش ھىدى نەم تۇپراقنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆرلىگەن ھارارىتى بىلەن بىرلىشىپ دىماغقا ئۇرۇلاتتى. ئىككى كۈندىن بېرى ياغقان يامغۇردا ئۇۋۇلىدىرىغا بېكىنىۋالغان بارلىق جانلىقلار قۇياش بىلەن تەڭ سىرتقا چىققانىدى، خۇددى قۇياشنىڭ جامالىدىن ھوزۇرلىنىشقا ئالدىراۋاتقاندەك. ھەئە، ئاسماندا قۇياشنىڭ جامالىنى، زېمىنغا تەكشى چېچىلىۋاتقان ئالتۇن نۇرلارنى توسۇۋېلىشقا قادىر بولالمىغان پارچە ـ پارچە ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

كۆز يەتكۈسىز گۈزەل ئىسسىقكۆل يايلىقىدا مىڭلىغان چېدىرلاردىن شەكىللەنگەن كۆچمە شەھەر بۈيۈك موغۇلىستاننىڭ خاقانى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ سەلتەنەتىدىن دېرەك بېرىپ، سۈر ـ ھەيۋىسىنى نامايش قىلاتتى. بۇ چېدىرلارنىڭ مەركىزىدىكى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ھەشەمەتلىك شاھ چېدىرى ـــ بارگاھى ئالىي كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى. شاھ چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا 100 ـ 150 قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ، لەشكەر ـ خىزمەتكارلارنىڭ چېدىرلىرى مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. چېدىرلارنىڭ ئۈستىدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر ئىسسىقكۆلنىڭ كۆز شامىلىدا لەپىلدەپ، ئىستىلاچىلارنىڭ جاسارىتىنى نامايش قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قارارگاھنىڭ سىرتىغا ـــ ئاياغ تەرىپىگە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۈستىخانىلىرى، ئاشخانا، ناۋايخانا، كاۋاپخانىلار جايلاشقانىدى. سودا ـ سېتىققا ماھىر موغۇلىستان خەلقى گەرچە ئۇرۇشنىڭ ئاپىتىنى، جەڭنىڭ ۋەھىمىسىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئاشۇ نەچچە تۈمەنلىگەن خان لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئۇلار نەگە چۈشكۈن قىلسا شۇ يەرگە دۇكان ئېچىپ، يايما يېيىپ سودا قىلاتتى. قارارگاھ سۈرلۈك، جىمجىت كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭ سىرتى بەئەينى تۇرپان، قەشقەر، ياركەنت،

سەمەرقەنت، ھىراتنىڭ ئاۋات رەستىلىرىدەك قايناق بازارغا ئايلان-
غانىدى.

قارارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شاھ چىپدىرى ئاستى
تۆت چاسا، ئۈستى قۇببە شەكلىدە قۇرۇلغان بولۇپ، كەڭلىكى
يۈز قەدەم، ئېگىزلىكى تۆت نەيزە بويى كېلەتتى. ئۇنىڭ ياي شە-
كىللىك قۇببىسىنى ئادەمنىڭ بېلىدەك چوڭلۇقتىكى تۆت تال
كۆك رەڭلىك تۈۋرۈك مەزمۇت كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئاستىغا پۈتۈن-
لەي گىلەم سېلىنغانىدى. تۆر تەرىپىدىكى ئۈزۈنلۇقى توققۇز قە-
دەم، كەڭلىكى يەتتە قەدەم كېلىدىغان توققۇز پايىلىك شاھ سۇپى-
غا خۇددى چىمەنزارنى ئەسلىتىدىغان رەڭدار خوتەن گىلىمى سې-
لىنغان، گىلەمنىڭ ئۈستىگە قۇببە شەكىللىك يۆلەنچۈكىگە گۆ-
ھەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن تەخت
جايلاشتۇرۇلغانىدى. تەختنىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان يولۋاس تېرىسى
تەختنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتەتتى. شاھ چىپدىرىنىڭ ئوڭ ـ
سول ئىككى تەرىپىگە ئۈچ قاتاردىن تەنللا، مەخمەل، سەگەز كۆر-
پىلەر سېلىنغانىدى. ھەر ئەتىگىنى قوبۇلغا كىرگەن ياكى كۈن
ئارىلاپ ئۆتكۈزۈلىدىغان شاھانە زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغان ئە-
مىر ـ سەركەردىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل ـ مەرتىۋىلىرىگە قاراپ
ئاشۇ كۆرپىلەردە ئولتۇرۇشاتتى. شاھ چىپدىرىنىڭ نەچچە ئونلىغان
پەنجىرە ـ دېرىزىلىرىگە تارتىلغان رەڭدار يىپەك پەردىلەر ئىز-
غىرىن كۈز شامىلىدا لەپىلدەپ تۇراتتى.

سۇلتان ئۈۋەيسخان بىر ھەپتىدىن بېرى شاھ چىپدىرىدىكى
ئالتۇن تەختتە گاھىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، گاھىدا تەگسىز
خىياللارغا غەرق بولۇپ يالغۇز ئولتۇراتتى. بۇ بىر ھەپتىدىن بېرى
ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى پەقەتلا قوبۇل قىلمىدى، ھەرىمىگىمۇ
كىرمىدى، شۇنچە يوغان شاھ چىپدىرىدا بىر ئۆزى يالغۇز ئىدى.
نۆكەر ـ مەھرەملىرى خاننىڭ خىيالىغا بەرھەم بېرىپ قويۇشتىن
ئەنسىرىگەندەك، ھەربىر قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن بېسىپ قو-
رۇقچىلىق قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنلەردە سۇلتان ئۇۋەيسخاننى غەم بېسىۋالغانىدى. ھەئە، ئۇ تۇرپاندىن لەشكەر تارتىپ ماڭغاندا ئىسسىقكۆل ۋادىسىدا بۇنداق ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئاشۇ قېتىمقى ئىلى ۋادىسىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇ بىر مەزگىل ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى كەمدىن ـ كەم قوبۇل قىلىپ، كۆپىنچە ۋاقىتلىرىنى ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ تەنھا خىيال سۈرۈپ ئۆتكۈزدى. خاننىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن سەييىدئەلى ئالپمۇ مۇھىم ئىشى بولمىسا قېشىغا كىرىۋالمىدى، ئەمما ئولتۇرسا ـ قوپسا سۇلتان ئۇۋەيسخاننى بۇ خىل بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ باش قاتۇراتتى، تىت ـ تىت بولاتتى.

«خان ئالىيلىرىغا ئىلى ۋادىسىدىكى مەغلۇبىيەت ئېغىر كەلدى، سىڭلىسى مەلىكە مەختۇمسۇلۇ خېنىمنى ئىسان تايشىغا بېرىشكە مەجبۇر بولغىنى ھار كەلدى. بۇ رېئاللىقنى غۇرۇرى كۆتۈرمىدى، قوبۇل قىلالمىدى. نىمىلا دېگەن بىلەن بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۆزىنى بۇنچە ئەيىبلەپ، ئازابلاپ يۈرمىسىمۇ بولاتتى. قانداق قىلسام خان ئالىيلىرىنى بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلدۇرالارمەن؟ ۋالىدەئى بۇزرۇك سۇلتان خاتۇن ئالىيلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ باقساممىكىن، ئانىسى نەسىھەت قىلسا قانداق بولۇر؟ ياق، بۇنداق قىلسا بولمىغۇدەك، خان ئالىيلىرى ئانىسىدىن بەكلا ھايا قىلىدۇ، ھېلىمۇ ئانىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، يەنىلا ئۆزۈم سۆزلىشەي، نىمىلا دېگەن بىلەن مىنى دوستى قاتارىدا كۆرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئىچ ـ باغرىنى بىر تۆكۈۋالسا ئوڭشىلىپ قالاتتى...»

سۇلتان ئۇۋەيسخان كۈتۈپخانىغا پەم بىلەن كىرىپ كەلگەن سەييىدئەلى ئالپقا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ پەرۋاسىز ھالدا سورىدى:

— ئىش ـ كۈشلىرى بارمىدى ئەمىر كەبىر؟

— يانلىرىدا بىردەم ئولتۇرسام بولۇرمۇ ئالىيلىرى؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى سەييىدئەلى ئالپ.

— ئىختىيارلىرى.

سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئارىنى يەنە ئېغىر سۈكۈنات باستى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ پەرۋاسىز تۇرقىغا قاراپ، گەپنى نەدىن باشلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— بىرەر يۇتۇم ئۇسسۇلۇق ئىچسەم بولۇرمۇ ئالىيلىرى؟

سۇلتان ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالپقا لاپپىدە قاراپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— مەندىن سورىماي مەھرەمگە بۇيرۇسىلا.

— مېنىڭ شاراب ئىچكۈم بار ئىدى.

— ئىختىيارلىرى.

— ئالىيلىرى بىلەن ئىچسەم دەيمەن.

سۇلتان ئۇۋەيسخان بېشىنى كۆتۈرۈپ سەييىدئەلى ئالپنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇ ئىلى ۋادىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى شارابقا ئېغىز تېگىپ باقمىغانىدى، سەييىدئەلى ئالپنىڭ بۇ گېپى بىلەن بىردىنلا شارابقا كۆڭلى تارتىپ قالدى.

— بۇيرۇسىلا.

سەييىدئەلى ئالپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك تۈۋىدە خىزمەتكە تەييار تۇرغان مەھرەمگە شاراب بىلەن دۇملەپ پىشۇرۇلغان سوغۇق قوزا گۆشى بۇيرۇدى.

ئارقىمۇئارقا ئىچكەن ئۈچ جام شاراب سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ پىغاننى ئۆرلەتتى.

— يەنە قۇيسىلا، — دېدى سەييىدئەلى ئالپقا قاراپ.

— گەپ ـ سۆز يوق ئىچىۋېرەمدۇق ئالىيلىرى؟ — دېدى سەييىدئەلى ئالپ.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى:

— دېگۈدەك نېمە گەپ بار دەيدىلا.

سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ كۆزىگە قاراپ دېدى:

— يۈرەكلىرىدە بىراۋغا دېگۈلىرى كېلىدىغان نۇرغۇن گەپ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



لىرى بار ئالىيلىرى. ئەگەر كەمىنەلىرىنى سەلتەنەتلىرىنىڭ ئە-
مىر كەبىرى ئەمەس دوستلىرى دەپ بىلسىلە، دېگۈدەك گەپ چۇ-
قۇم چىقىدۇ. نەچچە ئايدىن بېرىقى بۇ بۇرۇقتۇرمىلىقا پەقەتلا
چىدىمىدىم، بىزنى ئۇنداق قىينىمىسىلا.

— مەن ئۆزلەنى قىينىمىدىم.

— ئۆزلىرىنى قىينىغانلىقلىرى بىزنى قىينىغانلىق بىلەن
ئوخشاش.

سۇلتان ئۇۋەيسخان كۆزىنى يۇمۇۋالدى، شۇ تاپتا ۋۇجۇدىدا
كۈچلۈك بىر ھاياجان قوزغالغانىدى.

«ئۆزلە بولمىغان بولسىلا مېنىڭ ھالىم نە بولۇر ئىدى ئە-
مىرزادەم؟ ئادەمنىڭ دىلكەشلىك قىلالايدىغان دوستىنىڭ بولۇشى
نەقەدەر ئىزگۈلۈك ئىش ـ ھە...»

— مۇددىئالىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى سۇلتان
ئۇۋەيسخان سەييىدئەلى ئالىپقا قاراپ، — ئۆزلەدىن نېمىنى يو-
شۇراي. ئېيتسىلاچۇ، مېنىڭ بۇزرۇكۋار ئانامغا، ئاۋام ـ رەئىيەت-
كە قارىغۇدەك يەنە يۈزۈم بارمۇ؟ ئاشۇ چاغدا ئىسان تايشىنىڭ
شەرتىگە كۆنۈپ سىڭلىم مەختۇمسۇلۇ خېنىمنى ئۇنىڭ ئالدىغا
باشلاپ بارمىسام بوپتىكەن. ئادەمگە ھامىنى بىر ئۆلۈمغۇ؟ بۇ تا-
جۇتەخت، سەلتەنەت كىمدىن قالمىغان؟

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ كۆزىگە غىلىلىدە ياش كەلدى.

— بۇ دېگەنلىرىنىڭ ھېچبىر خاتاسى يوق ئالىيلىرى. بىراق
ئۆزلىرى ئۇچۇن ياشىغان بولسىلا ئىدى، شۇنداق قىلغان بولسىلا
تامامەن بولاتتى. ئەمما زىممىلىرىدە بىر ئەلنىڭ تەقدىرى بار، بۇ-
نى دېمىگەندىمۇ ياۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان خانىش ـ خانزادى-
لەرنىڭ ھايات ـ ماماتىغا ئىگە بولمىسىلا بولمايتتى. مۇشۇنى
كۆزدە تۇتقاندا، ئۆزلىرىنى ئەيىبلەشلىرى بىھاجەتتۇر. مەلىكە
مەختۇمسۇلۇ خېنىممۇ ئالىيلىرىنىڭ بۇ تەڭقىسلىقىنى چۈشەن-
گەن، تەخت ـ سەلتەنەت، ئەل ـ يۇرت، خانىش ـ خانزادىلەرنىڭ
تەقدىرىنى ئويلاپ ئۇل نىكاھقا رازىلىق بەرگەنىدى. ئەمدىلىكتە

ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ، تەخت ـ سەلتەنەت، ئەل ـ يۇرت بىلەن كا ـ رىلىرى بولمىسا، مەختۇمسۇلۇ خېنىمنىڭ كۆرسەتكەن جاسارىتى ـ گە يۈز كېلەلمەيدىلا.

— ئۆزلە شۇنداق قارامدىلا ئەمىرزادەم؟

كەمىنەلىرىلا ئەمەس، بارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر، ئاۋام ـ رەئىيەت شۇنداق قارايدۇ.

سۇلتان ئۇۋەيسخان بىردىنلا قەددىنى رۇسلىدى. ھەئە، ئۇ ـ نىڭغا سەييىدئەلى ئالىپنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلغانىدى.

— ھېلىمۇ ئالىيلىرىنىڭ ئوردا ئىشلىرى بىلەن كارىلىرى بولمىغىنىغا خېلى ئايلار بولدى، — دېدى سەييىدئەلى ئالىپ سۆ ـ زىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئالىيلىرى ئەمدى ئۆزلىرىنى قاچۇرمى ـ سىلا، كۆڭۈللىرىدىكى ئول دىلخەستىلىكلىرىنى دەپئى قىلىپ، سەلتەنەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بەرسىلە. شول تاپتا ئوردىدا بىر تالاي ئىشلار ئالىيلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

— ئۆزلە بولغاندىكىن ئوردا ئىشلىرىدىن ۋايىم يېمەيمەن.

— ئەمما تۈركىستاندىن كەلگەن ئەلچىلەرگە جاۋاب بېرىشكە كەمىنەلىرى ئاجىزلىق قىلىدۇ، ھەپتىدىن بېرى ئۇلار دىدارلىرى ـ غا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

سۇلتان ئۇۋەيسخان تۈركىستاندىن ئەلچى كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، كۆرۈشمىگەنىدى.

— ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى نېمىكەن؟ ھەقچان قېيىنئاتام ئە ـ مىر شەيخ نۇرىددىن ھەززەتلىرى قىزى بىلەن نەۋرىسىنى سې ـ غىنغاندۇر تايىنلىق.

— بۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس ئالىيلىرى، — دېدى سەييىدئە ـ لى ئالىپ، — ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ سەمەرقەنت تەختگاھىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقىنى ئالىيلىرىغا ئايان. مىرزا ئۇلۇغبەگ مۇشۇنى باھانە قىلىپ تۈركىستانغا لەشكەر ماڭ ـ دۇرۇپتۇدەك. ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرى بىزدىن لەشكىرىي كۆمەك سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ خەۋەر سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى، قولىدىكى شاراب جامىنى داستىخانغا قويدى:

— نېمىشقا بۇ ئىشنى بۇرۇنراق مەلۇم قىلمايلا؟

سەييىدئەلى ئالپ گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ جىم تۇرۇۋالدى.

— كەچۈرسىلە، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ، — بۇ ئىشلارغا ئۆزۈم ئەيىبلىك. ئۆزۈمنىڭ بۇ دەرگاھقا بېكىنىۋالغىنىمنى، يوللىغان مەلۇماتلارنى قوبۇل قىلمىغىنىمنى ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن.

— ئالىيلىرىنىڭ كەچۈرۈم سورىشى ھاجەتسىز. ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشەمدىلا ئالىيلىرى؟

— بولدىلا، كۆرۈشمىسەكمۇ مۇددىئاسىنى بىلىپ بولدۇق. دەرھال كۆمەكلىشىشكە لەشكەر ماڭدۇرايلى.

— كەمىنەلىرىنىڭ مۇنداقراق ئويۇم بار ئىدى، — دېدى سەييىدئەلى ئالپ، — بۇ بىز ئۇچۇن ياخشى پۇرسەت، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ قەشقەردە لەشكەر تۇرغۇزۇۋالغىنىغا ئون يىلدىن ئاشتى، بىزمۇ ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا پۇرسەت چىقىرالماي كەلدۇق. ئەمدى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە لەشكەر تارتايلى ـ دە، ئۇدۇل تۇركىستانغا بارايلى. ئاندىن ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئوش، تاشكەنت، ئەندىجانلارغا ھۇجۇم قىلايلى. مۇشۇنداق قىلساق مىرزا ئۇلۇغبەگ قەشقەردىكى لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ بىزگە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن قېيىنئاتىلىرى ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىغا كۆمەكلىشىش؛ ئىككىنچىدىن قەشقەرنى تەسەررۇپىمىزغا قايتۇرۇۋېلىش مۇددىئايىمىزغا يېتىمىز.

— بۇ دانا چارىكەن، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان روھلىنىپ، — بەلكىم مۇشۇ باھانىدا تاشكەنت، ئەندىجانىنىلا ئەمەس، ئاخسى، بۇخارا، ھەتتا سەمەرقەنتتەك كاتتا شەھەرلەرنى ئىستىلا

قىلىپ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە باشقىلارنىڭ تەسەررۇپىغا تەئەررۇز قىلىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ كۆڭلىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ كۆ- تۈرۈلۈپ، بىردىنلا روھلىنىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، سەيىدئەلى ئالىپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى.

— ئەمىسە مەن لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ ھازىرلىقىنى قىلاي. قاچان يولغا چىقساق بولۇر ئالىيلىرى؟

— ھازىرلىققا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟

— راستىنى ئېيتسام، بۇ يىل قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىـ لىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم، شۇڭا ھازىرلىقلارنى پۈتتۈرگەچ تۇرغان. ئالىيلىرى يارلىق بەرسە ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە يول- غا چىققىلى بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا كېچىكتۈرمەيلى، بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە ئىكەن. جۈمە كۈنى ئاستانىدىكى ئاۋام بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنى ئوقۇۋېلىپ يولغا چىقايلى.

— بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشكە ئالىيلىرى...

— مەنمۇ چىقىمەن، — دېدى سۇلتان ئۇۋەيسخان گەپنى چورتلا كېسىپ، — قومۇل ئەمىرى سۇپۇرگە مىرزا كېلىپ ئۇ- لۇسبېگى مىرمۇھەممەدشاھ ھەزرەتلىرى بىلەن سەلتەنەت ئىشلى- رىغا قارانچۇق بولغاي، دەرھال يارلىقىمنى يەتكۈزسىلە.

— باش ئۈستىگە، — دېدى سەيىدئەلى ئالىپ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن سۇلتان ئۇۋەيسخان پولات باھادىر، ئال- چىنبەگ، قالقانبەگ كۆكۆلداش، تاھىربەگ قاتارلىق سەركەردىلە- رى بىلەن ئىككى تۈمەن موغۇلىستان لەشكىرىنى ئېلىپ تۇر- كىستانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا ئېغىر زۇكامداپ قال- غان سەيىدئەلى ئالىپنى تۇرپاندا مەجبۇرىي قالدۇرۇپ قويدى.

ئىسسىقكۆل ۋادىسىغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدىكى بۇ كۆرۈ- نۈشلەرنى قايتا خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلتان ئۇۋەيسخان باھا- دىر سەركەردىسى سەيىدئەلى ئالىپنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ئويلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

غىنىدا چېھرىگە سۇس كۈلكە يۈگۈردى. باياتىن بېرى ئېغىر غەم تاغلىرىدا مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان گەۋدىسىنى بىرئاز رۇسلىدى.

«سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن؟ كېسىلى شىپا تاپقانمىدۇ؟ سەلتەنەت، تاجۇتەخت ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتى، ھاردى، چارچىدى. مۇشۇ باھانىدا ئازراق ئارام ئېلىۋالسۇن. يېقىندىن بېرى ئاستانىدىن مەلۇمات كەلمىدى. شول تاپتا ئىسسىقكۆلگە قاراپ كېلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەئە، مەندىن ئەنسىرەيدۇ، خاتىرجەم بولالمايدۇ. شۇڭا ئاستانىدا خاتىرجەم تۇرالمىدى ھەرقاچان. مەنمۇ ھەم شۇ، يېنىمدا سەييىدئەلى بولمىسا بىر قولۇم بىلەن بىر پۇتۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالىدىكەنمەن. ئىنساننىڭ ئىنسانغا ئۇ دەرىجىدە گۈيا، ساداقەت كۆرستىپ خىزمىتىنى قىلمىقى ئاسان ئەمەس. يا خۇدا، بىر ئەلگە پاسىبان بولماق نېمىدېگەن مۇشكۇل ـ ھە؟! تاغام شىرمۇھەممەدخاندىن تاجۇتەختنى سويۇپ ئالغىنىمدىن بېرى تۈزۈك ئارام ئالماپتىمەن. تۇرغان ـ پۈتكىنىم غەم ـ غۇسسە، يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆتۈپتۇ. ئەينى يىللاردا لوپ، كېتىك، تارىم ۋادىلىرىدا قاچقۇنلۇقتا ياشاپ، ھاياتىم ئېغىر تەھلىكە ئاستىدا تۇرغان، ئاچ ـ زېرىن، موھتاجلىقتا ئۆتكەن بولسامۇ، بۇنچىلىك غەم ـ غۇسسە ھېس قىلمىغانىكەنمەن. ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيگەن يامان ئىكەن. كۈندە ھېيت بولمايدۇ دېگەندەك، جەڭدىمۇ داۋاملىق غەلىبە ـ نۇسرەت يۈز ئاچمايدىكەن. ئىلى ۋادىسىدا دۇچ كەلگەن مەغلۇبىيەتنى تەڭرىم بۇ ۋادىدا ھەرگىز كۆرسەتمىگەي...»

ـــ ئالىيلىرى غىزانى خانىش ئايىم بىلەن يەمدىلا ياكى سەركەردىلەر بىلەنمۇ؟

بىكاۋۇل ئەمىرنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ خىيالىنى چالغىتتى. قاش قارايغانىدى، سۇلتان شاھ چېدىرىنىڭ پەنجىرىسىدىن سىرتقا قاراپ شام نامىزىنىڭ ۋاقتى

ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«... خىيال بىلەن بولۇپ شامنى قازا قىپتىمەنمۇ دەيمەن. بوپتۇلا، خۇپتەن نامىزى بىلەن قوشۇپ ئوقۇۋالارمەن...»

خان بىكاۋۇل ئەمىرگە قارىدى:

ـــ غىزاغا تاۋىم يوق. ئۇلار مېنى غىزاغا ساقلىمىغاي، ھەم ھېچكىم ئارامىمنى بۇزمىغاي. ماڭا بىر خۇمىرا قىمىز ئەكىرىپ بەرسۇنلار!

ـــ خوش.

بىكاۋۇل ئەمىر خاننى يالغۇز قالدۇرۇپ ئاستا يېنىپ چىقتى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئىسسىقكۆلدە تۇرۇپ قالغاندىن بېرى كۈندە دېگۈدەك قىمىز ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇ تاپتا قاتتىق ئىچ پۇشۇقى تارتىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئىسسىقكۆلدە يا ئىلگىرىلىيەلمەي، يا چېكىنەلمەي تۇرۇۋېرىش جېنىغا پاتقانىدى. ھەئە، ئۇ تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى قەشقەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى پەقەتلا ئېسىدىن چىقارمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ سەمەرقەنتتىن شۇنچە يىراقتا جايلاشقان بۇ شەھەرنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمىگەنىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان بۇنى سەلتەنەتكە قىلىنغان ئەڭ چوڭ ھاقارەت دەپ بىلەتتى. مىرزا ئۇلۇغبەگكە قەشقەرنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرى جاۋابسىز قالدى. بۇنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغاندا ئىچى ئاچچىق بولۇپ كېتەتتى.

ئارقىمۇئارقا ئىچكەن ئۈچ ئاپقۇر قىمىز سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ قانلىرىنى ئوبدانلا قىزىتتى، لېكىن يۈرىكىدىكى دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىش تۇگۇل، پىغاننىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىپ قويدى.

«گەرچە پەرغانە ۋادىسىغا خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسامۇ ئەنديجان، تاشكەنتنى ئىشغال قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇشىنىمۇ تېخىچە قولۇمغا ئالالمىدىم. ناۋادا ئەنديجاننى ئالالىغان بولسام مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن سۇلھى تۈزەلىگەن، ئەنديجان بىلەن

قەشقەرنى تېگىشكەن بولاتتىم. ساتۇقخان تولىمۇ ھىيلىگەر ئادەم ئىكەن، شۇڭا مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ سەركەردىسىگە ئىشىنىپ ئۆزى لەشكەر تارتماي ساتۇقخاننى ئەۋەتكەنىكەن. يېنىمدا سەيىدئەلى ئالپ بولغان بولسا ساتۇقخاننىڭ ھىيلىسىگە تاقابىل تۇرالايتتى. ھېلىمۇ تاس قالدىم ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ يېڭىلىپ قالغىلى. تۇرپانغا قايتاي دېسەم شۇنچە ھەرەج تارتىپ قىلغان لەشكىرىي يۈرۈش بىكار بولغاننى ئاز دەپ، مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كېتىدۇ، قېيىنئاتام ئەمىر شەيخ نۇرىددىن ئالىيلىرىنىڭ تەختىمۇ تەھلىكىدە قالىدۇ. سەيىدئەلى ئالپ يولغا چىققان بولسا نەگىراق كەلگەندۇ؟ تېز ماڭسا يەنە 15 ـ 20 كۈندە يېتىپ كېلەرمىكىن. ھېچبولمىسا ئالدىن چاپارمەن ماڭغۇزۇۋەتكەن بولسىچۇ...»

ئىسسىقكۆلدە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى چوڭ بولىدۇ. گەرچە ھاۋا ئوچۇق، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرسىمۇ، كېچىنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى. بىر خۇمرا قىمىزنى تولۇق ئىچىپ بولغان سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ غەم ـ ھەسرەتلىرى ئازراقمۇ يەڭگىللىمىدى. سىڭلىسى مەختۇمسۇلۇغا مۇناسىۋەتلىك كەچمىشلەر ئېسىگە كېلىشى ھامان ئىچى ئاچچىق بولۇپ، كىرپىكلىرى نەملەشتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ شاھ چېدىرىدىن سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، خىياللىرىغا ھالاقىت يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك پۈتكۈل قارارگاھلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىسسىقكۆل ۋادىسى تىمتاسلىققا چۆككەنىدى. قارارگاھنىڭ نە ئىچى، نە سىرتىدىن قاتتىقراق تىۋىش ئاڭلانمايتتى، كېچىلەردە ھۇۋلاپ ئارام بەرمەيدىغان ئىسسىقكۆل بۆرىلىرىمۇ نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن تىنچىپ قالغانىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان چەكسىز ئاسمان گۈمبىزىگە نەزەر تاشلىدى. تۈمەنلىگەن ئالماسلارنى چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار سوغۇق نۇر چېچىپ چاراقلايتتى. ئۇنىڭغا ھەربىر يۇلتۇز سىڭلىسى مەلىكە مەختۇمسۇلۇنىڭ كۆزىدەك، ئاشۇ كۆزلەر ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك

بىلىنىپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

قورۇقچىلار قارارگاھ ئىچىدە ھوشيارلىق بىلەن مېڭىپ يۈرەتتى. ھايات مۇساپىسىنىڭ داۋان ـ دوقاللىرىنى ئەسلەپ چىققان سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ يۈرىكى پىغانلىق ئىدى. غۇر ـ غۇر شامال بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخان يېلىك تونىغا مەھكەم قىمدالغىنىچە يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى، خۇددى كەلگۈسى تەقدىرىنى ئالدىن بىلىۋالماقچى بولغاندەك. ھەئە، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدە ئىسسىقكۆل ۋادىسىدا بولىدىغان جەڭنىڭ تەشۋىشى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى.

«جەڭنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرسام بولاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ يىل سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ھېچبولمىغاندا ئەندىجاننىمۇ بولسا قولۇمغا ئېلىپ، ياۋ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرسەم بولاتتى. ساتۇقخان ئەجەب جەڭگە چىقماي يېتىۋالدىغۇ؟ يەنە بىرەر ھىيلە ـ تەدبىر ئويلاۋاتامدىغاندۇ ـ يا؟ ئەندىجاننى ئالسام سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمنى ئارام ئالدۇرغاچ، مىرزا ئۇلۇغبەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەندىجان بىلەن قەشقەرنى تېگىشىش شەرتىنى قوياتتىم. مىرزا ئۇلۇغبەگ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلسا، لەشكەرلەرنى دەرھال چېكىندۈرەتتىم. شۇنداق قىلاي، قەشقەرنى قايتۇرۇۋالسام مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن بىتىم تۈزۈپ، ئىستېلاچىلىقتىن قول ئۈزەي. نېمە قىلاي مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن بۇنچىۋالا دۈشمەنلىشىپ. ئەسلىدىمۇ بىزلەر بىر نەسەب، بىر جەمەتتىنغۇ؟ ياتلاردىن ئەمەسمىزغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت سۇلتان خانىشنىڭ نەۋرە سىڭلىسىنى مىرزا ئۇلۇغبەگ چوڭ خانزادىسى ئابدۇللەتىپخانغا ئېلىپ بەرگەنىكەن. بۇنى دېمىگەندىمۇ مەن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ نەسلىدىن بولسام، مىرزا ئۇلۇغبەگمۇ ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىراننىڭ نەسلىدىن. ھەر ئىككى بابائى بۇزرۇكلىرىنىڭ ئابا ـ ئەجدادلىرى بولسا بول مۇقەددەس زېمىنلاردا ياشاپ كەلگەن تۈركىي قوۋملاردىندۇر. بىزگە زېمىن ـ تەسەررۇپ تالىشىپ بۇنچە دۈشمەنلىشىش نەھاجەت؟ قېرىنداشنىڭ

پېيىنى قىرقىغان نەدە بار؟ مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇپ، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمنى بىلدۈرۈپ باقسام ياخشى بولاتتى. يالغۇز ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، پەرغانە ۋادىسىنىڭ سۇلتانىلا ئەمەس، ئىلىم ـ ھېكمەت مەملىكىتىنىڭمۇ خاقانى بولۇشقا مۇناسىپ ئۇل دانىشمەننىڭ خىيالى مەندىن ئۈيراقتۇر بەلكىم...»

سۇلتان ئۇۋەيسخان مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن خېلى ئۇزاققىچە خىيالىي مۇڭداشتى.

## 25

ئىسسىقكۆل دالىسىدا يېڭى بىر تاڭ ئاتتى. قۇياش زېمىنغا ھارارەت پۈركۈيتتى. تېخى ئاش ۋاقتى بولا ـ بولمايلا ھاۋا چاپان ئېغىر كەلگۈدەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. كۈنگە بۈگۈن جۈمە بولغاچقا، قارارگاھتىكى بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەر چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، پاكىز كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ جۈمە نامىزىغا تەييارلىق قىلىشىۋاتاتتى، چىرايلىرىدا تۈنۈگۈنكى جەڭ تەشۋىشىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ھەئە، جۈمە مۇسۇلمانلارنىڭ خاسىيەتلىك ئارام كۈنى ھېسابلىناتتى. شۇڭا بۇ كۈنى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلاردىن دېھقان ـ چارۋىچىلارغىچە، سودىگەر ـ دۇكاندارلاردىن ئەمەلدار ـ ھۆكۈمرانلارغىچە ئىش توختىتاتتى. شۇ سەۋەبتىن بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىشكە تەييار تۇرغان رەقىبلەرمۇ دۈشمەنلىكنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، كۆڭۈللىرىدىكى غەم ـ تەشۋىشلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، جۈمە نامىزىغا ھازىرلىق كۆرەتتى.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ قارارگاھىدىمۇ بۈگۈن قورۇقچىلار

كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ قالغانىدى. بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئالدىراش جۇمە نامىزىغا تەييارلىق كۆرۈشۈۋاتاتتى. جۇمە نامىزى ئۈچۈن غۇسلى قىلىپ ئىچ كىيىملىرىنى يۆتكىگۈۋالغان سۇلتان ئۇۋەيسخان خاس ساتىرىشى خوجا ئابدۇلكەرىمگە چاچ ـ ساقىلىنى ياستىتىۋاتاتتى. ئاتمىش ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان خوجا ئابدۇلكەرىم مەرھۇم سۇلتان مۇھەممەدخان زامانىسىدىن تارتىپ ئوردىنىڭ مەخسۇس ساتىراشلىقىنى ھەم جەرراھلىقىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جەرراھلىق ھۈنىرى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ خەتنىسىنى قىلغان ئوغۇللارلا ئەمەس، ھەرەمدىكى ئۇنىڭ قولىدا ئاختا قىلىنغان ئاغۋاتلارمۇ تېزلا ساقىيىپ كېتەتتى. ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ خەتنىسىنىمۇ خوجا ئابدۇلكەرىم قىلغانىدى. ئوردىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ئۇنىڭ «قولى يەڭگىل» دەيدىغان تەرىپى بار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قولىنىڭ ئەپچىللىكى، ھۈنەرگە كامىللىقى ۋە چەكسىز ساداقىتى بىلەن سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ خاس ساتىرىشى بولۇپ قالغانىدى.

شاھ چېدىرىنىڭ سىرتىغا قويۇلغان كۇرسىدا ئاپتاپقا ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرغان سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ چېچىنى ئالدىرىماي ئۇۋۇلاپ ئېۋەتىپ، بىر قېتىم چۈشۈرۈپ بولغان خوجا ئابدۇلكەرىم چالا قالغان چاچلارنى يەڭگىل ئېگىزلىغاچ سورىدى:

ــ ساقاللىرىنىمۇ ياسىۋېتەمدىم ئالىيلىرى؟

سۇلتان ئۇۋەيسخان ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى بىر سىلىۋەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ــ شۇنداق قىلسۇنلار، بۇرۇتۇم سەل ئۆسۈپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ــ ماقۇل، ئۇنداق بولسا ئۇستىخانلىرىنى بىرقۇر تۇتۇۋېتىپ ئاندىن ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ياساي.

قىسقىلا قىلىپ قويۇۋالغان قاپقارا نوختا شەكىللىك ساقال ـ بۇرۇت سۇلتان ئۇۋەيسخانىنىڭ يىگىتلىك سۇباتىغا خويمۇ يارىشاتتى. خان پاكىز چۈشۈرۈلگەن بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، يەلكىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يەڭگىل مۇجۇۋاتقان خوجا ئابدۇلكەرىمدىن سورىدى:

— دەپ باقسىلا، مېنىڭ بېشىم مۇشۇ پاكىزلىقى بىلەن نېمىگە لايىقتۇر؟

خوجا ئابدۇلكەرىم دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— ئول ئەزىز باشلىرى ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ سەلتەنەت تاجىنى كىيىشكە لايىقتۇر ئالىيلىرى.

ساتىراشنىڭ خۇشامەت ئارىلاش جاۋابىدىن سۇلتان ئۇۋەيسخان خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— يېڭىلىشتىلا. تاج كىيىشكە ئەمەس، بەلكىم شېھىت بولۇشقا لايىقتۇر.

خاننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ خوجا ئابدۇلكەرىمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى، قوللىرى سېزىلەرلىك تىترىدى.

— ئۇلۇغ جۈمە كۈنىدە بەتچاقچاق قىلمىسىلا ئالىيلىرى، يامان بولىدۇ، — دېدى خوجا ئابدۇلكەرىم كېكەچلەپ تۇرۇپ.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۈنچىقمىدى، شۇ تاپتا ئويلىمايلا قىلغان گېپىدىن پۇشايمان يەپ قالغانىدى.

خوجا ئابدۇلكەرىم خاننىڭ بۇرۇتىغا ئەمدىلا قايچا سالاي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆڭ - سولى ئۆچكەن ياتىش بېگى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئالدىراش سالام بەردى. چىرايىدىن قاتتىق ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى.

— مەلۇم بولغاي، سەمەرقەنت سەركەردىسى ساتۇقخان لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ ئالىيلىرى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان چايان چاققاندەك سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە دېدىلە؟

— ياۋ سەركەردە - لەشكەرلىرى پۈتۈن سەپ بويىچە ئۇدۇل قارارگاھىمىزغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ ئالىيلىرى. يەزەكلىرىمىز ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ.

سۇلتان ئۇۋەيسخان بويىنىدىكى پەرتۇقنى غەزەپ بىلەن يۇلۇپ ئالدى.

— ماۋۇ بەتبەخت ساتۇقخاننىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرمەمدى-غان، بۇگۇن كۇنگە جۇمە ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىكىنە ئىمانسىز! — سۇلتان ئۇۋەيسخان ياتىش بېگىگە قارىدى، — دەرھال سەركەردى-لەرگە خەۋەر قىلسۇنلار. ياۋنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقسۇن، — ئالدى-دىن نېرىراق تۇرغان ئاختىچىغا[1] قاراپ تووۇلىدى، — ئېتىمنى ھازىر قىلىڭلار!

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىرنەچچە قېتىم جەڭگە ئۇندىسىمۇ قارارگاھىغا مەھكەم بېكىنىۋېلىپ جەڭگە چىقماي تۇرۇۋالغان سا-تۇقخاننىڭ نەق جۇمەگە توغرىلاپ تۇيۇقسىز لەشكەر تارتىپ چى-قىشى سۇلتان ئۇۋەيسخاننى قاتتىق غەزەپلەندۇرگەنىدى، ئۇ دەس-تارپېچ كۆتۈرۈپ كەلگەن دۇبۇلغا ـ ساۋۇتنىمۇ كىيمىدى.

— سۆرەلمىلىك قىلماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ جەڭ كى-يىملىرىنى كىيىۋاتقان نۆكەرلىرىنى ئالدىرىتىپ.

شۇ ئەسنادا پۇتكۇل قارارگاھتا لەشكەرلەرنى جەڭگە ئۇندەپ ناغرا چېلىندى. قارارگاھنىڭ ئىچى بىردەمدىلا ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتتى.

— تاۋاچى بەگ!

— لەببەي ئالىيلىرى.

— پەرمانىمنى يەتكۈز. سەركەردە پولات باھادىر بىلەن سەر-كەردە تاھىربەگ تۇرشاۋۇل بولۇپ دەرھال مەن بىلەن يۈرسۇن. قالقانبەگ كۆكۈلداش، ئالچىنبەگ قاتارلىق سەركەردىلەر ھىماتچى بولۇپ ئارقىمىزدىن يەتسۇن!

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇچ مىڭ ئاتلىق تۇرشاۋۇلنى باشلاپ ياۋغا قارشى ئات سالدى. تەخمىنەن بەش چاقىرىم مېڭىپ ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن دوقۇرۇشتى. ساتۇقخان سۇلتان ئۇۋەيسخاننى كۆرۈپ لەشكەرلەرنى توختىتىپ سەپ تۈزدى. ئۇلارنى يېيىلىپ ئاققان كىچىكرەك بىر ئېقىن ئايرىپ تۇراتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخان بۇ ئېقىندىن بىرنەچچە قېتىم ئۆتكەن بولۇپ، بۇلاق سۇيىدىن

[1] ئاختىچى — مەخسۇس خاننىڭ ئېتىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم.

www.uyghurkitap.com

شەكىللەنگەن بۇ ئېقىننىڭ تېيىزلىقىنى بىلەتتى، سۇيىمۇ ئاستا
ئاقاتتى. ئۇ كەينىدىن كېلىۋاتقان ھىماتچى قوشۇننى ساقلىمايلا
ياۋغا قاراپ ئات سالدى.

— ئىمكان بار ساتۇقخانغا يېقىنلىشىڭلار. مۇمكىن بولسا
ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرەيلى، — دېدى يېنىدىكى ئىككى سەر-
كەردىسىگە.

ئۇ ساتۇقخاننى تۇتۇۋېلىپ جەڭنى تېز ئاخىرلاشتۇرۇشنى
كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ گەپ ـ سۆزسىزلا باستۇرۇپ كېلى-
شىدىن ياۋ لەشكەرلىرى ۋەھىمىگە چۈشتى. ساتۇقخان موغۇلىس-
تان لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۇچۇن كاماندازلىرىغا
ئوق ئېتىشقا پەرمان بەردى. سەركەردە تاھىربەگ سۇلتان ئۇۋەيس-
خاننىڭ داڭلىق مەرگەنلىرىدىن ئىدى، ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيت-
تى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىمۇ پۈتۈنلەي مەرگەنلەر بار ئىدى.

— ئوق ئېتىشنى بىزدىن كۆرسۇن، — دېدى تاھىربەگ
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ۋە مەرگەنلىرىگە بۇيرۇق بەردى، —
قېنى يىگىتلەر، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىگە قارىتىپ
ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان قارشى تەرەپنىڭ ئات-
قان ئوقلىرىنىڭ خېلىلا شالاڭلىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئېتىنى
تېخىمۇ بەك قامچىلىدى. قۇيۇندەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئات ئې-
قىننىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز پېتىپ قالدى، ھەرقانچە
قىلىپمۇ پېتىقتىن ئېتىنى چىقىرالمىغان سۇلتان ئۇۋەيسخان
ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ياۋ لەشكەرلىرىمۇ ئې-
قىنغا كىرىپ بولغانىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئېقىننىڭ پاتقاق
قىسمىغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئاتلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى پېتىپ
قېلىۋاتاتتى. سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تىزغى-
چە كەلگەن سۇدا ئېلىشىشقا باشلىدى. شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئۇ-
ۋەيسخان بىلەن ساتۇقخان روبىرو كېلىپ قالغانىدى. ئىككى

سەركەردە قەھرى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى، سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ شىددەتلىك چاپقان قىلىچىدىن ساتۇقخان چەبدەسلىك بىلەن مۇداپىئە كۆرەتتى ـ دە، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. رەقىبى بىلەن بىرنەچچە مەرتىۋە ئېلىشقان سۇلتان ئۇۋەيسخان قىلىچ ئۇرۇشلىرىغا قاراپ ساتۇقخاننىڭ قىلىچۋازلىق ماھارىتىگە خاملىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئىمكان بار ئۇنى ئۆلتۈرمەي تىرىك تۇتۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

«ھىيلە ـ پەنتكە ئۇستا بولغىنىڭ بىلەن ماھارىتىڭ تايىنلىقكەن ساتۇقخان، سېنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ مىرزا ئۇلۇغبەگ بىلەن شەرتلىشىشنىڭ دەسمايىسى قىلاي. ئاللاھ ئىگەم بۈگۈن ماڭا نۇسرەت بۇيرۇغان ئوخشايدۇ...»

سەركەردە تاھىربەگ سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ساتۇقخان بىلەن ئۇن نەچچە مەرتىۋە ئېلىشىپمۇ تېخىچىلا يېڭەلمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىرئاز ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئىككى قېتىم ھەمدەمگە بارماقچى بولغان بولسىمۇ، ياۋ سەركەردىلىرى ھۇجۇم قىلىپ ئالدىنى توسۇپ قويىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخانغا يېقىنلىشىشقا پەقەتلا پۇرسەت تاپالمىغان تاھىربەگنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر خىيال كەلدى.

«بىر تال ئوق بىلەن ساتۇقخاننى يارىلاندۇرۇپ بەرمەيمەنمۇ، ئۆزۈم بارالمىغىنىم بىلەن ئوقۇم بارالايدۇ. شۇنداق قىلاي...»

تاھىربەگ چاققانلىق بىلەن بىر تال يا ئوقىنى ئالدى ـ دە، ئوقنى سېلىپ كىرىچىنى تارتقىنىچە سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن ئېلىشىۋاتقان ساتۇقخاننى نىشانغا ئالدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن ساتۇقخان بىر ـ بىرىگە ھەملە قىلىشقىنىچە شىددەتلىك ئېلىشىۋاتاتتى. سۇلتان ئۇۋەيسخان ھۇجۇمدا، ساتۇقخان مۇداپىئەدە ئىدى. شۇ دەقىقىدە تاھىربەگكە ساتۇقخاننى نىشانغا ئېلىپ تۇرۇۋېرىشكە پۇرسەت يوق ئىدى. ياۋ لەشكەرلىرى ھە دېگەندە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئېھتىمالى بار ئىدى. پۇرسەت كەلدى دەپ بىلگەن تاھىربەگ ساتۇقخاننىڭ كۆكرىكىنى نىشانلاپ يانىڭ كىرىچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قويۇۋەتتى. دەل شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئۇۋەيسخان ياتقان بىر قەدەم چامدام قالدى. تاھىربەگنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى ۋىشىلداپ ئۇچۇپ كەلگىنىچە سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بىقىنىغا سانجىلدى. يېقىن ئارىلىقتا زەرب بىلەن ئېتىلغان يا ئوقى ئالدىراشچىلىقتا جەڭ كىيىمى كىيمىگەن سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ بىقىنىغا تۇۋىدىكى قۇش پېيىگىچە چوڭقۇر پاتقانىدى. سۇلتان ئۇۋەيسخان ئوق زەربىسىدىن سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ھە دېگەندە رەقىبىگە تەڭ كېلەلمەي جان قايغۇسىدا بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىشىنىڭ كويىغا چۈشكەن ساتۇقخان سۇلتان ئۇۋەيسخانغا ئوق تەگكىنىنى پەقەتلا سەزمىدى ـ دە، رەقىبىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ توختاپ قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى.

ئاتقان ئوقىنىڭ ساتۇقخانغا ئەمەس، سۇلتان ئۇۋەيسخانغا تەگكەنلىكىنى كۆرگەن تاھىربەگ قاتتىق نەرە تارتقىنىچە ئالدىغا ئۇچرىغان ياۋ لەشكەرلىرىنى چېپىپ، سۇلتان ئۇۋەيسخانغا قاراپ جان ـ جەھلى بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن سۇلتان ئۇۋەيسخان سۇدا تىزلىنىپ قالغانىدى، تاھىربەگ خاننى دەرھال يۆلىۋالدى. بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ساتۇقخان جېنىنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكۈر ئېيتىپ، ناغرا چالدۇرۇپ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى. بۇ چاغدا سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ھىماتچى قوشۇنىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. سەركەردىلەر خاننىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ چېكىنگەن ياۋنى قوغلاشقا رايى بارماي، سۇلتان ئۇۋەيسخاننى تېزلىك بىلەن قارارگاھقا ئېلىپ كەلدى. ئەمچى يا ئوقىنى سۇغۇرۇپ ئالغاندا سۇلتان ئۇۋەيسخان ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى، ئەمچى ھەرقانچە قىلىپمۇ خاننى ھوشىغا كەلتۈرەلمىدى.

سۇلتان ئۇۋەيسخان ئاشۇ ھوشسىز ياتقان پېتى ئەتىسى بامدات ۋاقتى بىلەن جان ئۈزدى. سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى كۆرگەن تاھىربەگ ئۆزىنىڭ چېدىرىدا ئېسىلىپ

ئۆلۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ موغۇلىستانىنىڭ بۇ شەۋكەتلىك سۇل-
تانى ئۆز سەركەردىسىنىڭ خاتا ئاتقان ئوقىدا ئۆلۈپ كەتتى.

پولات باھادىر، قالقانبەگ كۆكۆلداش، ئالچىنبەگ قاتارلىق
سەركەردىلەر قىسقىلا كېڭەشكەندىن كېيىن سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆلۈمىنى لەشكەرلەردىن پىنھان تۇتۇشتى ـ دە، چاقماق
تېزلىكىدە ئالمالىققا قاراپ چېكىندى.

ئۈچ كۈنگىچە قارارگاھتىن چىقماي ياتقان ساتۇقخان تۆتىنچى كۈنى چارلىغۇچىلىرىدىن موغۇلىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئال-
لىقاچان چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تەئەججۇپلەندى. رەقىب-
لىرىنى ھىيلە ئىشلىتىۋاتامدىكىن دېگەن گۇماندا قارارگاھىغا يە-
نە ئۈچ كۈن سولىنىپ ياتتى. رەقىبلىرىدىن پەقەتلا شەپە بولمى-
غاندىن كېيىن قارارگاھنى يىغىشتۇرۇپ، غەلىبىسىنى مىرزا ئۇ-
لۇغبەگكە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە چاپارمەن ماڭغۇزۇ-
ۋېتىپ، ئۆزى ئەندىجانغا قاراپ يولغا چىقتى. ھەئە، ئۇ سۇلتان
ئۇۋەيسخاننىڭ قازا قىلغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.
بىرنەچچە قېتىملىق قانلىق قىرغىنغا گۇۋاھ بولغان گۈزەل
ئىسسىقكۆل ۋادىسى يەنە قايتىدىن تىنچىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتور : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە (1)



| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010ـ64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2010 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2014 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 6 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 1230×880 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 14.125 |
| باھاسى | : | 45.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-11015-5/I. 2198（维320）

图书在版编目(CIP)数据

诸王传.1：维吾尔文/亚生江·沙地克著.—北京：民族出版社，2010.7（2014.3重印）

ISBN 978-7-105-11015-5

Ⅰ.①诸... Ⅱ.①亚…Ⅲ.①历史小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第130128号

责任编辑：阿合买提江·吾守尔
责任校对：牙库甫
封面设计：艾克拜尔·萨力赫
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2010年8月第1版　2014年3月北京第6次印刷
开　　本：880×1230毫米　大32开
印　　张：14.125
定　　价：45.00元

ISBN 978-7-105-11015-5/I.2198（维320）